ئەخمەت تۇردى

# ھايات شۇنداق

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ


# ھايات شۇنداق

( رومان )

ئاپتورى : **ئەخەت تۇردى**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ ، پ : 830001 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1168×850 م م ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋىقى : 15.375
2003 ـ يىل 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN 7 — 5371 — 0916 — 8
سانى : 3001 — 6000
باھاسى : 25.00 يۈەن
بېسىلىشتا ، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ ، تېگىشىپ بېرىمىز .


ئخرت تۆردی

كۈندۈزنىڭ پېشىگە ئېسىلغان كېچە،
كۈنگەي ھەم تەسكەيلىك، ئوڭ - تەتۈر ئالەم!
تۇغۇلغان شۇ كۈندىن تاكى ئۆلگىچە،
مىڭ ئۆلۈپ - تىرىلەر ھايات ۋە ئادەم.
شادلىققا مىنگەشكەن ھەسرەتلەر ھامان،
بەختكە ھەمراھدۇر ھەر مۈشكۈل قەدەم!

مىلادىيە 1987 - يىل...

گۈزەل، شاۋقۇنلۇق ئۈرۈمچى شەھىرى ئاشۇ خاسىيەتلىك يىلنى خۇددى ئانا تولغىقىدەك ئازاب ۋە بوۋاق كۈلكىسىدەك شادلىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە!...

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب يېڭى يېزىلغان كونا گەپ .................. 1

ئىككىنچى باب سالام، باھار! .................. 7

ئۈچىنچى باب لالە رەڭ شاراب .................. 31

تۆتىنچى باب بىرىنچى دۇنيانىڭ گراژدانى .................. 75

بەشىنچى باب «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسى .................. 113

ئالتىنچى باب قىزىلتاغدىكى رومانتىك ئەسلىمىلەر ... 158

يەتتىنچى باب قىلتاق .................. 201

سەككىزىنچى باب شاۋقۇنلۇق شەھەر .................. 234

توققۇزىنچى باب دىلكەشلەر .................. 287

ئونىنچى باب غۇلغۇلا .................. 313

ئون بىرىنچى باب ئۇ ۋە مەن .................. 333

ئون ئىككىنچى باب كۈتۈلمىگەن ئىشلار .................. 369

ئون ئۈچىنچى باب مەھلىيانىڭ كۆز يېشى .................. 398

ئون تۆتىنچى باب ئىككى شېشە جاھانكەزدى «ماۋتەي» .................. 417

ئون بەشىنچى باب ئالتۇن شوتا .................. 435

ئون ئالتىنچى باب ئاخىرقى پەردىدىكى كۆرۈنۈشلەر .................. 460

ئون يەتتىنچى باب قۇدرەتلىك خىتاب .................. 483

# بىرىنچى باب

## يېڭى يېزىلغان كونا گەپ

### (مۇقەددىمە ئورنىدا)

«ئاھ دوستۇم! بىز يەنە جەم بولدۇق، ئارمانغا يەتتىم. قايسىبىر كىتابتا: دۇنيادا ئۈچ خىل دوستلۇق ئەڭ مۇستەھكەم ھەم قىممەتلىك بولىدۇ. بىرىنچىسى، ساۋاقداشلار ئارىسىدىكى دوستلۇق، ئىككىنچىسى، ئاكوپتىكى دوستلۇق، ئۈچىنچىسى، كامېردىكى دوستلۇق، دەپتىكەن. بىز بەش يىل بىللە ئوقۇدۇق، ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ قۇۋناق، جۇشقۇن چاغلىرىنى سىرداشلىق بىلەن ئۆتكۈزدۇق. سەن دوستلۇقنى، ۋاپادارلىقنى، مېھىر ـ شەپقەتنى ھەقادىغا يەتكۈزدۇڭ، مەن ساڭا قەرزدار، دوستۇم!»

بۇ ئىككى يىل بۇرۇنقى سۆز. ھىدايەت بىلەن ئەدھەم ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئايرىلىپ، بەش يىلدىن كېيىن قايتا تېپىشقاندا، ئەدھەمنىڭ ئالتۇن رەڭ كۆز كېچىسى ئۇرۇمچى كوچىلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھاياجان بىلەن ئېيتقان تۇنجى سۆزى.

ئۇلار شۇ كېچە بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئۇزاق ئايلاندى. شەھەر قايناق ۋە شاۋقۇنلۇق ئىدى. ئەتراپتىن ئاياللارغا خاس ئىنچىكە، نازۇك؛ ئەرلەرگە خاس قوپال ۋە خىرگەي ئاۋازلار ئاڭلىناتتى... ساپ ھاۋاغا قوشۇلۇپ دىماغنى غىدىقلىغۇچى پۇراقلارمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن: ئىس،

بىنزىن، ئاچچىق تەر، خۇشبۇي ئەتىر… ھەممە يەر چىراغلارنىڭ
رەڭگارەڭ نۇرىدىن چاقنايتتى: قىزىل، يېشىل، سېرىق، بىنەپ-
شە… مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە — ئاۋات، كۆركەم،
قايناق شەھەرنىڭ زېمىنى بىلەن ئاسمىنىدا مەركەزلىشىپ، گى-
رەلىشىپ، ھاياتنى، تۇرمۇشنى بېزىگەن، جانلاندۇرغانىدى…
شەھەرنىڭ ئاشۇ سەلتەنەتلىك، گۈزەل كۆرۈنۈشلىرى ئىچى-
دە ئەدھەمنىڭ كۆزىگە يەنىلا ئۈرۈمچىنىڭ قىزلىرى گۈزەل،
يېقىملىق كۆرۈندى. دېمىسىمۇ، ئۈرۈمچىنىڭ قىزلىرى گۈزەل،
ئۇلارنىڭ زامانغا ماس، يېڭى پاسوندا، رەڭگارەڭ كىيىنىشى
گۈزەل؛ ئۇلارنىڭ چاققانلىق، ساغلاملىق ۋە نەپىسلىك ئۇرغۇپ
تۇرغان قەددى ـ قامىتى گۈزەل؛ ئۇلارنىڭ جۇشقۇنلۇق، ئىپتى-
خارلىق تۇيغۇسى چاقناپ تۇرغان روھىي دۇنياسى گۈزەل
ئىدى… ئۇلارنىڭ ياڭراق كۈلكىسى، شېرىن سۆزلىرى شەھەرنى
قاپلىغان، ئۇلارنىڭ يىگىتلەر بىلەن قولتۇقلىشىپ، قايناق ھايات
ئىچىدە بەختىيار كېزىشلىرى شەھەرگە ھۆسن قوشقانىدى. قىس-
قىسى، ئەدھەمنىڭ نەزىرىدە، ھازىر ئۈرۈمچى ھەر خىل، ھەر
ياڭزا ئاياللاردىن ۋە ئۇلار كىيىنگەن ھەر خىل، ھەر ياڭزا
كىيىملەردىن تەركىب تاپقان رەڭگارەڭ بىر دۇنياغا ئايلان-
غانىدى…

ئەدھەم يىراق ناھىيىدە بەش يىل ئىشلىدى. ئۇنىڭ جىسمى
ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ تۆگە قۇلىقىدەك يەردە بولسىمۇ، تېپچەك-
لەپ تۇرغان يۈرىكى ھامان ئۈرۈمچىدە بولدى.
ئېھ، ئۈرۈمچى! سەن قەيەردە! ؟
ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر ـ خىيالى ئاشۇ گۈزەل، قايناق شە-
ھەرگە تېزرەك قايتىش، ئاشۇ سۆيۈملۈك ئالىي مەكتەپنىڭ را-
ھەتبەخش باغچىلىرىنى قايتا كۆرۈشتە ئىدى.
قىزىق، ئۇ قاچانكى ئۈرۈمچى بىلەن ئالىي مەكتەپنى ئويلى-
سا، ئۇ يەرلەر شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى.

ئەنە، ئاۋۇ تۆت قەۋەتلىك كۆركەم ئوقۇش بىناسى ئەمەسمۇ؟ ئۇ يەردە ئۇنىڭ ھېسابسىز ئاياغ ئىزى، ئەقىل - ئىدراكى، خۇشاللىق ۋە قايغۇسى قالغان...

ئاۋۇ كۇنچىقىش تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغىنى ئۇنىڭغا بەش يىل غەمخانا بولغان ياتاق بىناسىغۇ! ؟ تاملىرى سىرلانغان، سىم كارىۋاتلىق، ناخشا - سازلارغا تولغان بۇ سىرداش بىنادا ئۇنىڭ تالاي - تالاي كېچىلىرى ئۇيقۇسىز ئۆتكەن، تالاي قىزلار بىلەن ئۇ شۇ يەردە تونۇشقان، سىرداشقان، سۆيۈشكەن ئەمەسمۇ؟ !...

ئەنە، ئاۋۇ دۈگىلەك دائىرە ئىچىدە ئاق، قىزىل، سېرىق، ھال رەڭلەردە تاۋلىنىپ تۇرغىنى ئۇلار ھەمىشە ئايلىنىدىغان گۈلزارلىق ئەمەسمۇ؟...

ئەنە، ئاۋۇ ئازادە، يورۇق كارىدوردا چىرايلىق يىپەك گا- لىستۇكىنى پۇلاڭلىتىپ، بىر قولتۇق دەپتەر، كىتابلارنى كۆ- تۈرگەن ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بېشىنى تىك تۇتۇپ، سالاپەت بىلەن كېلىۋاتىدۇ، ئۇ يىراقتىنلا ئەدھەمنى كۆرۈپ، ئىللىق چىراي بىلەن: «ئۆرلەڭ، ياش شائىر!» دەپ ئىشەنچكە تولغان ئۈمىدىنى ئىزھار قىلدى...

ئەنە، ئاۋۇ ئالتۇن سۈيى بىلەن ھەل بەرگەن، قۇببىلىرى كۆككە يەتكەن ھەيۋەتلىك، كۆركەم «خەلق تىياتىرى» ئە- مەسمۇ؟ !... ئەدھەم خانقىزنى قولتۇقلاپ، بەخت مىنۇتلىرىغا چۆمگەن ھالدا ئۇنىڭ پايىلىرىنى سىپايە دەسسەپ، ئويۇنغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ...

خىياللار، خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر، چۈشلەر ئەدھەمنى بىر كۇنمۇ تىنچ قويمىدى، ئۈرۈمچى ئۇنىڭ غايىۋى مەنزىلىگە ئايلاندى، بۇ مەنزىلگە يېتىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى ۋە ھەرىكەت نۇقتىسى بولدى. شۇنداق قىلىپ، نۇرغۇن تۇمانلىق ئەسلىمىلەر ئىچىدە ئۈرۈمچىدە ئىشلەۋاتقان ئۆز ۋاقتىدىكى يېقىن ساۋاقدىشى ھىدايەتنى ئېسىگە ئالدى. بىرىنچى قېتىم خەت يازدى،

ھىدايەتمۇ دەرھال جاۋاب خەت يېزىپ، دوستلۇق سەمىمىيىتىنى
بىلدۈردى. ئەدھەم ئەمدى ئۇنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلـ
ـدى، دەرد ـ ھەسرەتكە تولغان خەتلەر ئارقىمۇ ئارقا يېزىلدى.
ھىدايەتنىڭ كۆڭلى ئېرىدى، ئۆزىگە ئوخشاشلا ئىقتىدارلىق بىر
ساۋاقدىشىنىڭ بۆلۈك ـ پۇچقاقلاردا كۆمۈلۈپ قالغانلىقىغا ئىچى
ئېچىشتى. ئاخىر، يۇقىرى ـ تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ، يېرىم يىل
دېگەندە، ئەدھەم بىلەن خانقىزنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلدى.
ئەدھەمنى ئۆزى مەسئۇل بولغان تەھرىر بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇر-
دى، خانقىز بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ
كىردى.

ئۇلار ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، ھىدايەت ئەد-
ھەمنى يېتىلەپ ئىشخانىلارنى ئارىلاتتى، قول ئاستىدىكى خا-
دىملارغا قىزغىن تونۇشتۇردى، ئۇنى ئۆزىنىڭ كونا ساۋاقدىشى،
دوستى، ئىقتىدارلىق، جۇشقۇن يىگىت دەپ تەرىپلىدى. كې-
يىن، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەندە، خادىملارنى ماختاپ،
ھەممىسى بىلىملىك، ئاڭلىق، باغرى كەڭ كىشىلەر، تېزلا چى-
قىشىپ كېتىسەن، دېدى. ئەدھەم خۇشال ئىدى، ھاياجاندىن
چىرايى ئۇمچەرەپ، كۆزلىرى پارقىرايتتى. ئۇ ھىدايەتكە يېلىن-
غاندەك، ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر كۈتكەندەك كەيپىياتتا: «خۇدا
مېنى ساڭا تاپشۇردى، — دېدى ئاستا لېكىن ۋەزىنلىك ئاۋاز-
دا، — قانداق ئىشلەشنى ئۆگەت، نېمە قىل دېسەڭ شۇنى
قىلىمەن! •••»

ھىدايەت گەپ قىلمىدى، پەقەت ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ،
كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئارقىسىدىكى تامنى كۆرسەتتى. ئەد-
ھەم بېشىنى كۆتۈرۈپ تامغا قارىدى، ئۇ يەردە بىر پارچە رەڭدار
قەغەزگە ھۆسن خەت بىلەن يېزىلغان مۇنداق بىر شېئىر تۇراتتى:

يامان تەھرىرنىڭ قولى سۇنسۇنكىم،
شېرىن سۆزنى بۇزۇپ شور ئەيلەر.
گاھى «د»نى يازماي، «نادىر»نى «نار» قىلسا،
گاھى چېكىت تاشلاپ، «كۆر» «نى» كور ئەيلەر.

شېئىرنىڭ ئاستىدا «فۇزۇلى» دېگەن شۆھرەتلىك ئىسىم چىرايلىق قىلىپ يېزىلغانىدى.

ھىدايەت بۇ شېئىرنى ئىككى يىل بۇرۇن قايسىبىر كىتابتىن كۆچۈرۈپ ئەنە شۇ يەرگە لەۋھە قىلىپ ئېسىپ قويغانىدى. ئۇ ئەدھەمگە ئەنە شۇنى ئىشارە قىلىپ، ئىشلەشنى مانا شۇنىڭدىن ئۆگىنىمىز، دېدى. بۇ ماڭا ئىبرەت بولغان، ساڭىمۇ شۇ ئىبرەت بولغاي...

شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ دوستلۇقى قايتىدىن باشلاندى، ئىككى ئائىلە ئېجىللاشتى. ھىدايەتنىڭ ئايالى تۇخان ساددا سەھرا قىزى بولسىمۇ، چېھرىسى ئوچۇق، نەزىرى كەڭ، ئوماق چوكان ئىدى. خانقىز بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ قالدى. ھىدايەت بىلەن ئەدھەمنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئەلۋەتتە قىل سىغمايتتى. ئۇلارنىڭ لەۋزى ھالال، قەلبى پاك ئىدى. ئۈمىد - ئارزۇسىمۇ، نىيەت - ئىقبالىمۇ ئوخشاشلا ئاپئاق ئىدى...

كۈنلەر تىنچ، خۇشال - خۇرام ئۆتمەكتە. تۇرمۇش ئۆز رىتىمى بىلەن ئالغا سىلجىماقتا...

لېكىن، جىمجىت ئاققان چوڭقۇر دەريا ئاخىر دولقۇنلىنىشقا باشلىدى. ئەدھەم ئاز - تولا نەتىجە قازىنىپ، ئۆز يولىنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، ئەقىدە - ئېتىقادىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. كۆڭلىدە پەيدا بولغان بىر شەيتىنى ھەۋەس ئاستا - ئاستا ئىچ - ئىچىنى ئاداتتى. ئۇ ھىدايەتنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشتىن خورلۇق ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. بىر خىل ھەسەت ئوتى ئۇنى كۆيدۈردى. شۇنىڭ بىلەن خۇشاللىققا تولغان بۇ كەڭرى ئالەممۇ

ئۇنىڭغا تار ۋە ئازابلىق بىلىنىشكە باشلىدى...

ئادەم ھاياتلا بولىدىكەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان بولىدۇ، ھەمىشە ئۇلۇغلۇق بىلەن رەزىللىك-نىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا چەك-سىز تاغ ـ دەريالار يوق، ئۇلارنىڭ ئارىسى پەقەت بىرلا قەدەم!

ئەدھەم مانا شۇ بىر قەدەمنى قانداق باسماقچى؟!

ئۇ ئويلىماقتا، كۇلمەكتە ھەم ئازابلانماقتا، ئاللادىن مەدەت تىلىگەندەك، كۆكلەرگە باقماقتا...

تەڭرىدىن ئاۋاز: ئادەم بالىسى تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى قالىدۇ. ئۆزى ئالەمدىن ئۆتسىمۇ، ئىنساننىڭ نامى مەڭگۈ كىشىلەر ئارىسىدا ياشايدۇ. نامىڭنىڭ ئۇلۇغ ياكى ئابرۇيلۇق؛ نەپرەتلىك ياكى بەتبەخت بولۇشىنى ئۆ-زۈڭ بەلگىلەيسەن!

# ئىككىنچى باب

## سالام، باهار!

### 1

كۆن ئوچۇق، ئەتىگەنكى شەبنەمدىن تويۇنغان هاۋا ساپ ۋە سالقىن ئىدى.

ئەدھەم چىرايلىق كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ يالاڭۋاش ئىدى، مايلانغان چاچلىرى قۇياش نۇرىدا پارقىرايتتى. ئۇ، ئاخشام ئويلاپ قويغان پىلانى بويىچە، بۈگۈن ئەتىگەندىلا نەشرىياتقا بارماقچى، ئىككى ئايدىن بېرى ئۇ يەردە جاۋابسىز ياتقان ئۈچ يۈز بەتلىك ئەسىرى «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» نىڭ تەقدىرى ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى، زۆرۈر تېپىلسا، بۈگۈن ئۇلار بىلەن بىر قەپەس ئېلىشماقچىدى.

ئۇ چوڭ يولغا چىقتى. بۈگۈن پۈتۈن شەھەر باهار پەيزىگە چۆمگەن. ھەممە نەرسە باهار بىلەن تەڭ گۈللەپ ـ ياشنىغانىدى. يوللار ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى، ماشىنىلار يېنىك پۈشۈلداپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا غۇيۇلداپ ئۆتەتتى، ئادەملەر باهار-لىق كىيىملىرى بىلەن يەڭگىل ۋە رەڭگارەڭ ئىدى…

ئەدھەم كاستۇمىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋەتتى، ئىككى قولىـنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالدى، گەۋدىسىنى كېرىپ، تېز ـ تېز مېڭىشقا باشلىدى. ئۇدۇل تەرەپتىن سوققان لەرزان باهار سەلكىـنىدە، ئۇنىڭ بوينىدىكى ئالا بالداق گالستۇكى خۇددى ئۇزۇپ

قاچقان موزاينىڭ تانىسىدەك پۇلاڭلاپ تۇراتتى...
ئۇ رەستە ئارىلاپ، بازار كۆرۈپ، يېرىم سائەت دېگەندە نەشرىيات بىناسىغا يېتىپ كەلدى. كىرىپ - چىقىۋاتقان تونۇش - بىلىشلەر بىلەن سالاملاشتى، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، بۇنىڭ بىلەن گەپلىشىپ ئاستا - ئاستا ئۈچىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ كىرىدىغان ئىشخانىسى، سۆزلىشىدىغان ئادەمى ئېنىق ئىدى. ئۇ تەمتىرىمەيلا ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ سول تەرىپىدىكى تۆتىنچى نومۇرلۇق ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىكنى ناتونۇش بىرى ئاچتى ۋە گەۋدىسىنى يېرىم چىقىرىپ تۇرۇپ:
— كەچۈرسىز، يىغىن بولۇۋاتىدۇ، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر هازىر مېھمان قوبۇل قىلالمايدۇ! — دېدى.
— كۈتۈپ تۇرۇشقا بولار؟ — دېدى ئەدھەم كىنايە ئارىلاش.
— ئىختىيارىڭىز.
ئىشىك ھىم يېپىلدى. ئەدھەم ساقلاشقا مەجبۇر بولدى، ئۇ خۇددى ئاشۇ يەردە قاراۋۇللۇققا تۇرغان ئىشىك باقاردەك، بىر سائەتتىن بېرى بەدىنىنى تىك تۇتۇپ، ئۆرۈك كۆتىكىدەك چوقچىيىپ تۇرۇۋەردى. ئىچى تىتىلدىسىمۇ، خورلۇقى كەلسىمۇ، لېۋىنى چىشلىدى، قان - تەرى سىڭگەن ئەسىرىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن ھەرقانداق ئازاب چېكىشكە توغرا كەلسىمۇ، سەۋر قىلماقچى بولدى...
ئەدھەمنى بىزار قىلغان سۆرەلمە يىغىن ئاخىر تۈگىدى. شالاڭ چاچلىرى ئاقارغان، گەپ - سۆزلىرى سىلىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئىككى ئېغىز ئۆزرىلىك گەپ بىلەن يەنە ئەدھەمنىڭ كۆڭلىنى ئاچتى:
— كەچۈرۈڭ، كېلىشىڭىزدىن بىخەۋەر يىغىن ئۇيۇشتۇرۇپ قويۇپتىكەنمەن، كۆپ ساقلىتىپ قويدۇم، رەنجىمەڭ!
ئەدھەممۇ كۆڭلىدىكى ئەلەمنى چاندۇرمىدى:

— كېرەك يوق، ئۆز ئىشىم ئەمەسمۇ؟ يەنە شۇ... سىزنى ئاۋارە قىلىپ كەلدىم...

— ھە، ھېلىقى ئەسىرىڭىز توغرىسىدا...، — دېدى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بىرنەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك، — يادىمدا، يادىمدا... «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش»، شۇنداققۇ دەيمەن؟ خوش... ئۇ ئەسەر تېخى مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىدى، قاراڭ، ھەر ھالدا سۈيلەپ تۇرۇۋاتىمەن. گۇرۇپپىدىكىلەر، ئۇنىڭدىن كېيىن بۆلۈمدىكىلەر كۆرىدۇ...

— ئۇلار تېخىچە كۆرۈپ بولمىدىمۇ؟ ! — ئەدھەمنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل قوپال نارازىلىق ئىپادىلەندى.

— بەلكىم ئاز قالغاندۇر... سىزنىڭ ئۇ ئەسىرىڭىز پۈتۈنلەي نەزەرىيىۋى قاراشلار ئەمەسمۇ، ھەر ھالدا سالماقراق بولغان ياخشى...

بۇ گەپ ئەدھەمگە سەل چىڭ كەلگەندەك بولدى، لېكىن ئۇ شۇ تاپتا ھاجەتمەن ئورۇندا تۇرغانلىقى ئۈچۈن، لېۋىنى چىشلەپ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتتى. ئۆزىنى سەل توختىتىۋېلىپ، ئىلتىجا بىلەن مۇنداق دېدى:

— يولداش باشلىق، بۇ مېنىڭ بەش يىللىق قان ـ تەرىمنىڭ مېۋىسى، سىز بۇنى ھەۋەس دەپ ئويلاپ قالماڭ! بۇ — يۈرەكنىڭ قېنى، دىلنىڭ جەۋھىرى، ئىجتىھاتنىڭ مېۋىسى!

— شۇنداق، شۇنداق...، — دېدى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئۇزۇلۇكسىز بېشىنى لىڭشىتىپ، — بارلىق ھەقىقىي ئىجادىيەت ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن!

ئەدھەم ئەمدى سودىلىشىشقا ئۆتتى:

— مەن سىزگە ئېيتسام، باشلىق، ماڭا قەلەم ھەققى لازىم ئەمەس. ئەسىرىم چىقسىلا بولىدۇ، كىتابخانىلارنىڭ باھاسى ماڭا قەلەم ھەققىدىنمۇ چوڭ رىغبەتلەندۈرۈش بولىدۇ! ...

ئۇ ئەلۋەتتە قەلەم ھەققىنى «لازىم ئەمەس» دېيىش بىلەن

يوق قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى، بۇنىڭ پەقەت تەسىرلەندۈرۈش، ھېسداشلىق قوزغاش نىيىتىدە ئېيتىلىۋاتقان سۆز ئىكەنلىكىمۇ ئۆزىگە ئايان ئىدى. بۇنى مۇئاۋىن باش مۇھەر-رىرنىڭ سۆزىمۇ ئىسپاتلاپ قويدى:

— كۆڭلىڭىز چۈشىنىشلىك، ئەدھەم. ھەرقانداق ئاپتور ئەلۋەتتە ئۆز ئەسىرىنىڭ قىممىتىنى پۇل بىلەن ئۆلچىمەسلىك لازىم. لېكىن قەلەم ھەققىنى بەرمەي بولمايدۇ، ئاپتورلارمۇ ئالمىسا بولمايدۇ. بۇ بىر خىل سوتسىيالىستىك تەقسىمات پرىن-سىپى!

ئەدھەم ئۈنچىقمىدى، قىلىشىدىغان گەپلەرمۇ تۈگەپ قالغان-دەك قىلاتتى. ئاخىر ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىۋېتىپ سورىدى:

— ئەسەر توغرىسىدا ئېنىقراق بىر جاۋابنى قاچان ئاڭلىغىلى بولار؟

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئەستا-يىدىللىق بىلەن ئالدىدىكى سۈت رەڭ تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ ۋە كىم بىلەندۇر قىسقىلا سۆزلەشتى، ئاندىن ئەدھەمگە يۈزلىنىپ، — بۆلۈمدىن بىر مۇھەررىرگە ئورۇنلاشتۇ-رۇلۇپتۇ، ئۇ كۆرۈپ پىكىر تەييارلاۋاتقان ئوخشايدۇ، يېقىندا خەۋىرىنى ئالارسىز!

— مۇھەررىرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئىسمى مۆمىن، فامىلىسى قاسىم.

— ھە، مۆمىن قاسىم... كۆرۈشۈپ كېتەيمىكىن دەيمەن.

— ئىختىيارىڭىز... ئىشخانىسى ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى تۈگىدى. ئەدھەم ئەدەپ ۋە ئىكرام بى-لەن خوشلىشىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇ-ھەررىر مۆمىن قاسىم بىلەن قانداق كۆرۈشكەنلىكىنى، نېمە دېيىشكەنلىكىنى ۋە نەشرىياتتىن قاچان قايتىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى.

# 2

كۆركەم تاڭ شەپىقى سەھەرنىڭ سۈس تۇمانىنى قىزىللىققا پۈركىدى، ئىللىق نۇر ئوچۇق دېرىزىدىن ئاستا كىرىپ، ئەدھەمنىڭ كۆزىنى، يۈزىنى غىدىقلىدى، ئۇ جىمجىت ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمەي، ئىككى ياققا ئېغىناپ ئۇزاق ياتتى. كۆز ئالدىدىن بىرنەچچە كۈندىن بېرىقى ئىشلار ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئۇ مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە نەشرىياتقا ئۈچ قېتىم بېرىپ، مۆمىن قاسىمنى ئەگىدى. ئۇنىڭ دەسلەپ ئۇققىنى مۆمىن قاسىمنىڭ ئۆز ئەسىرىنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىققانلىقى بولدى. بۇ ئىشمۇ ئۇنى خىيالغا سېلىپ قويدى: ئىككى قېتىم ئوقۇش ئەسەرگە قىزىققانلىقتىنمۇ ياكى قۇسۇر تېپىش ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭ زادى ئاخىرقى پىكرى نېمە؟!...

مۆمىن قاسىم كەم سۆز، ئۆز ئىشىغا پۇختا، ئېغىر - بېسىق يىگىت ئىدى. ئۇ ئەدھەمگە قاپىقى يامان، سىرلىق تۇيۇلدى. ئۇ ھەرقانچە كوچىلاپ، ئەگىتىپ يۈرۈپمۇ مۆمىن قاسىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلەلمىدى. تاغاردا بىر گەپ قىلسا، مۆمىن قاسىمنىڭ بېرىدىغان جاۋابى: «كېيىن كۆرمەمسىز، پىكرىم تېخى پىشمىدى!» دېگەندەك قىسقىلا سۆزلەر ئىدى. ئەدھەم ئۇنىڭ يۈرىكىگە قايسى تەرەپتىن قول سېلىشنى بىلەلمەي ھەلەك ئىدى...

ئۇ نەشرىياتتىكى بۇ كىتابقا نېمانچىۋالا يېپىشىدۇ؟! بۇنىڭدا ئەدھەمنىڭ ئىستىقبالىغا، كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ئەھمىيەتلىك ئىشلار بار ئىدى. كىتاب چىقسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەدھەمنىڭ شۆھرەتلىك نامىمۇ جەمئىيەتكە تەڭ تارقىلىدۇ، بىرمۇنچە پۇل چاڭگىلىغا كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدھەمنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولىدۇ، بۇ بىر تەرەپ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۆۋەتتىكى ئۇنۋان

باھالاشتا، كىتابنىڭ ئوينايدىغان رولى چوڭ، بۇ ئەڭ مۇھىم تەرەپ ئىدى. ئەدھەمدە ھازىر ئەمەل تاجى يوق، ئەگەر بۇ قېتىمقى ئۇنۋان باھالاشتا يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشەلمىسە، زىيالىي دېگەن تاجنىمۇ كىيەلمەي، خۇددى «توخۇنىڭ تارغىقى يوق، سۇپىنىڭ باغىقى» دېگەندەك، ھېچنېمە بولالماي كېتىۋەرسە، ئەلەم قىلمامدۇ؟!...

كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئالغا بېسىش يولىدا، ھەممە ئادەم كەڭرەك يەرنى ئىگىلەشنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدىراق مېڭىشنى، يوغانراق ئىز قالدۇرۇشنى ئويلايدۇ. بۇ ئوي باشقىلارغا قارىغاندا، ئەدھەمدە تېخىمۇ كۈچلۈكرەك ئىدى.

ئۇ مانا شۇ خىياللار بىلەن كىتابنى بۇ قېتىمقى ئۇنۋان باھالاشقا ئۇلگۇرتۇپ باسمىغا ماڭدۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. كىتاب ئۇنىڭ كوزىرى ئىدى. ئۇ يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىشتا، بەزى شەرتلەرگە ئۆزىنىڭ توشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئەگەر كىتاب نەشر قىلىنسا، ئۇنىڭ ئەنە شۇ كەمتۈك يەرلىرى تولۇقلىنىپ، يۇقىرى ئۇنۋاننىڭ قولغا كېلىشىدە ئۈمىد چوڭ ئىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشتا، يەنە ھىدايەتنىڭ ياردىمى كېرەك. ھىدايەت ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. ئەدھەم بىر قولىدا ئۇنىڭغا ئېسىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالدىنقى كۈنى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدا مۇنداق سۆھبەتلەر بولۇپ ئۆتتى:

— ئۇنۋان باھالاش ئىشى قانداق بولۇۋاتىدۇ، ھىدايەت؟

ھىدايەت ناھايىتى ئېغىر - بېسىق، ئوي - مۇلاھىزىلىك يىگىت ئىدى، سۆزلەرنى تەمكىنلىك بىلەن ئالدىرىماي پىشلىدۇرۇپ سۆزلەيتتى:

— قانداق دېيسەن، ئەدھەم؟

— ياق ئەمدى... سوراپ باققۇم كەلدى.

ئەدھەم كۈلدى، لېكىن كۈلكىسىدە ئانچە زوق سېزىلمىدى.

— تەييارلىق قىلىۋاتىمىز، ھازىر ئۆگىنىش باسقۇچى، ھۆججەتلەرنى ئوبدانراق ئۆگىنەيلى، ھەممەيلەن ئۆزىگە ئۆزى توغرا باھا بېرەلىسە، بىزنىڭ باھالىشىمىزمۇ ئوڭۇشلۇق يۈرۈشىدۇ، قانداق دېدىم، ئەدەم؟ ئىشقىلىپ، ۋاقىت قىس، رەھبەرلىكتىن چىڭ تۇتۇۋاتىدۇ.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئاداش... ئۆزۈڭ بىلىسەن، بەش يىللىق ئۆمرۈم چەت بىر ناھىيىدە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن ئۆتتى... دەرۋەقە، ئۇ يەر ماڭا يامان قىلمىدى، شۇ يەردە پارتىيىگە كىردىم. نۇرغۇن دراما، ماقالىلەرنى يازدىم... بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان، سېنىڭ سايەڭدە تەھرىرلىك قىلدىم. گەرچە ۋاقتىم ئاز بولسىمۇ، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئىشلىگەن ئىشىم ئاز ئەمەس... يەنىلا ئۈمىدىم سەندە...

«بىلدىم، مەقسىتىڭ يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىش ئىكەن - دە، ئاغىنەم! — ھىدايەتنىڭ كۆڭلىدىن شۇنداق بىر خىيال غىلىلدە ئۆتتى، — ئەقلىڭنى ئىشلەتسەڭ ئىشىڭ ئوڭ بولىدۇ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سورىغىنىڭ ياخشى!»

— ئاڭلىسام، بەزىلەرگە دەرىجە ئاتلىتىپ ئۇنۋان بېرىشكە بولىدىكەن، راستمۇ، ھىدايەت؟

— راست، يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىدە شۇنداق كۆرسەتمىلەر بار. لېكىن بۇنىڭمۇ شەرتى بار، بەلكى خېلى ئېغىر...

— شەرت دېگەننى ئادەم تۈزگەن، ئاداش، يەنە شۇ ئادەم بىر - بىرىنى شەرتكە چۈشۈرىدۇ. دۇنيادا نەدىمۇ مۇتلەق ئىش بار؟! سىلەرنىڭ شەرتكە چۈشۈرۈشۈڭلارمۇ نىسپىي! ھەممە نەرسە ئاخىر بېرىپ، ھېلىقى ھېسسىيات ئاتلىق مۇقەددەس نەرسىگە باغلىنىدۇ! كىم كىمنىڭ ئۈستىدە تۆت ئېغىز ماختاشنى كۆپرەك قىلسا، باشقىلارمۇ شۇنىڭغا ئاغىدۇ، بۇ ھازىرقى ئادەملەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى!...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھىدايەتنىڭ يۈرىكى چىممىدە قىلىپ

قالدى. بۇ ئۇنىڭغا بىرىلگەن بىشارەت، سىگنال ئىدى.

— سەن ئەدھەم، ھەممە ئادەمنى، ھەممە ئىشنى ئۆز غىرىدىڭدا ئۆلچەيدىكەنسەن، ئاداش! بولدى، بۇنداق گەپلىرىڭنى قوي، ئۇنىۋان توغرىسىدا ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن سۆزلىشەيلى. ئىشقىلىپ، بۇ ئىشتا پرىنسىپتىن، شەرتتىن تېيىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھالاش ھەيئىتىدە مەن يالغۇز ئەمەس، توققۇز ئادەم بار.

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ماسلاشماقچى، دوستۇم. نەشرىيات بىلەن سۆزلەشتىم، ھېلىقى كىتابىمنى يېقىندا نەشرگە بەرمەكچى. ئەگەر سەن ئوتتۇرىدا سۆزلەشتە ئىسپاتقا موھتاج بولساڭ، مەن ئۇلاردىن ئىسپات ئەكېلىمەن...

— ھازىرچە ھاجىتى يوق، ئەدھەم... ئۇنى ۋاقتى كەلگەندە كۆرەرمىز...

......

ھىدايەت بىلەن بولغان سۆھبەتتىنمۇ ئەدھەمنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمىدى. ئېھتىمال، ئۇ ھازىرچە پرىنسىپلىق گەپلەرنىلا قىلىپ، سىر بەرمەيۋاتقاندۇر، ئېھتىمال كىتابىنىڭ نەشر قىلىنىشىغىمۇ گۇمان بىلەن قاراۋاتقاندۇر!... ئەگەر كىتاب يېقىن ئارىدا نەشرگە بېرىلسىلا، جەزمەن ئۇنىڭ تەسىرى چوڭ بولىدۇ. ھىدايەتمۇ چوڭ ئاساسقا ئىگە بولۇپ، دوستى ئۈچۈن يۈرەكلىك گەپ قىلالايدۇ! شۇڭا، كىتابىنىڭ تېزرەك نەشرگە بېرىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، جەزمەن قولغا كەلتۈرۈش كېرەك!...

ئەدھەم ئورنىدىن تۇردى، سائەت سەككىز يېرىم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يۈز - كۆزىنى چالا - بۇلا يۇيۇپلا، ناشتىغا ئولتۇردى. خانقىز چايدانغا چاينى دەملەپ، نان، ياڭاق مېغىزى ۋە كۆك ئۈزۈملەرنى تەخسىگە ئېلىپ ئۈستىنى گېزىت بىلەن يېپىپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. ئەدھەم چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ،

بايا تەخسىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىۋەتكەن گېزىتكە كۆز يۈگۈرتتى. بۇ، كەچلىك گېزىتنىڭ «سەككىزىنچى مارت» ئۈچۈن ئاتالغان تۈنۈگۈنكى سانى بولۇپ، ئۈچىنچى بەتنىڭ سول بۇرجىكىدە بىر پارچە شېئىر تۇراتتى. ئەدھەمنىڭ كۆزى شېئىرغا قادالدى، بارا - بارا چاي ئىچىشنىمۇ ئۇنتۇپ، گېزىتنى ئالدىغا يايدى. ئەدھەمنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرغىنى، «يېرىم دۇنياغا مەدھىيە» ناملىق بۇ شېئىرنىڭ ئۈستىدىكى «مۆمىن قاسىم» دېگەن ئىسىم ئىدى. ئۇ شېئىرنى ئۆزىچە ھەۋەس بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«يېتىپ كەلدى شەرەپ بىلەن مارت بۈگۈن،
يېرىم دۇنيا شەرەپ ياغدى سىلەرگە.
بولدى جارى ھوقۇقۇڭلار ھەقىقىي،
ئەرلەر بىلەن تەڭ بولدۇڭلار مەڭگۈگە.

‹ ئەرلەر ئەزىز، ئاياللار خار › بىر دەۋر،
ئاياغلاشتى بۇ بەختىيار ئېلىمدە.
سىلەر دېگەن يېرىم دۇنيا قۇدرەتلىك،
سىلەر ئۈچۈن مۇھەببەت بار دىلىمدە.

‹ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا › دېگەن سۆز؛
سىلەر ئۈچۈن ئادىل ئۆلچەم بولالماس.
تەكرارلىسا ئاشۇ سۆزنى كىم يەنە،
ئارىمىزدا، سېپىمىزدا تۇرالماس!»

ئەدھەم كۆزىنى قىستى، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈردى. خېلىغىچە ئۇنچىقماي شېئىرغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ شېئىر ئۇنىڭ نەزىرىدە شېئىر ئەمەس ئىدى، بەلكى

50 - يىلنىڭ دېھقانلىرى ئېشەككە مىنىپ ماڭغاچ ئوقۇيدىغان
قوشاق ئىدى. ئۇ خېلى - خېلى شېئىرلارنى ياراتمايتتى. ئۇ
ھەمىشە: «شېئىر دېگەن شېئىر! ئۇ سېنىڭ روھىي دۇنيايىڭنىڭ
بۇلىقى! شېئىر — قىز ئەمەس، بەلكى قىز تۇيغۇسىنىڭ بۇلاقتى-
كى شولىسى! شېئىر — تىنچ كۆل ئەمەس، بەلكى ئۆركەش
ياساپ ئېقىۋاتقان شوخ ئېقىن! شېئىر — مۇزىكىسىز، ئاجايىپ
سىمفونىيە! شېئىر — قۇشلارنىڭ سايرىشىمۇ ئەمەس، قوزا -
ئوغلاقلارنىڭ سەكرىشىمۇ ئەمەس، بەلكى ئېگىز - قىيا تاغلارنىڭ
ھۆركىرىشى، دېڭىزلارنىڭ نەرە تارتىشى، يەر - زېمىننىڭ چاي-
قىلىشى!» دەيتتى. ئۇ گەرچە شائىر بولمىسىمۇ، لېكىن باشقى-
لارنىڭ يازغىنىنى ئاسانلىقچە ياراتمايتتى، ئۆزى بولسا، دراما،
ئوپېرالارغا ئىشلىتىلىدىغان شېئىرلارنى خېلى قېتىرقىنىپ،
ئىزدىنىپ، تەلەپچانلىق بىلەن يازاتتى.

ئۆز ۋاقتىدا — ئالىي مەكتەپتىكى چاغدىلا، ئۇ ساۋاقداشلى-
رى بىلەن ئۇستازىغا خېلى ياراپ قالغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىدە:
ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقاندا، ئۇ يېڭى يازغان بىر پەردە،
ئىككى كۆرۈنۈشلۈك بىر ئوپېراسىنى ئوقۇتقۇچىسىغا كۆرسەتتى،
ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭ ئىچىدىكى شېئىرلارنى بىر ئوقۇپلا تەنتەنىلىك
ئاۋازدا ئەدھەمگە مۇنداق دېدى: «شېئىرىيەتنىڭ قانداقلىقىنى
يۈرەك بىلەن ھېس قىلىشىڭىز كېرەك! مانا، بۇ شېئىرلىرىڭىز
ياخشى يېزىلغان. لېكىن ئىنتىم يوق، ئىنتىم لىرىكا بولۇش
كېرەك. پۇشكىن، گېينى، نەۋائىلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان-
دا، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز ھاياجانلىنىپ، لەرزىگە كېلىدۇ. سەۋەب،
ئۇنىڭدا تەڭداشسىز بىر ئىچكى قۇۋۋەت، ۋولقان ھارارىتىدەك
كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىيات بار! ئېسىڭىزدە بولسۇن: ئاۋازى
يوق خىر - خىر ئادەمنى ناخشا ئېيتىشقا زورلىغىلى بولمايدۇ.
خۇددى شۇنىڭدەك، تۇغما تالانت بولمىغان ئادەمدىنمۇ يازغۇچى،
شائىر چىقمايدۇ! ھەر كۈنى ئاسماندا نەچچە ئون يۇلتۇز ئېقىپ

كېتىدۇ، بۇنىڭغا كىشىلەر ئانچە پىسەنت قىلمايدۇ. لېكىن چول-
پان يۇلتۇز ئېقىپ كەتسە، ھەممىمىزنىڭ يۈرىكى تەڭلا ئېغىپ
كېتىشى مۇمكىن! ئەدەبىياتتىمۇ كۈرمىڭ يۇلتۇزلار بار. لېكىن
ھېچقايسىسى چولپان يۇلتۇزغا يەتمەيدۇ! بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز-
دىمۇ سىزگە ئوخشاش چولپان يۇلتۇزلار چىقىشى كېرەك! »
مانا شۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئۇنىڭ قەلبىگە پوشكىن، گې-
تى، نەۋائىغا ئوخشاش شان - شۆھرەت تېپىش تۇيغۇسى ئۇۋۇا
سالغانىدى...
لېكىن، بۈگۈن، قىزىق، نېمە ئۈچۈندۇر، مۆمىن قاسىم-
نىڭ ھېلىقى شېئىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزگە تارتتى، بىرنەچچە
قېتىم ئوقۇدى، شېئىر ئۇنىڭغا ياد بولۇپ قالدى. ئاستا - ئاستا
ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر پىلان قەد كۆتۈردى. ئۇ بۈگۈن ئىشقا بېرىش-
تىنمۇ يالتايدى، ئىتتىك ئۆيدىن چىقىپ، كوچا ئاغزىدىكى بىر
ئىدارىنىڭ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىن ھىدايەتكە تېلېفون بەردى.
مىجەزىم يوق، دوختۇرغا بارىمەن، دېدىيۇ، لېكىن خەۋەرلىشىش
بۆلۈمىدىن چىقىپ، يەنە تېزلا بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىردى، ئىشىكنى
مەھكەم تاقاپ، كەچكىچە سىرتقا چىقمىدى...
ئەدھەمنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر پىكىر كەلگەنىدى.
ئۇ، ئويلاپ تاپقان پىكرىدىن ئۆزىمۇ خۇشاللاندى، زوقلاندى:
ياشا، يولداش ئەدھەم! ياشا، نىياز باپكارنىڭ ئەقىللىق، تەلەي-
لىك ئوغلى ئەدھەم شائىر!

## 3

ئەدھەمنىڭ بۇرۇنقى ماقالىلىرى ھېچقاچان بۈگۈنكى گېزىت-
كە چىققان ماقالىسىدەك قىزىقىش ۋە غۇلغۇلا پەيدا قىلمىغانىدى.
ئەدەبىيات ساھەسى خۇددى مىليونلىغان تەسىرچان سىملار-
دىن توقۇلغاندەك، تىنچسىز، سەزگۈر ساھە!

ئەدھەمنىڭ ماقالىسى چىقىپ شۇ كۈنلا بۇ خەۋەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا كۆچۈپ، خۇددى كىچىك باللار پۇۋلەپ ئوينايدىغان ماكاپ چېچەكلەردەك، ئەدەبىي-ياتچىلار ئىچىگە پۇررىدە يېيىلىپ كەتتى.

ھەركىم ئۆزىچە مۇلاھىزە قىلاتتى، باھا بېرەتتى ۋە سۆز-لەيتتى.

ئەگەر بۇ ھېچقانداق ئارقا كۆرۈنۈشى يوق، ئادەتتىكى ئوب-زور ماقالىسى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ھېچكىممۇ پەرۋا قىلمىغان بولاتتى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنىڭ بى-رى تەن، بىرى قانات ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلەتتى. لېكىن بۇ ساھەدىكى بەزىبىر تىنىمسىز كىشىلەر ئەدھەم يازغان «شېئىرد-يىتىمىزدىكى يەنە بىر دۇردانە» دېگەن بۇ ماقالە بىلەن مۆمىن قاسىمنىڭ قولىدىكى «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» دېگەن كىتابنى بىر - بىرىگە باغلىۋالدى. مەسىلە مانا شۇنىڭ بىلەن چىگىشلى-نىپ، نورماللىق دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. خۇددى «تەمەننىڭ كەينىدە كامار بار» دېگەندەك، ماقالە بىلەن شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەم ئەدھەمنىڭ نىيىتىدىن، مۇددىئاسىدىن، ۋىجدا-نىدىن شەكلەنمەي قالمايتتى. بەدئىيلىكى يوق، قاتمال تىل بىلەن يېزىلغان ئادەتتىكى بىر شېئىر ئۇچۇن بېرىلگەن باھا ناھايىتىمۇ يۇكسەك ۋە كۆتۈرۈپ قويىقۇسىز ئىدى. كىشىلەر مۇ-شۇنىڭغا قاراپلا ئەدھەمنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىۋالاتتى...

بۇ توغرىدىكى سۆز ئالدى بىلەن تەھرىر بۆلۈمىدە باشلاندى. ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغان، بۇدۇر چاچلىق چاقچاقچى يىگىت شۆھرەت يېقىندىكى خىزمەتداشلىرىغا گېزىتنى پۇلاڭلىتىپ تۇ-رۇپ، بىرمۇنچە كىنايىلىك سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ھىدا-يەتنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ھىدايەت قادىلىپ ئولتۇرۇپ ئەسەر كۆرۈۋاتاتتى. سول قولى ئېگىكىدە، ئوڭ قولى قىزىل قەلەمدە ئىدى.

— سىز بۇنى كۆردىڭىزمۇ، يولداش باشلىق؟ — دېدى شۆھ-رەت گېزىتنى ئۇنىڭ ئالدىغا يېيىپ.

ھىدايەت چۆچۈگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ، شۆھرەتكە قارى-دى. ئۇنىڭ قاپقارا يوغان كۆزلىرى سەل قىزىرىپ قالغانىدى. ئۇ ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان بىرنەچچە تال چېچىنى ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن ئۈستىگە تارىتىپ ئالدىرىماي سورىدى:

— نېمىنى دەيسىز؟

— ماۋۇ ماقالىنى دەيمەن، — شۆھرەت تېرىكىپ تۇ-راتتى، — ئەدھەمنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟!

ھىدايەت كۆزىنى بىر - ئىككى چىمىلدىتىۋېتىپ، گېزىتكە قارىدى. ئۇچىنچى بەتنىڭ ئۈستۈنكى ستونىدا «ئەدھەم نىياز» دېگەن ئىمزا ئاستىدا «شېئىرىيىتىمىزدىكى يەنە بىر دۆردانە» دېگەن بىر پارچە ماقالە تۇراتتى. ھىدايەت تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى:

«... شائىر مانا شۇنداق يالقۇنلۇق مىسرالار بىلەن دەۋرىمىز ئۇچۇن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، رېئال بىر تېمىنى يورۇتۇپ بەر-گەن...»

ماقالىنىڭ ئاخىرى مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشقانىدى:

«ھەقىقەتنى ۋارقىراپ - جارقىرىماي، پىچىرلاپ سۆزلىسى-مۇ بولغىنىدەك، مانا شۇنداق ئاددىي، لېكىن مەنىسى چوڭقۇر پىكىر ۋە تىل بىلەنمۇ ياخشى، جەڭگىۋار شېئىرلارنى يازغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق گۈزەل شېئىرلار ھېسابىغا شېئىرىيىتىمىز تېخىمۇ بېيىپ بارىدۇ...»

ھىدايەت خېلى ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ شۆھرەتكە قارىدى:

— نېمە بوپتۇ، بىر پارچە ئوبزور ئىكەنغۇ؟

— قانداق ئوبزور ئىكەن؟ — شۆھرەت تەئەددى بىلەن سورىدى.

— يامان دېگىلى بولمايدۇ، — ھىدايەتنىڭ ئاۋازى زەئىپ ئىدى. كۆڭلىدىكى ھەقىقىي گەپنى قىلالمايۋاتقاندەك بىر خىل دېلىغۇللۇق چىقىپ تۇراتتى، — سىزچە قانداق تۇرىدۇ؟

شۆھرەت ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— مېنىڭچە، بۇ سەمىمىي كۆڭۈلدىن چىققان سەمىمىي ئوبزور ئەمەس! بۇ مەلۇم غەرەزدە يېزىلغان خۇشامەتگۇيلۇقتىن، نامەردلىكتىن، ۋىجدانسىزلىقتىن تۆكۈلگەن بىر تەشتەك يۇندى! سىز بۇنى ئەستايىدىللىراق ئوقۇپ بېقىڭ، ھاياجانلىق شائىر سۆ-پىتىدە ئەمەس، ئەقلىنى توختاتقان ئادەم سۈپىتىدە ئوقۇپ بېقىڭ!

— بۇ گەپلەر ئېشىپ كەتتى، شۆھرەت! — دېدى ھىدايەت سەل - پەل جىددىيلىشىپ، — بۇ گەپلىرىڭىزنى سەمىمىي تەنقىد دېگەندىن كۆرە، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاش دېگەن تۈزۈك!

شۆھرەت ئۆزىنىڭ ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇ چاق-چاقچى، قىزىقچى بولغاچقا، ھەرقانداق گەپ - سۆزنى ئاشۇرۇپ، تۇز - تەمىنى ئۆتكۈزۈپ سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. بۇنى ھىدايەتمۇ بىلەتتى، ئۆتكەن يىلى بولغان بىر ئىش ھېلىغىچە ئۇنى كۈلدۈرەتتى: 1 - ئاپرېلدا، شۆھرەتنىڭ تاغىسى قازا قىلدى، بىر تۇغقىنى ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئەكەلگەندە، ئۇ تەپ تارت-مايلا: «ھە، بىلدىم. بۈگۈن 1 - ئاپرېلغۇ، تاغاممۇ يالغان ئۆلۈپتۇ - دە!» دەپ ئىشەنمىدى، كېيىن راستلىقى مەلۇم بول-غاندا، ئۇ يەنە چاندۇرماي: «قاراڭلار، تاغامنىڭ ۋاپاسىزلىقى-نى، بىللە بارايلىمۇ قانداق، دەپ ئازراق مەسلىھەتلەشمەي، ئۆزى غىپپىدە كېتىۋاپتۇ، توۋا!» دەپ ھازىدارلارنىمۇ كۈلدۈرۈ-ۋەتكەنىدى.

— سىز بۇنىڭغا نىمانچىۋالا چېچىلىپ كەتتىڭىز، شۆھرەت، — دېدى ھىدايەت بۇرۇنقىدەكلا يۇمشاق ئاۋازدا، — شېئىرنى مۆمىن قاسىم يېزىپتۇ، ئوبزورنى ئەدھەم يېزىپتۇ.

بۇنىڭ نېمىسى سىزگە تو كەتتى، «سېزىكى بار سەكرەپتۇ»
دېگەن شۇمۇ يا؟!
— ماڭا ئەمەس، يولداش باشلىق، ئالدى بىلەن سىزگە تو
كېتىش كېرەك! — شۆھرەت يەنە قىزىشتى، — ئەدھەم سىزنىڭ
مۇھەررىرىڭىز، مۆمىن قاسىم نەشرىياتنىڭ مۇھەررىرى. ئىككى
مۇھەررىر مۇشۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا سودا ـ سېتىق قىلىشسا
بولامدۇ؟! ئۇ بىزنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە، بىزنىڭ يۈزىمىزگە
ئۇيات ئەمەسمۇ؟! مەن بىر شېئىر مۇھەررىرى، سىز بىر شا-
ئىر، ۋىجدانىڭىز بىلەن ئېيتىپ بېقىڭا، مۆمىن قاسىمنىڭ ئاشۇ
شېئىرى مۇنچىلىك ماختاشقا ئەرزىمدۇ؟! ئەدھەم ماختاشقا شې-
ئىر تاپالماي، مۇشۇنى ماختاشقا مەجبۇر بولۇۋاتامدۇ؟! ھەرقان-
داق نەرسە ئۆز لايىقىدىن ئېشىپ كەتسە، ئەكسىگە ماڭىدۇ! بۇ
يەردىكى ئىش سىز ئېيتقاندەك، بىرىنىڭ شېئىر يازغانلىقى، يەنە
بىرىنىڭ ئوبزور يازغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا مەنپەئەت
يەتكۈزۈش يولىدا پرىنسىپ بىلەن سودىلىشىۋاتقانلىقى!… بىز
ئۇنچىلىك ئىشلارنى بىلمەيدىغان كالۋا پوقرالاردىن ئەمەس،
باشلىق!
ھىدايەت بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇ-
ۋېدى، ئىشخانىغا ئەدھەم كىرىپ قالدى، ئۈچەيلەن بىر ـ بىرىگە
قاراشتى. ئەدھەم گېزىتنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بول-
دىيۇ، لېكىن يەنە چاندۇرماي گەپنى ئۆزىگە ياماشتۇردى.
— مېنى مۇھاكىمە قىلىۋاتامسىلەر نېمە؟ قېنى، پىكرىڭلار-
نى ئاڭلاپ باقاي!
شۆھرەت يەنە ئاغزىنى قويۇۋەتتى:
— بۇ ماقالىنى قايسىبىر ئېگەر قورساق، سالما باش، پىت
كۆز، كىرپە تۇمشۇق، يۇندى چىراي مەخلۇق يازغانكى دېسەم،
سەن يېزىپتىكەنسەن ـ دە، ئەدھەم! ھە… مۇنداق دېگىن…
ئەدھەمنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى، بۇركۇتنىڭكىدەك

چېچەن ۋە سۇرلۇك كۆزلىرى چەكچەيدى. ئاچچىقىدا نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىرنەچچە قېتىم يۇلقۇندى، قېلىن كالپۇكلىرى خۇددى يىڭناغۇچنىڭ قانىتىدەك پىر - پىر تىترەيتتى. ئۇ ئادەتتىمۇ شۆھرەتنىڭ ئالدىدا ئاسانلىقچە ئېغىز ئاچمايتتى. تەھرىر بۆلۈمىدە ھېچكىمدىن قورقمىسىمۇ، شۆھرەتتىن تەپ تارتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ گەپكە كەلگەندە ھېچكىمدىن يانمايدىغانلىقىنى، گەپ بىلەن يانپاشقا ئېلىپ، ئاسانلا ئىناۋەتنى تۆكۈۋېتىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، بۇ قېتىممۇ ئاغزىنى ئۆمەللەش ۋە گۆلىيىش بىلەن چەكلەندى. بۇ پۇرسەتتىن يەنە شۆھرەت پايدىلاندى:

— ئادەم دېگەن دۇرۇسراق ياشاش كېرەك، ئاغىنە. گىياھنى قۇرت، تۆمۈرنى دات، ۋىجداننى ساختىپەزلىك يەيدۇ جۇمۇ!...

ھەر ئىككىسىنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلگەن ھىدايەت بىرەر كۆڭۈلسىز ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، شۆھرەتنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى، شۆھرەت ھىدايەتنىڭ ئالدىدىكى گېزىتنى سىلكىپ ئالدى ۋە ئەدھەمگە ئالىيىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن تازا ئېقى كېلىشمەيتتى. ئەدھەم شۆھرەتنىڭ زۇۋاندارلىقىنى ياقتۇرمىسا، شۆھرەتمۇ ئەدھەمنىڭ مەنمەنچىلىكىنى ياقتۇرمايتتى. ئۆتكەندە، ئەدھەمنىڭ گېزىت - ژۇرناللارغا ئارقا - ئارقىدىن شېئىر، ماقالىلىرى چىقىپ، تېخىمۇ غادىيىۋېدى، شۆھرەت دەرھال چاقچاققا يۆلەپ: «يولداش ئەدھەم مۇھەررىر، نېمانچىۋالا گىدىيىپ كەتتىڭ؟ ئېھ!... ئاھ!... ۋاھ!... دېگەن بىرنەچچە پارچە شېئىرلىرىڭنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئۆزۈڭنى ئاسماننىڭ تۈۋرۈكى، دەپ ھېسابلاپ كەتتىڭمۇ نېمە؟!» دەپ تەگكۈزۈۋالغانىدى. شۆھرەت بۇنداق پۇرسەتنى زادىلا ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى.

ئىككىلەن يالغۇز قالغاندا، ھىدايەت تەسەللى بەرگەندەك ئەدھەمگە مۇنداق دېدى:

— ئۇنىڭ مىجەزىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھازىرلا شالدۇر - شۇلدۇر، بىردەمدىن كېيىن ھېچنېمە يوق، كۆڭلۈڭگە ئالما! يەنە بىر ھېسابتا، ئۇنىڭ ئاچچىقىنىمۇ بىھۇدە دېگىلى بولمايدۇ، دوستۇم. ئەمدى بىز ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئىدراك بىلەن ياشايدىغان ۋاقىتقا يەتتۇق! ماقالەڭنى كۆردۇم، ئېشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ سۆز - چۆچەك قىلىشىغا تۇتقا چىقىپ قالغان، مۇددىئايىڭنىڭ ساپلىقىغا گۇمانلانغان! ...

— ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىمەن! — دېدى ئەدھەم ئاغزىنى قىيسايتىپ، — لېكىن مەن ئەزەلدىن ۋىجدان يولىدا قىلىنىۋاتقان ئىجادىي ئىشلىرىمنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ باققان ئەمەس! كىتابىم ئۆز يولىدا چىقىدۇ، ئوبزور يېزىشىممۇ ئۆز يولىدىكى ئىش! كىشىلەرنىڭ بۇنى بىر - بىرىگە باغلىۋېلىشىدىكى غەرىزى نېمە؟! بۇمۇ ماڭا چۈشىنىشلىك: ھەممىسى ھەسەت ۋە ئىچى قارىلىقتىن بولۇۋاتىدۇ، مېنى يازمىدىڭ، مېنى ماختىمىدىڭ، دېگەن شەخسىيەتتىن چىقىۋاتىدۇ!

ئەدھەم يەنە سىر بەرمىدى، ئۆز دوستى ئالدىدا ھەقىقىي غەرىزىنى يوشۇرۇپ، سەۋەنلىكنى ئەپچىللىك بىلەن باشقىلارغا ئىتتىرىۋەتتى.

لېكىن، ئادەملەر ھەمىشە كۈتۈلمىگەن ۋاقىتتا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلايدۇ. ئەدھەم شۇنداق قىلدى، ئاشۇ بىر پارچە ماقالە ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىدىن غەرەزگۆي، ۋىجدانى سۇس ئادەم ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئەمما بۇنى ھېچ يەردە، يېقىن دوستى ھىدايەتنىڭ ئالدىدىمۇ ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇنىڭ

نەزىرىدە، بۇنى ئېتىراپ قىلىش ئۆزىنى چۈشۈرگەنلىك، شۆھرەتتەكلەرنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينىغانلىق بولاتتى…

بۇ مۇنازىرە كەچتە، ئىشخانىدىن ئۆيگە يۆتكەلدى.

خانقىز تاماقتىن كېيىن، گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئەدھەمگە مۇنداق دېدى:

— قارىغاندا، ئوبزورىڭىز خېلى جىددىي ئىنكاس قوزغايدىغان ئوخشايدۇ.

— مەسىلەن؟ — ئەدھەمنىڭ ئاۋازى كۆرەڭ ئىدى.

— بىزنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئانچە رازى ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى خانقىز ئۆزىنىڭمۇ رازى ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدىغان تەلەپپۇز بىلەن، — مېنىڭ يۈزۈمچە بەزى كىنايە گەپلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ!

ئەدھەم دەسلەپ چىچاڭشىدى، كېيىن ئاچچىق ئۇچىيىدىكى گەپلەرگىچە خانقىزغا ئېيتىۋەتتى:

— نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ، ئېغىز دېگەننىڭ ساقچىسى يوق! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ساھەدىكى كىشىلەرنىڭ كەسپى گەپ قىلىش تۇرسا!… سەن «تۇتقۇلۇق ھەربىر مىنۇتنى چىڭ تۇتۇپ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ؟ بۇ كىچىك ئادەمنىڭ گېپى ئەمەس. بۇ ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمە، دېگەن گەپ! مېنىڭ قىلغىنىمۇ ئەنە شۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەنلىك! لېللا گەپنى قىلغاندا، ئۇ شېئىر 50 ـ يىللاردىكى قوشاقلاردىن پەرق قىلمايدۇ. ئۇنىڭدا، نە شېئىرىي پىكىر، نە شېئىرىي ھېسسىيات، نە شېئىرىي مەدەنىيەت دېگەن نەرسىلەر بولسۇن! لېكىن سىياسىي ئېھتىياج، تەشۋىقات تەلىپىدىن ئالغاندا، ئۇنى ھەرقانداق كاسات بازارغا ئاچىقسىمۇ، قىممەت باھادا ساتقىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆتۈرۈپ چىققان نەرسىسى كالېندارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە سىياسىي تەشۋىقات! شۇڭا، ئۇنىڭ ھەققىدە يېزىلغان ھەرقانداق ئوبزورىڭمۇ يولى داغدام ئوچۇق، ھېچكىم ئۇنىڭغا

پالان ـ پۇستان دېيەلمەيدۇ. دېمەك: مەن مانا شۇ مۇھىم ھالقى-
نى چىڭ تۇتتۇم! مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاز دېگەندە، ئىككى مەقسەت-
كە يېتىمەن: بىرىنچىسى، ئوبزورۇم سىياسىي جەھەتتە پۇت
تىرەپ تۇرىدۇ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئايالىلارنىڭ ئالقىشىغا ئې-
رىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نام ـ شەرىپىممۇ ئۇلارنىڭ كۆزىگە
چېلىقىدۇ. ئىككىنچىسى، ئوبزورۇم ھېلىقى ئاپتورنى مەن بى-
لەن چەمبەرچاس باغلايدۇ، يۈرەكتىن يۇرەككە يول ئاچىدۇ، ئۇ
ئىختىيارسىز ھالدا مېنىڭ ئەسىرىمنى تېز ۋە ئوبدان ئىشلەشكە
مەجبۇر بولىدۇ. مېنىڭ ئاساسىي مۇددىئايىممۇ ئەنە شۇ! بۇ،
ئەلدىن ئەلگە نەپ، قول قولنى يۇيىدۇ، قول بېرىپ يۈزنى
يۇيىدۇ، دېگەن گەپلەرنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئوبرازلىق ئىپادىسى!
چۈشەندىڭمۇ، قىممەتلىك خوتۇنۇم؟!

خانقىز نېمىمۇ دېسۇن؟ ئۇ يەتتە يىل بىر ياستۇقتا باش
قويغان يولدىشىنىڭ بۇنچىلىك «ئەقىللىق، تەدبىرلىك» بىر
شەخس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلمىغانىدى. ئېھتىمال، بۇرۇن تۆ-
ۋەندە — كىچىك يەرلەردە يۈرۈپ، بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا
ئىمكانىيەت بولمىغان بولغىيدى، ئەمدى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، بۇ
كاتتا، قايناق شەھەردە ئۇمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگەنگەن بولسا
كېرەك! توۋا، خانقىز بۇرۇن تەبىئەت دۇنياسىنىلا رەڭگارەڭ ۋە
مۇرەككەپ دەپ ئويلىغانىكەن، بۈگۈن ئېرىنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە
قىلىقلىرىدىن ئىككىنچى بىر دۇنيا — ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇن-
ياسىمۇ رەڭگارەڭ ۋە مۇرەككەپ بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك
بولدى!...

— سىز نېمە دېسىڭىز دەڭ، لېكىن كىشىلەر سىزنىڭ
ۋىجدانىڭىزدىن گۇمانلىنىۋاتىدۇ، ئەدھەم! — دېدى ئۇ ئەلەملىك
تىنىپ.

— ۋىجدان؟! — ئەدھەم ھەيران بولغان قىياپەتتە ئورنىدىن
تۇرۇپ، ئۆيدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، — نېمە ئۇ

ۋىجدان دېگەن؟! تېخى بەزىلەر «ۋىجدانلىق... ۋىجدانسىز» دېگەن گەپلەرنى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، كىم كۆرۈپتۇ ئۇنى؟! ئاقمۇ ـ قارىمۇ؟ يۇمىلاقمۇ ـ تومىلاقمۇ؟ ئېغىرمۇ ـ يەڭگىلمۇ؟! بىز ماتېرىيالىزمچىلار، بار نەرسىگە ئىشىنىمىز، خانقىز! مەن ساڭا ئېيتسام، ھەممە ئۆزىگە ۋىجدانلىق! ياشاشنى بىلىشنىڭ ئۆزى ۋىجدانلىقنىڭ ئىپادىسى! مەن ئۇ ماقالىنى ياز-مىسام، مېنىڭ ئەسىرىم چىقامدۇ؟ جەمئىيەت دېگەن شۇ! ئادەم دېگەن شۇ! ھەممىسى بىر ـ بىرىگە زەنجىرسىمان باغلانغان! ۋىجدان توغرىسىدا گەپ قىلغان ئاشۇ مەدداھلار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، ۋىجدان دېگەننىڭ نېمىلىكىنى چۈشەندۈرۈپ باقسۇنچۇ؟

— سىز ئەمدى، تۇرۇپلا بىر ساۋاتسىزنىڭ قىياپىتىگە كى-رىۋالدىڭىزغۇ، ئەدھەم؟ — دېدى خانقىز ئۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن تىكىلىپ، — ۋىجداننىڭ ئەخلاقىي ئاڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ ۋىجدان دېگەن ئەخلاقنىڭ قاراۋۇلى. ئۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يې-تىشتۈرۈلىدىغان ئىجتىمائىي ئەخلاقىي ھېسسىيات، ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە تۇرىدىغان سادىق قاراۋۇل. ئۇ ھەمىشە سەمىمىيلىك بىلەن پوستتا تۇرىدۇ، بىزنى نورمال ئەخلاقىي پرىنسىپلاردىن چەتنىگەندە، چەكلەپ تۇرىدۇ!...

— ۋاھ...، — دېدى ئەدھەم مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ۋىجدان توغرىسىدىكى لۇغەتلەرنى خېلى ئاختۇرغان ئوخشىما-سەن؟ ئەجەبا، سەن ئېيتقاندەك بولسا، ئۇ سادىق قاراۋۇللار مېنى نېمىشقا چەكلىمىدى؟

— ئۇ سىزدىكى شەخسىي مەنپەئەتنىڭ توپا ـ تۇمانلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ قالغان. بۇمۇ خۇددى جەڭدىكى كۈچ سېلىشتۇر-مىسىغا ئوخشاشلا ئىش!...

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئەسكەرلىرىم كۈچلۈك كېلىپ-تۇ ـ دە! ماڭا قارا، ئەقىلدار خوتۇنۇم...

ئەدھەم ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋەردى، خانقىز ئۇن-

چىقماي، ئىچىدە غىجىنىپ ئولتۇردى.
باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، ئەدھەم ئۆز نەزىرىدە، بۇ غەلىتە كومېدىيىنى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغۇدەك دەرىجىدە ئوبدان ئوينىاپ چىققانلىقىدىن خۇشال ئىدى···

## 4

كۈتۈلمىگەن ئىش مۆمىن قاسىمدىن چىقتى.
كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ھەر خىل بولىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ئېيتقۇسىز شېرىن ئارزۇسىنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەم ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز نەرسە بولۇپ تۇيۇلۇشى تەبىئىي ئەھۋال.
ئەدھەمنىڭ ئارزۇسى، قىلىقى ۋە مەقسىتى مۆمىن قاسىم ئۈچۈن مەسخىرە ۋە ھاقارەتتەك تۇيۇلدى.
ئۇ ماقالىنى كۆرۈپ قاتتىق خىجىل بولدى. ئۇ ئۆزىنى بىلەتتى، ئۆزىنىڭ تېخى ئاددىي بىر ھەۋەسكار ئىكەنلىكىنى، «شائىر» دېگەن ئۇلۇغ نامغا تېخى مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى چۈشىنەتتى. شېئىرىيەتتىمۇ تېخى مەشىق باسقۇچىدا ئىدى، تاسادىپىي گېزىت ـ ژۇرناللاردا چىقىپ قالغان شېئىرلىرىنى بولسا، ئۆزىگە قىلىنغان ئېتىبار دەپ بىلىپ، گىدەيمەيتتى. دۇنيادا ئۆزىنى بىلگەندىنمۇ ئۇلۇغ ئىش بارمۇ؟ ئۆزىنى بىلمەسلىك، باشقىلارنىمۇ بىلمەسلىك — تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك!
ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئىچ ـ ئىچىدىن پۇچىلىنىپ يۈردى. خىزمەتداشلىرى ئىچىدە گەرچە يۈزىدىن يۈزىگە بىرنەرسە دېگەنلەر بولمىسىمۇ، لېكىن تونۇگۈن ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرىدىغان بىرى يەنە بىر خىزمەتدىشىغا خۇددى تامدىن تارىشا چۈشكەندەك مۇنداق بىر يۇمۇرنى ئېيتىپ كۈلكە قىلدى:
«بىر تۆلكە تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن يامىشىپ ئۈستىگە مىنىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا بىر تۆلكە ئەجەبلىنىپ:

— ئاغىنە، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتىكەن، ھېلىقى تۈلكە قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ:
— كىم سېنىڭ ئاغىنەڭ؟ مەن دېگەن ھازىر كاتتا بىر زاتنىڭ ئاغىنىسى! — دەپتۇ.»

بۇ يۇمۇرنىڭ مەقسەتلىك ئىپتىلىۋاتقانلىقىنى ئۇ چۈشەندى، لېكىن ھېچنېمە دېمىدى، ئۇنىڭ يۇزىچە بۇنداق يۇمۇرلار ئېيتىلىپ، كۈلكە بولىۋاتسا، ئارقىدا نېمە گەپلەر بولمايدۇ؟! ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ھەممە ئادەم ئۆزىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، كەمسىتىۋاتقاندەك خۇدۇكسىرەش ئىچىدە ئۆتتى. ئەدەھەمنىڭ بۇ ئىشى ئۇنىڭغا خۇددى ئادەمنى كۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان بىر خىل تاتلىق مەجۇن يېگۈزگەندەك تۇيۇلدى. بۇ تەسىراتلار ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ ئەدھەمگە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئەدھەمدىن بېزىشكە، قورقۇشقا باشلىدى. شۇڭا، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، دادىللىق بىلەن مۇنداق گەپلەرنى قىلدى:

— مەن ھېلىقى «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» دېگەن كىتابنى ئىشلىيەلمىگۇدەكمەن!
— نېمىشقا؟
— ئاپتوردىن قورقتۇم، ماسلىشالمايدىكەنمىز...
— ئېنىقراق بىرنەرسە دېمەمسىز؟
— ئېنىق گەپ مۇنداق: كەپتەرۋازنىڭ شالدىرلىغان قاپقى پەقەت ئاچ قالغان كەپتەرنىلا پەغەزگە قوندۇرالايدۇ، كۆكنىڭ قەرىدە پەرۋاز قىلىپ يۇرگەن لاچىنلارنى بولسا، ھەرگىز ئالدىيالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاچ كەپتەرگە ئوخشاش كەپتەرۋازغا بېقىنىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ جاسارىتىگە تايىنىپ ياشاشنى ئۆگەنگەن!

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالدى. قول ئاستىدىكى ئاددىي بىر مۇھەررىرنىڭ بۇنداق مەنىلىك سۆزلىرى

ئۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەنىدى. ئۇ ھەممىنى چۈشەندى.

— سىز ئۇ ئەسەرنى كۆرۈپ بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ خېلى جىملىقتىن كېيىن.

— كۆرۈپ بولغان، پىكىرنىمۇ تەييارلاپ بولغان، — دېدى مۆمىن قاسىم ۋە ئۈچ بەتلىك بىر ماتېرىيالنى مۇئاۋىن باش مۇھەررىرگە ئۇزىتىپ داۋام قىلدى، — مانا بۇ مېنىڭ پىكرىم، سىزمۇ كۆرۈپ بېقىڭ. بۇ پىكىر مېنىڭ ھېلىقى شېئىرىم ئۈستىدە يېزىلغان «ئۇلۇغ» ماقالە چىقىشتىن بۇرۇن تەييارلىنىپ بولغان!

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئۇنىڭ قولىدىن ماتېرىيالنى ئېلىۋې-تىپ، بۇ ئەسكەرتىشنىڭ نېمىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى.

ماتېرىيال تەپسىلىي ھەم مېغىزلىق يېزىلغانىدى. باھامۇ ئوبيېكتىپ ئىدى، ياخشى، چوڭقۇر يېزىلغان يەرلىرى ماختال-غان، يېتەرسىز، ئاجىز يەرلىرى يۇز - خاتىر قىلىنماي ئېچىپ تاشلانغانىدى. مۇئاۋىن باش مۇھەررىر تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇ-ۋېتىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

«...شۇنچە چوڭ ھەجىملىك ئەسەردە ئېغىزغا ئالغۇدەك ئى-جادىي نەرسىلەر ئىنتايىن ئاز. بىرمۇنچە نەزەرىيە، پەلسەپە ۋە ئېستېتىكىغا ياتىدىغان كۆز قاراشلار خەنزۇچە، ئۆزبېكچە، تۈركچە مەنبەلەردىن ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇلغان، ئەدەبىياتىمىز-نىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقى بىلەن قىلچە باغلانمىغان... بەزى نەزەر-يىۋى قاراشلار ئىنتايىن مۇجمەل، مەسىلىلەر چالغىپ كەتكەن. مەسىلەن، بىر يۈز يەتمىش بەشىنچى بەتتىن بىر يۈز سەكسەن ئىككىنچى بەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى رېئالىزىم، مودېرنىزىم؛ ئىككى يۈز ئىككىنچى بەتتىن ئىككى يۈز توققۇزىنچى بەتكىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىجتىمائىي ئۇنۇم، بۇرچ ۋە دەۋر روھى قاتارلىق مەسىلىلەردە مۇجمەللىك، مەۋھۇملۇق ۋە غەلىتىلىك بار.»

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ماتېرىيالدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، مۆمىن قاسىمغا يۈزلەندى:

— سىزنىڭ ئاخىرقى پىكرىڭىز قانداق؟

— بۇ ئەسەرگە ئالدىراپ بىرنەرسە دېيىش تەس، ئاز دېگەندە يەنە ئىككى ئادەم كۆرمىسە بولمايدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىش كېرەك. مەن بىرمۇنچە مەنبەلەرنى تېپىپ قويدۇم، ۋاقتى كەلگەندە، سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك بولىدۇ.

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئۈنچىقمىدى. پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپ، قولىدىكى ماتېرىيالنى تارتمىسىغا سېلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، مۆمىن قاسىم كىتابتىن قۇتۇلدى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، كىتابتىن ئەمەس، ئەدھەمدىن قۇتۇلدى. ئەدھەم بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى، ئۇ تېخى مۆمىن قاسىمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىپ، تەشەككۇر ئېيتىشىنى، ئەسىرى توغرىسىدا يېڭى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ، ئالەمچە خۇشال قىلىشىنى كۈتەتتى. لېكىن ئۇ، خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ئېرىشىدىغان گۈلچەمبەرەكنىڭ بەزىدە ئۆزى خالاپ سېلىۋالىدىغان كىشەن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

# ئۇچىنچى باب

## لالە رەڭ شاراب

### 1

توۋا، ئادەم دېگەن ئاجايىپ نەرسە! بەزىلەر باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە، غۇرۇرىغا توقماق ئۇرۇپ، دەپسەندە قىلىشقا تەييار تۇرىدۇيۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە، غۇرۇرىغا چىۋىق چاغ-لىق نەرسە تېگىپ كەتسە، ئالەمنى مالەم قىلىدۇ.

ئەدھەم مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە نەشرىياتقا بىرنەچچە قېتىم باردى. مۆمىن قاسىم ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى رەت قىلدى، «ئەسىرىڭىزنى رەھبەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بەردىم» دەپلا قۇتۇلدى. ئاق چاچلىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ئۆزىنىڭ تەبىئىي سىلىق - سىپايىلىكى بىلەن ئەھۋالنى چۈشەندۈردى، يەنە بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇشنى ئېيتتى. شۇ چاغدىلا ئەدھەمنىڭ سەۋر قاچىسى تولدى:

— نېمىدېگەن چەكسىز كۈتۈش بۇ! ؟— دېدى ئۇ سەل - پەل ئۆڭگەن ھالدا، — سىلەر ئۇچۇن ۋاقىتنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمىغىنى بىلەن، مەن ئۇچۇن ۋاقىت — ھايات، ھايات — ۋاقىت! سىز «ئىككى يېرىم مىنۇت ئۆمۈر كۆرەر ئىنسان: بىر مىنۇت كۈلكە بىلەن، بىر مىنۇت ھەسرەت بىلەن، يېرىم مىنۇت كېتەر سۆيگۈ بىلەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، ئاڭلىغان، — دېدى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر

مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — مەن يەنە مۇنداق گەپنىمۇ ئاڭلىغان، كونىلاردا: «ئاللا ئىرادىلىك ئادەمنىڭ مۇرادىنى يەردە قويمايدۇ!» دېگەن گەپ بار. ئەگەر ئاللا بار دېيىلسە، بىز بۇ ئاللانى ۋاقىت دەپ چۈشىنىمىز. ۋاقىت — ئۆزىنى سەممىي، قىزغىن سۆيگەن كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايدۇ. دەل ئاشۇ ۋاقىت — ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى شاگىرتلىق، ئىمكارلىق، ھامماللىق، قاراۋۇللۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن گوركىينى ئاخىر سوۋېت ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى قىلىپ يېتىشتۈرگەن… — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋالدى، چىرايىدىكى تەبەسسۇممۇ ئاستا - ئاستا ئۆچتى، قولىدىكى رۇچكىنى قەلەمدانغا سېلىپ قويۇپ داۋام قىلدى، — يولداش ئەدھەم، بىزنىڭ بۇ نەشرىياتمۇ ئەنە شۇ ۋاقىت بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. سىزگە ئوخشاشلا، بىزگىمۇ ۋاقىت بەك قىممەتلىك! ئەسىرىڭىزگە كەلسەك، ئوخشاشمىغان پىكىرلەر بار، بىزنىڭ يەنە بىرئاز ئويلىنىۋېلىشىمىز، مۇھاكىمە قىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، ئازراق ۋاقىت بەرمەمسىز؟! سىزمۇ بىر مۇھەررىر، بۇ ھەرقانداق يىرىكرەك ئەسەرلەر ئۈستىدە بولىدىغان ئەقەللىي تەلەپقۇ!؟

ئەدھەم ئەمدى باشقا گەپ تاپالماي، توقۇمنى قارىنغا ئالغاندەكلا سورىدى:

— بۇ ئەسەرنى زادى چىقىرامسىلەر - چىقارمامسىلەر؟!

— مەن بۇنىڭغا ئالدىن ۋەدە بېرەلمەيمەن.

— نېمىشقا؟ سىز بۇ نەشرىياتنىڭ باشلىقىغۇ؟

— شۇنداق، مەن باشلىقى، لېكىن ئەسىرىڭىزنىڭ چىقىش - چىقماسلىقىغا مېنىڭ باشلىقلىقىم ئەمەس، ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ئۆزى بىرنەرسە دەيدۇ!

— ئۇنداق بولسا، يولداش باشلىق، پىكىرنىڭ پوسكاللىسى زادى نېمە؟ مەن ئەسەرنى ئاشكارا يازغان، سىلەرنىڭ پىكىرىڭلارنىڭمۇ ئاشكارا بولۇشىنى تەلەپ قىلىمەن!

بۇ گەپ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئاپتور تەلەپ قىلغانىكەن، ئەلۋەتتە پىكىرنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەك. بۇنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە زىيىنى يوق. نەشرىياتنىڭ ئەسەرلەر ئۈستىدىكى پىكرى ئەزەلدىن مەخپىي بولغان ئەمەس! ئۇ تارتمىنى ئېچىپ، مۆمىن قاسىم تەييارلىغان ھېلىقى ئۈچ بەتلىك پىكىرنى ئالدى، بىرىنچى بەتنىڭ ئۈستىگە بۆلۈم مۇدىرىمۇ تۈنۈگۈن ئەسەرنى كۆرۈپ بولۇپ، «مۆمىن قاسىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن» دېگەن قىسقىلا تەستىقنى يېزىپ قويغانىدى.

— مانا، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى مۇئاۋىن باش مۇھەررىر قولىدىكى قەغەزنى ئۇزىتىپ، — پىكىرلەر خېلى تەپسىلىي يېزىلغان!

ئەدەھەم پىكىرلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىرىنچى بەتنىڭ يېرىمىدىن باشلاپلا ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگەردى. دەسلەپ تاتاردى، كېيىن بىردىنلا قارىداپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالتىراشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ تازا بۇرغىسى تۇتتى. ئەلپازىنى بۇزۇپ، بۇ پىكىر ئەمەس، بوھتان، ھەممىگىلار ساۋاتسىز، ھەسەتخور... دەپ زاكونلاشماقچىمۇ بولدى. لېكىن، يەنە ئۆزىنى باستى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بىلەن سوغۇقلىشىپ پايدا ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، نەشرىياتتىكى تامغىنىڭ تۇتقۇسى بىلەن قىزىل قەلەمنىڭ سېپى ئۇنىڭ قولىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىراقلا ئادا - جۇدا بولغىلى بولمايدۇ! قارا، ئۇنىڭ ھۆل ئوتۇندەك شىرشىملىقىنى! سەن قاتتىقراق بىرنەرسە دېسەڭمۇ، ئۇنىڭ ھېجىيىپ تۇرغىنى تۇرغان! بۇنداق ئادەملەر ھەممىنى كۆڭلىگە سالىدۇ، پەيت كۈتىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە تۈيدۇرماي ئەپلەۋېرىدۇ!...

شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن ئەدەھەم يەنە بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھەممىنى قىلغىنى ھېلىقى مۆمىن

قاسىم دېگەن «ئىت قونىقى» پەتەك ئىدى. ئەگەر ئۇ بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئوبدان يازغان بولسا، باشقىلارمۇ جەزمەن شۇنىڭ ئىزىدىن ماڭاتتى. چۈنكى، ئەسەر دېگەن شۇنداق بولىدۇ، ھېچكىمنىڭ قولىدا ئۇنى سېلىپ ئۆلچەيدىغان تەييار قېلىپ يوق! بىرىنچى پىكىرنى كىم ئەپلەپ قويالىسا، شۇنىڭ ھېساب! لېكىن، ئۇ بەچچىغەر قۇسۇر ئىزدەپتۇ، ھەسەت قىلىپتۇ!... ئىسىت، ئۇنى ماختاپ يازغان ماقالەم! ئىسىت، ئۇنىڭغا كەتكەن ئەجرىم! شۇنچە كارامەتلەرمۇ ئازراق تەسىر قىلمىسا ــ ھە؟! بىلمەيتىمەن، «ئىتنى تۆرگە ئاچىقساڭ، غىڭىلداپ پەگاھقا چۈشەر» دېگىنى شۇ ئىكەن ــ دە!؟...

ئۇ دەردىنى، ئاچچىقىنى، ئەلىمىنى مۆمىن قاسىمدىن ئېلىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇنچىلىك مۇھەررىر بىلەن ئېيتىشىش خەتەرلىك ئەمەس. ئۇنداق پىستە كۈچۈكلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ، دەيدىغاننى دەۋالىسا، قانداق پوخادىن چىقىدۇ؟! ئۇ ئەدھەمنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قويسۇن، ئەدھەم دېگەن قانداق چەيلىسە، شۇنداق چەيلىنىۋېرىدىغان خېمىر ئەمەس، بەلكى ئۇ، تەگكەن يەردىن قان چىقىرىدىغان قىرلىق تاش!...

ئەدھەم لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بىلەن سوغۇققىنا خوشلىشىپ ئىشخانىدىن چىقتى. ئۇ ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشكۈچە، مۆمىن قاسىمغا دەيدىغان گەپلىرىنى ئويلاپ، كۆڭلىدە پىشىلدۇردى، دەيدىغىنى ناھايىتى جىق ھەم سېسىق ئىدى، لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا «مەدەنىيەتسىز» دېگەن نامغا قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

مۆمىن قاسىم ئۈچ خىزمەتدىشى بىلەن بىر ئىشخانىدا ئولتۇراتتى. ئەدھەم مۇرىسى بىلەن ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىشخانىغا كىرگەندە، ئۇ يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى تاقاپ ماقالە كۆرۈپ ئولتۇراتتى. شىرەسىنىڭ ئىككى تەرىپى دەستە ــ دەستە

ماتېرىياللار بىلەن قىرلانغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا بېشى پاتقۇدەكلا بوشلۇق بار ئىدى. ئۇ ئون بەش يىلدىن بېرى ئەنە شۇ قىرىق سانتىمېتىر كەلگۈدەك كىچىككىنە بوشلۇقتا ھەر كۈنى سەككىز ـ ئون سائەتلەپ پائالىيەت ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئەنە شۇ يەردە خىرەلەشتى، قاپقارا چاچلىرى ئەنە شۇ يەردە ئاقاردى، بىر يۈز ئاتمىش سانتىمېتىر كېلىدىغان غۇنچە بويى ئەنە شۇ يەردە مۈكچىيىپ، تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتتى. لېكىن بۇنىڭ ھېسابىغا ئۇنىڭ ئەقلى چوڭايدى، كاللىسى ئۆتكۈرلەشتى، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇ ھالال ئىشلەيتتى، كەم سۆز ۋە تىرىشچان ئىدى...

— ھەي... مۆمىن مۇھەررىر... سىزچۇ، خۇددى ئەۋرەزدىن چىققان چاياندەك زەھەرلىك ئادەم ئىكەنسىز!

بۇ گەپ خېلى زەردە بىلەن كۆرەڭ ئاۋازدا ئېيتىلدى. مۆمىن قاسىم لىككىدە بېشىنى كۆتۈردى، كۆزەينىكىنى ئۆرىدەپ، ئالدىدا تۇرغان ئادەمگە قارىدى، ئەدھەم ئۇنىڭ بېشىدا غادىيىپ، دېۋەيلەپ تۇراتتى.

قولاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئېيتىلغان بۇ گەپ ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى، ئۇ بىردىنلا غەزەپلەندى. تومۇرلىرىدىكى قان شۇ ھامان ھۇپپىدە يۈزىگە تەپتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئەدھەم ئىچىدە ھۇزۇرلىنىپ كۈلدى: ئەجەبمۇ جايىدا ئېيتتىم، بۇ گەپ ئۇنىڭ تازا جېنىغا تەگدى، زەھەر بولسىمۇ، بۇنچە بولماس! ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا!

لېكىن مۆمىن قاسىم ئۇنداق بولمىدى، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇپ ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى. ئۇنىڭدا ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى باشقۇرالايدىغان ئاشۇنداق بىر مەنىۋى قۇدرەت بار ئىدى.

— ئولتۇرۇڭ، يولداش ئەدھەم، — دېدى ئۇ يېنىدىكى ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاستا سۈرۈپ، — ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

— ماڭا سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىز كېرەك ئەمەس! — ئەدھەمنىڭ ئاۋازى ئوخشاشلا زەردىلىك ئىدى.
— مەيلى، ئىختىيارىڭىز، — دېدى مۆمىن قاسىم ۋە ئۆز ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ داۋام قىلدى، — چايان — ئادەم چاقىدۇ، لېكىن مەن ھېچكىمنى چاقمىدىمغۇ؟!
— سىز... سىز چاقمىدىڭىز؟...، — ئەدھەم ئەزۋەيلەپ كەتتى.
— شۇنداق... مەن چاقمىدىم، — مۆمىن قاسىم يەنە تەمكىن ئىدى، — لېكىن سىز مېنى چاقتىڭىز، ئەدھەم... يوشۇرۇن چاقتىڭىز، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ...
ئەدھەم تېخىمۇ جىلە بولۇپ كەتتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، جاغ سۆڭەكلىرى مەڭزىدىن تومپىيىپ چىقتى. ئىشخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشىدىن توختىغانىدى. بىرى ئېڭىكىنى يۆلەپ، بىرى ئورۇندۇقىغا قاڭشىيىپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ بازلىشىغا، خىرىس قىلىشىغا قىزىقىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىدە ھېساب بار ئىدى: ھەممىسى ئاۋۋال بۇ ئىككىسىنىڭ نېمە دېيىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىماقچى، ئاندىن كېيىن ئەھۋالنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ تەدبىر قوللانماقچىدى.
— ھە... بىلدىم...، — دېدى ئەدھەم گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — سىز مەندىن ئۆچ ئالماقچى بولۇپسىز - دە! بىلدىم، بىلدىم... سىز بەئەينى ئارىيانلارنىڭ نەسلىدەك ئۆچمەنچى ئىكەنسىز!... لېكىن مەن سىزگە نېمە قىلدىم؟! مەن سىزدەك چالا ساۋات بىر قوشاقچىنى «شائىر» دەپ كۆككە كۆتۈردۈم، ھېلىقى ئاقماس قوشاقلىرىڭىزنى «ياخشى شېئىر» دەپ ماختاپ ئۇچۇردۇم!... مەن شېئىر دېگەننى بىلمەيدىمەن، شېئىر دېگەن نېمە ئۇ، تۇكۇرسەم خەپرۇكومدىنمۇ بەش قاپىيە چۇشىدۇ!...

— شۇنداق، سىز ھەممىنى بىلىسىز، — دەپ تەنە بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى مۆمىن قاسىم، — بىلىپ تۇرۇپ قىلدى-ڭىز، بىر دانىشمەن ھىندى مۇنداق دېگەنىكەن: «دۇنيادا ئالتە نەرسىنىڭ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ: بۇلۇتنىڭ سايىسى، ئەخ-مەقنىڭ دوستلۇقى، ۋاپاسىزنىڭ مۇھەببىتى، ئۆتۈپ كەتكەن بايلىق، مۇستەبىت ھاكىم، ساختا شان - شۆھرەت!» سىز شۇنى بىلىپ قېلىڭ، ئەدھەم، ماڭا سىزنىڭ دوستلۇقىڭىزنىڭ، سىز ئەجىر قىلىپ كەلتۈرمەكچى بولغان ساختا شان - شۆھرەتنىڭ كېرىكى يوق! مەن سىزدىن ئۆچ ئالمىدىم، ئۆچ ئېلىش نىيىتىد-دىمۇ بولمىدىم. ئەسىرىڭىز توغرىسىدا ھەق گەپنى قىلدىم، مۇنازىرە قىلىمەن، دېسىڭىز مەن تەييار. لېكىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىڭىز سەممىيلىك بىلەن كاللىڭىزنى ئوبدانراق ئىشلىتىپ ئويلاپ بېقىڭ!

— كاللام خېلى ئىشلەيدۇ! — دېدى ئەدھەم كىنايە ۋە تەمەننا بىلەن، — مېڭەمنىڭ ئېغىرلىقى ئېھتىمال ئىككى مىڭ گىرام كەلسە كېرەك. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئاتاقلىق يازغۇچى تۇرگېنېۋنىڭ كاللىسىمۇ ئاران ئىككى مىڭ بىر يۈز گىرام كەلگەنىكەن!

ئەدھەم دەرھال ئېسىگە كەلگەن بۇ گەپتىن خۇشاللىنىپ، ئىچىدە ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئۇ مۆمىن قاسىم-نىڭ يېرىمى ئاقىرىپ كەتكەن، چاچلىرى شالاڭ، كىچىككىنە سوقىچاق بېشىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قارىشىدىن: «قانداق، تازا بابلىدىمۇ؟!» دېگەن مەسخىرە چىقىپ تۇراتتى. لېكىن كۈتمىگەن يەردىن مۆمىن قاسىم ئۇنى ئوڭدا قويدى:

— مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئەقىل ئۆتكۈرلۈكىنى ئۆلچە-گىلى بولمىسا كېرەك، يولداش ئەدھەم! — دېدى ئۇ كۆزەينىك-نى تەمكىنلىك بىلەن ئۆرىدەپ قويۇپ، — ئاڭلىشىمچە، فرانسى-يىنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى فارانسىسنىڭ مېڭىسى ئاران بىر مىڭ

ئون يەتتە گرام كېلىپتىكەن، لېكىن دۇنيا بويىچە ئەڭ ئېغىر مېڭە ئىككى مىڭ سەككىز يۈز ئەللىك گرام ئىكەن، ئەپسۇسكى، بۇنداق چوڭ ۋە ئېغىر مېڭىنىڭ ئىگىسى بىر دەلدۈش بوپتىكەن!
ئىشخانىدا «پاراقشىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى، بۇ كۈلكە خۇددى بوكسچىلىق مەيدانىدىكى غالىبىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ياڭرىغان تەنتەنە كۈلكىسىدەك ياڭراق، ئازادە ۋە شادىمان ئىدى.
ئەدھەم ئۈجۈقۈپ كەتتى. ئۇ بايا خىيالىغا شۇنداق تېز ۋە جايىدا كەلگەن سۆزىدىن پەخىرلىنىپ كېرىلگەنىدى، ۋەھالەنكى، مۆمىن قاسىمنىڭ كۈتمىگەن زەربىسى خۇددى تۈيۈقسىز تۇرغاندا كومشارغا تەگكەن رەھىمسىز كالىلىدەك ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. توۋا، ماۋۇ «ئىت قونىقى» كۆكۈنىڭ يامانلىقىنى! «جىمدىغۇرنىڭ چىشى قولتۇقىدا» دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە!
ئەدھەمنىڭ چىرايى پۇرۇشتى، كۆزلىرى ئەلەم بىلەن قىسىلدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئارقىغا ياندى. بۇ ھالدا ئىشخانىدا تۇرۇۋېرىشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى، ھېلىغىچە ئەكس سادا بولۇۋاتقان ئاشۇ كۈلكە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قورساق سوقۇشىغا خۇلاسە بولغانىدى. ئەدھەم ئىشىكنىڭ تۇۋىگە بېرىپ ئارقىغا بۇرۇلدى، مۆمىن قاسىمغا تازا بىر ئالىيىۋېلىپ، «تېخى كۆرىمىز!» دېدى ـ دە، ئىشىكنى چالۋاقاپ يېپىپ چىقىپ كەتتى...

## 2

كەچتە ئائىلە ھۇزۇرىنى سۈرۈش كىشىگە دىل ئاراملىقى بېغىشلايدۇ.
ھىدايەت بۇنداق ھۇزۇرلىنىشقا بەك كۆنۈپ كەتكەنىدى.
ئۇنىڭ ئەللىك ئىككى كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيى ئاددىيلا سەرەمجانلاشقان، ئۆي بېزەش مودىغا،

رىقابەتكە ئايلانغان شۇ دەۋردە، ئۇنىڭ بىر جۇپ قوپال ساپا، ئىككى كىتاب ئىشكاپى، قوش كىشىلىك بىر ياغاچ كارىۋات بىلەن بېزەلگەن ھەشەم - دەرەمسىز بۇ ئۆيى زاماندىن خېلى ئارقىدا قالغانىدى. لېكىن ھىدايەت بىلەن تۇخان ئۇچۇن بۇ ئاددىي - ساددا ئۆي جەننەت ھۇزۇرىنى بېرەلەيدىغان ئىسسىق، خىلۋەت ماكان ئىدى. بەزىلەر ھىدايەتكە: «تاپقان پۇلۇڭنى قورساققىلا ئۇرماي، ئۆيگىمۇ خەجلەپ قوي، ئۆي - ماكانمۇ زامانغا، نامىڭغا لايىق بولغىنى ياخشى» دېگەندە، ئۇ: «ھەرقانداق نەرسە ئۆزۈڭگە يېتەرلىك بولسىلا بولدى» دەپ، ئاخىرىدا گېنىرىخ گېينىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مۇنۇ سۆزىنى قوشۇپ قوياتتى: «مەن ئازغىنا چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنى خالايمەنكى، بىر پاتمان ئۆي جاھازلىرى بىلەن مەززىسىز ئائىلە قۇرۇشنى خالىمايمەن!»

دېگەندەك، بەختلىك ياشاش ئۇچۇن ئادەمدە ئالدى بىلەن ياشاش جاسارىتى بولۇش كېرەك. بۇنداق جاسارەت بولماي تۇرۇپ، بەختلىك ياشايمەن، دېيىش قۇرۇق خىيال بولۇپ قالىدۇ.

ھىدايەت بىلەن تۇخان ياشاشقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە جاسارىتى بىلەن ئەنە شۇنداق بەختلىك، ئىناق تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

دەرۋەقە، ئۇلار ئالدىن مۇھەببەت باغلاپ، بىرنەچچە يىل سىنىشىپ، ئاندىن تۇرمۇش قۇرغان ئاشىق - مەشۇقلار ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تۇخان ساۋاتسىز بىر سەھرا قىزى! ئەجەبا، بىر - بىرىگە زادىلا خىل كەلمىگەن بۇ ئىككى ياش قانداق قىلىپ ئۆمۈرلۈك قەدىناسلارغا ئايلىنىپ قالدى؟

تەقدىر دېگەن مانا شۇ! تەقدىرنىڭ قىسمىتى دېگەن مانا شۇ! تەقدىرنىڭ بۇنداق غەلىتە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران! لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن رازى، ھاياتنىڭ شۇنچىلىك نېسىۋىسىدىن ئۆزلىرىنى بەھرىمەن قىلغان تەقدىرنىڭ ئامىتىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى!...

ئەمدىلا ئون توققۇز ياشقا كىرگەن، غۇنچە بويلۇق، يومساق
لەۋلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرىدىغان، ھېلىغىچە ئۆزۈن يەڭ،
كەڭ ئېتەكلىك چىت كۆڭلەك كىيىپ، ئىككى ئۆرۈمە چېچىنى
جىگدە يېلىمى بىلەن پاتلايدىغان بۇ ياش جۇۋاننىڭ ۋاي دېگۈدەك
چىراي - شەكلى بولمىسىمۇ، لېكىن كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك
تاتلىق قىلىقلىرى بار ئىدى. ئۇ ناھايىتىمۇ ئىپپەتلىك ھەم شەپ-
قەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەم يىغلاتقان، ھەم كۈلدۈرگەن
بۇ پايانسىز ئالەمدە بىر كۈن بولسىمۇ ۋىجدان بىلەن پاك ياشاش-
نى، كۆزىدىن ھايات نۇرى ئۆچكىچە جۇپتىگە سادىق بولۇپ،
جاھاندىن خۇشخۇي ئۆتۈشنى ئويلايتتى.
ئۇ كىچىك، تەجرىبىسىز بولۇشىغا قارىماي، تۇرمۇشتا ئې-
دىتلىق، «بار دەپ تۆكمەيدىغان، يوق دەپ كۆپمەيدىغان»، ھەم-
مىنى چېنەپ - چىمچەپ ئىشلىتىدىغان ھېسابلىق، سەۋرلىك
چوكان ئىدى...
ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئالىيجانابلىق بۇ كىچىككىنە،
ئاددىي ئائىلىنى ئىللىتىپ، جانلاندۇرۇپ، ئەر - ئاياللىق مۇنا-
سىۋىتىگە زوق بېغىشلىسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشتىكى ئېدىتلىقى،
سەۋرچانلىقى بىر كىشى مائاش ئېلىپ، ئۈچ جاننى باقىدىغان بۇ
نامرات ئائىلىگە بەرىكەت بېغىشلايتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇ-
شى ھەمىشە باياشات، ئاۋات ھەم خىرامانلىق ئىچىدە ئۆتەتتى.
ئۇلارنىڭ ئەمدىلا بىر ياشقا كىرىپ، تەمتەم ماڭىدىغان جۇر-
ئەت ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ھىدايەتنىڭ تۇنجى
بالىسى ئەمەس. ئۇنىڭ تۇنجى بالىسى 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا،
يورۇق دۇنياغا غىل - پاللا كۆزىنى ئېچىپ بار - يوقى بەش
سائەتلا ياشاپ، ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ دۇنياغا كەتكەنىدى.
بالىنىڭمۇ، ئانىنىڭمۇ ئۆمرى قىسقا، تەقدىرى كاج كېلىپ قال-
دى. ھىدايەت ياپياش ئىككى جاننى جىممىدە ئەكېتىپ، ئۆزىنى
بۇ دۇنيانىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىگە پاتۇرۇپ قويغان ھاياتتىن،

ئۇنىڭ شەپقەتسىز قىسمەتلىرىدىن قاتتىق ئاغرىنىدى، بىرنەچچە ئايغىچە ئۈنسىز ئازاب چەكتى. ئۇ ئاشۇ ئىچ ئاغرىقى بىلەن بىرنەچچە يىلنى يالغۇزلۇق، تەنھالىق ئىچىدە ئۆتكۈزمەكچىدى. لېكىن ھايات يەنە ئۇنى رايىغا قويمىدى. 1985 - يىلىنىڭ ياز كۈنلىرىدە، ئۇ يەنە شۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقى بىلەن تۇخانغا يولۇقۇپ قالدى...

بۈگۈن شەنبە بولۇشىغا قارىماي، ھىدايەت ئۆيگە خېلى كەچ قايتتى. تۇخان كەچلىك تاماقنى ئاللىقاچان تەييار قىلىپ قويۇپ، جۇرئەت بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇراتتى. ھىدايەت ئىشىكتىن كىرىپلا ئوغلىنى قولىغا ئالدى. مۇشۇ ۋاقىت بالىنىڭ تازا پاقلان بولۇپ، كۈندە بىر قىلىق چىقىرىدىغان، ئاتا - ئانا تۇگۇل، باشقىلارمۇ سۆيۈپ تويمايدىغان بۇدرۇق ۋاقتى ئىدى. ھىدايەت بىردەم ئۇنى غىدىقلاپ سۆيەتتى، بىردەم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەركىلىتەتتى.

— ئەمدى تاماقلىرىنى يەۋالسىلا، سوۋۇپ قالدى، — دېدى تۇخان بالىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ.

ھىدايەت كاستۇمىنى سالدى، قولىنى يۇيۇپ، يۇمىلاق تاماق جوزىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۈگۈن تۇخان ئۇنىڭغا تۇخۇم بىلەن پالەك ئارىلاشتۇرۇلغان پۆرە ئېتىپ قويغانىدى. ھىدايەت ماي بىلەن پىشۇرۇلىدىغان يۇمشاق ۋە مەززىلىك بۇ تاماققا ئامراق ئىدى، شۇڭا، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

تۇخان ئۇنىڭغا چاي قۇيۇۋېتىپ:

— بايا ئەدھەم كېلىپتىكەن، سىلىنى بىر ئاز ساقلاپ بېقىپ، يەنە كەتتى، — دېدى.

— نېمە ئىشى بار ئىكەن؟ — ھىدايەت ئىككى قوۋۇزىغا لىق توشقۇزۇلغان پۆرىنى چايناۋېتىپ سورىدى.

— ئۇنۋان دەمدۇ... ئىشقىلىپ، شۇنداقراق بىر گەپلەرنى قىلدى...

— بۇگۇنكى يىغىنمۇ شۇنىڭ ئىشى بىلەن سوزۇ-
لۇپ كەتتى، — دېدى ھىدايەت بىردىنلا كەيپىياتى بۇزۇلۇپ، —
ئۇنۇۋان دېگەننى ئۇ يەر - بۇ يەرگە دوقۇرۇپ يۇرۇپ ئالىدىغان
نەرسە بولمىسا... بۇ ئاداشمۇ تازا بولۇۋالدى! ...
بىرنەچچە كۇندىن بېرى ئىدارىدە ئەدەھەم ئۇستىدە گەپ كۆ-
پىيىپ قالغانىدى. نەشرىياتتىكى ئىشلىرى بىلەن ئۇنۇۋان توغرى-
سىدىكى ھەرىكەتلىرى بىرمۇنچە چۆرۈمە - چۆچەك گەپلەرگە
سەۋەب بولغانىدى. بۇ ئىشلارنى بىرنەچچەيلەن ھىدايەتكە ئىنكاس
قىلىپمۇ كىردى. ئەلۋەتتە، ئىنكاسنىڭ ھەممىسىنى توغرا دېگى-
لى بولمايدۇ. «ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتسە، يىڭنىمۇ تۇۋرۇككە
ئايلىنىدۇ» دېگەن گەپ بار. بەزى نەرسىلەرنىڭ كۆپتۇرۇلۇپ،
مۇبالىغە بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن
ئۇنى ئاساسسىز دېگىلى بولمايدۇ. ئەدھەمنىڭ نەشرىياتقا بېرىپ،
غوۋغا كۆتۇرگەنلىكى راست! ئۇنى ئاز دېگەندەك، كېيىن ئۇلار-
نىڭ ئۇستىدىن جەمئىيەتكە بىرمۇنچە پىتنە - پاساتلارنى تېرىۋەت-
كەنلىكىمۇ راست! ھېلىقى ئاق چاچلىق مۇئاۋىن باش مۇھەررىر-
نى تەپ تارتماي: «قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بۇت قەلەندەرى»
دېگەنلىكىنى؛ ھېلىقى پاكار بويلۇق مۆمىن قاسىمنى: «ئىت
قونىقى كۇكۇ» دېگەندىن باشقا، ئۇنىڭ خوتۇنىنى چىشلەپ تار-
تىپ، شەخسىي ئىززەت - نەپسىگە تېگىدىغان بىرمۇنچە نائەھلى
گەپلەرنى قىلغانلىقىنى؛ ئۇنۇۋان توغرىسىدا بولسا، شەخسىيەتچى-
لىككە، مەنمەنلىككە ۋە كىبىرگە تولغان بىرمۇنچە پەلەمما گەپ-
لەرنى قىلىپ، ئاخىرىدا: «ھازىر ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخ-
شايدۇ، مەنمۇ ئۇنۇۋان ئۇچۇن مىڭ يۈەن تىكىپ قويدۇم! » دېگەن-
دەك قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدىكى گەپلەرنى دېگەنلىكىنى بىرمۇن-
چە كىشىلەر ئىسپاتلاشتى. بۇ گەپلەر قارىماققا، بىرەر سىياسىي
تۇس ئالغان جىددىي گەپلەر بولمىسىمۇ، لېكىن تەربىيە كۆرگەن
بىر ئۇقۇمۇشلۇق ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئەخلاق -

پەزىلىتىگە، نىيەت - ئىقبالىغا بېرىپ تاقىشىدىغان بىمەنە، بولمىغۇر گەپلەر ئىدى. بۇنىڭ تەسىرىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. شۇڭا، شۆھرەت دەرھال مۇنداق بىر لەتىپە توقۇپ ئىدارىگە تارقىتىۋەتتى:

«بىر كۈنى، بىر ئادەم ئۆستەڭ ياقىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر شەيتاننىڭ پۇتىنى سۇغا چىلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ - دە، ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھەي مەلئۇن، سەن تىنىم تاپماي، پىتنە - پاسات تېرىپ، كىشىلەرنى يولدىن ئازدۇرۇپ، پاراكەندىچىلىك سالاتتىڭ، لېكىن يېقىندىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۆز كەسپىڭنى قىلماي، بىكار تەلەت بولۇپ قالدىڭ؟

شەيتان ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

— يېقىندىن بېرى، ئادەمزات ئىچىدىن مېنىڭ كەسپىمنى قىلىدىغانلار چىقىپ قالدى، شۇڭا مەن خاتىرجەم دەم ئېلىۋاتىمەن! ...»

شۆھرەتنىڭ بۇ لەتىپىسى خۇددى ئاسمانغا ئېتىلغان ئوقتەك نىشانسىز كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئېيتقۇچى بىلەن ئاڭلىغۇچىنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭ نىشانى ئېنىق ئىدى.

بۇنى ھىدايەتمۇ بىلەتتى، ئۇ ئەدھەمنىڭ يېقىندىن بېرى مۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ، يۈگەنسىز بولۇپ كېتىشىدە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ دوستىنى راستتىنلا رايىغا قويۇۋەتتى، يۈز - خاتىر قىلدى. مانا، بۈگۈنكى يىغىندىمۇ ئۇ دوستى ئۈچۈن كەتمەن چېپىپ ، گۇپپاڭچىلىق قىلمىدىمۇ؟! ئەدھەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالىمەن، دېگىنى ئەلۋەتتە ئۆزىنى سورىمىغانلىقى. ھىدايەتنىڭمۇ ئۇنىڭغا يۇقىرى ئۇنۋان ئېلىپ بېرىش نىيىتى يوق. ھازىرقى گەپ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋاننى ئېلىپ بېرىشتىمۇ گۇپپاڭچىلىق قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكىدە! شەرتتە شەرمى يوق، دېگەن گەپ بار. بىر -

بىرلەپ شەرتكە سالغاندا، كەمتۈك يەرلىرى مانا مەن دەپلا كۆرۈ-
نۈپ تۇرۇۋاتسا، ئۇنىڭغا چاپان ياپماي بولامدۇ؟! نېمىلا دېگەن-
بىلەن بەش يىل بىر قازاننىڭ ئېشىنى يەپ، بىر سىنىپتا ئوقۇ-
غان ساۋاقداش ـ دە!...
ھىدايەت تاماقنىمۇ چالا ـ بۇلا يەپ، خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇ-
رۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۇخانمۇ ئېرىنىڭ خىيالىغا ھالا-
قىت بەرمەي، ئىچىگە تىنىپ جىم ئولتۇراتتى. جۈرئەت ئۇنىڭ
باغرىغا يېپىشىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. بىر ھازادىن كېيىن تۇخان
ئاستا سورىدى:
— ئەدھەمگە ھېلىقى دېگەن نەرسىسىنى بەرمىدىڭلارمۇ؟
— كىم نېمىنى دېسە، شۇنى بەرگىلى بولمايدۇ، — دېدى
ھىدايەت بىر ئاز خۇرسىنىپ، — جاپا ـ مۇشەققەتسىز قولغا كەل-
گەن ھەرقانداق شان ـ شەرەپ يالغان ۋە قەدىرسىز بولىدۇ!
ئۇنىۋانىنىمۇ ھەركىم باسقان يولىغا، قىلغان ئىشىغا، سىڭدۇرگەن
ئەجرىگە قاراپ ئالىدىغان نەرسە! بولمىسا، مۇنداق شان ـ شەرەپ-
نىڭ قاپاقتا كىيدۈرگەن تاجدەك قىلچە ئېتىبارى بولمايدۇ!
تۇخان ئېرىنىڭ ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىرنەر-
سىنى ھېس قىلغاندەك، لېۋىنى يىمىرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ
قويدى. ھىدايەت بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، يەنە
خىيالغا پاتتى...

## 3

ئەدھەمنىڭ تۇرمۇش ئەقىدىسى مۇنداق ئىدى:
ئادەم بۇ دۇنياغا يارالغانىكەن، جەزمەن ئۆمرىدە قالتىس بىر
ئىش قىلىش كېرەك. مەيلى ئۇ، كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدى-
غان يامان ئىش بولسىمۇ ھېساب! XIX ئەسىردە ناپالېئون مەيدانغا
چىقىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئىش قىلدى. XX

ئەسىردە گىتلېر پۈتۈن ياۋروپا بىلەن ئاسىيانى ئاستىن - ئۈس-
تۈن قىلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ نامى ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ تىلىدا
يادلىنىۋاتامدۇ؟! ...

ئۇنىڭ نەشرىياتتىكى «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» ناملىق
ئەسىرى ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ-
نىڭ روھى چۈشمىدى، بۇنى ئۇ ئۆتكۈنچى ئىشلار قاتارىغا چىقى-
رىپ، ھېسابنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. ئۇ ھەرقانداق ھېساب-
نىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدىغانلىقىنى، بۇ ئۇزۇن جاھاندا ئالدىرىماي
ئىش كۆرگەن ئادەمنىڭ ھارۋا بىلەن توشقان ئالالايدىغانلىقىنى
ياخشى بىلەتتى.

ئەدھەم ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا، رېئاللىقتا ئۇدۇل
قاراشنى، رېئاللىقتا ماسلىشىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ھازىر ئۇ-
نىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇۋشقا سەۋەب بولغان يەنە بىر نەرسە
بار ئىدى: يۇقىرى ئۇنۋاندىن تېخى ئۈمىد بار. بىرنەچچە كۈندىن
بېرى ئۆزى تەييارلىغان جامائەت پىكرىنىڭ تەسىرىنىمۇ سەل
چاغلىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا قوشۇپلا ئاغىنىسى ھىدايەت بىر
كۈچىسە، بۇ سەلتەنەتلىك تاجنىڭمۇ بېشىغا كىيىلىشى تەس
ئەمەس! ...

مانا شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى،
تەسەللىنىڭ كۈچى بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشنى خۇشخۇي، خا-
تىرجەم ئۆتكۈزەتتى.

بۈگۈن ئەر - خوتۇن ئىككىسى قانغۇچە ئۇخلىدى. يەكشەنبە
كۈنىدە قانغۇدەك يېتىۋېلىش خانقىزنىڭمۇ ئادىتىگە ئايلىنىپ
قالغانىدى.

ئۇلار ئەتىگەنلىك چېيىنى ئىچىپ، ئۆيىنى يىغىشتۇرغۇچە،
چۈشلۈك تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى باشلاندى. ئىككىسى تېلېۋىزور
كۆرۈپ ئولتۇرۇپ مۇڭداشتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى يېقىندىن
بېرى مۇنچىلىك ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. ئەد-

ھەم ھەمىشە ئالدىراش ئىدى، ھامان بىرەر ئىش ئۈستىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈشكە، پىلان تۈزۈشكە ئامراق ئىدى. شۇڭا، خانقىزنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن چاتىقى بولمايتتى، بېشىنى چۆكۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلاتتى.. بۈگۈن ھەر ھالدا ئۇلار ئىۋك يېنىنى بىسىپ قوپقاندەك، ئېچىلىپ - يېيىلىپ قىلىشقانىدى.

— ئاخشامقى گېپىڭچە، ئائىلىمىزگە يېڭى بىر مېھمان كېلىدىغان ئوخشايدۇ - دە! — ئەدھەم ھەقىقەتەن خۇشال ۋە مەغرۇر ئىدى، — ئاھ، خۇدا! تەلىپىمىزنى ئاخىر ئىجاۋەت قىلىپسەن! بىزمۇ پەرزەنتلىك بولىدىغان بولدۇق، نەسلىمىز قۇرۇمايدىغان بولدى!...

ئۇلار توي قىلغان يەتتە يىلدىن بېرى، پەرزەنت يۈزى كۆر-مىگەنىدى. دەسلەپكى يىللاردا ھەر ئىككىسى ئالدىرىمىدى، خىز-مەت، ئۆگىنىش بىلەن بولۇپ كەتتى. لېكىن كېيىنكى مەزگىل-لەردە، ئەتراپىدىكى بالىلىق ئائىلىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارغىمۇ بالا ئىشتىياقى چۈشتى. بۇ چاغدا ھەرقانچە ئارزۇ قىلىپمۇ، خانقىز قورساق كۆتۈرمىدى. سەۋەبىنى بىر - بىرىگە دۆڭگەپ ئۆتتۈۋەردى. ئۇلار پەقەت ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەن-دىن كېيىنلا دوختۇرغا كۆرۈندى، مەسىلە خانقىزدىن چىقتى، بىراق داۋالانسا، ھامىلىدار بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بىر مەزگىل ئىزچىل داۋالانغانىدى.

— بىرەر ئىسىم ئويلاپ قويۇڭ، — دېدى خانقىز مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، — قىز بولسىمۇ، ئوغۇل بولسىمۇ، چىرايلىق، يارىشىملىق، ئەدەبىي ئىسىم قويايلى.

— بۇنى ئويلىمىدى دەمسەن؟ — دېدى ئەدھەم ئالمان - تالمان، — كېچىچە شۇنى ئويلاپ چىقتىم. مېنىڭچە، تەستە تۇ-غۇلغان بالىغا تەسىرەك ئىسىم قويغان ياخشى. ئاڭلاپ باق، مەن ئۇنىڭغا مۇنداق بىر خەلقئارالىق ئىسىم تەييارلىدىم: ئەبۇ ئىبنى

ئالېكساندر ۋالڭ جىڭشى مۇستاپا ھاجى ساھىب ئابدۇمجىت ئەد-
ھەم ئوغلى.

— ۋاي - ۋۇي...، — دېدى خانقىز پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، — بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىمۇ ياكى بىر پارچە ئەبجەش ماقالى-مۇ؟ سىزگە قويۇپ بەرسە، بالىمىزغا ئىسىم ئەمەس، تىزىم قويىدىكەنسىز - دە!

ئەدھەم چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— سەن بىلمەيسەن، خوتۇن، ھەرقانداق نەرسىدە بىر ئالا-ھىدىلىك بولغاندا، كىشىنى قىزىقتۇرالايدۇ. مەسىلەن، سەن مۇشۇ پېتى كوچىغا چىقىپ باققىنا، ساڭا ھېچكىم قاراپ قويمايد-دۇ، چۈنكى، سەندەك ئاياللار كۆرمىڭ، ھەممىڭ ئوخشاش. ئەگەر سەن ئىنچىكە بۇرۇت بىلەن چىرايلىق ساقال قويۇپ چىق-ساڭچۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممىسى ساڭا قارايدۇ، ساڭا قىزىقىدۇ. بالىمىزنىڭ ئىسمىمۇ ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى ئىسىملاردەك «مە-مەت، سەمەت...» ئەمەس، كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان ئەنە شۇن-داق زامانىۋى ئىسىم بولۇشى كېرەك. بىز ھازىر ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، خوتۇن، ھەرقانداق نەرسىگە ئىسلاھات يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ.

— مېنىڭچە، بۇ ئىسلاھات ئەمەس، ئەدھەم، بۇ چاكىنى-لىق! — دېدى خانقىز ئەستايىدىللىق بىلەن، — كىشىلەر بالى-مىزنىڭ ئىسمىغا ئەمەس، ئۆزىگە قىزىققىنى ياخشى!...

— ھە، شۇنداقمۇ، ئەقىللىق خوتۇنۇم، — دېدى ئەدھەم كىنايە ئارىلاش ئەركىلىتىش بىلەن، — مەن تاپقان ئىسىم ساڭا يارىمىدى، بوپتۇ، ئەمدى ئۆزۈڭ تاپ، مەن ئەسلى كەسپىم بويىچە تەھرىرلىك قىلىپ بېرەي...

ئۇلار بىر پەس جىم بولدى، ھەر ئىككىسىنىڭ دىققىتى تېلېۋىزورغا مەركەزلەشتى. شۇ تاپتا، ئۇزۇن تۆت دېيۇملۇق ئېكراندا چەت ئەلنىڭ قايسىبىر كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىيا-

تىرى قويۇلۇۋاتاتتى. ئەدھەمنىڭ خىيالى بىردىنلا شۇ تەرەپكە
بۇرۇلدى. ئۇ، ئۆزۈندىن بېرى بىرەر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يې-
زىپ، تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق نام چىقىرىشنىمۇ كۆڭلىگە
پۈكۈپ يۈرەتتى. بۇ نىيىتىنى ئايالىغا بۈگۈن يەنە بىر قېتىم
ئاشكارىلىدى:
— مەنمۇ بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازاي دەۋاتىمەن، قانداق
دەيسەن؟ ئۆتكەندە مېكسىكىنىڭ «تۆھمەت»، «ئوڭۇشسىزلىق»
دېگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرۈپ، بىزدى-
مۇ شۇنداق ئوبراز، شۇنداق خاراكتېر، شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ
ئىنتايىن كۆپلۈكىنى ئويلاپ قالدىم.
— دراما يازغان ئادەم تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى ئەلۋەتتە يازالاي-
دۇ، — دېدى خانقىز كۆزىنى تېلېۋىزوردىن ئۈزمەي، —
يازسىڭىز بولىدۇ، ئويلىغانلىرىڭىز قانچە قىسىم بولار؟
— ئاز بولسا ئۈچ قىسىم، كۆپ بولسا ئوتتۇز قى-
سىم بولار، — دېدى ئەدھەم.
بۇ خىيالنىڭ تېخى ئىنتايىن خام ۋە ھەۋەس باسقۇچىدا
ئىكەنلىكىنى سەزگەن خانقىزمۇ گەپنى ئايلاندۇردى:
— بولمىسا، سىزمۇ ئەنگلىيىدىكىدەك دەرىجىدىن تاشقىرى
ئۇزۇن بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يېزىڭ.
— ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى قانچە بولىدىكەن؟ — ئەدھەم ئايالىنىڭ
گېپىگە قىزىقىپ قالدى.
خانقىز ئېرىنمەي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:
— ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۇنداقكى، 1952 - يىل 12 -
ئاينىڭ 25 - كۈنى رەسمىي قويۇلۇشقا باشلىغاندىن تارتىپ،
ھازىرغىچە ئون مىڭ بەش يۈز قىسىم قويۇلۇپتۇ.
ئەدھەم ھولۇقۇپ سورىدى:
— نېمە، نېمە؟ نېرۋاڭ جايىدىمۇ، قانداق؟
— ناھايىتى جايىدا، — دېدى خانقىز بوينىنى

ئېتىپ، — مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ ئىسمى «چاشقان تۇتۇش» ، لوندوندا قويۇلۇۋاتقىنىغا ھازىر توپ-توغرا ئوتتۇز يىل بوپتۇ. ئۇنىڭ ئاپتورى ھېلىقى «نىل دەرياسىدىكى پاجىئە» دېگەن كىنونى يازغان ئايال يازغۇچى ئاگاسا كىرىستى. ئۇ، بۇ تىياتىرنى ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابىت II نىڭ مومىسىنىڭ سەكسەن ياشقا تولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يازغان. بەلكىم ئۇ سەكسەن يىل قويۇلۇشى مۇمكىن.

— سەن بۇ گەپلەرنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى ئەدھەم يەنىلا ئىشەنمەي، — بۇ شۆھرەتكە ئوخشاش زۇۋاندارازلارنىڭ توقۇپ چىققان بىرنېمىسى بولمىسۇن يەنە!

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ يالغان ئەمەس، راست. مەن بۇنى ماتېرىيالدىن ئوقۇغان، ئۇ ماتېرىيال ھازىرمۇ بىزنىڭ ئۆيدە!

ئەدھەم ئېڭىكىنى سىلاپ شۇك بولدى. خوتۇنى بىلگەن نەرسىنى ئۆزىنىڭ بىلمەي قالغانلىقىدىن سەل - پەل ئىچى ئېچىشىپ، ھارسىندى.

— يېزىڭ، ئەدھەم، — دېدى خانقىز ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك تەلەپكارلىق بىلەن، — ئۇزۇن بولدى، دراما، ئوپېرا دېگەنلەرنى يازمىدىڭىز، تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازىمەن دېگىنىڭىزگىمۇ نەۋاخ. كۆڭلىڭىزگە پۈككەن پىلانلىرىڭىزنى بۇنداق چەكسىز كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ. مەن يېقىندا بىر خەنزۇچە ژۇرنالدىن كۆرۈپ، خاتىرىلەپ قويدۇم. غەرب مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھېسابلاپ كۆرسىتىشىچە، ئاتمىش ياشلىق ئادەمنىڭ ئۆمرى بار - يوقى يىگىرمە بىر مىڭ توققۇز يۈز كۈن بولىدىكەن. ئادەم ئەنە شۇ ئاتمىش يىللىق ئۆمرىدە بۇ ۋاقىتنى مۇنداق ئىشلارغا سەرپ قىلىدىكەن: ئۇخلاش ئۈچۈن يىگىرمە يىل (يەتتە مىڭ ئۈچ يۈز كۈن)؛ تاماق يېيىش ئۈچۈن ئالتە يىل (ئىككى مىڭ بىر يۈز توقسان كۈن)؛ كىيىم كىيىش ۋە يۇيۇنۇش ئۈچۈن بەش يىل (بىر مىڭ سەككىز يۈز يىگىرمە بەش كۈن)؛ ئىشقا

بىرىش ـ ئىشتىن چۈشۈش ۋە سەپەر ئۈچۈن بەش يىل (بىر مىڭ
سەككىز يۈز يىگىرمە بەش كۈن)؛ ئويۇن ـ تاماشا ئۈچۈن
سەككىز يىل (ئىككى مىڭ توقسان يۈز يىگىرمە كۈن)؛ كېسەل
ئۈچۈن ئۈچ يىل (بىر مىڭ توقسان بەش كۈن)؛ كۈتۈش ـ
ساقلاش ئۈچۈن ئۈچ يىل (بىر مىڭ توقسان بەش كۈن)؛ تېلېـ
فون بىرىش ئۈچۈن بىر يىل (ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن)؛
ئەينەككە قاراش ئۈچۈن يەتمىش كۈن؛ بۇرۇن تازىلاش ئۈچۈن
ئون كۈن؛ ئەڭ ئاخىرىدا ئېشىپ قالغىنى ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز
بەش كۈن، يەنى سەككىز يىل ئىككى يۈز سەكسەن بەش كۈن.
دېمەك، ئاخىرىدا قالغان ئەنە شۇ ئۈچ مىڭ ئىككى يۈز بەش كۈن
سىزنىڭ بايىقىدەك كۆڭۈلگە پۈككەن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى
ئىشلەيدىغان ۋاقتىڭىز ئىكەن!

— بۇنچە قورقۇنچلۇق ئەمەستۇر؟ — ئەدھەم بايىقى ھەسەتكە
ئوخشاش ئاچچىق خىياللاردىن دەرھال ئۆزىنى تارتىپ، ۋاقىت
توغرىسىدىكى بۇ غەلىتە ھېسابقا قىزىقىپ قالدى، — مېنىڭچە،
بۇنداق قېلىپقا چۈشۈرۈپ ھېسابلاش ئادەملەردە ئورۇنسىز ئەندىشە
پەيدا قىلىدۇ. نەدىمۇ ئۇنداق ئۆلۈك ۋاقىت ھېسابى بولىدۇ؟!
مەسىلەن، مانا مەن ئۆمرۈمدە يىگىرمە يىل ئۇخلىشىم، ئۈچ يىل
تېلېفون بىرىشىم ناتايىن. سەككىز يىل ئويۇن ـ تاماشا قىلىـ
شىممۇ ناتايىن. ئۈچ يىل كېسەل بولۇشۇم تېخىمۇ ناتايىن!...

— ۋاقىتنى سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنداق ئۆلۈك رامكىسىغا
سالماڭ! — دېدى خانقىز مۇنازىرىلەشمەكچى بولۇپ، — بۇ خىل
ھېسابلاشنىڭ مېنىڭچە ئىلمىيلىقى كۈچلۈك. سىز ۋاقىتنىڭ
خۇددى دەريا ئېقىنىدەك، ھەممە نەرسىنى ئۆزى بىلەن بىللە
ئېقىتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟! لۇشۇن مۇنۇ سۆزى ئار-
قىلىق ۋاقىتنىڭ ئەنە شۇ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن: «ئىشـ
لەيمەن دېگەندىكىن ئىشلەش كېرەك. كېلەر يىلى ھاراق ئىچىـ
مەن، دەپ يۈرگەندىن كۆرە، ھازىرلا سۇ ئىچكەن ياخشى. XXI

ئەسىرگە بارغاندا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىمەن، دەپ كۈتۈپ يۈرگەندىن كۆرە، ھازىرلا بىر كاچات سالغان ياخشى!»

ئەدھەم خوتۇنىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ، خانقىزنىڭ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، بىلىدىغان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزىدىن خېلى كۆپ ۋە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن بۇنىڭغا تەن بېرىشنى خالىمىدى. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن ھېچكىمنىڭ ئۆزىدىن ئېگىز تۇرۇشىنى ياقتۇرمايتتى. گويا باشقىلارنىڭ ئېگىزلىكى ئۆزىگە سايە تاشلاپ، يېگىلىتىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىدىن بىر سويام ئېگىز تۇرغانلارنىمۇ، بىر غېرىچ ئىلگىرى كەتكەنلەرنىمۇ كۆرەلمەيتتى، قارغايتتى، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىن تېزرەك يوقىلىشىنى، يوقالمىغاندىمۇ كۆزىدىن نېرىراق تۇرۇشىنى تىلەيتتى.

— بولدى قوي…، — دېدى ئۇ ئىچى قارىلىق بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — قايسىبىر دانىشمەن: كىمكى خوتۇنى بىلەن گەپ تالاشسا، شۇ ئۆز ئۆمرىنى قىسقارتىدۇ، دەپتىكەن. مەن ئۆمرۈمنى قىسقارتىشنى خالىمايمەن!

— مەن ھەم شۇ! — دېدى خانقىزمۇ يالغاندىن قاپىقىنى سوزۇپ.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى. ئۆينى تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى غۇڭۇلدىتىۋەتتى. ئەدھەم ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چېكىپ، خۇددى جۇۋازدا ھارغان كالىدەك پۇشۇلداپ ئولتۇردى.

تېلېۋىزورنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە، ئۆيگە مېھمان كېلىپ قالدى.

ئورۇق، مولۇن كۆز، دەلتە چىراي بۇ ئادەم ئەدھەمنىڭ ئىدارىدىكى ئەڭ يېقىن سىردىشى ئابىخان ئىدى. ئۇ 1983 ـ يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، خەنزۇچىغا ئۇستا، مۇناسىۋىتى كەڭ دىپلومات ئىدى. لېكىن، تۇرمۇشتا بېدىك

ئىدى. ئوتتۇز ياشقىچە ئۈچ قېتىم ئۆيلىنىپ بولدى. هازىر يەنە ئىككى بالىنى يېتىم قىلىپ، بويتاق يۈرەتتى. ئۇنىڭ بويىنى ئۇزۇن بولغاچقا، كىشىلەر «هاڭگىت بويۇن» دەپ ئاتىشاتتى.
خانقىز بۇ ئادەمنى ياقتۇرمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇششاق سۆزلۈكى، ئاياللاردەك غەيۋەتخورلۇقى ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەندى. شۇڭا، ئۇ بىلىنەر - بىلىنمەس بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ تېلېۋىزورنى كۆرۈۋەردى. ئەدەهەم مېهماننى ئىچكىرى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. خانقىز يەنە ئۇزاق ئولتۇرالمىدى، ئېرىنىڭ يۈزى ئۇچۇن، مېهماننى كۈتمەكچى بولدى، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، ئاشخانىغا كىردى. بىردەمدە چاي داستىخىنى تەييارلىنىپ، سەي قورۇلدى.
ئىككى دوست كۆلكە - چاقچاق ئىچىدە بىرنەچچە رومكا قاقتى. ئارقا - ئارقىدىن كۆتۈرۈۋەتكەن ئاتمىش گرادۇسلۇق ئاق هاراق دەرهال ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا هارارەت دولقۇنى پەيدا قىلدى. «هاڭگىت بويۇن» نىڭ ئورۇق، قارامتۇل يۈزى بارا - بارا يۇلغۇن چېچىكىدەك قىزاردى، ئەدەهەمنىڭ دۈگىلەك، سۇرلۇك كۆزلىرى بارغانسېرى قىسىلىپ، ئاياللارنىڭكىدەك خۇمارلىشىپ كەتتى...
— ئاغىنەم، جېنىم ئاغىنەم...، — دېدى ئابىخان مەستلىكتە كۆڭۈل ئېيتىپ، — هەرەمنىڭ مەرۋايىتى ئاغىنەم... ئۆزۈمنىڭ ئاغىنىسى...، — شۇنىڭدەك كېيىن ئۇ ئاستا - ئاستا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىگە كۆچتى، — بىر گەپنى ئېيتسام كۆڭلۈڭ بۇزۇلمىسۇن، ئاغىنەم... سېنىڭ ئۇنۋان ئىشىڭ توگەپتۇ، ئاغىنەم... ئاران دېگەندە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشىدىغان ئوخشايسەن... جېنىم ئاغىنەم، ساڭا ئۇۋال قىلدى... بۇ هەممىسى ھىدايەتنىڭ ئىشى ئىكەن... مەن باهالاش هەيئىتىدىكى جاڭ مۇھەررىر بىلەن سۆزلەشتىم...
ئەدەهەمنىڭ ئىچى غەلىتە بولۇپ كەتتى. بايا كېكىردىكىنى

كۆيدۈرۈپ كىرگەن هاراق ئەمدى گويا كۆكسىدە بىر يەرلەرنى تاتىلاپ، قىيمىلاۋاتقاندەك بىئارام قىلىۋەتتى.

ئاداش… جېنىم ئاداش، ھىدايەت ئۆزى ئالسا بولىدىكەنغۇ، سەن ئالساڭ نېمىشقا بولمايدىكەن؟! — «ھاڭگىت بويۇن» تېخىدمۇ ئەزۋەيلەپ، ئەدھەمنى بولۇشىغا قېقىتتى، — سەن دېگەن ئىقتىدارلىق دراماتورگ… سەن دېگەن كۈچلۈك مۇھەررىر… جېنىم ئاداش، بىلىم دېسە بار… يۈز دېسە بار… ھەرقانداق شەرت - پەرت دېگەنلەرگە تولۇق چۈشىسەن… ئۇنىڭ مەقسىدتى… ھەممىدە سېنىڭ ئۇستۇڭدە تۇرۇش! … سېنى چەتكە قېقىش… مەن ئاڭلىدىم، جاڭ مۇھەررىردىن ھەممىنى ئاڭلىدىم…

راستىمىدۇر؟ جاڭ مۇھەررىر راستىنلا ئابىخانغا شۇنداق دېگەنمىدۇر؟! ئەدھەم بۇ گەپلەرنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغان ئىلغاپ ئولتۇرمىدى. ئۇ ئاغىنىسىگە ئىشىنەتتى، ئاغىنىسىنىڭ ئۆزىگە سەمىمىي - سادىقلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئاغىنىسىنىڭ ھىدايەت بىلەن ھېچقانداق غوم - ئاداۋىتى يوقلۇقىنىمۇ بىلەتتى. شۇنداق ئىكەن، ھىدايەت توغرىسىدا ھەرقانداق يالغان - ياۋىداق گەپلەرنىڭ بولۇش ئېھتىمالى يوق ئىدى.

دەرۋەقە، ئابىخان بىلەن ھىدايەت بىر ئىدارىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، نورمال خىزمەتداشلىق مۇناسىۋەت قىلىشاتتى. ئۇچرىشىپ قالسا سالاملىشاتتى، ئەھۋاللىشاتتى. ھېچقانداق يوشۇرۇن قورساق كۆپۈكلىرى يوق ئىدى. شۇنداق تۇرۇپ، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ھىدايەتنىڭ سۇرىتىنى ساتتى؟! بۇنى چۈشىنىشمۇ تەس ئەمەس ئىدى. تۇرمۇشتا ھامان ئاشۇنداق ئىت خۇيلۇق ئادەملەر بولىدۇ. ئۇلار خۇددى سېسىق قىغ ئاستىدىن ئۈنۈپ چىققان كۆك ئوتقا ئوخشاش، ئەتراپقا ئۆزىنىڭ بەتبۇي پۇراقلىرىنى چېچىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقتۇرۇشقا ئامراق، ھۆل كېسەكتىن ئوت چىقىرىشقا ئۇستا. ئۇلار مانا شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە تەسەللى تاپىدۇ، قىتىغۇر كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇتىدۇ!…

بۇ خۇددى يىلان ئۆزىنىڭ ئەگرىلىكىنى كۆرمەي، تۆگىنىڭ بويىنىنى ئەگرى، دەپتۇ دېگەندەكلا بىر ئىش! ...

— مۇنداق دېگىن! — دېدى ئەدھەم ناھايىتى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئۆتكەندە، شۇنچە يېلىنىپ گەپ قىلساممۇ، ئۇنىڭ پىسەنتىگە ئالمىغانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە! بوپتۇ، قىلغىنىنى قىلىپ تۇرسۇن، لېكىن، يۈز - خاتىر، سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، بىزمۇ كۇچۇكۇم - كۇچۇكۇم، دەپ قۇچاقلا چىقىرىۋەرمەيمىز! ...

ئۇلار يەنە ھاراق ئىچىشتى. قىزىغانسېرى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىشتى. بۇ گەپلەرنىڭ دائىرىسى، چەك - چېگرىسى يوق ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا ئىنتايىن مەنىسىز، تېتىقسىز گەپلەر ئىدى. «ھاڭگىت بويۇن» ئاياللار توغرىسىدا بىرمۇنچە تېتىقسىز گەپنى قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆز گېپىگە ئۆزى مەست بولۇپ، ئاغزىنى كالچايتىپ شۇنداق كۈلۈۋېدى، ئەسلىدىكى دەلدۈش چىرايى تېخىمۇ ئۆزگىرىپ، بەدرەڭلىشىپ كەتتى. ئانچە - مۇنچە كىرىپ - چىقىپ تۇرغان خانقىز ئەمدى ئۇلارنىڭ بەكمۇ تېتىقسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككىنچى بوتۇلكىدىكى ھاراقنى بىر چەتكە ئېلىۋەتتى.

— خوتۇن... ئالدىرىما، خوتۇن...، — دېدى ئەدھەم قولىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ سوزۇپ، — ئەكە... ھاراقنى بەر، ئىچەيمىز... ئىچىمىز... تېخى بىز ئۇيغۇرچە گەپ قىلساق ئىنگلىزچە ئاڭلىنىدىغان يەرگە يەتمىدۇق... ئەكە... ھاراقنى...

خانقىز تاماق ئەكىرىش ئۈچۈن، جوزىنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ:

— ئەمدى بولدى قىلىڭ، ئەدھەم، ئاغزىڭىزغا گەپ كەلمەي قاپتۇ! ...، — دېدى.

— نېمە... نېمە دېدىڭ؟ ...، — ئەدھەم ئايالىغا يېپىشماقچى بولۇۋېدى، خانقىز ئۇنى يەلكىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— بولدى ئەمدى، جىم ئولتۇرۇڭ، ھازىر تاماق ئەكىرد-
مەن! — دەپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.
تاماق چالا - بۇلا يېيىلدى، «ھاڭگىت بويۇن» غالداڭ -
غۇلدۇڭ دەسسىگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. چالا مەست بولۇپ
قالغان ئەدھەم ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، تېخىمۇ ئۆكتەم-
لىشىپ كەتتى. ئۇ ئاغزى بېسىلماي ھىدايەتنى سۆكەتتى:
— بىلىپ قويدۇق... دوستلىرىمىزنىمۇ بىلىپ قويدۇق...
بىز نەچچە يىلدىن بېرى... تۇۋى يوق تاغارغا ياڭاق تېرىپ يۇرۇپ-
تىكەنمىز... ھىدايەت... ھەي ھىدايەت!...
ئۇ ئۇزاق سۆزلىدى، ھەتتا ھىدايەت بىلەن ئوقۇغۇچىلىق
دەۋرىدە بولغان بەزى ئىشلارنىمۇ تەگەپ ئۆتتى. خانقىز دەسلەپ
تەسەللى بەردى، ھىدايەت بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ بېقىشنى
ئېيتتى، ئاخىر چىدىيالماي:
— ئابىخاننىڭ ھەممە گېپىگە ئىشىنىۋەرمەڭ، ئۇنىڭ كاز-
زاپلىقىنى كىم بىلمەيدۇ، ئۇنىڭ پوقىنى يېگەن ئىتمۇ ھەپتە
يالغان قاۋايدۇ! — دەۋەتتى.
بۇ گەپ ئەدھەمنىڭ نېرۋىسىغا تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن
خانقىزنىڭ دەككىسىنى بەرگۈدەك لايىقىدا بىرەر سۆز تاپالماي،
جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھاراقنىڭ كەيپى بارغانسېرى
تۇتۇپ، ئۆزىمۇ لايدەك بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ساپادا ئولتۇر-
غىنىچە ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى...

## 4

بۇنداق شاھانە ئولتۇرۇشقا ئەدھەم بىرىنچى قېتىم قاتنىشىد-
ۋاتاتتى. پۇزۇر كىيىنگەن، سالاپەتلىك ئون نەچچە مېھمان ئىچىد-
دە ياشتىمۇ، ئورۇندىمۇ ئەڭ كىچىكى ئەدھەم ئىدى.
ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ،

تارتىنغان، قورۇنغان ھالدا ئەتراپىغا نەزەر سالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە تۆردە ئولتۇرغان ياشتا چوڭراق مېھمان ھەممىدىن سالاپەتلىك ھەم سۈرلۈك كۆرۈندى. ھەممەيلەن شۇنىڭغا خوش - خوش ئېيتىپ، ئىققىدا قىلىشاتاتتى. مەرۇپ ئاقساقال دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. ئۇلۇشكۇن ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا باغاقنى بېرىۋېتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «مەرۇپ ئاقساقالمۇ كېلىدۇ، مۇشۇ باھانىدە تونۇشۇپ قېلىڭ. سىلەرنىڭ ساھەگىمۇ چېشى پاتىدىغان باشلىق ئۇ...»

ئۆي ئىگىسى مەرۇپ ئاقساقالنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئىدارىدە مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ ئەدھەمنىڭ بىر يۇرتلۇقى ئىدى، ئەدھەم ئۇرۇمچىگە كېلىپلا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ۋە ھازىرغىچە ئىزدىشىپ تۇراتتى.

ئەدھەم ھېلىقى سالاپەتلىك كىشىگە يەنە قارىدى. ئۇ ئۇستىخانلىق، قورساق سالغان، ماڭلاي چاچلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈپ، ھال رەڭ تېرىسى پارقىراپ تۇرىدىغان، قاتاڭغۇر ئادەم ئىدى. ئۇ بۇرۇت - ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇرغاچقا، گۆشلۈك، سەپكۈنلۈك يۈزىدىكى پۈرۈم - پۈرۈم قورۇقلىرى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەدھەمگە ئۇنىڭ قىرى بۇزۇلمىغان كاستۇم - بۇرۇلكىسى بىلەن ئۇششاق ئاق چېكىتلىك گۆش رەڭ گالىستۇكى بەكمۇ ياردى. گالىستۇكىغا قاداپ قويغان يېشىل كۆزلۈك چازىسىمۇ چىراغ نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ نۇر چاچاتتى. بۇ ئادەمنىڭ ئىككى كىشىلىك ساپادا كېرىلىپ يالغۇز ئولتۇرۇشىدىن، ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەملەرگە بولغان ئاتىدارلىق مۇناسىۋىتىدىن ئۇنىڭ خېلى چوڭ باشلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق سورۇنلارنى تولا كۆرۈپ قىتماللىشىپ قالغانلىقىنى ئىسوڭايلا كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

داستىخاننىڭ يۈزى ئېچىلىپ، سىنچاي تارتىلدى. تام ياقىلىتىپ تىزىلغان يېڭى پاسوندىكى ساپالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

پاكار پۇتلۇق بىر جۈپ شىرە ناز ۇنېمەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ماي يېگۈزۈپ پىشۇرۇلغان كاكچا نانلارنى چاينىسا غۇز ـ غۇز قىلاتتى، پەرمۇدىلەرنىڭ يۇزى پارقىرايتتى، قەندەللەردىكى مۇرابباللارنىڭ بەزىسى تاتلىق، بەزىسى چۇچۇمەل ئىدى، قەغەز بادام، يېشىل ئۈزۈم، ئىسلىغان خورما، ياڭاق مېغىزى دېگەنلەر كىچىك ـ كىچىك تەخسىلەردە ھەركىمنىڭ ئالدىغا توغرىلاپ جۈپ ـ جۈپى بىلەن قويۇلغانىدى. ئۆتكەن يىلقى ئالما، ئاپېلسىن، كورلا نەشپۈتى دېگەنلەرمۇ شۇ پېتى سۇلۇق ۋە رەڭدار ئىدى.

ئەدھەم مۇنداق مول ۋە ئەلۋەك داستىخانغا قاراپ، نېمىنى يېيىشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. سىنچايدىن كېيىن، يېڭى گۆشنىڭ شورپىسى قويۇلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، توخۇ گۆشى، بېلىق گۆشىدە قورۇلغان ھەر خىل سەيلەر بىلەن ئۈزۈن ـ ئۈزۈن زىخلاردا كاۋاپ تارتىلدى. شۇ چاغدا، ساھىبخانا ئاپئاق چاقچۇق بوتۇلكىلىق «ئىلى ئالىي ھارىقى» بىلەن «جۇڭگو قىزىل ئۈزۈم ھارىقى» نىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بەزىلەرگە ئاقتىن، بەزىلەرگە قىزىلدىن قۇيدى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىگە بىر رومكا تولدۇرۇپ، رومكىنى ئېگىز كۆتۈردى. مېھمانلار ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۇتۇپ جىمجىت ئولتۇردى، ئۇ دەسلەپ گېلىنى قىردى، كېيىن مەرۇپ ئاقساقالغا قاراپ قويۇپ، قەدەھ سۆزى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، بۈگۈن بىز ئاقساقىلىمىز مەرۇپ ئىلياسنى چۆرىدەپ بۇ يەرگە جەم بولدۇق. بۈگۈنكى كۈن ھەممىمىز ئۈچۈن بەكمۇ خاسىيەتلىك! بۈگۈن بىز مېنىڭ مۇشۇ ئاددىي ھۇجرامدا ھەممىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەنتەنە بىلەن خاتىرىلەيمىز!

ھەممەيلەن ساھىبخانىغا قارىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ قارىشى بىرئاز غەلىتە ۋە تەئەججۇپلۇك ئىدى. چۈنكى

ئۇ، هازىرغىچە ئۆزىنىڭ قايسى ئاينىڭ قايسى كۈنىدە تۇغۇلغانلى-
قىنى ئېنىق بىلمەيتتى، شۇ يېشىغىچە «تۇغۇلغان كۈنۈم» دېگەن
بىرەر مەرىكىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ باقمىغانىدى. سەزگۈر ساھىبخانا
ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەرھال سەزدى بولغاي، سۆزىنى داۋام قى-
لىپ مۇنداق دېدى:
— دەرۋەقە، ئاقساقال ئۆزىنىڭ تەبىئىي كەمتەرلىكى بىلەن
بىزگە تۇغۇلغان كۈنىنى ئېيتىپ بەرگەن ئەمەس. مەن ئۇنى
تاسادىپىي ئەھۋالدا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئانكېتىدىن كۆرۈپ قالغان.
بۈگۈن يەنە دۇنيا بويىچە تۇنجى پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى
قۇرغان پارىژ كوممۇنىسى قوزغىلىڭىنىڭمۇ خاتىرە كۈنى. بۇنىڭ-
دىن بىر يۈز ئون ئالتە يىل بۇرۇنقى دەل بۈگۈنكى كۈندە، پارىژ
خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، تىيېر بۇرژۇئا ھۆكۈمىتىنى مەغلۇپ
قىلغان! شۇڭا، بىز بۈگۈن بۇ ئىككى خاسىيەتلىك كۈننى
خۇشال - خۇراملىق بىلەن خاتىرىلەيلى! قېنى، خوشە!
رومكىلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇپ جىرىڭلىدى، سۈپسۈزۈك
ھاراق گاللارنى كۆيدۈرۈپ، ئوتلۇق بىر ھارارەت بىلەن ئاشقازان-
نى قىزىتتى...
مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بايىقى تەئەججۇپلۇكى بىردىنلا يوقال-
دى، چىرايى ئېچىلىپ، خۇشخۇيلىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ،
بۈگۈن بىرىنچى قېتىم ئۆزىنىڭ 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تۇغۇل-
غانلىقىنى، بۇ كۈننىڭ پارىژ كوممۇنىسى بىلەن باغلانغان دۇنيا-
ۋى ئەھمىيەتكە ئىگە خاسىيەتلىك كۈن ئىكەنلىكىنى، دۇنيانىڭ
ھەرقانداق يېرىدە، پارىژ كوممۇنىسىنى خاتىرىلىسە، ئۆزىنىڭمۇ
تەڭ خاتىرىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى ئىپتىخار ۋە شان-
شەرەپكە تولغانىدى. لېكىن، ئۇ ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، پارىژ
كوممۇنىسىنىڭ قايسى يىلى قۇرۇلغانلىقىنى بىلەلمەي ئىچى پۇش-
تى. بايا ساھىبخانىنىڭ «بۇنىڭدىن بىر يۈز ئون ئالتە يىل
بۇرۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىيۇ، ئەمما كۆڭلىدە ھازىرقى يىلدىن

بىر يۈز ئون ئالتە يىلنى ئېلىۋېتىپ، پارىژ كومموۇنىسى قۇرۇل-غان ئاشۇ يىلنى چىقىرىشنى بىلمىدى. ئۇ ئاشۇ تىت - تىتلىق بىلەن بىرنەچچە رومكىنى ئارتۇق ئىچىۋەتتى...

ئەدھەم ئۈچ رومكا ئىچكەندىن كېيىن، سەل توختىتىۋالدى. ھەرھالدا كۆپ ئىچىۋېتىپ، سورۇننىڭ كەيپىنى بۇزۇپ قويۇش-تىن ئېھتىيات قىلدى. ئۇ ساھىبخانىنىڭ بۇگۇنكى ئەقلىگە، سۆزىگە، مېھمان كۈتۈش ماھارىتىگە قايىل قالدى. بايىقى سۆز-لەردىن بۇگۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدى. سا-ھىبخانا ئۆتكەنكى بىر ئۇچرىشىشتا ئۇنىڭغا مەنىلىك قىلىپ: «مەن سىزگە ئېيتسام، ئەدھەم، ئەمەل دېگەن تالانت ئەمەس، بىر ئامەت! ئەگەر سۆزمەنلەر ئەمەلدار بولۇشقا توغرا كەلسە، مەدداھلار بولسا بولاتتى؛ ئەگەر چاققانلار ئەمەلدار بولىدىغان بولسا، دارۋازلار بولسا بولاتتى! مانا مەنمۇ ‹مۇئاۋىن› دېگەن ئەمەلگە يېقىندا ئېرىشتىم، ئەمدى يەنە بىر كۆچىسەم ‹جىڭ›-غا چىقىپ قېلىشىم ئۇنچە تەس ئەمەس!...» دېگەنىدى. دېمەك: بۇگۈنكى بۇ «توغۇلغان كۈن» نى خاتىرىلەش — ئەمەلىيەتتە «مۇ-ئاۋىن» لىقتىن «جىڭ» لىققا كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئەپچىل شوتىسى ئى-كەن - دە!...

تۇيۇقسىزلا، ئەدھەمدە بۇگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشقا نىسبەتەن كۈچلۈك بىر قىزىقىش پەيدا بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇ مەرۇپ ئاقساقالغا بەكرەك قىزىقتى. ئۇنىڭ سالاپىتى، ھەيۋىتى، قۇدرى-تى ئەدھەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇنداق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىنى، ئاشۇنداق ئەمەل، ئاشۇنداق ئابرۇي بىلەن كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ئويلىدى... ئەگەر ئۇنىڭغا مۇنداق «ئامەت» نېسىپ بولۇپ قالسا، بۇ دۇنياغا تۇغۇل-غىنىدىن، ئادەم بولۇپ ياشىغىنىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولىدى-غانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى نۇرغۇن

نەرسىلەرنى ئويلىغانىدى. بۇگۇنكى ئولتۇرۇش شۇ ئويلىرىغا تې-
خىمۇ كۆپ مەنە قوشتى. ئۇ ئۆزى بىلىدىغان بەزىبىر ئىقتىدار-
سىز، يارامسىز ئادەملەرنىڭ ھەرخىل يول بىلەن پەللىمۇ پەللە
كۆتۈرۈلۈپ، ئالدىنىڭ ئىدارە باشلىقى، كەيىنىنىڭ بۆلۈم باشلىقى
بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا ھېكمەت شەكلىنى ئال-
غان مۇنداق بىر گەپنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولغانىدى: «توقمى-
قىڭ كۈچلۈك بولسا، كىگىز قوزۇقمۇ يەرگە ئولتۇرىدۇ!»...
— ھۆرمەتلىك مېھمانلار! — ساھىبخانىنىڭ گۈرۈلدىگەن
ئاۋازى ئەدھەمنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلۈۋەتتى، — بۈگۈنكى
بىزنىڭ بۇ ئولتۇرۇشىمىزدا ھەممىمىزدىن كىچىك بىر مېھمان
بار. ئەمما ئۇنىڭ كاللىسى كىچىك ئەمەس، مەن ئۇنىڭ مۇشۇ
سورۇنغا ئاتاپ بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىشىنى سورايمەن. قارشى
ئالامسىلەر؟
ئۇ يەر - بۇ يەردىن «مەرھەمەت» دېگەن ئاۋاز بىلەن بىللە
ئانچە - مۇنچە چاۋاكمۇ ئاڭلاندى. ئەدھەم دەسلەپ سەل ھودۇق-
تى. كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ دېدىللەشتى. ئۇ ئۆزىنى كۆرسى-
تىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى سەزگەنىدى. يەنە كې-
لىپ، ئۇنىڭ بۇرۇنلا تەييارلىقى بار ئىدى. ئۇ ساھىبخانا باغاق
بەرگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، مۇشۇنداق بىر تەكلىپنىڭ بولۇپ
قېلىشىنى ئالدىن تەمە قىلغان ۋە شۇنىڭغا يارىشا ئاز - تولا
تەييارلىقمۇ قىلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇنىڭغا قوشۇپ، بايىدىن بېرى
كۆڭلىدە پەيدا بولغان مەرۇپ ئاقساقال توغرىسىدىكى ھاياجانلىق
تۇيغۇ ۋە ئىلھاملىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، شۇنداق بىر تەسىر-
لىك قەسىدە يېزىپ چىققانىدى. شۇڭا، ئۇ تارتىنماي، نېزىقماي
دەرھال ئورنىدىن تۇردى، ئوڭ قولىغا قىپقىزىل ھاراق توشقۇ-
زۇلغان رومكىنى ئېلىپ، دولقۇنلۇق ئىنتوناتسىيە بىلەن تۆۋەن-
دىكى شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

قولۇمدا قەدەھ بار،
قەلبىمدە ئىلھام.
ھەييامنىڭ ئارمىنى —
بولغان بۇ شاراب.
تەۋەررۇك سورۇن بۇ،
تەۋەررۇك ئەييام،
ئىچىشكە يول سوراپ
تۇرىمەن قاراپ.

ئۇ، ھاراق بىلەن چاقنىغان، خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى ئەمەدى مەرۇپ ئاقساقال تەرەپكە بۇراپ تەنتەنە بىلەن داۋام قىلدى:

سىز بىلەن ئۆلپەتمەن پەلەكتىن دۇر باش،
تۇگىمەس شان - شەرەپ سىيرىلدى ماڭا.
بىز يۇلتۇز، سىز ئەگەر بولسىڭىز قۇياش،
ھاياجان ئىلكىدە ئۆرتەندۇق شۇڭا.

بەختنى شەرھلەپ ئۆتتى شائىرلار،
مۇھەببەت ۋىسالى
بەخت بولارمىش.
مەن شۇتاپ بەختلىك ئادەممەن دوستلار،
شادلىقتا يۈرەككە بەخت تولارمىش.

تارىخنىڭ كەينىدىن چارلىغان مەن ئىز،
قەسىرلەر تويىمۇ بولمىغان بۇنداق.
تىللانىڭ ئالدىدا مىس تەڭگىلەر بىز،
ساماۋى ئامەت بۇ، كەلگەن بىر شۇنداق!

ياقۇت رەڭ قەدەھ بۇ، لالە رەڭ شاراب،
شاراپەت ـ شەۋكەتتىن سۆزلەيدۇ قىسسە.
ئىچىشكە يول سوراپ تۇرىمەن قاراپ،
خوش! دېگەن بىر سۆزدىن بىر جەننەت پۈتسە!

قەدەھ شېئىرىنى ئوقۇش بىلەن ئەدھەمگە ئامەت ياغدى. بايا
ھېچكىمنىڭ نەزىرىگە چۈشمەي، خۇددى نەسىللىك قويلار ئارىسىدىكى ياۋا ئۆچكىدەك ياتسىراپ، يېگانە بولۇپ ئولتۇرغان بۇ
شائىر ئەمدى ئاشۇ بىرلا شېئىرى بىلەن گويا تۇيۇقسىز ئاسماندىن
چۈشۈپ، ئالىلىكىملەرنىڭ ئالىقىنىدا پارقىراپ تۇرغان گۆھەردەك
ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى قوزغىۋەتتى. بىرمۇنچە ھاياجانلىق كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلدى، قۇلىقى ئەتراپىدا ئىسسىق نەپەسلىك،
شېرىن سۆزلەر پەيدا بولدى. بولۇپمۇ مەرۋپ ئاقساقالنىڭ ھاياجىنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى،
گەپ ـ سۆز، ئىما ـ ئىشارىلەر بىلەن قىلىنغان ماختاشلارنى
يەتكۇدەك ئاڭلاپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق شېئىرىي
ماختاشنى، پەقەت ئۆزىگىلا ئاتالغان يۈكسەك قەسىدىنى ئاڭلاپ
باقمىغانىدى. شۇڭا، شېئىر ئۇنىڭغا يېقى تۇيۇلدى، شېرىن
تۇيۇلدى، يۈرەكتىن چىقىپ، يۈرەككە تەگكەن بىر پارچە ئوت
بولدى، ئۇنىڭ ھاراقتىن قىسىلغان كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ
كۈلۈپ تۇراتتى، پاكىز قىرىلغان گۆشلۈك، سىدام يۈزىدىكى
تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار نازۇك تەبەسسۇم بىلەن يۇمشاپ،
بىر ـ بىرىگە سىڭىشىپ، پۈتۈن چىرايىدا ئىپتىخارغا تولغان بىر
خىل سېھرىي زوقلىنىش پەيدا بولغانىدى. ئۇ، ئاشۇ ھاياجانلىق
كەيپىياتنى بۇزماي، ئۆزىگە ياراشمىغان بىر خىل چاققانلىق
بىلەن ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن:
— پاھ!... پاھ!... پاھ!... ئېقىپ تۇرغان تالانتقۇ
بۇ؟! — دېدى تاڭلىينى چېكىپ، — ساقىي، دېمەككىم، ماڭا

بىر قەدەھ قوْيوْڭە، شائىر ئىنىم بىلەن بىر سوقوْشتوْراي!
ئەدھەم ئايلىنىپ ئۆتۈپ، مەرۆپ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا بار-
دى، ئىپتىخار ۋە ھېرىسمەنلىك بىلەن چاقناپ كەتكەن كۆزلەر
ئۇچراشتى. بۇ كۆزلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان، ئېيتىپ
توْگەتكوْسىز سىر ۋە مەنىلەر بار ئىدى. ئۇلار رومكىلىرىنى
سوقوْشتوْردى، «جىرىڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ مېھمانلارنىڭ
ھەممىسى «خوشە، خوش!» دېيىشىپ باركاللا ئېيتىشتى. مە-
رۆپ ئاقساقال ئەدھەمنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، ئۇ، شۇ
ھاياجىنى بىلەن يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رومكا ئىچىۋەتتى.
ئەمدى ئۇنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، مەرۆپ ئاقساقال بىلەن ئازادە
پاراڭلىشالايدىغان ھالغا يەتتى. پاراڭ ئارىلىقىدا مەرۆپ ئاقساقال
ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى ۋە ئادرېسى، سالاھىيىتى، تېلېفون
نومۇرلىرى بېسىلغان پوْراقلىق كارتوْچكىنى بەردى...
مېھمانلار خېلى كەچ ئۇزىدى. مەرۆپ ئاقساقال ئەدھەمنى
يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىشىكىنىڭ ئالدىغىچە ماشىنىدا ئاپىرىپ
قويدى. ئەدھەم ئۆيگە كىرىپلا خوْشاللىقىدا خانقىزنى ئويغاتتى ۋە
ھاياجاندىن ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى:
— خوتۇن... مېنىڭ ئوماق خوتۇنۇم... ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھازىر-
قى ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟... ئۇ «خانتاجى» ماركىلىق
ھەيۋەتلىك ماشىنا... كىمنىڭ، بىلەمسەن؟... مەرۆپ ئاقساقال-
نىڭ... 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى... پارىژ كوممۇنىسى بىلەن
بىللە دۇنياغا كەلگەن مەرۆپ ئاقساقالنىڭ... مېنى ئۇ ئەكېلىپ
قويدى... مەن بۈگۈن ئۇنىڭ نەزىرىگە چۈشتۈم... ئاڭلاۋاتامسەن؟
خوتۇنۇم... مەن شېئىر ئوقۇدۇم... ھەممىسى مېنىڭ ئاغ-
زىمغا قارىدى... مېنى ماختىدى... مەن بۈگۈن خىزىرغا
يولۇقتۇم...
خانقىز ئويغانغان پېتى ئۈنچىقماي، ئېرىنىڭ پەلىپەتىش
گەپلىرىگە ئىچىدە غىجىنىپ يېتىۋەردى. ئەدھەم يەنە توختى-

ـمىدى. تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ، گەۋدىسىنى يوتقاندىن يېرىم چىقارغان ھالدا خۇددى ئاقسىل كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كالـ- دەك شالىنى چېچىپ سۆزلەۋەردى:

— خوتۇن... مەن ساڭا ئېيتسام... ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئەمدى ھايات يولۇمنى ئۆزگەرتىمەن... مەن باشقا يول تاپتىم... داۋالغۇپ تۇرغان بۇ ئۆزگىرىشچان دەۋردە مەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆردۈم... بىلدىم... يازغۇچى، شائىر دېگەننىڭ ئۆمرى ھەمىشە ئازابلىق مېھنەتتە ئۆتىدىكەن... شۇنىڭغا يارىشا ئېتىبارىمۇ بولمايـ- دىكەن... شۇڭا، مەن ئەمدى باشقا يولدىن — ئەمەل، مەنسەپ يولىدىن ماڭىمەن! ... ئاڭلاۋاتامسەن، خوتۇن... ئاشۇ يازغۇچى، شائىر دېگەن ناملارنى جىن ئالسۇن! ... مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن رەھبەرلىك قىلىمەن! ...

بۇ قېتىم خانقىز داۋاملىق جىم يېتىۋەرمىدى. يوتقاندىن سەل ئۆرىدەپ تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

— ئەمەل ئورۇندۇقى سىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ۋاپادار ئەـ- مەس، ئەدھەم! بۇگۈن سىزنىڭ ئاستىڭىزدا بولسا، ئەتە باشقىـ- سىنىڭ تېگىدە بولىدۇ! ئىشقىلىپ، ئۇ — بىر ئادەمگە تالىق ئەمەس، ئايلىنىپ يۈرىدىغان نەرسە! پەقەت بىلىملا خۇددى سىزـ- نىڭ يەتتە ئەزايىڭىزدەك ئۆزىڭىزگە تالىق، سىز بىلەن مەڭگۇ بىللە يۈرىدۇ! ئۇنى بىرى تارتىۋالالمايدۇ، ئوغرىمۇ ئوغرىلىيالـ- مايدۇ! ...

خانقىز ئەدھەمنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى كۈتۈپ جىم تۇرـ- دى. لېكىن ئەدھەمدىن گەپ ئەمەس، يەڭگىل خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. خانقىز شۇنچە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئېيتـ- قان سۆزىنىڭ بىھۇدە كەتكەنلىكىدىن رەنجىپ، يوتقاننى بېشىغا تارتتى...

# 5

مەرۇپ ئاقساقال ئاشۇ كۈنكى ئولتۇرۇشتىن كېيىن مىجەزى يوق يېتىپ قالدى. كېسىلى ئانچە ئېغىر بولمىسىمۇ، ئىدارىگە بارماي، بەزى ئىشلارنى ئۆيىدىلا تېلېفون بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ تۇردى.

ئەدھەم ئۇنىڭ كېسەللىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. بۇ خۇشاللىق ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشىنىڭ ئەپلىك پۇرسىتى كەلگەنلىكىدىن ئىدى. بۇگۈن ئۇ، ئىشتىن چۈشۈپلا خانقىزنى ئالدىراتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كىيىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

— ئۆزىڭىزلا بېرىپ كەلسىڭىز بولماسمۇ، ئەدھەم! — دېدى خانقىز زادىلا كۆڭلى تارتماي.

ئەدھەم ئۇنىمىدى:

— سەنمۇ تونۇشۇپ قوي، قالتىس ئادەم ئۇ، ئۆتكەندە، ئايالىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ كېتىڭ، دەپ تاپىلىغان. ئەتە - ئۆگۈن بىزمۇ ئۇلارنى چاقىرىۋالمىساق بولمايدۇ...

خانقىز نائىلاج كىيىندى، ئانچە - مۇنچە پەردازلىرىنى قىلىپ تەييار بولدى. ئەدھەم بايا ئىدارىدىن يانغىچە ئېلىۋالغان بىر سومكا «كۆرۈملۈك» نى قولتۇقىغا قىستى. ئۇلار خىرە - شىرە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا ئۆيدىن چىقتى.

كوچىدا ئادەم مىغىلدايتتى، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇشمۇ تەس ئىدى.

ئۇلار بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ چوڭ يولغا — كەچكى چىراغلاردا يالتىراپ تۇرغان ئاسفالت يولغا چۈشتى. ئۇزۇلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھەر خىل تىپتىكى ماشىنىلاردىن ئېغىر شاۋقۇن كۆتۈرۈلەتتى، كەچكى تۇمانلىق ھاۋا بېنزىن ۋە قارا دۇت ھىدىغا تولغانىدى.

ئىككىسى قولتۇقلىشىپ، بىرنەچچە چوڭ رەستىلەرنى

بېسىپ ئۆتۈپ، يېرىم سائەت دېگەندە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كەلدى. مەرۇپ ئاقساقال ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئىس-سىق سالاملاشتى، شېرىن - سۆخەن سۆزلەر بىلەن ئەھۋاللاش-تى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئايالى زىياخانمۇ يېشى توختىغان، تەمكىن، ئىنتائەتچان ئايال ئىدى. ئۇمۇ مېھمانلار بىلەن كونا تونۇشلاردەك سەممىي ھال - ئەھۋال سورىدى.

مەرۇپ ئاقساقال مېھمانلارنى ياتاق ئۆيىدىن مېھمانخانىغا باشلاپ چىقتى. مېھمانخانا ناھايىتى ئازادە ھەم كۆركەم ئىدى. يەرگە سېلىنغان سەككىز گەزلىك قىپقىزىل گىلەمنىڭ مويلىرى رەڭدار ئاسما چىراغنىڭ نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. مېھمانخانىنىڭ قۇببىسىمان يوغان دېرىزىلىرى ناۋات رەڭ يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن، دېرىزىنىڭ يېنىغا تىزىلغان قەھۋەت - قەھۋەت بۇلغارى چامادانلار بىلەن تام ياقىلىتىپ قويۇلغان فرانسىيە پاسونىدىكى ساپالارنىڭ ئۇستىگە چىرايلىق ئىشلەنگەن ئاپئاق چىلتەكلەر يې-پىلغانىدى، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى چىلان ياغىچىدىن ياسالغان ئەگمە پۇتلۇق تومپۇچكىنىڭ ئۇستىدە سۈت رەڭلىك ئاپتوماتىك تېلېفون تۇراتتى. قىسقىسى، مېھمانخانا زامانىغا خاس چوڭ سۆ-پەتلىك بىلەن ياسالغان، ئۆز ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن بايلىق، ئابرۇي ۋە سەلتەنەتنى نامايان قىلغانىدى.

كاناپ داستىخان سېلىنغان يۇمىلاق شىرە ئۇستىگە مەزە راسلاندى. نان - پان، تاتلىق - تۇرۇملەر يەتكۈدەك تىزىلدى. زىياخان بىر پىيالىدىن سىنچاي قۇيۇپ بېرىپ، تاماق تەييارلىقى ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— قېنى، مەزەگە ئېغىز تېگىڭلار، — دېدى مەرۇپ ئاقسا-قال پىيالىلەرگە ناۋات سېلىۋېتىپ، — سىز تارتىنماڭ، سىڭ-لىم، دېمەككىم، ئۆز ئۆيىڭىزدەك ئازادە ئولتۇرۇڭ، ئىسمىڭىز نېمىدى؟

خانقىز ئېغىز ئاچقۇچە ئەدھەم جاۋاب بەردى:

— ئىسمى خانقىز...

— چىرايلىق ئىسىم ئىكەن، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال خانقىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — دېمەككىم، ئۆزىمۇ خانلارنىڭ قىزىدەك نازاكەتلىك ئىكەن...

راست، خانقىز چىرايلىق بولۇپلا قالماي، خۇشخۇي ۋە ئەركە ئىدى. چىرايى بىلەن خۇي - پەيلى مۇنداق ماسلاشقان ئادەملەر ئاز تېپىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھاياتقا يارىشىدۇ، ھاياتنى جانلاندۇرىدۇ، بېزەيدۇ. لېكىن خانقىز مەرۇپ ئاقساقالنىڭ سۆزىدىن ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ھەرقانداق ماختاشلارنى ئاڭلاشتىن خىجىل بولاتتى. شۇڭا، بېشىنى كۆتۈرمەي، پىيالىدىكى شاملارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى. ئەدھەم ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇش ئۈچۈن ئالدىراپ گەپ باشلىدى:

— ئاقساقال، سىزنى مىجەزى يوق ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، يوقلاپ كېلىۋېدۇق...

— رەھمەت، ئاۋارە بولۇپسىلەر، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئادەتتىكە ئايلانغان گەپلەرنى تەكرارلاپ، — دېمەككىم، ئۆتكەندە، سىزنىڭ ھېلىقى شېئىرىڭىزدىن ھاياجانلىنىپ، بىرنەچچە رومكىنى ئارتۇق ئىچىپ قويۇپتىمەن، ئەتىسى سەل - پەل يۈرىكىم قوزغىلىپ بىئارام بولۇپ قالدىم، بۈگۈن خېلى ياخشى...

ئۇ بايا ئاغزىغا سالغان دورىنى بىر ئوتلام قايناق سۇ بىلەن تەستە يۇتۇۋېتىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قانداق، ئىشلىرىڭلار ياخشىمۇ؟ دېمەككىم، تۈنۈگۈن ھېكمەت سوپى بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن يىغىنلاردا يۈرۈپ تونۇشۇپ قالغان، ئۆزى يارامىلىق كادىر... دېمەككىم، ئۇ سىزنى ياخشى چۈشىنىدىكەن، مەنمۇ تەسىراتىمنى ئېيتىپ قويدۇم. قولىڭىزدىن ھەقىقەتەن ئىش كېلىدىكەن. دېمەككىم، سىز تېخى ياش كۆچەت، دەرەخ بولۇپ يېتىلىشىڭىز

ئۇچۇن، قار ـ يامغۇر، بوران ـ چاپقۇندىن ئاسراپ تۇرىدىغان باغۋەنلەر كېرەك... دېمەككىم، مەن نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرگەن. بەزىلەر خۇددى قورسىقى ئاچقاندا بىر ئوچۇم دان تېپىپلا، ئاسماندا پەرۋاز قىلىشنىڭ پەيزىنى ئۇنتۇپ كېتىدىغان كەپتەرلەردەك يۈزسىز، ئېتىقادسىز كېلىدۇ. لېكىن مەن سىزنى بىر كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدىم. دېمەككىم، سىزدە ھەم ئىقتىدار، ھەم ئېتىقاد، ھەم ئىنتىلىش، ھەم ساداقەت بار ئىكەن. بىزگە سىزدەك ئادەملەر كېرەك. دېمەككىم، چوڭ دەرەخ بولۇپ يېتىلىشىڭىزدە ئۈمىد چوڭ...

ئەدھەمگە شۇ گەپىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. چوپچوڭ باشلىقنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق يۈزتۇرانە ماختاشنى ئاڭلاش ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا خۇددى مېھرىگىياھنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاندەك، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يايرىتىۋەتتى... لېكىن، خانقىزغا مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ماختاشلىرى ياقمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئادەمنى ئالدىدا ماختىغاندىن كۆرە، ئوتقا تاشلىغان ياخشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچە پىشقان، تەجرىبىلىك، ئابرۇيلۇق قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ شۇنچىلىك ئەقەللىي نەرسىلەرنىمۇ بىلمەسلىكىگە ھەيران قالدى. بۇ ئۇچرىشىش، سۆھبەت ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرمىدى، ئەڭ ياخشىسى، ئۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئوبرازىنى سىرتتىنلا پەرەز قىلىپ يۈرسە بوپتىكەن، بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈپلا بۇنداق يامان تەسىراتنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئۆزىمۇ قاتتىق ئۆكۈنۈپ قالدى. ...

بۇ چاغدا ئەدھەمنىڭ كەيپىياتى باشقىچە ئىدى. خۇددى سۆڭەكنى كۆرگەندە ھەرقانداق ئىتنىڭ شۆلگىيى ئاققاندەك، يۈزمۇ يۈز ماختاش، ئۇچۇرۇشتىن ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، كۆزلىرى يال ـ يال بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا، مەرۇپ ئاقساقالغا شۇنداق چوقۇندىكى، ئۇنىڭ ئۆزى تۇگۈل، سايىسىگىمۇ سالام بېرىشكە تەييار ئىدى...

پاراڭ تازا قىزىپ، ئەدھەمنىڭ كىچىك تىللىرى چىقىشقا باشلىغاندا، خانقىز ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: مېھمانخانىغا تۇيۇقسىز كىرگەن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئوغلى سالمانىنى كۆرۈپ، ئۈشتۈمتۇت چۆچۈشتىن خانقىزنىڭ يۈرىكى قالتىراپ، چىرايى ئالسىرىق بولۇپ كەتتى. سالمانمۇ ئورنىدا چېپپىدە توختاپ، خانقىزنىڭ بۇنداق كۈتۈلمىگەن تەشرىپىدىن ھەيران قالدى… بۇلارنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى بۇنداق جىددىي، تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشنى مەرۇپ ئاقساقالمۇ، ئەدھەممۇ سەزمىدى. ئەكسىچە، مەرۇپ ئاقساقال ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى مېھمانغا ئالاھىدە تونۇشتۇردى. ئەدھەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قىزغىن قول ئېلىشتى ۋە «تونۇشقىنىمغا خۇشالمەن!» دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى.

سالمان قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى كۆزلىرى يوغان، ئەمما نۇرسىز، بىر تۇتام پېتەك چېچى ماڭلىيىنى يېپىپ تۇرىدىغان، ئەتلىمە يۈزلۈك، سوغۇق نەپەس ئادەم ئىدى. ئۇ پات - پات كۆزىنىڭ قىرىدا خانقىزغا قاراپ قوياتتى. خانقىز بولسا، بېشىنى كۆتۈرمىدى، كاناپ داستىخاننىڭ گۈلىنى، چۇچىسىنى ئوينىغان بولۇپ جىممىدە ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى جىمجىت تۇرغان بىلەن روھىي دۇنياسى خۇددى ئاستا ئاققان دەريانىڭ چوڭقۇر ئېقىنىدەك شىددەتلىك ئىدى. ئۇ، بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئەمدى رەسمىي پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى، دەسلەپتىلا كۆڭلىنىڭ تارتمىغانلىقى توغرا ئىكەن، ئۇ ھەمىشە كۆڭلى تارتمىغان ئىشنى قىلسا، بىرەر پېشكەللىككە يولۇقىدىغانلىقىنى ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسىدىن بىلەتتى. بايا مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ھېلىقى ئورۇنسىز گەپلىرى بىلەن بېزەك قاراشلىرى جېنىغا تەگكەن بولسا، مانا ئەمدى تېخىمۇ كۆڭۈلسىز بىر ئۇچرىشىشقا يولۇقتى. ئۇ، بۇنداق ئۇچرىشىشنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ خىيال قىلمىغانىدى…

سالمان يەر ئاستىدىن يەنە خانقىزغا قارىدى. بۇ قېتىم خېلى
ئۇزاق تىكىلدى. «تاۋاقنىڭ سىرى كەتسىمۇ، سىنى كەتمەيدۇ»
دېگەندەك، خانقىز هازىر سەل ـ پەل سەمرىپ، فىگۇرىسىنىڭ
بۇرۇنقى نازۇك ۋە ئەۋرىشىملىكى يوقالغان، قىلىق، هەرىكەتلى-
رىمۇ بۇرۇنقىدەك تاتلىق، چاققان بولالماي قالغان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى گۇزەللىكى يەنىلا قاش ـ كۆزلىرىدە
جۇلالىنىپ، جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. سالماننىڭ خىيالىغا توساt-
تىن بىرىدىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر سۆز كەلدى: «بىر چاغلاردا
سېنى مەپتۇن قىلغان، سېنى ئىگىلىگەن بىر ئايال سەن تەرەپتىن
تاشلىۋېتىلىپ ئۇزاق يىللاردىن كېيىن قايتا سېنىڭ ئالدىڭدا پەيدا
بولغاندا، ئۇ سېنى يەنىلا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابقا سالى-
دۇ!» لېكىن، سالمان خۇشال ئىدى، ئۇ ئايال زاتى توغرىسىدا
ئەزەلدىن ئازاب چېكىپ باققان ئەمەس، بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆزىنى
ئامەتلىك هېسابلايتتى. مانا، بۇگۇن خانقىزنىڭ ئۆز ئۆيىدە خۇد-
دى ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىمۇ،
تەقدىرنىڭ ئۇنىڭغا ئامەت ياغدۇرغانلىقى ئەمەسمۇ؟!

خانقىز ناهايىتى تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈردى، لېكىن كۆتۈ-
رۇپلا سالماننىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان شەهۋانە كۆزلىرى بى-
لەن ئۇچراشتى. ئۇنىڭ ئاشۇ بىر خىل بېزەڭ، تەلۋىلەرچە
قاراشلىرىدىن قانداقتۇر بىخەملىك، هەتتا ئاز ـ تولا ئىچى قارى-
لىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

خانقىزنىڭ ئەمدى بۇ يەردە ئولتۇرۇشقا تاقىتى قالمىدى،
قاپاقلىرى سېلىنىپ، چىشلىرى كىرىشتى. ئالىقانلىرىنى يۇ-
مۇپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقاردى. ئاخىر، شۇنداق بىر جاسا-
رەت بىلەن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ
كەتتى...

— هە، بايىقى گېپىمىز ئۈزۈلۈپ قالدى، — دېدى مەرۇپ
ئاقساقال ۋە بوغۇلغاندەك تامىقىنى قىردى، راستىنىلا بوغۇلغانى-

كەن، ئاۋازى خىرقىراپ چىقتى، — دېمەككىم، مەنمۇ بىلىپ قالاي، سىزگە بىۋاستە رەھبەرلىك قىلىدىغان باشلىقىڭىز كىم؟

— ھىدايەت قاۋۇل...، — ئەدھەم بۇ ئىسىمنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاغزىدىن چىقاردى.

— ھىدايەت؟! — بۇ ئىسىم دەرھال سالماننىڭ دىققىتىنى تارتتى، — ھېلىقى ئانچە - مۇنچە شېئىر - قوشاق، ماقالە - پاقالە يازىدىغان ھىدايەت دېگەن شۇمۇ؟

— شۇ، دەل ئۆزى شۇ! — دېدى ئەدھەم ۋە ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىپ قويدى، — 1980 - يىلى بىز بىللە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن...

مەرۇپ ئاقساقال ھەيران بولغاندەك ئوغلىدىن سورىدى:

— دېمەككىم، سەن قانداق تونۇيسەن؟

سالمان دادىسىغا ئەركىلىگەندەك چۈشەندۈردى:

— دادا، پالاق تۇخۇمدىن چىققان ئۇ ھارامنى كىم تونۇمايدۇ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئوغلۇڭ ھازىر كارخانىچى بولغان بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچى بولغان. ھىدايەت دېگەنلەر دەل ئاشۇ 1980 - يىلىنىڭ بېشىدا بىزنىڭ مەكتەپكە پراكتىكىغا كەلگەن. شۇ چاغدا تونۇشۇپ قالامدىمەن! ھە، راست، يولداش ئەدھەم، بايا سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداشلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز، ئەجەبا، مەن ئۇ چاغدا سىزنى كۆرمەپتىكەنمەنغۇ؟

— توغرا، بىز كۆرۈشمەپتىكەنمىز، — دېدى ئەدھەم خۇرسىنغاندەك، — مەن ئۇ چاغدا ئانام ئاغرىپ يۇرتقا كېتىپ قالغان، ئانام ساقىيالماي ئاخىر قازا قىلدى، شۇ ئىش بىلەن پراكتىكىغا قاتنىشالماي قالغانىدىم.

— خوش... دېمەككىم، ئۇ ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى قانداقراق؟ — مەرۇپ ئاقساقال زىخىرلاپ سوراشقا باشلىدى.

ئەدھەم بىردەم جىم تۇرۇۋالدى، كېيىن ئازراق غەيرەتكە كېلىپ:

— ئەمدى… ئاقساقال… مۇناسىۋىتىمىزنى سوراپ قالدى-
ڭىز، — دېدى دۈدۈقلاپ، — سىزگە راست گەپنى ئېيتمىسام
بولماس، ئادەتتىكى كۈنلەردە مۇناسىۋىتىمىز ياخشى، ئايرىلماي-
مىز! لېكىن جىددىي پەيلەردە ئوتتۇرىمىزغا مىسران قىلىچىنى
قويۇپ ياشايمىز!

مەرۈپ ئاقساقال ئويلىنىپ قالدى، بۇ گەپ چىرايلىق ئېي-
تىلغان بىلەن ئاستىدا قانداقتۇر چوڭقۇر مەنە ۋە سىرلارنىڭ
بارلىقىنى ھېس قىلدى.

سالمانمۇ ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇمچە قىلدى:

— قانداق، دادا، قالتىسمىكەن، مەنمۇ بىلىمەن، ھىدايەت
دېگەن بۇ نەرسە بۇقىنىڭ سۈتىنى ئىچىپ، خورازنىڭ تۇخۇمىنى
يەپ چوڭ بولغان نوچى! ئاشۇنداق كونا ئەۋرەزدىن چىققان بىر
چارپاقا قانداق قىلىپ ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ، ھوقۇق ئىگىلى-
ۋالدىكىنتاڭ! ؟…

مەرۈپ ئاقساقال بۇ توغرىسىدا ھېچقانداق پوزىتسىيە بىل-
دۈرمىدى. بۇ سۆز ئەدھەمگە دالدا بولدى، ئۇ ئەمدى قىلچە
تارتىنماي، دادخورلۇق ئېيتىشقا ئۆتتى:

— ئىشلىرىمىز تازا ئەپلەشمەيۋاتىدۇ، ئاقساقال، بېشىغا
كۈن چۈشكەندە، كۆڭزىمۇ سالغا چۈشۈپ چەت ئەلگە كېتىپتىد-
كەن، مەنمۇ كالا هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، باشقا بىر يۇرتقا كېتەي
دەۋاتىمەن!

— ھاي - ھاي! … پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، — دېدى مەرۈپ
ئاقساقال چاقچاق بىلەن كۈلۈپ، — كۆڭزى كەتكەن بىلەن سىزنى
كەتكۈزمەيمىز! دېمەككىم، كۆڭلىڭىزگە كەلگەن ئىشلار بولسا،
ماڭا ئېيتىڭ، ھەمدەم بولىمەن. بىزمۇ بىر چاغلاردا سىزگە
ئوخشاش چېپىپ يۈرۈشنى خالايدىغان قېيىدىغاق تاي ئىدۇق، مانا
ئەمدى هارۋا سۆرەپ كېتىۋاتقان ئىچ ئاتقا ئايلاندۇق. دېمەككىم،

بۇ ھارۋا باشقا نەرسە ئەمەس، مانا شۇ خىزمەت، پارتىيە، خەلق-
نىڭ ئىشى!

ئەدھەم ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن نەشرىياتتىكى ئەسىرى ۋە
يۇقىرى ئۇنۋان توغرىسىدا كۆڭلىگە پۈككەن گەپلىرىنى ئېچىتىپ
دەۋالدى. مەرۇپ ئاقساقال بۇ ئىشقا خېلى قىزىقتى ۋە مۇناسىۋەت-
لىك ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئاخىرىدا:

— ئېسىڭىزدە بولسۇن، شان - شۆھرەت دېگەن بەئەينى
لوق گۆشكە ئوخشايدۇ، دېمەككىم، ئۇنى ھەممە كىشى بىر پار-
چىدىن كېسىۋېلىپ، قورسىقىنى تويدۇرۇشقا ئالدىرايدۇ، ئۇنى
پۈتۈن پېتى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىش كېرەك. دېمەككىم،
ئەگەر بىرەر كىشى ئۇ گۆشنىڭ بىرەر پارچىسىنى كېسىۋالدىمۇ،
بولدى، سىزگە ئۇنىڭ ئازراقى قالىدۇ، قورساق يېرىم بولىدۇ!

بۇ سۆزلەردىن ئەدھەمنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى، روھى ئۇر-
غۇدى. ئۇ ئۆزىنى مەرۇپ ئاقساقالدەك كۈچلۈك تايانچقا، ئەقىل-
لىق ئۇستازغا، كۆيۈمچان خېيىشقا ئىگە قىلغان تەقدىردىن،
تەقدىرنىڭ بۇنداق چەكسىز شەپقىتىدىن خۇشال بولدى، رازى
بولدى.

داستىخانغا تاماق كەلتۈرۈلدى. گۈلدار چىنە تاۋاقلا پەۋەس
ئۇسۇلغان بەتتە پولۇ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چوقچايتىپ بېسىلغان
داغلىما گۆشلەر ئادەمنىڭ ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلتۈرۈپ، ئىشتىھا-
سىنى قوزغايتتى. مەرۇپ ئاقساقال خانقىزنى يېنىغا چاقىرىۋېر-
دى، لېكىن ئۇ: «زىياخان ھەدەم بىلەن بىللە ئولتۇراي» دەپ
داستىخانغا كەلگىلى ئۇنىمىدى. ئىككى ئايال كىچىك مېھمانخانىدا
ئايرىم داستىخان تۈزدى.

— قېنى ئەمىسە، بىز بېقىۋېرەيلى، — دېدى مەرۇپ ئاقسا-
قال گۆش توغراشنى سالمانغا تاپشۇرۇپ، — دېمەككىم، ئەدھەم،
چوڭ - چوڭ ئېلىڭ، بۈگۈن سىزنى ھاراق بىلەن مېھمان قىلال-
مىدىم، دېمەككىم، ئۆزۈم ئۆلپەت بولالمىغاندىن كېيىن، سىز-

گىمۇ قۇيمىدىم. هاراق نېسۋىڭىز نېسى قالدى…

تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئۇزاپ چىقتى، سالمان كوچا بېشىغىچە بىللە كېلىپ:

— بىزنىڭ قەھۋەخانىمىزغىمۇ بېرىڭلار، — دېدى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن، — ھەممە ئويۇن - تاماشا بار، مەن سىلەرنى كۈتىمەن، كۆڭلۈڭلار يايراپ قالىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇن: غەربىي يول توقسان ئىككىنچى قورۇ!

## تۆتىنچى باب

# بىرىنچى دۇنيانىڭ گىراژدانى

### 1

ئۇلار كۇتۇلمىگەندە، «مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى» نىڭ تانسا زالىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

يەتتە يىللىق ئۇزاق ۋاقىت ئادەملەردە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەدھەم گۇلجانغا قاراپ ھەيران قالدى. ئۇنىڭ شۇنچە يىللاردىن بېرى ھېچقانداق ئۆزگەرمىگەنلىكى، بەلكى تېخىمۇ ياشىرىپ، گۇزەللىشىپ كەتكەنلىكى ئەدھەمگە بىر خىل سىردەك تۇيۇلدى.

راست، گۇلجاندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاندى. ئاياللارنىڭ ياشلىقى — ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قامىتىدە، يۇزىدە، ئاندىن چېچىدا ۋە قولىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھازىر گۇلجانغا بىر قارىغان كىشى ئۇنى تېخى ئەمدى ئۇچۇرما بولغان قىز، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىپ، خىزمەتكە چىققىنىغا يەتتە يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق ھۆسنىنى، گۇزەل جامالىنى خۇددى قۇلۇلە قېپىدا ساقلانغان مەرۋايىتتەك پاكىز ساقلاپ كەلگەنىدى. شۇ تاپتا، ئۇنى ھېچكىم بىر قېتىم توي قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۇچۇكىنى تېتىغان، يېشى يىگىرمە سەككىزدىن ھالقىغان قىران جۇۋان دەپ قارىمايتتى. ئۇ تۇرمۇشتا چېقىلمىغان، ئۇپرىمىغان،

بەلكى يىللارنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن كەمتۈك يەرلىرى تولۇپ، كۆتۈرۈلۈپ، لىغىرلاپ، پارقىراپ تۇرىدىغان جەلپكار چوكانغا ئايلانغانىدى...

كېلىشكەن قامەت، چىرايلىق ھۆسن - جامال ئادەمدە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ، روھنى ئۇرغۇتىدۇ. ئەدھەم ھازىر ئەنە شۇنداق شېرىن، ھاياجانلىق كەيپىيات ئىچىدە قالدى...

ئىككىسى ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە مەيدان تانسا ئويناپ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن يىراق بولغان چەتتىكى بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلجاننىڭ ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىرىگەن ئاق ۋە پارقىراق يۈزى خۇددى باھاردا ئېچىلغان نەشپۈت چېچىكىدەك رەڭلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ زىلۋا قامىتىگە ياراشقان خانئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ ئويما ياقىسىدىن چىرايلىق ۋە سۇزۇك بويىنىنى، تولغان كۆكسىنىڭ ئەگىم ئايدەك بۆرتۈپ چىققان ئاق ۋە يۇمشاق ئۈستۈنكى تەرىپىنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ يەرگە قارىغان كىشىنىڭ كۆزلىرى سېھىرلىنىپ، ھەۋىسى قوزغىلاتتى...

«ئاھ!» دېگەن ئىزتىراپلىق بىر پىكىر ئەدھەمنىڭ كۆڭلىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. قەلبىدە ئېتىلىپ تۇرغان بىر ئارمان ئويغاتتى.

— بويتاقمەن، دەڭ! — دېدى ئەدھەم بىر خىل ئىچكى خۇشاللىقى بىلەن، — قايتا توي قىلىش نىيىتىڭىز يوقمۇ؟

— يوقسۇ! — دېدى گۈلجان ئاغزىنى قىيسايتىپ، — زۆرۈرىيىتى يوق!

— بۇ گەپچە، سىز ئىزدىگەن خۇرۇم ئۆتۈك چىقماي، ئالدىڭىزغا ئۇچرىغان شاۋرۇن ئۆتۈكلەرنى سىز ياراتماي يۈرۈپسىز - دە!

گۈلجاننىڭ دانىمۇ دانە تېرىلگەن قاپقارا، ئىنچىكە قاشلىرى

سەل - پەل يىمىرىلدى، قويۇق سۈرمە تارتىلغان شەھلا كۆزلىرى
تەئەججۈپ بىلەن قىسىلغاندەك بولدى.

— شۇ ئۆتۈكلەرنى سىزلا كىيىۋېلىڭ! — دېدى ئۇ لەۋلىرىدى-
نى پۈرۈشتۈرۈپ، — مەن ئۆتۈكسىز ئازادە يۈرۈشنى خالايمەن!

ئەدھەم بىرىنچى ئۇچرىشىشتىلا ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ
قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئىزاھات بېرىشكە ئالدىرىدى:

— ياق - ياق... مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

— چۈشەندىم، — دېدى گۈلجان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، —
سىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭىز، ئەر چىقماي يۈرۈپسەن، دەپ
مېنىڭ تۇرمۇشۇمدىن قايغۇرۇش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟!

— ياق - ياق... ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس...، — ئەدھەم
ھودۇقۇپ ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى، — پۈتۈنلەي خاتا چۈشەندى-
ڭىز، گۈلجان... ماڭا ئۇۋال قىلماڭ... سىزدەك چوكانغا ئەر
چىقىش ئەمەس، تالاشتا قېلىپ، ئەرلەر دۇئېلغا چىقمىسىلا
مەيلىغۇ...

يات جىنسلار بىر - بىرىنى كۆرگەندە، بولۇپمۇ ياش چوكان-
لار قىران يىگىتلەرنى كۆرگەندە ھاياجانلىنىدۇ، زوقلىنىدۇ،
خۇشال بولىدۇ. گۈلجان ئەمدى يىگىرمە سەككىز ياشقا كىرگەن
ياش چوكان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەككە - يېگانە، ئەركىن - ئازادە
ياشاۋاتقان بويتاق جۇۋان. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقىنى بىلىدۇ،
ئۆزىدە ھەرقانداق يىگىتلەرنى بىر قاراشتىلا جەلپ قىلالايدىغان
جىسمانىي ۋە مەنىۋى كۈچىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىدۇ. يېقىندىن
بېرى قانچىلىغان ئەرلەر ئۇنىڭغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مۇھەببەت
ئىزھار قىلمىدى؟! لېكىن ئۇ خالىمىدى. «يېشىم يىگىرمە
سەككىزگە يەتتى، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە ھەسرەت
بىلەن، — ھاياتىمنىڭ قانچىلىك باھارى قالدى؟ مېنىڭچە، ئازلا
قالدى، ناھايىتى ئىككى قەدەم... بۇ ئىككى قەدەمنىمۇ ئۆزۈم
ئىگىلىمەي، باشقىغا بېرىۋەتسەم، ماڭا نېمە قالىدۇ؟ بىر ئايال-

ـنىڭ ياشلىق باھارى چاغلىق... يىگىرمە ياشلىق ۋاقتىمدا بەكمۇ رومانتىك ئىدىم. ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم چەكسىز ئىدى... لېكىن قارا باستى، تۇرمۇش بەكمۇ رەھىمسىزلىك قىلدى...»

ئەدەم گۈلجاننىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇشىنى ئۇنچىلىك ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە بىلمەيتتى. پەقەت خانقىز بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر مەزگىل ياتاقداش بولۇپ يېقىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ گىتار بىلەن چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىغانلىقىنى، سىياسىي مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ ئۆزلىرىدىن بىر قارار تۆۋەن كۇرسىدا ئوقۇيدىغانلىقىنى ئەسلىيەلەيتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىنـ كى ھاياتىدىن بولسا، پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى، پەقەت قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن ئۈرۈمچىگە تەقسىم قىلىنىپ قالغانلىقىنىلا ئاڭلىغانىدى.

راست، گۈلجان ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى قايسىبىر ئاكاـ دېمىيىدە ئىشلەيدىغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر كادىر بىلەن توـ نۇشتى. ئۇ ئۆزىنى توختاتقان، چىراي ـ شەكلى ئادەتتىكىچە ئادەم ئىدى. ئۇ يۇقىرى قاتلامدىكى تونۇشلىرى ئارقىلىق يول مېڭىپ، گۈلجاننى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ قالدى ۋە ئىككىنچى يىلى توي قىلدى. ئۇلار پەقەت «شېرىن ئاي» نىلا بىھوشلۇق ئىچىدە تىنچ ۋە چىرايلىق ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى بولـ سا، خۇددى ھەر كۈنى يامغۇر يېغىپ، چاقماق چاققاندەك، سوغۇق ۋە تىنچسىزلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى...

ئۆزىنى گۈزەل چاغلايدىغان ئاياللارنىڭ ئەقلى ناقىسراق كېـ لىدۇ. ئۇلار كۆپ ھاللاردا گۈزەللىكىگە تەمەننا قويۇپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە گەپ ـ سۆزدىكى سۇلكەتكە، ئىش ـ ھەرىكەتتىكى نازاكەتكە سەل قارايدۇ. نەتىجىدە، زىيان تارتماي قالمايدۇ!...

لېكىن، گۈلجان ئۆزىدىكى بۇ ئەيىبنى ھېس قىلمىدى. سەۋەبنى ھامان قارشى تەرەپتىن ئىزدىدى، كۆزىنى قارشى تەرەپـ نىڭ ئايرىم يېتەرسىزلىكلىرىگە قادىۋالدى. نەتىجىدە، بىر يىلغا

بارا - بارمايلا ئۆيى بۇزۇلدى. بۇزۇلۇشتىن بۇرۇن، ھېلىقى ئەرمۇ ئەلىمىگە چىدىماي، گۈلجانغا «سىيگەك» دېگەن بىر سەت ئەيىبنى ئارتىپ قويۇپ ئۆيدىن چىقتى. «يالغان گەپنىڭ پۇتى بولمىغان بىلەن قانىتى بار» دېگەندەك، بۇ گەپ ناھايىتى تېزلا گۈلجاننىڭ ئىدارىسىدىكىلەرگە يېيىلىپ كەتتى. گۈلجاندەك ئۆ-زىنىڭ چىرايلىق، گۈزەللىكىگە تەمەننا قويىدىغان ياش ۋە مەغ-رۇر بىر چوكان ئۈچۈن، بۇ گەپنىڭ سالمىقى ئېغىر، تەسىرى يامان ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە دۈم يېتىپ يىغلىدى، قاقشى-دى، ئاشۇنداق بىر نامەرد ئەر بىلەن توي قىلىپ، ئۆي تۇتقانلى-قىغا مىڭ پۇشايمان قىلدى. ئاخىر بىرمۇنچە «بەدەل تۆلەش» ھېسابىغا ئەسلىي ئورنىدىن يۆتكىلىپ، «بېيجىڭ يولى» دىكى چوڭ بىر زاۋۇتنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئورۇنلاشقانىدى…

ئىككىيلەننىڭ خېلى ھاردۇقى چىقىپ قالدى، تانسچىلار ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ھالاقىت بەرمىدى. گۈلجاننى بازلاپ كەل-گەن بىرنەچچە يىگىتلەرمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ بېقىپ كې-تىپ قالدى.

— قانداق، يەنە بىرنەچچە مەيدان ئوينايمىزمۇ؟ — دېدى ئەدھەم ئورنىدىن قوزغىلىپ.

— بولدىلا، كېتەيلى، — گۈلجانمۇ ئاستا ئورنى-دىن تۇردى، — مېنىڭ ئۆۋام خېلى يىراقتا.

ئۇ بوينىغا چۈشۈپ قالغان زەر ياغلىقنى بۆرەكچىلەپ چىگ-دى، ئاندىن چېكىسىدىكى چاچلىرىنى چىمەلتىكى بىلەن ئەپچىل-گىنە قايرىپ، قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا يۆگىدى. ئۇ ئاشۇ ئىشلارنى ئالدىرىماي، سالماق بىلەن قىلىپ بولۇپ، كىرپىكلىرى-نى تېز - تېز قېقىپ ئەدھەمدىن سورىدى:

— قانداق، قايتامسىز؟ ياكى بىزەرنى كۈتەمتىڭىز؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىسىز، گۈلجان؟ كۈتكىنىم-نى تاپتىمغۇ مانا…

— شۇنداق ئاسانمۇ؟…، — گۈلجان مەيدىسىنى كېرىپ، قەدەملىرىنى ئۇششاق ئالغىنىچە ئىرغىنىپ مېڭىپ كەتتى. ئەد. ھەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھەۋەس بىلەن بىر دەقىقە قاراپ قالدى. ئۇ يول ماڭغاندا ئىككى تەرەپكە لەرزان تەۋرىنەتتى. ھەربىر تەۋرەنگەندە، بوۋاقنىڭ بىلىكىدەك ئىككى تال قاپقارا ئۆرۈمە چېچى مىق - مىق ساغرىسىدا بەئەينى قارا يىلاندەك سويلاپ تۇراتتى.

قىزىق، گۈلجان ئەسلىدىلا مودا قوغلىشىدىغان قىز ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ھەممە قىز - چوكانلار چاچ كېسىپ، كالتە چاچلىق ھالەت ئەۋجىگە چىققاندا، ئۇ ئۇزۇن چاچ قويۇۋالدى؟ بۇمۇ گۈلجاننىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش، ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈ. چۈن، ھەمىشە رەڭدار كىيىملەرنى كىيەتتى، پەرداز بۇيۇملىرى. نىمۇ تاللاپ، ئالاھىدە پۇراقلىق ئەتىر، ئالاھىدە رەڭلىك گىرىم. لەرنى ئىشلىتەتتى. قولاق ھەم بويىنىغا ئاسقان ھالقا، زۇننارلار. مۇ باشقىلار تاقاپ باقمىغان يېڭى نۇسخىلار ئىدى. ئۇ يول ماڭغان. دا قەددى - قامىتىنى تىك تۇتۇپ، خۇشخۇي ھەم كۆتۈرەڭگۈ يۈرەتتى. بەزى چاغلاردا تېخى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان چۈ. شەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چىرايىغا سەل - پەل سىرلىق تۈس بېرىپ، بىر خىل يوشۇرۇن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. سۆزلىگەندە، قېشىنى ئۈچۈراتتى، لەۋلىرىنى پۈرەتتى، بېشىنى يەڭگىل سىلكىپ قوياتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا، باشقىلاردىن، بولۇپمۇ تەڭتۇشلىرىدىن ئالاھىدە، ئۆزگىچە بو. لۇشقا، ئاجايىپ - غارايىپلىق بىلەن باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوز. غاشقا تىرىشاتتى. شۇڭا، ھېچكىم چاچ كەسمىگەندە، ئۇ چېچىنى كېسىپ بۇدۇرلەتكەن بولسا، ئەمدى ھەممە قىز - چوكانلار چې. چىنى كېسىپ، ئەر بىلەن ئايالنى ئايرىش تەس بولغان ۋاقىتتا، ئۇ چېچىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە قىلىۋالغانىدى.

راست دېگەندەك، قىرقىم چاچلىق ئاياللار توپلاشقان سورۇنلاردا، ئۇنىڭ ناۋاتتا پاتلىغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان قاپقارا، ئۇزۇن چېچى تېقىمىدا ئويناپ، ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتاتتى، ھە-ۋەسىنى قوزغايتتى...

ئەدھەم بىلەن گۈلجان ئىككى تەرىپى دەرەخلىك ئازادە يولغا چىقتى. ھاۋا سالقىن ھەم ساپ ئىدى. ئۇلار ئاستا كېتىۋېتىپ يەنە پاراڭغا چۈشتى:

— خانقىزنى تېخىچە تۇغمىدى دەڭ. پىلانلىق تۇغۇت كۆز قارىشىڭلار كۈچلۈك ئىكەن، جۇمۇ!

— ئۇنچە ئەمەس، ئەمدى تۇغسىمۇ كېچىكمەسمىز. چەت ئەللىكلەر قىرىق ياشقا كىرگەندە توي قىلىشنى ئويلىشىدىكەن، ئۇنىڭغا قارىغاندا، بىز تېخى ياشقۇ!...

ئۇلار بىر پەس جىم بولدى، كېيىن سۆھبەتنىڭ تېمىسى باشقا ياققا بۇرۇلدى:

— ئەدھەم، سىزنىڭ قولىڭىزدىن يېزىشمۇ كېلىدۇ، يۇقى-رى قاتلام بىلەن ئالاقىڭىزمۇ بار ئىكەن، — دېدى گۈلجان بىر خىل ئىلتىجالىق تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ بىر ئىشىمغا ياردەم بېرە-لەرسىزمۇ؟

— باش ئۈستىگە! — دېدى ئەدھەم گۈلجانغا يېقىن سۈركى-شىپ، — ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا، تەكەللۇپنى قويۇپ، ئۇ-دۇللا ئېيتىۋېرىڭ.

— ماقۇل ئەمىسە، قۇلاق سېلىڭ، — دېدى گۈلجان مېڭىش-تىن توختاپ، — «بىرىنچى ماي» دا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىشتىن سىرتقى ناخشا كۆرىكىگە ئادەم تاللىماقچى، مەن تىزىم-لىتىپ قويدۇم. يېقىندا تاللاش مۇسابىقىسى بولىدۇ، شۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ. ئەگەر بېيجىڭغا تاللىنالىسام، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمەت ئورنۇمنى ئالماشتۇرالايمەن، ئۇ يەردىن تويدۇم، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، زاۋۇتتا ئىشلەيمەن، دېيىش خورلۇق ئەمەسمۇ؟!

ئەدھەم قوشۇمىسىنى تۈردى، كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى بىر نۇقتىغا تىكتى، سول قولى بىلەن ئېڭىكىنى سىلىغان ھالدا بىردەم خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا چاقماق تېزلىكىدە بىر خىيال پەيدا بولدى ۋە بۇ خىيالدىن ئۆزىمۇ قانائەت قىلغان ھالدا گۈلجانغا يۈزلەندى:

— بولىدۇ، گۈلجان، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئىشىڭىز ئۈچۈن پۈتكۈل ئەقىل - ئىدراكىم بىلەن كۈچ - قۇۋۋىتىمنى ئىشقا سالىمەن!

— ئۇنداق بولسا، سىزگە رەھمەت! — گۈلجاننىڭ ئاۋازى شۇنداق يېقىملىق ۋە تاتلىق چىقتى.

ئەدھەم تۇساتتىنلا بىر سوئال سوراپ قالدى:

— گۈلجان، ھازىر ياخشى كۆرگىنىڭىز بارمۇ؟

— بۇنى ھازىرچە سىزگە ئېيتىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — بۇ قىزلار تۇرمۇشىدىكى كىچىككىنە سىر.

— ئۇنداقتا، سىز بىزنىڭ بۈگۈن مۇشۇنداق ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزنى تەقدىرنىڭ ئىلتىپاتى، دەپ قارىمامسىز؟

گۈلجان سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەن پەقەت بۈرۈنقى ئەدھەمنىلا بىلىمەن. كىممۇ ھازىر سىزنىڭ ئايالLARنىڭ قەلبىنى زېدە قىلىدىغان ئەر ئەمەسلىكىڭىزگە كېپىللىك قىلالايدۇ؟

— مەن... مېنىڭ يۈرىكىم!

گۈلجان مىيىقىدا كۈلدى:

— پاكىت كېرەك...

ئۇلار ئاپتوبۇس بېكىتىگە كېلىپ قالدى.

— مەن سىزنى ئۈزىتىپ قوياي، — دېدى ئەدھەم بىللە مېڭىشقا تەييارلىنىپ.

— رەھمەت، ئاۋارە بولماڭ، — گۈلجان مۇشۇ يەردە خوش-

لاشماقچى بولدى، — ئۆزۈم كېتىۋېرەي.
— مۇشۇ يەردىلا خوشلاشساق، يەتتە يىل كۆرۈشمىگەن ساۋاقداشلىقىنىڭ يۈزى بولماي قالار...
گۈلجان رازى بولدى، ھەر ئىككىيلەن ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇلار كۈئېنلۇن مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىككىنچى يولنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئالمىشىپ، يىگىرمە مىنۇتتەك ماڭغاندىن كېيىن، گۈلجاننىڭ تۇرار جايىغا كەلدى.
— بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ تۇرايلى، گۈلجان، — دېدى ئەدھەم يوغان تۆمۈر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، — سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەن بولسام، ئاللىقاچان ئىزدەپ چىققان بولاتتىم.
— مەن ھەم شۇ، — دېدى گۈلجانمۇ ئۆزرە ئېيتقاندەك، — سىلەرنىڭ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىڭلارنى زادىلا بىلمەپتىمەن. بولمىسا، بۇرۇنلا ئىزدەپ تاپاتتىم. ئۆيۈڭلارغا بارىمەن، خانقىزغا مەندىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ!
— بولىدۇ، ئەمىسە خوش...، — ئەدھەم خوشلىشىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى. گۈلجانمۇ ئاق ۋە نازۇك بارماقلىرىنى سوزدى. ئىككىسى قول سىقىشتى. گۈلجاننىڭ قولى خۇددى كۆزىدىكى ئاتەش ئوتقا، يۈزىدىكى شېرىن تەبەسسۇمغا ئوخشاش يېقىملىق، ھارارەتلىك، قىزغىن ۋە دوستانە ئىدى. ئەدھەم ئۆزىنىڭ ئالىقىنىدا لىپىلداپ تۇرغان ئاشۇ ئىسسىق، ئاق ۋە نازۇك قولدىن بەكمۇ ھۇزۇر ھېس قىلدى. ئۇ ئەزەلدىن ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتۇپ بۇنچىلىك ھۇزۇر ئالمىغانىدى. بەزى ئاياللارنىڭ قولى خۇددى مەدىكارلارنىڭ قولىدەك قوپال ۋە يىرىك بولاتتى. ئۇ، ئاياللارغا خاس بولمىغان بۇنداق «سەھراچە» قوللاردىن بىزار ئىدى. بەزى قوللار سوغۇق ۋە يېقىمسىز بولاتتى. ئۇ، ئايالچە نازاكەت بولمىغان بۇنداق قوللارنىمۇ ياخشى كۆرمەيتتى. ھالبۇكى، گۈلجاننىڭ بۇ قولى ئۇنىڭدا ھازىرغىچە تۇتۇپ كۆر-

گەن قوللارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ سەرخىلى، ئەڭ نازۇكى ۋە ئەڭ يېقىملىقى بولۇپ، مەڭگۈ ئۇنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك تەسىرات قالدۇردى...

ئەدھەم ئۇنىڭ قولىنى تەستە قويۇپ بەردى. گۈلجان كېتىۋېتىپ ئارقىغا بىر قايرىلدى - دە، پىشانىسىدە كۆلۈپ قويۇپ، ئەۋرىشىم قەددى - قامىتىنى يېنىك تەۋرەتكىنىچە ئۇنىڭ يېنىدىن يىراقلاپ كەتتى. ئەدھەم ئاغزى - بۇرنىنى يوغان ئاچتى، ئۇنىڭدىن قالغان ئەتىر بىلەن ئۇپا ھىدىنى سۈمۈرۈپ خېلىغىچە تۇردى. ئەتراپقا چېچىلىۋاتقان بۇ ئەتىر، ئۇپىلاردىن ھەر خىل گۈل - غۇنچىلارنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى كېلەتتى...

## 2

يەكشەنبە...

تاغلارنىڭ بېشى ئاقاردى، زېمىننى بېسىپ ياتقان قاراڭغۇلۇق ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلدى. كۆكنى بېزەپ، بىر كېچە چاقناپ تۇرغان دۇردانە يۇلتۇزلارمۇ بىر - بىرلەپ ئۆچۈشكە باشلىدى...

ھىدايەت ئادىتى بويىچە، ئەتىگەنلىك يۇگۇرۇشنى تۈگىتىپ، كوچا دوقمۇشىدىكى سۈت پونكىتىدىن كۈندىلىك سۈتنى ئالدى، ئۆيگە كىرىپ تاتلىق ئۇيقۇدا پۇشۇلداپ ياتقان ئوغلىنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ قويۇپ، ئىچكىرى ئۆيگە كىردى. تۇخان ئۆينى يىغىشتۇرۇپ، پاك - پاكىز تازىلاپ قويغانىدى. ھىدايەت يېزىش ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا ئولتۇردى، ئاخشام ئوقۇپ، شۇ پېتى قويۇپ قويغان «تۇرمۇشتىكى پسىخولوگىيە» دېگەن كىتابنى ئالدىغا تارتتى. قىزىل قەلەم بىلەن سىزىپ قويغان يەرلىرىگە يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى:

«...پسىخولوگىيە كىشىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئايرىلمايدۇ،

قەيەردە ئىنسان بولىدىكەن، شۇ يەردە پسىخولوگىيە بار، جەم-
ئىيەتتىكى ئادەملەر خىلمۇخىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كەسپىي
پائالىيىتى تۈرلۈك - تۈمەن بولىدۇ، ئادەملەرنىڭ پسىخىك
ھەرىكىتىمۇ غەلىتە - غەلىتە، مۇرەككەپ بولىدۇ. ئادەمنىڭ
نىيىتى ئوخشاشمايدۇ، سىياقىمۇ ئوخشاشمايدۇ... ئادەمنىڭ
ئىچكى پائالىيىتى خۇددى ئامېرىكا يازغۇچىسى مارك تىۋىن:
«ھەربىر ئادەم گويا بىر ئاي، ئۇنىڭ يورۇق تەرىپى بار،
كىشىگە زادى كۆرسەتمەيدىغان قاراڭغۇ تەرىپىمۇ بار» دېگەن-
دەك، سىرلىق تۇس ئالغان بولىدۇ...»
ھىدايەت ئويلىنىپ قالدى. كۆز ئالدىغا ئەدھەم كەلدى.
يېقىندىن بېرى، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى، خۇي - پەيلى
ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئۇ خىزمەت ئورنىدا كەم بولاتتى، بولغان
ۋاقىتلىرىدىمۇ گەپ سېتىپ، ئىككى گەپنىڭ بىرىدە مەرۇپ ئاق-
ساقالنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە تەمەننا قوياتتى. بەزى كۈنلە-
رى ئىشخانىدىن مۇھەررىرلەرنىڭ بىر - بىرىگە: «ئەدھەمگە نېمە
بولدى ھوي، ئۇقۇشماي ئەنقارنىڭ تۇخۇمىنى يەپ سالدىمۇ، قاند-
داق؟ يېقىندىن بېرى، ئامىتى كېلىپ، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ
كېتىۋاتىدىغۇ!» دېگەندەك گەپلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. دېمىسى-
مۇ، يېقىندىن بېرى، ئەدھەمنىڭ ھېلىقى «ئەدەبىيات ۋە زوقلى-
نىش» دېگەن ئەسىرى نەشر قىلىنىدىغان بوپتۇ، مەرۇپ ئاقسا-
قال بىرلا تېلېفون بېرىپ، مەخپىي پىچىرلىشىپتىكەن، مۇئاۋىن
باش مۇھەررىرمۇ غىڭ قىلالماي قاپتۇ، دېگەندەك گەپلەر كەڭ
تارقىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۈچ كۈن بۇرۇن ئىدارد-
نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھېكمەت سوپى ئۇنىۋان باھالاش ھەيئىتىدد-
كىلەرگە: يولداش ئەدھەمنىڭ ئۇنىۋان ئىشىنى قايتا ئويلىشىڭ-
لار، يۇقىرىدىن يوليورۇق بار، ياش، ئىقتىدارلىقلارغا ئېتىبار
بېرىش كېرەك، دېگەندەك گەپلەر بىلەن يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش
قىلدى. لېكىن بۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى، بەزىلەر تېخى

كۆپۈپ: «ھۆججەتمۇ، پرىنسىپمۇ يۇقىرىدىن كەلگەن، خالىسا
ئۆزلىرى بەرسۇن» دەپ تۈگۈلۈۋالدى. ھەيئەت ئەزالار تۈگۈلۈ-
ۋالسا، ھېچنېمە قىلغىلى بولمايتتى، چۈنكى، بۇ يوشۇرۇن ئاۋاز
بىلەن بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىش، سەن ھەرقانچە ۋەز ئېيتساڭ-
مۇ، كىشىلەر يەنە ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئاۋاز بېرىۋېرىدۇ...

ھىدايەت مەرۇپ ئاقساقالنى ئانچە بىلمەيتتى. گېزىت ۋە
تېلېۋىزوردىكى ھەر خىل يىغىن خەۋەرلىرىدىن ئىسمىنى ۋە سۈ-
رىتىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرەر
قېتىممۇ ئەسرا بولمىغانىدى. لېكىن ئۇنى پېشقەدەم رەھبىري
كادىر سۈپىتىدە غايىبانە ھۆرمەت قىلاتتى. ئەدھەمنىڭ بىرلا
دوملاپ، ئاشۇنداق بىر پېشقەدەم كادىرنىڭ قوينىغا كىرىۋالغاز-
لىقى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئەگەر ئۇ، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن،
ئەمەلدار بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى نورمال بېرىش - كېلىش
بولغان بولسا، باشقا گەپ ئىدى، ھالبۇكى، ئەدھەمنىڭ ئۇ كىشى
بىلەن ئۇياقتىن تونۇشۇپ، بۇياقتىن بىرمۇنچە ئىشلارغا قول
تىققۇزغانلىقى بۇ مۇناسىۋەتنىڭ نورماللىق دائىرىسىدىن ھالقىپ
كەتكەن سىرلىق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە، ئەدھەمنىڭ مەرۇپ ئاقساقالنى ھەممە سورۇندا
ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ھەممە ئىشتا شېپى كەلتۈرۈپ، ئۆز -
ئۆزىگە تەمەننا قويۇشى خۇددى «پىلنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالغان
كۈمۈتىنىڭمۇ كۈچلۈكمەن» دېگىنىدەك، كۈلكىلىك بىر ئىش
ئىدى.

ئۆلۈشكۈن ئىشخانىدا، بىرنەچچەيلەن ئارىسىدا بولغان مۇڭ-
داق بىر سۆھبەت بۇ مۇناسىۋەتنىڭ غەيرىيلىكىنى ئىسپاتلاپ
قويىدى:

— سەن بىر ئىلاھنى تېپىۋالدىڭغۇ دەيمەن، ئەدھەم، كۈندە
بېرىپ تاۋاپ قىلىسەن؟

— ئىلاھ دېگەن نېمە ئۇ؟! شۇنداق بىر مۆجىزىلىك كۈن-

لۇكنى تاپتىمكى، خۇددى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىكى «سۇلايمان قالپاق» دەك، مېنى ھەرقانداق مۇشكۇلاتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەختكە ئېرىشتۇرىدۇ...

— ئۇنداق چوڭ ئادەملەرنىڭ ئارقىسىدىن پايپاسلىما، ئەدەم، خىلى - خىلىدا ياخشى، پىچاق قىنىدا، دېگەن گەپ بار. بۇنداق كېتىۋېرىپ، ئاخىرىدا ئەگەر بىلەن مەگەر قوشۇلۇپ، ئوتتۇرىدىن كاشكى چىقىپ قالمىسۇن، يەنە!

— بۇ خۇددى «ئىچى تارغا دۇنيامۇ تار كېلەر» دېگەندەك، گەپ بولدى، مەندىن ئەنسىرەپ كەتمەڭلار!

......

ھىدايەت بۇگۇن ئەدھەمنىڭ ئۆيىگە بېرىش نىيىتىگە كەلدى، قانداقلا بولمىسۇن ئىككىسى كونا ساۋاقداش، دوست. دوستلارنىڭ كۆڭلى ئەينەكتەك تازا ۋە ساپ بولۇشى لازىم. ئۇنى قەدىرلەپ، ئاسراش كېرەك. ئاسرالمىسا، دەز كېتىدۇ. يېقىندىن بېرى ئەدھەم ئۆزىنى چەتكە ئېلىۋالدى، چەتكە ئالغان بولسا، قىستاپ بېرىش كېرەك، كۆڭۈلنىڭ يورۇق - ئازادە، گەپ - سۆزنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بولغىنى ياخشى!...

ئۇ سائەت ئون بىلەن ئەدھەمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. خانقىز ئەمدى ئەتىگەنلىك چاي داستىخىنىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى.

— ۋاي - ۋۇي... سىزمۇ بار ئىكەنسىز، ھىدايەت؟ — دېدى خانقىز ئېچىلىپ، — بېشىڭىزدىن نان ئۆرۈۋېتەي، بولمىسا، كۆز تېگىپ كەتمىسۇن يەنە!...

ئەدھەم ئىچكىرى ئۆيدە ئىدى، ئۇ ھىدايەتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، چىقمىدى. پەقەت خانقىز ئارقا - ئارقىدىن توۋلىغاندىن كېيىنلا، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلەپ دالان ئۆيگە چىقتى.

— ياخشى تۇردۇڭمۇ؟ — ھىدايەت ئالدى بىلەن قولىنى سوزدى، — ئۆيدە ئىكەنسەن؟

— ھە…، — ئەدھەم سوغۇقلا جاۋاب بەردى، — ھازىرچە بىر يەرگە چىقمىدىم، چۈشتىن كېيىن مەرۇپ ئاقساقال ماشىنا ئەۋەتمەكچى، بىر يەرگە بىللە بارىمىز، دېگەن…

ھىدايەتنىڭ كۆڭلىدىن: ئەتەيلا شۇنداق دەۋاتىسەنغۇ! … دېگەن خىياللار ئۆتتى. خانقىز تېزلا داستىخان تەييارلىدى، سىنچاي قۇيدى، ئارقىدىن چەينەكنى ئەدھەمنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويۇپ، ھالۋا ئېتىش ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى. ئىككى ساۋاقداش ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چېكىپ، بىر ـ بىرىنى كۆزىنىڭ قىرىدا كۆزىتىپ بىر پەس جىم ئولتۇردى. دەسلەپكى گەپنى يەنە ھىدايەت باشلىدى:

— بۈگۈن مەن سەن بىلەن سىرداشقىلى كەلدىم، ئەدھەم… ھەرقانداق گېپىمىز بولسا، ئوچۇق ـ ئاشكارا دېيىشەيلى. گەرچە مەن ئىدارىدە سېنىڭ باشلىقىڭ بولسامۇ، لېكىن تۇرمۇشتا، مۇناسىۋەتتە بىز يەنىلا ساۋاقداش، دوست، بىر ـ بىرىمىزگە مەسئۇل بولۇش بۇرچىمىز بار… سېنىڭ بېشىڭغا تاياق تەگسە، مېنىڭ پۈتۈم سىرقىرايدۇ، سەن كۈلسەڭ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ يايراپ قالىدۇ…

ھىدايەتنىڭ سۆزى ئاغزىدا قالدى. قوڭغۇراق جىرىڭلاپ، ئۆيگە مېھمان كەلدى. خانقىز ئىشىكنى ئېچىپلا ھەيران قالدى. بوسۇغىدا بىر سومكا سوۋغات كۆتۈرگەن گۈلجان تۇراتتى.

— گۈلجان! … سەنمىدىڭ…، — خانقىز ھەيرانلىق ئىچىدە قارشى ئالدى، — قارا، ياپياش تۇرغىنىڭنى! … بۇيا ئۇرۇقى يېدىڭمۇ نېمە؟ خەقلەر: بۇيا ئۇرۇقى يېگەن ئادەم قېرىمايدۇ، دەيدىكەن…

ئەدھەم «گۈلجان» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ، خۇددى ئۆندەرىگەندەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى. ئاڭغىچە گۈلجانمۇ ئىچكىرى ئۆيگە كىردى. تۆت ساۋاقداش تەئەججۇپ، قىزىقىش، ھەيرانلىق ۋە سېغىنىش ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى.

ئۇلارنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ھەممەيلەن بىر - بىرىنى ئەسلەپ، تونۇشۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى…

گۈلجان لەۋزىگە ئەمەل قىلغانىدى. بۈگۈن ئۇ، كۆڭلىگە ئىككى ئىشنى پۈكۈپ كەلگەنىدى، بىرىنچىسى، ناخشا مۇسابىقىسىدە ئەدھەمنىڭ ياردەم بېرىشىنى يەنە بىر قېتىم تاپىلاش؛ ئىككىنچىسى، خانقىزنىڭ تۇتقان ئۆيىنى كۆرۈش!

گۈلجان خانقىزنى ياخشى كۆرمەيتتى، بولۇپمۇ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى قاتتىق ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. قىزلارنىڭ دوستلۇقى بۇزۇلسا، ئاسانلا دۈشمەنلىشىشكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئىككى يىل يېقىن سىرداش بولۇپ ئۆتتى. ئوغۇللار تۈگۈل، قىزلارمۇ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە ياراشقان بىر جۈپ گۈزەل، قوشماق دوستلار ئىكەنلىكىگە ھەۋەس قىلاتتى. لېكىن ئۈچىنچى يىلى خانقىز ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى ئۇلارغا كۆز تەگكەندەكلا بىر ئىش بولدى. ئۇلار بىر كۈنى ياتاقتا يىگىتلەر توغرىسىدا گەپ تالىشىپ، بىر - بىرىگە ماي تارتىشىپ قالدى. شۇ ئىشتىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئۇلار بىلەن بىر ياتاقتا ياتىدىغان ئورۇق، سېرىق بىر قىز خانقىزغا: «سىز گۈلجاننى دوستۇم دەپ يۈرىسىز، لېكىن قىلغان گەپلىرى دۈشمەندىنمۇ بەتتەر، ئۈلۈشكۈن ئۇ ماڭا: خانقىز دېگەن چاغلىققۇ، غوزا باش، كىرپە تۇمشۇق! مېنىڭ سايەمدە يىگىت تېپىۋالمىغان بولسا، كەشىنى سۆرەپ يۈرەتتى تېخى! … دەۋاتىدۇ» دەپ ئېچىتتى. بۇ سۆز خانقىزنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ھەرقانداق ئايال خەق غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغاندا، ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. شۇ گەپتىن بىر كۈن كېيىن، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق گۈلجان تۇنجى قېتىم تونۇشقان يىگىتى بىلەن تانسىغا بېرىش ئۈچۈن، خانقىزدىن خۇپپىيانە ھالدا ئۇنىڭ ئايەملىك گىرىپ كۆڭلىكىنى، مېغىز رەڭ توپلىيىنى كېيىپ، زەر باسقان ھىلھىلە ياغلىقىنى بوينىغا ئار-

تىپ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. بۇنداق ئىشلار قىزلار ئارىسىدا، بولۇپمۇ بۇ ئىككى دوست ئارىسىدا بۇرۇن كۆپ بولۇپ تۇراتتى. لېكىن بۇ قېتىم خانقىز بۇنى ئۆچ ئېلىشنىڭ ۋاستىسى قىلدى. ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندە خانقىز بۇنى بىلىپ قېلىپ، تانسا مەيدانىغا بۆسۈپ كىردى. گۈلجاننى يىگىتىنىڭ ۋە بىرنەچچە ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا شەرمەندە قىلدى.

— كۆڭلەكنى سال، ئاياغنى يەش! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — ياغلىقنى ئەكەل! كىيگۈدەك كىيىمىڭ يوق ئادەم يىگىتلەرنى قىرلاپ نېمە قىلىسەن؟! «كۆتۈمدە ئىشتان يوق، ئېتىم مارجانبۇۋى» دېگەن سەن ئىكەنسەن - دە!...

گۈلجان ھېچنېمە دېيەلمىدى، كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كەتتى. ھېلىقى يىگىتمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ يوقالدى. بۇ دەرد - ئەلەم، بۇ خورلۇق شۇ چاغدىلا گۈلجاننىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ، ھەربىر ھۈجەيرىسىگىچە سىڭىپ كەتكەنىدى.

قايسىبىر چەت ئەللىك فىزىئولوگ: «بالىلىق دەۋرىدىكى ئۆچمەنلىكلا ھەقىقىي ۋە ئەڭ ئۇزاق داۋام قىلىدىغان ئۆچمەنلىكتۇر» دېگەنىكەن. ئېھتىمال، گۈلجاننىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئاشۇ ئاداۋىتى ئاستا - ئاستا كۈچىيىپ، تاۋلىنىپ، مانا ئەمدى ھەقىقىي ئاداۋەتكە، ھەقدادىغا يەتكۈزمىسە بولمايدىغان ئۆچمەنلىككە ئايلانغان بولسا كېرەك!

ئۇ ئەدھەم بىلەن كۆرۈشكەن ئاشۇ كۈنىلا، كۆڭلىگە نۇرغۇن پىلانلارنى پۈكۈپ قويغانىدى...

گۈلجان بۈگۈن بۇ يەرگە تېخىمۇ رەڭدار ۋە چىرايلىق كىيىنىپ كەلگەنىدى.

ئىككى ئەر ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى. ئەدھەم بۈگۈن ئۇنى ئايالى بىلەن يۈزمۇيۈز سېلىشتۇردى. ئۇنىڭ خانقىزدىن بىرمۇنچە جەھەتتە ئارتۇقچىلىقلارغا — چىرايدىكى ئارتۇقچى-

لىققا، تېتىكلىك ۋە زامانغا ماسلىشىشتىكى ئارتۇقچىلىققا، روھلۇق ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشتىكى ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق سەزدى.

خانقىزمۇ گەرچە ئۆز ۋاقتىدا گۈزەللىكتە، يۈرۈش - تۇرۇشتا ھەممىنىڭ ئاغزىغا چىققان، بىرىنچى قاتاردىكى قىزلاردىن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۆزىنى تاشلىغان، سالپايغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا سەھراچە پۇراق سىڭگەن ئېغىر - بېسىق جۇۋانغا ئايلانغانىدى...

ھىدايەتمۇ گۈلجانغا راسا سەپسالدى. گۈلجان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۈتۈن گۈزەللىكى بىلەن نامايان بولدى:

ئۇنىڭ بويى مېتىرلاپ كەسكەندەك ئۆلچەملىك، ئۇستىخانلىرى نازۇك ۋە ئەۋرىشىم ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ، خۇددى قارلىق جاڭگالدا پىرقىراپ يۈرگەن قىزىل تۈلكىگە، باغلاردىكى ئۆتكۈر تىكەنلىك قىزىلگۈلگە، تۈن قاراڭغۇسىدا لاۋۇلداپ يانغان مەشئەلگە ئوخشايتتى.

قىسقىسى، ئۇ گۈزەل، ئوماق، قىزغىن، تېتىك ۋە يالقۇنلۇق ئىدى. ھىدايەت ئۇنىڭ تۇرقىغا، گەپ - سۆزلىرىگە، يۈز - كۆزىدىكى خىلمۇخىل ئىپادىلەرگە قاراپ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى كەسكىنلىكىنى، ئەركىنلىكىنى، شەخسىيەتچىلىكىنى ۋە زوراۋانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭدا ھەرقانداق نەرسىگە نىسبەتەن بىر خىل مۇستەقىللىق، ھۆكۈمرانلىق ئىدىيىسى باردەك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن ئەرنىڭ باشقا ھەرقانداق ئايالغا يېقىنلىشىشىغا يول قويمايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، ئەرلەردىمۇ بولمايدىغان بىر خىل قەھرلىك باردەك قىلاتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ ھەم سۆيۈملۈك، ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى...

ھىدايەت ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىن ھالقىپ، ئىچكى دۇنياسىغا قىزىقىپ قالدى ۋە شۇ نىيەت بىلەن:

— گۈلجان، كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئۇزۇن بوپتۇ، ھەممىمىز ھەر يەردە، ھەر خىل كەسىپ بىلەن بولۇپ كەتتۇق، — دېدى ئاستا كوچىلاپ، — سىزدىن بىر نەرسىنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئەڭ ئالىي غايىڭىز نېمە؟

گۈلجان تەمتىرىمەيلا جاۋاب بەردى:

— بەكلا ئاددىي، يىغىنچاقلىسىڭىز ئۈچ جۈملە سۆز: شۆھرەتلىك نام، يۇقىرى مائاش، كۆڭۈللۈك ھەمراھ! قانداق، غايەم بولامدىكەن؟ — ئۇ ھىدايەتكە بېشىنى سىلكىپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ قاراپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ جاۋابى ئەدھەم ئۇچۇن ناھايىتىمۇ مەردانە ۋە ھەققانىي تۇيۇلدى، شۇڭا ئۇ گۈلجانغا قاراپ، بېشىنى قايىللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن لىڭشىتىپ قويدى. ھىدايەت سۆزلەشكە تەمشىلىۋېدى، گۈلجان ئۇنى قولى بىلەن بېسىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئىزاھلاشقا باشلىدى، — يولداش ھىدايەت، ئادەم بۇ دۇنياغا مېھمان. شۇنداق ئىكەن، ئۇ بىر دەقىقە بولسىمۇ، راھەت - پاراغەتتە ياشىشى كېرەك. سىز ئويلاپ بېقىڭ، كىشىلەرنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى، قانداقتۇر خۇدانىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەس ياكى قانداقتۇر ئومۇمىي ئىنسان غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ ئەمەس، ئۇ ھەربىر شەخسنىڭ ئۆز قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت! تۇرمۇش دېگەن كونكرېت شەخسنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق ئىشقا سېلىش دېگەنلىكتۇر! ئادەم قانداقتۇر غايە، ئېتىقاد دېگەنلەرنى ئەمەس، ئۆزىنى مۇھىم بىلىشى كېرەك! ...

ھىدايەت تاقەت قىلالمىدى، ئۇنى ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان بىر خىل مەنىۋى كۈچ سۆزلەشكە ئالدىرىتىۋاتاتتى.

— گۈلجان، ھۆرمەتلىك ساۋاقدىشىم، — دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن، — سىز ھازىرقى غەرب ياشلىرىدا مەۋجۇت بولغان «ئېتىقاد كرىزىسى» دېگەن نەرسىنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر

بولۇقۇپ قاپسىز! مېنىڭچە، بىر ئادەمدە، بولۇپمۇ هايات يۇرۇ-
ۋاتقان بىر ياشتا مۇئەييەن ئېتىقاد بولمىسا بولمايدۇ. ئادەم ئېتىد-
قاد بىلەن ياشاش كېرەك. ئېتىقادنىڭ كۈچى ئۇلۇغ. ئېتىقاد
دۇنيادا ئاجايىپ ئۇلۇغ نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىۋەتتى. ئىنساند-
يەت ئاشۇ ئېتىقادنىڭ كۈچى بىلەن قايسى مىللەت، قايسى ئىرق،
قايسى يەرلىك بولۇشىغا قارىماي، خىلمۇخىل دىنلارغا بۆلۈندى.
ئەنە شۇ ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسى بىلەن قۇببىلىرىگە ئالتۇن ئورند-
تىلغان، سەلتەنەتلىك مەسچىتلەر، هەيۋەتلىك بۇتخانىلار، سىر-
لىق ۋە هەشەمەتلىك چېركاۋلارنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇلارغا
ئاشۇ ئېتىقاد ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى، يۈرەك مېھرى
سىڭدى. كىمدۇر بىرى: «ئېتىقاد — يۈرەكتىكى بوستان، كار-
ۋان ئۇنىڭغا ئەبەدىي يېتىپ بارالمايدۇ» دەپتىكەن. شۇنداق، ئۇ
پەقەت يۈرەككىلا تەئەللۇق نەرسە! ئۇ ئادەملەرنى ئالغا ئىنتىلدۈ-
رىدۇ، روهلاندۇرىدۇ، ئۈمىدلەندۈرىدۇ. سەن يۈرەكتىكى ئاشۇ
بوستانغا يېتىش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئىنتىلىسەن، هەرىكەتلىند-
سەن! ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ ئەنە شۇ يەردە! ئەپسۇسكى،
سىز هازىر، گۈلجان، رېئال هايات ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئەپسا-
نىۋى تۇرمۇش پاراغەتلىرى ئىچىدە ياشاۋېتىپسىز! سىزنىڭ تۇر-
مۇشىڭىزدا، ئوي - خىيالىڭىزدا، سىياسىي رېئاللىقتىن كۆرە
سىياسىي غايىچىلىك كۆپ ئىكەن!

گۈلجان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭغا مەهلىيا بولۇپ
ئولتۇرغان ئەدھەممۇ خۇددى ئۇنىڭ سايىسىدەك قوشۇلۇپ
كۈلدى.

— بىلدىم، بىلدىم...، — دېدى گۈلجان نازۇك قوللىرىنى
ئويىنىتىپ، — سىز ئېتىقادنىڭ مۇئەللەق راۋاقلىرىغا چىقماقچى
ئوخشايسىز، هىدايەت. مېنىڭچە، قانداق چىقارسىز؟ بوپتۇ،
مېڭىپ كۆرۈپ بېقىڭ! راستىنى ئېيتقاندا، ئېتىقاد دېگەن نەرسە
بەزى رومانتىك سىياسەتچىلەرنىڭ كاللىسىدىكى غايىۋى مەنزىل.

ئۇ بىر مۇئەللەق دۇنيا! ئۇنىڭغا ھېچكىم چىقالمايدۇ. مېنىڭچە،
ئادەم ئۇچۇن ئۆزى ياشاۋاتقان «ھازىر» ئەڭ ئەھمىيەتلىك بول-
دۇ. ھازىر — ۋاقىتنىڭ مارشى! ئۆتمۈشنىڭ ھېچقانداق ئەھمى-
يىتى يوق، يىراق كەلگۈسىنىڭ بولسا، تېخىمۇ شۇنداق! سىزدە
دونكىخوتچە ئىدىيە خېلى كۈچلۈك ئىكەن. سىلەر ئالىي مەكتەپ-
تىكى ۋاقىتىڭلاردا پات - پات «دونكىخوت» توغرىسىدا سۆزلىشەت-
تىڭلار. مەن ئۇ چاغدا دىققەت قىلماپتىكەنمەن. يېقىندا «دونكى-
خوت» رومانىنى ئوقۇپ چىقتىم. ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن.
رومانىدىكى كۈلكىلىك، ئېچىنىشلىق ھەم ئەجەبلىنەرلىك بىر
چەۋەندازنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئوڭۇشسىزلىقلىرى كىشىدە
چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىكەن. دونكىخوت ساخاۋەتلىك باتۇر بو-
لۇش ئۇچۇن، جاھان كېزىپ يۈرۈپ، چاقپەلەكنى گىگانت ئا-
دەم، قويلارنى ئەسكەر، مىس قاچىنى قالپاق دەپ غەلىتە قىلىقلار
بىلەن تەلۋىلىك قىلىدىكەن، ئاخىر، جاجىسىنى يەيدىكەن. دون-
كىخوتنىڭ ساۋىقى شۇ يەردىكى، ئۇ دەۋرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى
ھېسابقا ئالمايدۇ، ئۇ مەيتۇن بولغان دەۋرنىڭ ئاللىقاچان كەل-
مەسكە كەتكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ… سىزدىمۇ،
ھىدايەت، ئاشۇ دونكىخوتنىڭ تەسىرى باردەك قىلىدۇ…

گۈلجان سۆزدىن توختىدى، پىيالىدىكى سوۋۇپ قالغان چاي-
دىن بىر ئوتلاپ، ئارقىدىن ئاپئاق ياغلىقىدا لەۋلىرىنى
بېسىپ - بېسىپ قويدى. ئەدەم خۇشاللىقتا تولغان كۆزلىرىنى
يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭ غالىبانە تۇرقىغا نۇرانە نەزەر بىلەن
تىكىلدى.

گۈلجاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەتكەنىدى.
ئۇ بىر تەرەپتىن، ھىدايەتنىڭ ئاددىي بىر ئايالنىڭ ئالدىدا قىزى-
رىپ، تاتارغانلىقىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گۈل-
جاننىڭ ھايات قارىشى، تەپەككۇرى ۋە غايە، ئىنتىلىشلىرىنىڭ
ئۆزى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىكەنلىكىدىن خۇشال ئىدى.

بولۇپمۇ، ئۇنىڭ چېچەن، تېتىك ۋە مەردانىلىكىگە ناھايىتى قا-
يىل بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، تېخىمۇ يۇكسەك
ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر شېئىرىي تۇيغۇ
پەيدا بولدى: توۋا، ئاتاڭغا رەھمەت، گۇلجان! بۇرۇن ئەجەبمۇ
دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. سېنىڭ ئەقىل - ھوشۇڭ جەننەتتىن،
قاش - كۆزۇڭ دېھلىدىن، ئېغىز - بۇرنۇڭ تېھراندىن، بەل ۋە
كۆكسۇڭ پارىژدىن كېلىپ، بىر - بىرىگە ماسلاشقان، ياراشقان
شۇنداق گۇزەل ۋە ئەقىللىق ۋۇجۇدنى ھاسىل قىلغانىكەنغۇ!...
بۇ چاغدا، ھىدايەتنىڭ خىيالىغا فىچۇرىنىنىڭ بىر سۆزى
كەلگەنىدى: «ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن،
بولۇپمۇ خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلى...»
ئۇ، گۇلجاندا ھازىرقى بىر قىسىم ياشلاردا مودىلىشىپ
قالغان «جىنسىي ئەركىنلىك»، «زامانىۋى ئاڭ» دېگەندەك رو-
ھىي نەرسىلەرنىڭ تەسىرى خېلى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ
جىسمى جۇڭگودا — ئەمدى گۇللەپ ياشناۋاتقان ئۇچىنچى دۇنيادا
بولسىمۇ، روھى ئامېرىكىدا — ئۆزى كۆرمىگەن، سىرلىق،
رەڭگارەڭ بىرىنچى دۇنيادا ئۇچۇپ يۇرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.
شۇڭا، ھىدايەت ئۇنىڭ ھەربىر قارىشى ۋە ھەربىر سۆزىگە بىرمۇ
بىر جاۋاب بېرىشنى لايىق كۆرمىدى، چۇنكى، ئۇلار يەتتە يىلدىن
بېرى بىرىنچى قېتىم تاسادىپىي ئۇچرىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ
ئۇستىگە، ھەر ئىككىسى بۇ ئۆيگە مېھمان ئىدى. شۇڭا، ئۇ
ئولتۇرۇشنىڭ كەيپىنى بۇزماسلىق ئۇچۇن، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى
مۇنداقلا چۇشۇردى:
— گۇلجان، ھەممە گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، بىر
ئادەمنىڭ غايىسى پەقەت تارىخىي تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن
بولغاندىلا، ئۇ ئىلمىيلىققا ئىگە بولالايدۇ، رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.
سىز بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتىسىز. ئۆزىڭىزنى ھەر-
قانچە ئەركىن، يۇگەنسىز تۇتمەن، دېگىنىڭىز بىلەنمۇ ئەمەلد-

يەتتە ئۇنداق بولالمايسىز. چۈنكى، ئادەمنى ھەمىشە رەڭگارەڭ ئارغامچا، كۆزگە كۆرۈنمەس زەنجىر ـ كىشەنلەر چۇشەپ تۇرىدۇ. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى، ئادەم مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئىچىدە، ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ سىرلىق مۇناسىۋەتلىرى ئارىسىدا ياشايدۇ. ھايات يولى ئاچال ۋە ئۆتكەللەر بىلەن تولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سىزنى ھەمىشە ئەخلاق مىزانلىرى، جامائەت پىكىرىنىڭ غايىبانە تورلىرى قورشاپ تۇرىدۇ!...

گۈلجانغا ئەمدى سۆزلەش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى. ئەگەر خانقىز تاماقتا تەكلىپ قىلىپ كىرمىگەن بولسا، ئۇ يەنە كىشىلىك ھايات، ئادەم ۋە ئادەمنىڭ قىممىتى توغرىسىدا بىرمۇنچە نەرسىلەرنى سۆزلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئاچچىقسۇ، لازىسى تەڭشىلىپ، چاچتەك راسلانغان لەڭمەن ھەممەيلەننىڭ شۆلگەي بەزلىرىنى غىدىقلاپ، ئىشتىھاسىنى ئاچتى.

— مۇنازىرە سېغىنىپ قاپتىكەنسىلەر ـ ھە! — دېدى خانقىز گۈلجاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — قايسىڭلار چېمپىيون بولدۇڭلار؟

— ئەلۋەتتە ئاياللار بولىدۇ ـ دە! — ئەدھەم بىرىنچى قېتىم سۆزگە ئارىلىشىپ، گۈلجانغا مەنىلىك قاراپ قويدى.

— شۇنداق، چېمپىيونلۇقنى گۈلجانغا بەردۇق، — دېدى ھىدايەتمۇ سىرلىق كۈلۈپ، — چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز قاراش ۋە گەپلىرى يېڭى ھەم يېگانە ئىكەن!

— شۇنداقمۇ، سىزنى تەبرىكلەيمەن، گۈلجان! — دېدى خانقىز ۋە ئىككى سابىق دوست بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى.

ئەدھەم تاماق يەۋېتىپمۇ گۈلجاندىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. گۈلجان پات ـ پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى تاشلايتتى ۋە ناز بىلەن كۈلۈپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق ئوغرىلىقچە قاراشلىرىنى خانقىز سېزىپ قالدى، شۇ ھامان كۆڭ-

لى غەشلىنىپ، ئىشتىھاسى غىققىدە بولدى. ئۇنىڭ تۇيغۇن سەز-
گۈلىرى گۈلجاننىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىدا كۇتۇلمى-
گەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن بېشارەت بەرگەندەك،
جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

مۇھەببەت ھەقىقەتەنمۇ شەخسىيەتچى نەرسە، ئۇ ئۆزى ياخشى
كۆرگەن ئادەمنىڭ باشقا بىرىگە تىكىلىپ قارىشىنىمۇ راۋا
كۆرمەيدۇ!

خانقىز خۇددى «كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن» دېگەندەك، ئىچىدە
چالۋاقاپ، مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا كوچىدىن
كىچىك ماشىنىنىڭ سىگنال بەرگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كەلدى، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ماشىنىسى كەلدى، —
دېدى ئەدھەم چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەمىسە، مەن كەت-
تىم، سىلەر تامىقىڭلارنى يەپ قايتارسىلەر!

ئۇ يەۋاتقان ئېشىنى تاشلاپ، سىرتقا ئېتىلدى. گۈلجان
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ئەدھەم، ھېلىقى ئىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ!

ئەدھەممۇ چىقىۋېتىپ، ئۇنلۇك جاۋاب بەردى:

— ئېسىمدە، خاتىرجەم بولۇڭ!

بۇ گەپ خانقىزنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى گۇمانغا ئايلان-
دۇردى.

## 3

يېقىنىدىن بۇيان، گۈلجان ئەدھەمنىڭ ۋاقتىنى كۆپ ئالىدى-
غان بولۇپ قالدى. خىيال ۋە تەشۋىشلەر ئۇنى ئازابلايتتى. بۇ
خىياللار ئۇنى ئۆيدىمۇ، ئىدارىدىمۇ، ئىشتىمۇ تىنچ قويمايتتى.
قەدىمدە ئۆتكەن بىر يازغۇچى: «مۇھەببەت — يوق ۋە ئەمەلگە
ئاشمايدىغان نەرسىنى خالاشتۇر!» دېگەنىكەن. بۇ ھەرقاچان

شۇنداق ئـوخشايدۇ. مەسىلـەن، رومىئو - ژۇلىتتـا، لىيالى شەنبەي - جـۇ يىڭتـەي، پـەرھـات - شىرىن، لـەيلى - مەجنۇن... ئۇلار ئۇچۇن مۇھەببەت هايات، هايات بولسا ئازاب ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن كۈرەشىپ، هاياتلىق ئۈچۈن ئېلىشاتتى. قەدىمكى زاماندا شۇنداق بولغان، هازىرمۇ شۇنداق بولسا كېرەك! ... ئەدھەم ئاشۇنداق چىگىش خىياللار بىلەن بىر سائەتتىن بېرى گۈلجاننى كۈتمەكتە. تۈنۈگۈن ئۇلار تېلېفوندا پۈتۈشكەن، بۈگۈن سائەت ئۈچ بىلەن مۇشۇ يەردە كۆرۈشمەكچى بولغانىدى.

گۈلجان دەل سائەت تۆتتە كەلدى.

— كەچۈرۈڭ، ئەدھەم، ساقلىتىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ بېشىنى مۇلايىم ئېگىپ.

— هېچ ۋەقەسى يوق... ، — ئەدھەم ئۇنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇشال ئىدى، — ئىشتىن ئايرىلالماي قالدىڭىزمۇ؟

— ياقەي، مۇنچىغا باردىم...

— مۇنداق دەڭ، شۇڭا ھەممە يەرلىرىڭىز پارقىراپ كېتىپتىكەن - دە! ...

ئۇ گۈلجاننىڭ قۇياش نۇرىدا يالىلداپ، هېلىلا نۇر ئىچىدە ئېرىپ كېتىدىغاندەك چاقناپ تۇرغان چاچلىرىغا، لايىقىدا قىلىنغان گىرىملەر بىلەن تېخىمـۇ گـۈزەل ۋە ئـوماقلىشىپ كەتكەن يۈز - كۆزلىرىگە، نازۇك، ئەۋرىشىم بوي - بەستى بىلەن ئاق پوسماق چىرايىغا بەكمۇ ماسلاشقان كىيىم - كېچەكلىرىگە باشقىدىن قاراپ چىقتى ۋە هاياجىنىنى باسالماي:

— كىيىملىرىڭىز ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ، خۇددى ئەرشتىن چۈشكەن پەرىزاتلارغا ئوخشىشىپ قاپسىز... ، — دېدى.

گۈلجان پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى.

كىشىلەر ئادەتتە دىققەت قىلمايدىغان بىر نەرسىنى، يەنى كىيىم - كېچەكتە بولىدىغان سېھرىي كۈچنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا

تەتقىق قىلغاندى. ئۇ، ئاق سېرىق كىشىلەر يېشىل رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيسە، كېسەل چىراي كۆرسىتىپ قويىدىغانلىقىدى، قارىمۇتۇق كىشىلەرگە كۆك، سۆسۈن ياكى سېرىق رەڭدىكى كىيىملەرنىڭ زادىلا ياراشمايدىغانلىقىنى، كۆكسى كىچىك، ساغرىسى يوغان قىزلار ئۈستى تەرەپكە ئاق ياكى قىزىل، ئاستى تەرەپكە قارا ياكى كۆك رەڭلىك كىيىم كىيسە، فىگۇرىدىكى ئېۋەنلەرنىڭ چانمايدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، ئۆزىمۇ ھەمىشە قىزىل بىلەن يېشىل، سېرىق بىلەن سۆسۈن، قارا بىلەن ئاق قاتارلىق كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئوچۇق ۋە يېقىملىق رەڭلەرنى ماسلاشتۇرۇپ كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى ۋە بۇ رەڭلەر ئۇنىڭ بوي ـ بەستىگە، چىراي ـ شەكلىگە، مىجەز ـ خۇلقىغا ماس كېلەتتى.

— ئاياللار كىيىم كىيىشنى بىلىشى، كىيىم كىيگەندە، ئوبرازلىق گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم، — دېدى ئۇ ئەدھەم بىلەن ئاستا يانمۇ يان كېتىۋېتىپ، — بۇنىڭدا رەڭ تاللاش مۇھىم. رەڭ ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزاسىغا تەسىر قىلىپ، مەلۇم مەنىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، قىزىل رەڭ — قىزغىنلىق، مەردانىلىكنى بىلدۈرىدۇ؛ يېشىل رەڭ — خاتىرجەملىك، نازاكەتنى بىلدۈرىدۇ؛ سېرىق رەڭ — ئالىيجانابلىق، ھەشەمەتلىكنى بىلدۈرىدۇ؛ كۆك رەڭ — مۇلايىملىق، تەمكىنلىكنى بىلدۈرىدۇ؛ ئاق رەڭ — يېنىك ۋە ساپلىقنى بىلدۈرىدۇ؛ قارا رەڭ — پەرىشانلىق ۋە سىرلىقلىقنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، بىزدە «ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى» دېگەن گەپ بار. ئاياللار كىيىم بىلەن بىللە پەرداز قىلىشنىمۇ بىلىشى كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىگە تايىنىپلا چىرايلىق بولالمايدۇ. ئۇنىڭغا قاشلىق، لەۋلىك، چاچلىق، سۇرمە، ماي، ئۇپا دېگەندەك نەرسىلەر كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىرقى زاماندا يالغان ئەمچەك، يالغان كاسا دېگەندەك سۈنئىي

نەرسىلەر تارقالدى، بۇمۇ كۆكسى يوق، ساغرىسى كىچىك ئاياللارنىڭ ئۆز فىگۇرىسىنى كۆركەملەشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان نەرسىلەر. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا نەرسە ئۈچۈن — ئاياللارنى گۈزەللەشتۈرۈپ، ئەرلەرنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ!

ئەدھەم ئۇنىڭ گەپلىرىگە زوقلىنىپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.

— سىز بىلمەيدىغان نەرسىلەرمۇ بارمۇ، گۈلجان؟ — دېدى ئۇ ئاخىر ھەيرانلىقىنى يوشۇرماي.

— بار، مەسىلەن، سىزنى بىلمەيمەن!

— مېنى... باغرىمنى يېرىپ بېرەيمۇ ئەمدى؟!...

— مېنى قورقۇتماڭ، قاتىل بولۇش خىيالىم يوق! — گۈلجان ئەدھەمنىڭ ئۈمچەرگەن، بىچارە قىياپىتىگە قاراپ داۋام قىلدى، — بىلسەممۇ قانداق قىلاتتىم، سىزنى ئەمدى خۇددى ھەسەلدەك شېشىگە ئېلىپ قويۇپ، سىرتىدىن يالايمەنمۇ؟...

بۇ گەپنىڭ مەنىسى ئېنىق ئىدى. ئەدھەممۇ بۇنى «خوتۇنۇڭ تۇرسا، قانداق قىلماقچىدىڭ؟» دېگەن مەنىدە چۈشەندى، شۇڭا نېمە دېيىشىنى بىلمەي، لېۋىنى چىشلىدى، كېيىن گەپنى قەستەن باشقا تەرەپكە بۇرىدى:

— ئاۋۇ كۈنى ھىدايەتنى قالتىس بابلىۋەتتىڭىز جۇمۇ، گۈلجان. مەن سىزنىڭ ئۇنچىلىك ناتىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئويلىماپتىكەنمەن!

— ئۇ ئاغىنىڭىزمۇ كونا ئامبارلارنى رەتلىگەندە چىقىپ قالغان بىر سولچى ئوخشايدۇ! — دېدى گۈلجان مىيىقىدا كۈلۈپ.

— تاپتىڭىز، دەل تاپتىڭىز!...، — ئەدھەم خۇشاللىنىپ كەتتى، — ئۇنىڭدىن شۇنداق گەپ چىقماي نېمە چىقماقچى، قۇشقاچ قانچىلىك، شورپىسى شۇنچىلىك - دە!

— غەلىتە ئادەملەر ئىكەن… ، — گۈلجان خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك غودۇڭشىدى، — ئۇلار مېنىڭ ياشاش ھوقۇ-قۇمنى تەستىقلاپ بەرمەكچىمۇ؟ يول بولسۇن! ھاياتلىق بەئەينى بىر چۈشكە ئوخشىشىدۇ، بىر ئادەم ئۆمرىدە قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈشى مۇمكىن؟ ياشلىق دەۋرىڭ ئۆتتىمۇ، ھەممىسى تۈگەيدۇ! ئۇنىڭدىن كېيىن راھەت كۆرىمەن، دېسەڭمۇ كۆرەل-مەيسەن!

— توغرا دېدىڭىز، توغرا گەپ! — دېدى ئەدھەم ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي قۇۋۇەتلەپ، — دۇنيانىڭ راھىتى — كىيمەك، يېمەك، ئوينىماق، كۈلمەك!

ئۇلار چوڭ گۈللۈكتىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، «ھەيرانباغ» نىڭ يېنىغا كەلدى. «ھەيرانباغ» نىڭ ھەر خىل گۈل ئەۋرىشكىلىرى بىلەن تولغان چوڭ دېرىزىلىك، كۆركەم، كۈنلۈكسىمان بىناسى غەربكە ئاققان قۇياش نۇرىدا چاقناپ، ھەسەن - ھۈسەندەك جىل-ۋىلىنىپ تۇراتتى. غەربىي يولدىن ئۇلارغا قارشى سەلكىن شامال سوقتى. گۈلجان كۆكسىنى كېرىپ، شامالغا قارشى ماڭدى، چاچلىرى دەريا بۇژغۇنلىرىدەك دولقۇنلىدى. قارامتۇل گۈللۈك ھال رەڭ يىپەك كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ، يەتتە ئەزايىنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى نامايان بولدى. بېغىرداقسىز ئەمچىكى بۆرتۈپ كۆتۈرۈلدى، ئەمچىكىنىڭ تۇپچىسى بولسا، خۇددى تاپانچىنىڭ ئوقىدەك ئۇچلىنىپ چىقتى…

ئۇلار چوڭ رەستىنىڭ بويىدىكى خىلۋەت بىر قەھۋەخانىغا كىردى. قەھۋەخانا كۆك ۋە قىزىل چىراغلارنىڭ سۇس نۇرى بىلەن خۇددى تۇمان ئىچىدە قالغاندەك گۇڭگا يورۇپ تۇراتتى. چەت ئەلنىڭ رىتىمى ئاستا، يېنىك مۇزىكىسى ئادەمنىڭ يۈرىكى-دىن چىققان سىرلىق كۈيدەك يېقىملىق، جەزبىلىك ئاڭلىناتتى. بىرنەچچە جۈپ قىز - يىگىتلەر يۆلەنچۈكى ئېگىز ئورۇندۇقلار-نىڭ دالدىسىدا سۆيۈشۈپ، پىچىرلىشىپ ئولتۇراتتى…

ئەدھەم بىلەن گۈلجانمۇ بىر بۇلۇڭغا چۆكتى. قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىگە ئۈنسىز قاراشتى. گۈلجاننىڭ ئاشۇ قاپقارا، قارىغان كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر جۈپ ئويناق كۆزى ئەدھەمنى ھالىدىن كەتكۈزدى...

— گۈلجان، — دېدى ئۇ تەسىرلىك، تۇيغۇلۇق بىر ئاۋازدا، — مەن ئاياللارغا چوقۇنىمەن، ئاياللار ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىنسان. ئەگەر دۇنيادا سىلەر بولمىغان بولساڭلار، پاكلىق، گۈزەللىك ۋە تەرتىپ دېگەنلەر بولمىغان بولاتتى. تۇرمۇشمۇ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتەتتى. پۈتكۈل ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئاق سۈتى ۋە ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ يېتىشتۈرگەن ۋە ياراتقان. ئۇلارنىڭ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلغان يەلكىسىدە كۆتۈرۈۋاتقىنى بەلكىم يېرىم دۇنيادىن ئارتۇقتۇر!...

بۇ سۆزلەر گۈلجانغا تەسىر قىلدى، ئەدھەمنىڭ روھىي دۇنياسى، ئەقىدىسى ئۇنىڭغا ياقتى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىن خۇددى مارجان تىزىقىدەك رەتلىك، تەسىرلىك، ھاياجانلىق چىققان بۇ سۆزلەر ئۇنى قايىل قىلدى، ئەدھەمنىڭ ئەقلىگە، ئەقىدىسىگە قايىل بولدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى مەپتۇن قىلغان بۇ سۆزلەرنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا بىر كىتابتىن ئالاھىدە مەقسەت بىلەن يادلىۋېلىنغانلىقىنى ھېس قىلمىدى.

— ئاھ!...، — دېدى گۈلجان كۆڭۈل - كۆكسى يايراپ، — نېمىدېگەن ئالىيجاناب سۆزلەر بۇ، ئەدھەم؟! مەن تېخى ئەرلەرنىڭ ياخشىسى جەننەتتىلا بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئارىمىزدا سىزگە ئوخشاش ئاياللارنىڭ غەمگۈزارىمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ! بۇ تەسىرلىك قەسىدىڭىز قەلبىمگە ئورنىدى.

— قەسىدە دېگەن مانا بۇ يەردە، — دېدى ئەدھەم يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، — بۇ پەقەت سىزگىلا تەئەللۇق! ئاخشام سائەت ئىككىگىچە يازدىم...

— قىممەتلىك دوستۇم خانقىزنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزدىڭىز بىلگەن سەنەمگە دەسسەپسىز - دە! — گۈلجان قېشىنى ئۈچۈرۈپ، كۆزلىرىنى مەنىلىك ئوينىتىپ قويدى، — بىچارە دوستۇم، شۇڭا پات قېرىپ كېتىپتىكەن!...

— ئۇنى ئۆزىدىن كۆرسۇن! — دېدى ئەدھەم قولىدىكى قەغەزنى گۈلجانغا بېرىۋېتىپ، — ئايال دېگەن سىزگە ئوخشاش كۆكسى - قارنى كەڭ، نەزىرى ئۇستۇن، مىجەز - خۇلقى ئوڭلۇق بولسا، ھەرگىز قېرىمايدۇ!...

گۈلجان قولىدىكى قەغەزگە قارىدى، ئۇنىڭدا ئۆزىگە ئاتالغان مۇنداق بىر پارچە شېئىر تۇراتتى:

مەن سۆيىمەن چاچلىرىڭنى،
چاچلىرىڭنى تاراپ قوي.
سۇمبۇل چاچتا ھاجەت يوق،
ھاجىتىمگە ياراپ قوي!
كۆزلىرىڭدە ئالەم بار،
كۆزلىرىڭدە كائىنات،
شۇ كۆزلەرنى سۆيدۇممەن،
سۆيمىسەڭمۇ قاراپ قوي!

گۈلجان دەسلەپ خۇددى بۇلبۇلدەك قېقىنداپ، بەكمۇ ساز ۋە يېقىملىق كۈلدى. كېيىن بىردىنلا قاش - كۆزىنى سۈزۈپ، شۈكلەپ قالدى.

— قانداق؟ سىزگە بولغان كۆڭلۈمنى مۇشۇ شېئىردىن بىلىپ قالسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئەدھەم ئۇنىڭ خىيالچان يۈزىگە تىكىلىپ، — گېيوگونىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «ھايات — گۈل، مۇھەببەت ئۇنىڭ شىرنىسى!» مەن سىزگە ئاشۇ گۈلنى ھەم ئۇنىڭغا قوشۇپ شىرنىسىنىمۇ تەقدىم قىلدىم!

گۈلجان كۈتمىگەن يەردىن ئەدھەمگە مۇنداق سوئال قويدى:
— سىز شېئىرىڭىزدا: «ھاجىتىمگە ياراپ قوي!» دەپسىز. لېكىن مەن سىزگە ئۆز ھاجىتىمنى ئاللىقاچان ئېيتقان تۇرسام، ئۇنىڭ گېپى يوق، ئەمدى مەن سىزنىڭ ھاجىتىڭىزدىن چىقامدىمەن؟!
— مەنمۇ سىزگە «خاتىرجەم بولۇڭ» دەپ ئېيتقانىدىغۇ؟ — دېدى ئەدھەم گۈلجاننىڭ ئەتەي دومسايغان چىرايىغا تەلمۈرۈپ، — بۈگۈن سىزگە شۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن. يەنە دەيدىغان گېپىم شۇ: خاتىرجەم بولۇڭ؟ ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئۆگۈنلۈككە مەرۇپ ئاقساقالمۇ ئويۇن كۆرگىلى كېلىدىغان بولدى. مەن گېزىتخانىدىكى مۇخبىر ئاغىنەمنىڭ ئاپپاراتىنى سوراپ قويدۇم. ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ!
گۈلجاننىڭ چىرايى يەنە باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتتى:
— ئۇنداق بولسا، قەسىدىڭىزنى قوبۇل قىلدىم! كۆڭۈل ئىزھارىڭىز ئۈچۈن رەھمەت!
— ئاران شۇمۇ؟...
— ھازىرچە شۇ!...

## 4

«خەلق تىياتىرى» نىڭ ئالتۇن سۇيىدە ھەل بېرىلگەن كۆركەم قۇببىسى پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا جۇلالىنىپ، تېخىمۇ سەلتەنەتلىك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئازادە سەيناسىدا ئادەم مىغىلدايتتى. ناخشا - ئۇسسۇل دېسە جېنىنى بېرىدىغان بۇ خەلق بۈگۈن «تاللاش مۇسابىقىسى» نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرۈشكە قىزىقاتتى. لېكىن تارقىتىلغان بېلەت چەكلىك بولغاچقا، كىرىپ كېتىۋاتقانلار يەنىلا ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ

كۆپ قىسمى مەدەنىيەت نازارىتى، ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى، ئوپېرا ئۆمىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىدارە، جەمئىيەتلەرنىڭ كادىرلىرى ۋە بىر قىسىم ئالاقىدار رەھبەرلەر ئىدى. بىرنەچچە كىچىك ماشىنىلار غۇيۇلداپ كېلىپ قاتار تىزىلدى. بويىنغا ئاپپارات ئېسىۋالغان ئەدھەم ھەربىر كىچىك ماشىنا كەلسە، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلەتتى. بۈگۈن ئۇ چاچلىرىنى مايلاپ، ساقال - بۇرۇتىنى قىردۇرۇپ، گالىستۇك تاقاپ خېلى سالاپەتلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ كۈتكەن ماشىنا ئاخىر كەلدى. مەرۇپ ئاقساقال ماشىنىدىن چۈشۈپ قاتتىق بىرنى چۈشكۈردى ۋە بەللىرىنى رۇسلاپ، ئەتراپقا غادىيىپ قاراپ قويدى. ئۇ، بۈگۈن بېشىغا سوۋېتنىڭ يازلىق شلەپىسىنى كىيىپ، كۆزىگە ئامېرىكىنىڭ كەڭ جازىلىق كۈۋارتس ئەينىكىنى تاقىۋالغانىدى. ئەدھەم ئۇنى دەسلەپ ماشىنىنىڭ يېنىدا، كېيىن ئۇسسۇلچى قىزنىڭ ھەيكىلى يېنىدا تۇرغۇزۇپ ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە پارچە سۈرەتكە تارتتى، ئاندىن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ كېتىۋېتىپ:

— زىياخان ھەددەم كەلمەپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆيدە قالدى، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئېرىنىپ، — دېمەككىم، مۇنداق ئويۇنلارغا قىزىقمايدىغان خوتۇن ئۇ!

ئۇلار زالغا كىردى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئورنى بەشىنچى رەتتىكى ئالاھىدە ئورۇندا ئىدى. ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ بىرنەچچە تونۇش - بىلىشلىرى ئولتۇراتتى. ھېكمەت سوپى ئۇنى كۆرۈپلا نېرىقى چەتتىن قول سوزۇپ كەلدى. ئۇلار قىزغىن سالاملىشىپ بىر يەردە ئولتۇردى.

ئويۇن ھايال بولماي باشلاندى. ئېلانچى قىز بۈگۈنكى تاللاش مۇسابىقىسىنىڭ مەقسىتى، تەلىپى ۋە تەرتىپلىرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ناخشىچىلار ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

دەسلەپتىلا، ئوتتۇرا ياشلىق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن بىر ئايال «تاغ سۇلىرى»نى شۇنداق مەردانە، ئەركىن ۋە ياڭراق ئاۋازدا ئوقۇدىكى، كىشىلەرگە گويا ئويناق تاغ سۈيى مۇشۇ ھەشەمەتلىك زالنىڭ ئۈستىدىن ئوقچۇپ چۈشۈپ، ھەممەيلەننى ئۆزىنىڭ دولقۇنلىرىدا ئاققۇزۇپ ئوينىتىۋاتقاندەك، مەرۋايىتتەك سۇ تامچىلىرى بىلەن سۆيۈپ، چاڭقىغان، تەشنا يۈرەكلەرگە راھەت، ھۇزۇر بېغىشلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى...

كېيىن قازاقچە، قىرغىزچە ناخشىلار ئېيتىلدى. تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا گويا چوپاننىڭ ناخشىسى ياڭرىغان ياپيېشىل يايلاقلار، بۇركۇت ئەگىپ يۈرگەن ئۇچما چوققىلىق گۈزەل تاغلار، مويلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ھېسابسىز قوي، يىلقا پادىلىرى پەيدا بولغاندەك بولدى... قۇلىقى تۇۋىدە بولسا، شوخ ۋە سېھىرلىك كۈيلەرگە تولغان قومۇز، دومبىرا ئاۋازلىرى ياڭرىغاندەك تۇيۇلدى...

ئەدھەم تەقەززالىقتا ئولتۇرالماي قالدى. ناخشىچىلارنىڭ شەنگە ياڭرىغان ھەربىر چاۋاك ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتى. گويا ئۇ، سەھنىگە گۈلجان چىققۇچە، ھەممە چاۋاكلار تۈگەپ، تەسىراتلار پەسىيىپ، مۇسابىقە سۇسلىشىپ قالىدىغاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى...

كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىر كەلدى. گۈلجان يەتتىنچى نۆۋەتتە سەھنىگە چىقتى. ئۇ بۈگۈن ئۈستىگە ئويما ياقىلىق، بەل پۈرمە قىزىل كۆڭلەك، سۈت رەڭ ئاياغ كىيىپ، بوينىغا پىستە ماغزى ياغلىق تاشلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بوينىدىكى ياقۇت كۆزلۈك زۇننار بىلەن قۇلىقىدىكى ئاي ھالقىسى سەھنە ئۈستىدىن چۈشۈپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا چاقناپ، يال ـ يال قىلاتتى. ئۇ بۈگۈن قاپقارا، ئۇزۇن چېچىنىڭ بىر ئۆرۈمىنى ئالدىغا تاشلاپ، ئاق ۋە نازۇك بارماقلىرىدا ئويناپ تۇراتتى. ئۇ تاماشىبىنلارغا قاراپ كۈلدى، كۈلگەندىمۇ يۈرىكىدىن چىقىرىپ، دىلكەشلىك بىلەن كۈلدى.

ئارقىدىن نازۇك بەللىرىنى ئېگىپ سىپايە سالام بەردى. كۆزلى-رىنى چىرايلىق ۋە نازاكەت بىلەن ئويىنىتىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ، كىچىكىدە تاشتەرمەك ئويناپ، «چاكوم» توۋلاپ يۈرگەچكە، قاپاق مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، كىر-پىكلىرىمۇ ئۇزۇن ھەم زىچ ئۆسكەنىدى. خۇددى «چىراي كۆيدۇ-رەر، خۇلق سۆيدۈرەر» دېگەندەك، ھازىر ئۇنىڭدا كۆيدۈرىدىغان چىرايمۇ، سۆيدۈرىدىغان خۇلقمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىلا تاماشىبىنلارنىڭ تۇنجى چاۋىكىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئۇ، مۇزىكىنىڭ شوخ ۋە ئويناق رىتىمىغا ئەگىشىپ ناخشى-سىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغىنى شۇ كۈنلەردە ياشلار ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن «ئاتەش كۆيلەر» ناملىق شوخ ھەم مۇڭلۇق، كۆتۈرەڭگۈ ھەم ئەۋرىشىم سۆيگۈ ناخشىسى ئىدى. ناخشا بىلەن گۈلجاننىڭ ئاۋازى ماسلاشقانىدى. ئۇ ناخشىنى ئەركىلىتىپ، مەرغۇللىتىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتتى. بولۇپمۇ، ناخشىنىڭ مۇھەببەت، گۈزەللىك، سېغىنىش ۋە ئىنتىلىشكە تولغان تۆۋەن-دىكى مىسرالىرىنى ئېيتقاندا، گۈلجاننىڭ ئاۋازى خۇددى تاغ بۇلجۇرغىنىدەك ساپ ۋە شېرىن تۈيۈلدى. ئالقىش - چاۋاكلارمۇ پەلەككە يەتتى.

سۆيگۈگە تولغان جاھان،
ھاياتقا تەڭكەش كۈي ھامان.
بولمىسا ئاتەش يۈرەك،
قانداق چىقار بۇ كۈي - ناۋا؟!...

ھاياجانلانغان، تەسىرلەنگەن ئەدھەم چېپىپ يۈرۈپ بىرنەچ-چە پارچە سۈرەتكە تارتتى. لېكىن بەزى باھالىغۇچىلارنىڭ نەزد-رىدە، گۈلجاننىڭ ئاۋازى گەرچە ياڭراق، ئەۋرىشىم بولسىمۇ، لېكىن تەربىيە كۆرمىگەن، ياۋا ئاۋازلار قاتارىغا كىرەتتى.

شۆڭا، باھالىغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق پىكىر بىرلىكى
بولماي قالدى. ئاخىر، گۆلجان قاتارلىق تالاش ـ تارتىشتا قالغان
ئۈچ ناخشىچىنىڭ ئىشىنى ئەتىگىچە يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە
قىلىپ، بىر تەرەپ قىلىش قارار قىلىندى.

*　　　　　*

ئەتىسى «كەچلىك گېزىت»تە، ئاجايىپ بىر سۇرەتلىك خە-
ۋەر تارقالدى. خەۋەرنىڭ ماۋزۇسى «ئۆزى بىر ناخشا» بولۇپ،
سۇرەتتە گۆلجاننىڭ بىر قولىدا چېچىنى ئويناپ، بىر قولىنى
ھاۋاغا كەڭ يېيىپ، ناخشىنىڭ ئەۋجىنى توۋلاۋاتقان ۋاقتىتىكى
مەردانە ھەم نازاكەتلىك قىياپىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. خەۋەردە مۇن-
داق تەسىرلىك جۈملىلەر بار ئىدى: «··· ئۇنىڭ سەھنىگە ياراش-
قان قەددى ـ قامىتى، ياڭراق ۋە ئەۋرىشىم ئاۋازى — ئۆمۈر
بويى ناخشا بوۋلاشقىلا يارالغاندەك، يېقىملىق، تەسىرلىك ھەم
سەلتەنەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ناخشىسى تاماشىبىنلارنىڭ
ھاياجانلىق ئالقىش سادالىرى ئىچىدە قالدى··· ھەتتا مەرۇپ ئىل-
ياستەك پېشقەدەم رەھبىري كادىرلارمۇ ئۇنىڭ ناخشىسىدىن ھايا-
جانلىنىپ، تەسىرلىنىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي
قالدى··· »
خەۋەرنىڭ ئاپتورى ئەدھەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇنۇمى كۈتكەندى-
كىدىنمۇ ياخشى بولدى. باھالاش ھەيئىتىدىكىلەر بۇنداق چوڭ
جامائەت پىكرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايتتى. ئۇلار قايتا مۇزا-
كىرىدە، گۆلجاننى تاللانغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈشكە مەج-
بۇر بولدى.
لېكىن، مەرۇپ ئاقساقال «كەچلىك گېزىت»تىكى خەۋەرنى
كۆرۈپ، دەسلەپ ھەيران بولدى، ئازراق چىچاڭشىدى، ھەتتا
ئەدھەمنىڭ بۇنداق يەڭگىل ۋە قارامىلىقىدىن رەنجىدى. لېكىن

ئەمدى بولار ئىش بولغانىدى! بۇ توغرىدا گېزىت تەھرىر بۆلۈمىگە تېلېفون بېرىپ ئۇلارغا كايىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. كىشىلەرگە «مەن يىغلىمىغان» دەپ جاكارلاشنىڭ تېخىمۇ ئورنى يوق ئىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ سىياسەتكە ياكى ئابرۇيغا تاقىشىدىغان چوڭ ئىش ئەمەس. شۇ باھانىدە گۈلجاندەك گۈزەل قىزلار تاللىنىپ قالسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ بەلكىم بۇنىڭدا ئەدھەمنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرى باردۇر!... شۇڭا، ئۇ، ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بارچە ئەيىبنى شۇ كۈنكى زۇكامداپ قالغانلىقىغا ئارتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئويۇن كۆرۈۋېتىپ، بىرنەچچە قېتىم چۈشكۈرگەن، بولۇپمۇ گۈلجان سەھنىگە چىققاندا، زالنىڭ دىمىقلىقى بىلەن زۇكام تېخىمۇ ئەدەپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققان ۋە قولياغلىقى بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆزىنى سۈرتكەنىدى. شۇ چاغدا بۇنداق «ئەجەللىك پاكىتلار»نى خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك ماراپ يۈرگەن ئەدھەم دەرھاللا خاتىرىسىگە يېزىۋالغانىدى.

ئۇ ئەلۋەتتە، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ناخشىغا تەسىرلىنىپ يىغلىمىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، خەۋەردە قورقماي يازدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدا «ياغلىق بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆزىنى سۈرتكەن» سۈرەتلىك پاكىت بار ئىدى. بۇ پاكىتنى باشقىلارمۇ، مەرۇپ ئاقساقالمۇ ئىنكار قىلالمايتتى. شۇڭا، ئۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بۇ خەۋەردىن قاتتىق رەنجىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆزى بولسا، بۇ «چوڭ جامائەت پىكرى»دىن پايدىلىنىپ، گۈلجاننى تاللاتقۇزۇش مەقسىتىگە يېتىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان قىياس قىلىپ، لوگىكىلىق ھۆكۈم چىقىرىپ بولغانىدى. دېگەندەك، ئۇ مەقسىتىگە يەتتى. گۈلجاننىڭ تاللانغانلىقى ئېلان قىلىندى. شۇ كۈنى كەچتە، ئۇلار خەلق باغچىسىنىڭ بۈك ـ باراقسانلىق خىلۋەت قوينىدا ئۇچراشتى. گۈلجان ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا تەشەككۈر ئېيتتى. ئۆزئارا كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان بىرمۇنچە تەنتەنىلىك، ھاياجانلىق سۆھبەتلەردىن كېيىن، ئەدھەم

گۈلجاننىڭ قولىنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى:
— گۈلجان، كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرگەن بىر گېپىم بار ئىدى، ئېيتسام بولارمۇ؟
— نېمىشقا بولمايدۇ؟ — دېدى گۈلجان تەئەججۈپ بىلەن، — ئېيتىۋېرىڭ!
— ئەمىسە، ئېيتاي، — دېدى ئەدھەم جانلىنىپ، — شەرت دېگەندە شەرمى يوق. راستىنى ئېيتسام، بىرنى سۆيۈپ قويۇڭ!
— ۋىييەي... شۇ گەپمىدى؟ — دېدى گۈلجان نازلىق كۈلۈپ، — 80 - يىللارنىڭ قىزلىرى ئۈچۈن، بىرنى سۆيۈپ قويۇش بازار نەرخى ئىشقۇ؟...
— ئەمىسە، قانداق سۆيەي؟ — ئەدھەم ئۇنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتتى، — ئۈچ خىل سۆيۈش بار: ئاغزىغا سۆيۈش — مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى، مەڭزىگە سۆيۈش — دوستلۇقنىڭ ئىپادىسى، پېشانىگە سۆيۈش — بەخت تىلەشنىڭ ئىپادىسى...
— خالىغانچە سۆيۈڭ! — دېدى گۈلجان ئۆزىنى تاشلاپ، — ئۇنداق ئەنئەنىۋى ئەقىدىلەرگە مەن ئانچە قىزىقمايمەن! مېنىڭچە، ئاغزىغا بىرنى سۆيۈپ قويۇش بىلەن مۇھەببەت، مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇش بىلەن دوستلۇق، پېشانىگە سۆيۈپ قويۇش بىلەن بەخت پەيدا بولۇپ كەتمەيدۇ! ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن بۇ دۇنيادىكى مۇھەببىتى ئەڭ كۈچلۈك، دوستى ئەڭ كۆپ، بەختى ئەڭ چەكسىز ئادەم بولغان بولاتتىم! ئەپسۇسكى، ئۇلار ماڭا نېسىپ بولمىدى، سۆيۈش بولسا، داۋاملىق بولۇۋەردى!...
شۇ گەپتىن كېيىن ئەدھەم گۈلجاننى قۇچاقلىدى، گۈلجاننىڭ ئەۋرىشىم بويى، ئىنچىكە بېلى ئەدھەمنىڭ قۇچىقىدا تولغاندى. ئەدھەمنىڭ قېنى قىزىدى، تومۇرلىرى كۆپتى، بىر خىل بېسىلغۇسىز ئىشتىياق ئۇنى مەست قىلغانىدى. ئۇ گۈلجاننىڭ ئەتىر پۇراپ تۇرغان ئاپئاق يۈزىگە، ئەڭلىك سۈرتۈلگەن يۇمشاق لېۋىگە، سۈرمە تارتىلغان ئويناق كۆزىگە، مەرۋايىت ئېسىلغان

ئىسسىق بويىنغا سۆيدى، سۆيدى، يەنە سۆيدى··· ئاخىر بېرىپ خۇددى ئۆچكىنىڭ قوناق قاسىغىنىدەك قاساپ، شوراشقا باشلىدى···

## 5

ئۇلار 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئايرىلدى.

گۇلجان شۇ كۈنى كەچتە يەتمىشىنچى قېتىملىق تېز پويىز بىلەن بېيجىڭغا ماڭماقچى بولدى. مېڭىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن ئەدھەم ئۇنى «شىنجاڭ مېھمانخانىسى» نىڭ رېستورانىدا مېھمان قىلدى. ئۇلار رېستوراندىن چىقىپ، پويىز ئىستانسىسىنىڭ تونىل يولى بىلەن يۇقىرى ئۆرلىدى. تونىلنىڭ ئىچى سالقىن ھەم قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار شۇ يەردە قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتى.

گۇلجان تۇنجى قېتىم ئەدھەمدىن سورىدى:

— مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ئەدھەم ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— گۇلجان، مۇھەببەت خۇددى خۇداغا ئوخشىشىدىكەن، ئۇنىڭدا شەكىل يوق، ئېتىقادلا بولىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭدا شەكىل بولىدىغان بولسا، مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمدىن تىيانشاندەك تاغ، تارىمدەك دەريالار پەيدا بولغان بولاتتى!

گۇلجان ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىپ تۇرۇپ يەنە سورىدى:

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىمىز؟ مەن سىزگە خوتۇن بولۇشنى خالايمەن، ئەدھەم، لېكىن توقال بولۇشنى خالىمايمەن!

ئەدھەم بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندى.

— بۇ ئىشتىمۇ خاتىرجەم بولۇڭ، گۇلجان! — دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن، — مەن تەقدىرىمنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن!

ئۇلار تونىلدىن چىقىپ، پويىز ئىستانسىسىنىڭ كەڭ سەينا-

سىغا كەلدى. بۇ يەر ئادەم كۆپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق ئىدى.
گۈلجان سائىتىگە قاراپ:
— يېرىم سائەت قاپتۇ، — دېدى مېڭىشقا تەمشىلىپ، — مەن ھەمراھلىرىمنى تېپىۋالاي، سىز مۇشۇ يەردە قېلىڭ، خوش ئەمىسە، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ!
— خوش... ئاقيوللۇق بولۇڭ!
— خوش...
ئۇ قولىنى پۇلاڭلىتىپ يۈرۈپ كەتتى. ئەدھەم ئۆزىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان گۈلجاننىڭ ئارقىسىدىن خېلىغىچە ھەۋەس بىلەن قارىدى. ئۇنىڭ ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى پاقلان قۇيرۇقىدەك ساغرىسىدا تولغىنىپ، سويلاپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا گۈلجان ئۇنىڭغا گويا ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان شوخ، ئويناق ناخشىغا؛ سۈس تۇمان ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن ھەسەن ـ ھۈسەنگە؛ سۈزۈك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتقا؛ كېپىنەكلەر پىرىلداپ يۈرگەن كۆركەم چىمەنزارغا؛ بۇلبۇللار خەندان قىلىۋاتقان ياپيېشىل باغلارغا ئوخشىشىپ كەتتى...

# بەشىنچى باب

# «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسى

## 1

«كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسى رەڭگارەڭ بىر دۇنيا. بۇ يەر ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ گىرەلەشكەن تۇگۇنى، ھەر خىل يېڭى ئۇچۇرلار تارقىلىدىغان زامانىۋى ئۇچۇر مەيدانى ئىدى. بۇ يەردە خەلقئارالىق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئۇچۇرلاردىن تارتىپ، تېخى ھېلىلا بېيىپ ياكى دۆڭكۆۋرۈكتە يۈز بەرگەن جېدەل - ماجىرا ئۇچۇرلىرىغىچە تارقىلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەر يەنە ھەر خىل سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرىدىغان سودا مەيدانى. بۇ يەردە ئاشكارا سودىمۇ، يەڭ سودىسىمۇ بولىدۇ، شۇنداقلا ئىما - ئىشارە سودىسىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردە ھايات قايناق ۋە جىلۋىدار ئىدى. تاپان ئاستىدا يالتىراپ ياتقان رەڭدار كاھىشلار ھەر خىل سۇۋتلىق چىراغلارنىڭ شولىسىدا تېخىمۇ پارقىرايتتى. تۆت بۇلۇڭدىن كېسىشمە قىلىپ تارتىلغان ئالتۇن رەڭلىك، كۈمۈش رەڭلىك، سەيۋە رەڭلىك گۈلدار ئويما قەغەزلەر، جۇلالىق لېنتىلار ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقاتتى. پۈتۈن ساراي گويا نۇر دەرياسىغا ئايلانغاندەك، گويا قاشتېشى ئوردىسىدەك سېھىرلىك جىمىرلايتتى. چوڭ زالنىڭ ئۇدۇل تېمىغا ئورنىتىلغان ئۈچ كۋادرات مېتىر چوڭلۇقتىكى

كۆركەم مەنزىرە سۈرەتىنىڭ چۆرىسىگە خۇددى ئۈنچە ـ مەرۋايىتتەك تىزىق قىلىپ ئېسىلغان رەڭدار چىراغلار ئايلانما شەكىل بىلەن لىپىلداپ يانغاندا، كىشىگە گويا ئۆركەشلىنىپ ئېقىۋاتقان شوخ تاغ سۇيىدەك ياكى ئورمانلىق ئىچىدە تولغىنىپ كېتىۋاتقان چار يىلاندەك كۆرۈنەتتى...

ئەدھەم بۇگۈنمۇ ئىشتىن چۈشۈپ بۇ يەرگە كەلدى. گۈلجان بېيجىڭغا كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەر ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان سەيلىگاھىغا ئايلانغانىدى. بۇ يەرنىڭ خوجايىنى سالمانمۇ ئۇنى ھەر قېتىم كەلگەندە قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن كۈتەتتى. بۇگۈن سالمان كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يالغۇز ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچتى، ئاز ـ ئازدىن پىۋىمۇ ئوتلاپ قويدى. ئەتراپتا غاز ـ غۇژلىشىپ كەتكەن پاراڭلارغا ناگان ـ ناگاندا قۇلاق سېلىپمۇ قويدى. پاراڭلارنىڭ تېمىسى كەڭ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى: «ۋاي ـ ۋۇي... ‹دۇنيا ئەدەبىياتى› غا شۇنداق بىر قالتىس پوۋېست چىقىپتۇ...» ، «كۆزدۇڭلارمۇ، شەھەرنىڭ غەربىگە كاتتا بىر رېستوران سېلىنىۋېتىپتۇ» ، «ھەي! ... ئىران ـ ئىراق ئۇرۇشى ناھايىتى جىددىي ھالغا كېلىپ قاپتۇ...» ، «قويغىنا، بۇ كوچا ئاپتوبۇسلىرىڭنى! ... قاملاشماي قالدى، ئىشقا بېرىپ ـ كېلىش تەس، شەھەر سوراۋاتقان نوچىلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن؟ ! ...» بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككى يىگىت چوڭقۇرراق تەگىشىپ قالدى. بىرى:

— بۇرۇن بىر شەھەرنى بىر بەگ سوراپ ئەپلەشتۈرۈپتىكەن، ھازىر ئون نەچچە ئەمەلدار سوراپمۇ ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتىدۇ! — دېيىدى، يەنە بىرى:

— ھەي! ... قويغىنا ئۇنداق لىڭتاسما، لاتىقاسقاس باشلىقلارنى! ئۇلارنىڭ ھوقۇق پىچىقى سۇدىن ئۆتۈپ لايدا توختايدۇ! لايىنى كېسىپ ئىككى پارچە قىلىپ باققاننى كۆرمىدىم! ئەگەر ھۆكۈمەت ماڭا ئازراق ھوقۇق پىچىقى بېرىدىغان بولسا، ئۇنداق

لاي دېگەننى كېسىپ، بۆسۈپ، پاچاق - پاچاق، ئىنىنەللەزىنە ۋەلەم يەچەق قىلىۋېتەتتىم! ... — دېدى. ئىككىنچىسى يەنە دەرھالللا:

— ھاي - ھاي... ئاغزىڭدا شەھەر ئالما، شۇ ھوقۇق ساڭا كەلگەندە كۆرىمىز، سەنمۇ خوتۇننىڭ ئىشارىتى بىلەن رومكاڭ كۆتۈرىدىغان پاق - پاق نوچىدەك، غوجىكاڭنىڭ كۆزىگە قارايدىغان بولۇپ قالىسەن! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى.

يەنە بىرىمۇ بوش كەلمىدى:

— قېنى بەرسۇنچۇ، شۇ چاغدا كۆرىمىز، مەن ھەرگىزمۇ تاپ يەپ يۈز يىل ھايات كەچۈرىدىغان قۇزغۇن ئەمەس، كۆك قەرىدە ئەركىن جەۋلان قىلىپ، ئون يىل بولسىمۇ ھالال ياشايدىغان بۈركۈت بولىمەن!

— شۇڭا، سەندەكلەرگە ھوقۇق يوق - دە! — دېدى ئىككىنچىسى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بىلىپ قوي، ياخشى سايرايدىغان قۇش ھەممە يەردە قەپەستە بېقىلىدۇ!

ئەدھەم بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى. ھوقۇق تۇتقانلار ئۈستىدە ھەمىشە، ھەممە يەردە ھەر خىل مۇھاكىمە، باھا ۋە قاراشلارنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەركىن جامائەت پىكرىنىڭ بەزىلەرنى كۆتۈرۈپ ئەرشئەلاغا چىقىرىدىغانلىقىنى، بەزىلەرنى چۈشۈرۈپ، تەھتىساراغا كىرگۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇمۇ يېقىندا ھوقۇق تۇتىدۇ، بەلكى شۇ تۇتقانچە پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ، ئەمەلدارلار ئىچىدىكى بىر يۇلتۇزغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ ھوقۇقنى قانداق تۇتماقچى؟ ئۇ بۇنىمۇ ئويلاپ قويغان، ئويلىغاندىمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ ئويلىغان: ئۇ، يۇقىرىغا يۇمشاق، تۆۋەنگە قاتتىق بولىدۇ. ئاغزى يۇمشاق موزاينىڭ قوش ئەمچەك ئەمگەنلىكىنى، بوينى يۇمشاق ئادەمنىڭ يۇقىرى ئۆرلىگەنلىكىنى ئۇ تالاي كۆرگەن! ئۇ ھەرقانداق ئىشتا ئالدىدا

ماڭمايدۇ، ئارقىدىمۇ قالمايدۇ، پەقەت ئوتتۇرىدا تۇرىدۇ. بۇ، بەئەينى قوزۇققا ئوخشاشلا ئىش. قوزۇقنىڭ بېشى بولساڭ توقماق يەيسەن، ئاخىرى بولساڭ يەرگە كىرىسەن، ئوتتۇرىسى بولساڭ ھېچقانداق دەرد كۆرمەيسەن! شۇنداق بولغاندا، ھوقۇقۇڭنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق، ھاياتىڭ بەختەر بولىدۇ! مەرۇپ ئاقساقال مانا شۇنداق ئەمەسمۇ؟! ئۇ ھوقۇققا ئاشۇنداق ئېرىشكەن، ئاشۇنداق ئۆرلىگەن ۋە يەنە ئاشۇ يول بىلەن بەختەر ياشاپ كېلىۋاتامدۇ؟!...

شۇڭا، ئەدھەم ھازىر مەرۇپ ئاقساقالنى خۇددى بەندە ئىگىسىنى «خۇدا» دەپ بىلگەندەك، ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى، كېلەچىكى ۋە سۆيۈنگەن تېغى دەپ بىلەتتى...

تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن شادىمان كۈلكە ئاۋازى ئەدھەمنى خىيالىدىن سەگىتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا — بىر توپ ياشلار ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان جوزىدا — مۇشۇ قەھۋەخانىنىڭ كۈتكۈچىسى «ھېكىم پەيپەيزە» قىزىقچىلىق قىلىپ، ياشلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزى، قىلىقى ئەدھەمنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىپ كەتتى.

ھېكىم پەيپەيزە ئەر بولۇپ تۇغۇلغىنىغا قارىماي، بەكمۇ نازۇك، چىرايلىق ئىدى. ئون بەش ياش ۋاقتىدا بىر «قارامەدەك» بەچچىۋاز ئۇنى بۇزۇۋەتكەنىدى. ئۇ يىگىرمە ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن، رەسمىي ھەزىلەك قىياپىتىگە كىردى. يول ماڭسا بەئەينى ياڭاق چاققاندەك، تاس - تاس ئاۋاز چىقىرىپ، ساغرىسىنى تولغاپ، ئەگىپ ماڭاتتى. كېچىلەردە قۇلىقىغا پەيپەيزە سېلىپ، كۆزىگە ھەرەمنىڭ سۇرمىسىنى تارتاتتى. كاتتا سورۇنلاردا تىلىنى چىقىرىپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئاغزىنى چاكىلداتسا، خۇددى تاختىنى تاختىغا ئۇرغاندەك چاڭ - چاڭ ئاۋاز چىقىراتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزىلەر ئۇنى «ھېكىم ئاغىچا» دېسە، بەزىلەر «ھېكىم پەيپەيزە» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئاق،

يۈز ـ كۆزلىرى ئايال زاتىدەك سىدام ۋە نەپىس ئىدى. قاشلىرىغا
يىپ سېلىپ، قىزلارنىڭكىدەك ئەگىم ھەم ئىنچىكە قىلغان،
مەڭزىدىكى سېرىق تۈكلەرنى موچىن بىلەن تېرىپ، تېخىمۇ سىد-
داملاشتۇرغاندى. سۈرمە تارتىلغان كۆزلىرى قارا ھەم يوغان
كۆرۈنەتتى. ئۇ بىرەرىگە گەپ قىلغاندا، كۆزلىرىنى نازاكەت
بىلەن سۈزەتتى ياكى ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى لەپ ـ لەپ تاشلاپ،
كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇراتتى. بىرەر نەرسىدىن تەسىرلىنىپ
كۈلسە، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئاغزىنى يېرىم توسۇپ، شۇنداق
تولغىناتتىكى، كىشىگە گويا جىسمىدا ئۇستىخان يوقتەك بىلد-
نىپ كېتەتتى. بارماقلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئىككى
تال ئالتۇن چىشى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تولغىنىپ،
يالتىرايتتى...

سالمان ئۇنى بۇ يەرگە ئەتەي خېرىدار توپلاش ئۈچۈن ئورۇن-
لاشتۇرغاندى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، خېرىدارمۇ خۇددى سېيىرغا
ئوخشاش دائىم سېغىپ تۇرمىسا، سۈت بەرمەس بولۇپ قالاتتى.
ئۇنى سېغىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كۆندۈرۈش كېرەك، كۆندۈ-
رۈش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ، جەلپ قىلىپ تۇرد-
دىغان بىر سېھرىي كۈچ بولۇش كېرەك، ئۇ ھېكىم ئاغىچىنى
شۇنداق «سېھرىي كۈچ» سۈپىتىدە بۇ يەردە ساقلاپ يۈرەتتى.
دېگەندەك، بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ بازىرى بار ئىدى.
ئۇ خۇددى ھىندىستاننىڭ ئىپتىدائىي ئورمانلىقىدىن تۇتۇپ كې-
لىنگەن يېڭى سورتلۇق مايمۇندەك، ئۇلارنى قىزىقتۇراتتى، تە-
ئەججۈپلەندۈرەتتى. ئۇنىڭ ئايىغى چاققان، ئاغزى شەرەنداز بول-
غاچقا، مېھمانلارنىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك كۈتەتتى...

ھېلىقى ياشلار ئۇنى بىرەر پەدە دۇتار چېلىپ بېرىشكە قىس-
تىدى. بۇ قەھۋەخانىدا دۇتار، گىتار، گارمون دېگەندەك سازلار
ھەمىشە تەييار ئىدى. بىرى ئۇنىڭغا دۇتارنى بېرىۋېتىپ:

— تارىلىرى نېمانداق قاتتىق دۇتار بۇ؟ — دېۋىدى، ئۇ دەرھاللا:

— ئەنسىرىمىسىلە، توقاچ تاشتەرمەك، چىڭراق چاۋاكلىساق ھازىرلا يۇمشايدۇ! — دېدى ۋە خۇددى سەھنە ئارتىسلىرىدەك قېشىنى ئېتىپ، كۆزىنى ئويناتتى.

— قېنى ھېكىمجان، ماۋۇنى ۋاققىدە بىر ئېتىۋېتىپ، ئاندىن بىر پەدە چېلىڭا! — دېدى پاخمىۋاش بىر يىگىت.

ھېكىمجان بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، دۇتارنى سازلىدى ۋە زوخچۇپ تۇرۇپ ناخشا باشلىۋەتتى:

يىگىت دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟
گېپىڭ سوغۇقكەن يار - يار.
پوسكاممۇ، يەكەنمۇ يۇرتۇڭ؟
گېلىڭ پوقاقكەن يار - يار.

ئاياغىڭدىكى كېپىشىڭ،
چەمى يوقكەن يار - يار.
شەرەت قىلسام بىلمەيسەن،
پەمىڭ يوقكەن يار - يار.

شادىيانە كۇلكە كۆتۈرۈلدى، كۇلكە ئىچىدە ھاراقلا ئىچىلدى، ھەممىسى ھېكىم ئۈچۈن رومكا سوقۇشتۇردى. تېخىمۇ ھاياجانلانغان ھېكىم پەيپەيزە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ئەگىتىپ، يېڭى پەدىگە يۆتكىدى:

يەكەنگە ھېكىم قىلدىم،
قەشقەرگە تۆرە.
مىڭ يەردىن تېرەك قويسام،
بولمايدۇ ئۆرە.

ئات - هارۋاڭنى قوشماي، پاپىداڭنى قوش،
يارىم يېنىمدا، كۆڭلۈم مېنىڭ خۇش!

كۆلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغانلار ھېكمىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ، ئالىتاغىل ئاۋازلىرى بىلەن ئۇنىڭ-غا قوشۇلۇپ ۋارقىرايتتى. بەزىلەر قولىدىكى رومكىنى ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئاغزىغا، دۇتار چېلىۋاتقان قولىغا تەگكۈزۈپ، دوملاپ قويۇپ هاراق ئىچەتتى. ئىشقىلىپ، قەھۋەخانا بارغانسې-رى قىزىپ، قايناپ، ياشلارنىڭ كۆلكە - چاقچاق، ھۇزۇر - ھالاۋەت دۇنياسىغا ئايلانغانىدى...

شۇ چاغدا، سالمان كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا موت-سىكلىت مىنگەندە كىيىدىغان بىخەتەرلىك قالپىقى، يەنە بىر قولىدا بۇلغارى سومكا بار ئىدى. ئۇ يىراقتىنلا ئەدھەمنى كۆ-رۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە:

— بۈگۈن مەن يوق بولۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئۆزرە ئارد-لاش، — زېرىكمىگەنسىز؟

— نەدىكىنى! ...، — دېدى ئەدھەم قوللىرىنى يېيىپ، — پۈتۈن دۇنيانىڭ ئويۇن - تاماشىسى مۇشۇ يەردە تۇرسا، ئادەم زېرىكەمدۇ؟

سالمان بىر كۇتكۈچى قىزغا ئىشارە قىلدى، ئۇلارنىڭ ئالدى-غا بىردەمدىلا يېڭى قەھۋە، توغرالغان قېزا، مايدا قورۇلغان خاسىڭ مېغىزى، چايدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم ۋە ياپونىيە پىۋىسى قاتارلىق نازۇنېمەتلەر كەلتۈرۈلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يەپ - ئىچىپ، بىر تەرەپتىن پاراڭغا چۈشتى.

— ئازراق سودا ئىشىم بار ئىدى، شۇنى تۈگىتىپ كەلدىم، — دېدى سالمان بۇلغارى سومكىسىنى جەينىكى ئاستىغا بېسىپ، — سىزگە راستىنى ئېيتسام، قەھۋەخانىنىڭ تاپاۋىتى چاغلىق، كۈنگە ئاران بىرەر مىڭ يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن قالدىغان ساپ پايدا تۆت ـ بەش يۈز يۈەنگە يەتمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ چوڭ كارخانىچى دېگەن نامنى كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولسۇن؟! شۇڭا، باشقا شىركەتلەر بىلەن توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئاز ـ تولا تاشقى سودا بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋاتىمەن. ئىشقىلىپ، قانۇننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، بەزىلەرگە بوزەك بولۇپ، بەزىلەرنى بوزەك قىلىپ كېتىۋاتىمىز، دەڭا!

ئەدھەم ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. بەزىدە ھەيرانلىقتىن قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، بۇرۇن پەرەكلىرى كېرىلسە، بەزىدە تەئەججۈپتىن كۆزلىرى قىسىلىپ، چىرايى پۈرۈشتى. بولۇپمۇ سالماننىڭ مۇشۇ قەھۋەخانىدىن ھەر كۈنى يانچۇقىغا چۈشۈۋاتقان تۆت يۈز ـ بەش يۈز يۈەن ساپ پايدا توغرىسىدا خۇددى تۆت ـ بەش كوي ئۈستىدە سۆزلەۋاتقاندەك مەنسىتمەي، ئاغزىنىڭ ئۇچىدا گەپ قىلىشى ئۇنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى. چۈنكى ئۇ، ئوتتۇز كۈن ئىشلەپ، ئاران بىر يۈز ئەللىك نەچچە يۈەن مائاش ئالاتتى…

زالدا بىردىنلا شوخ ۋە يېقىملىق جاز مۇزىكىسى ياڭرىدى. مۇزىكىنىڭ كىشى قەلبىنى ئەسىر قىلغۇچى سېھرىي كۈچى بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭدا قەھۋە، پىۋا، كوكاكولا ۋە ھەر خىل ئاق، قىزىل ھاراقلارنى ئىچىپ، ئېرىلىپ ئولتۇرغان قىز ـ يىگىتلەرنى بىردىنلا جانلاندۇرۇپ، روھىنى ئۇرغۇتتى، ئۇلار بىر ـ بىرلەپ تانسىغا چۈشتى. رومبا مۇزىكىسى ئەۋجىگە چىققاندا، زالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پۈركۈش ماشىنىسى يېنىك كۆشۈلداپ ئىشقا چۈشتى. ئۇنىڭدىن ئەتىر پۇرىقى ئارىلاشقان، پارغا ئوخشاش بىر خىل ئاقۇچ ھــاۋا قــاتتىق بېسىم بىلەن پۈركۈلۈپ چىقاتتى ۋە ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن ھاۋا قاتتىق زالغا يېيىلاتتى. تانسىچىلار بىردەمدە ئاپئاق يېنىك تۇمان ئارىسىدا قالدى. بۇ كۆرۈنۈش كىشىگە قانداقتۇر ھۇزۇرلۇق «خىلۋەت ماكان» تۇيغۇسىنــى بېرەتتى.

بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن، يېنىك قەدەملەر بىلەن پىرقىراۋات-
قان، باشلىرىنى بىر- بىرىگە يېقىن تۇتۇپ، پىچىرلىشىۋات--
قان، كۈلۈشۈۋاتقان... قىسقىسى، تاشقى دۇنيانى پۈتۈنلەي ئۇن-
تۇپ، سۆيگۈ- مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن جۈپ-
جۈپ ياشلار ھېلىقى ئاپئاق، يەڭگىل تۇمان ئىچىدە گاھ كۆرۈ-
نۈپ، گاھ يوقىلىپ، بەئەينى ماموق بۇلۇتلار ئارىسىدا لەرزان
ئۈچۈپ يۈرگەن ئەپسانىۋى ئاشىق - مەشۇقلاردەك بولۇپ كەتكە-
نىدى.

بىرنەچچە مەيدان تانسىدىن كېيىن تۆت - بەش جۈپ
قىز - يىگىت دىسكو ئوينىدى. دىسكودىن كېيىن ناخشا -
مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ چاقماق ئۇسسۇلى باشلاندى. بۇنى
دەسلەپ «قارا يىلپىز» دەپ نام ئالغان بىر يىگىت يەككە ئوينى-
دى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى راستتىنلا يىلپىزغا ئوخشايتتى. يىل-
پىزدەك چاپچىيتتى، يىلپىزدەك ئېتىلاتتى، يىلپىزدەك تولغى-
ناتتى، يىلپىزدەك سويلايتتى، يىلپىزدەك ئېغىنايتتى، قىسقى-
سى، پۈتۈن ھەرىكىتى يىلپىزدەك مەردانە، چاققان، ھوشيار
ئىدى. يىگىت بىر مەيدان ئوينىغاندىن كېيىن، چەتتىكى بىر
جوزىدا ئىككى ھەمراھى بىلەن گازلىق سۇ ئىچىپ ئولتۇرغان
مەھلىيا ئىسىملىك بىر قىزنى مەيدانغا تارتىپ قويدى. قىز
نازلانمايلا ئورنىدىن تۇردى، ناخشا - مۇزىكىنىڭ شوخ، جۇشقۇن
رىتىمى ئۇنىڭ ئەسەبلىرىنى ئاللىقاچان غىدىقلاپ، ئويناشقا بۇ-
رۇنلا تەييار قىلىپ قويغانىدى. مەھلىيا قارىقۇمچاق، قارا كۆز،
كەكىلىك قاش، ئوماق قىز ئىدى. تونۇشلىرى ئۇنىڭ ئاشۇ كې-
لىشكەن بەستى - بويىغا، شوخ ۋە نازاكەتلىك مىجەز - خۇلقىغا
قاراپ، ئۇنى «تېھران قىزى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇ-
رۇپ، تىرناقلىرىغا لاك سۈركەلگەن ئاپئاق قوللىرىنى قۇلىقى-
نىڭ تۈۋىدىن چىقىرىپ، ئىنچىكە، ئۇزۇن بارماقلىرى بىلەن
قىرقىم چاچلىرىنى تاراشلىدى ۋە سىلكىپ - سىلكىپ توزغۇت-
تى. ئۇ يېڭى پاسون چىقىرىپ، ماڭلىيىغا يېشىل يىپەك لېنتا

باغلىۋالغانىدى. يۈز ـ كۆزلىرى ئۆزگىچە ماس پەردازلار بىلەن نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مەيدانغا چۈشۈۋېتىپمۇ قاس ـ قاس سېغىز چايناۋاتاتتى. ئۇ ياپونىيىنىڭ جاز مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشا رىتىمىغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلنى باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەت-لىرى دەسلەپ سالماق ۋە مەردانە بولدى، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئەۋجىگە چىقىپ، پۈتۈن مەيداننى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ناخشا ـ سازلارنىڭمۇ بارغانسېرى رىتىمى ئۆزگىرىپ، قىزنىڭ ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈردى. شۇ تۇرقىدا، مەھلىيا گويا يەردە ئەمەس، كۆكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئەۋرىشىم، نەپىس، چەبدەس ۋە شىددەتلىك ھەرىكەتلىرى ئەنە شۇ كۆكتە جەۋلان قىلىۋاتقان لاچىنىنىڭ ئۇچقۇشىغا، كەڭ دالادا ئەگىپ يۈرگەن قۇرغۇيىنىڭ شۇڭغۇشىغا، ئاسمان قەرىدە بىردەم ئۇچۇپ، بىردەم لەيلەپ يۈرگەن موللاقچى كەپتەرنىڭ پىرقىرىشىغا، چوڭقۇر ئورمانلىق ئىچىدە ۋىشىلداپ، تولغىنىپ كېتىۋاتقان چار يىلاننىڭ سويلىشى-غا، تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ بۇژغۇن-لىشىغا... قىسقىسى، ئادەمگە ئەمەس، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەنە شۇنداق مەۋجۇداتلارنىڭ سىرلىق ھەرىكەتلىرىگە ئوخشايتتى. ئۇ-نىڭ شۇ تاپتىكى ياشلىقى، ھېسسىياتى، ھارارىتى ۋە غۇرۇرى يۈزى بىلەن كۆزىدە ئەمەس، بەلكى بەدىنىدىن ئالاھىدە بۆرتۈپ چىققان يۇمران كۆكسى بىلەن ساغرىسىدا ئىپادىلىنەتتى. ئۇ كۆكسى بىلەن ساغرىسىنى شۇنداق نەپىس ۋە نازاكەت بىلەن ئويناتقاندا، قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كېتەتتى...

سالمان ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ بىھوش بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ يەرگە مۇشۇنداق قىزلارنىڭمۇ كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغانلىقىغا بۇرۇن دىققەت قىلمىغانلىقىدىن ئىچىدە ئۆكۈندى. خەيرىيەت، ھېلىھەممۇ كەچ ئەمەس، دەرھال تونۇشۇپ، ئۇنى بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېھمىنىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك! ئۇنىڭدىن كېيىنكى

ئىشلار خۇددى «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېگەن بويىچە كېتىۋېرىدۇ! ... لېكىن، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتى قانداقتۇر؟ بۇنى بىلىشمۇ سالمانغا قىيىن چۈشمىدى، قول ئاستىدىكى بىر مۇلازىمەتچى قىسقىلا تونۇشتۇردى: مەھلىيا ئۇدا ئىككى يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي جەمئىيەتتە قالغان قىز ئىكەن، ئاتا ـ ئانىسىمۇ سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىكەن...

مەھلىيانىڭ تېگى ـ تەكتى سالماننى خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇ، ئۆز تەجرىبىسىدىن بۇنداق قىزلار بىلەن تونۇشۇپ، سىرداش بولۇشنىڭ ئوڭايلىقىنى بىلەتتى. «‹باش ئامان بولسا، بۆك تېپىلىدۇ› دېگەن شۇ ـ دە! » دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىگە ئاللىقانداق خىياللارنى پۈكۈپ.

سالمان بۇ ئۇچرىشىشتىن كۆڭلىدە خۇشاللىق ھېس قىلدى، خۇشاللىق بىلەن بىللە شەيتانى بىر ھەۋەس ئىچ ـ ئىچىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. ئۇ، ئۈن گىراملىق ئالتۇن ئۈزۈك سالغان بارماقلىرى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، گەۋدىسىنى يېرىم بۇرىغان ھالدا، مەھلىياغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. مەھلىيا يېڭىلا ئۇسسۇلدىن چۈشۈپ، باش ـ كۆزىدىكى تەرلەرنى سۈرتكەچ ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قاپقارا، قويۇق چاچلىرى پارقىراپ، يۈز ـ كۆزلىرى ئىسسىقتىن ئوتتەك يېلىنجاپ كەتكەنىدى. سالمان ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭغا ئاجايىپ ھېرىسمەنلىك بىلەن بىرنەچچە قېتىم قارىدى. شۇ تاپتا، ئۇ پۈتۈن گەپنى سىرلىق تۈيغۇغا تولغان ئاشۇ بىر جۈپ شەھۋانە كۆزى بىلەن قىلىۋاتاتتى. خۇددى بىرى چاقىرغانىدەك، مەھلىيامۇ تاسادىپىي بۇ تەرەپكە قاراپ، سالماننىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئوڭايسىزلانغانىدەك يېرىم ـ يارتا كۈلۈمسىرەپ قويدى...

ئەدەھەم قايتماقچى بولدى، ئۇ بۈگۈن «كىچىك پارىژ» قەھ-

ۋەخانىسى توغرىسىدا ئاجايىپ شېرىن خىياللارغا پاتقانىدى. بۇ يەردىكى قايناق، جىلۋىدار ھايات، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك مەنۋى تۇرمۇش ئۇنى بىر ئىشقا ئۇندەۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە بېسىلغۇ-سىز بىر ئىلھام بۇلىقى قايناپ چىققانىدى...

ئۇ قوزغالدى، بۇرۇنراق قايتىپ، قولىغا قەلەم ئالماقچى بولدى. سالمان ئۇنى ئۇزىتىپ:

— دادام گېپىڭىزنى كۆپ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ياراپ قاپسىز، — دېدى ئۇچۇرۇپ، — خانقىزنى ئېلىپ، ئۆيگە پات - پات كېلىپ تۇرۇڭ، مۇڭدىشىمىز!

— بولىدۇ، بارىمىز، — دېدى ئەدھەممۇ ئۆز نۆۋىتىدە، — سىزمۇ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ، ئىزدىشىپ ئۆتەيلى!

ئۇ ئۇزاپ كەتتى. ئۆيگە بېرىپلا ئىلھامىنى باسالماي قولىغا قەلەم ئالدى. ئىككى سائەت ھەپىلىشىپ «جەننەتنىڭ ئىشىكى شۇ يەردە» ناملىق بىر پارچە بەدىئىي تونۇشتۇرۇش ماقالىسى يازدى. ماقالە مۇنداق لىرىك تەسۋىرلەر بىلەن باشلاندى:

«ئۇ يەردە — ‹كىچىك پارىژ› قەھۋەخانىسىدا، ئاجايىپ شېرىن سۆھبەتلەر، ئېسىل نازۇنېمەتلىك ئولتۇرۇشلار، شاھانە تانسىلار بولۇپ تۇرىدۇ! ... ئۇ يەر يىگىت - قىزلارنىڭ كۈلكە - چاقچاق دۇنياسى، تاماشىبىنلارنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋەت ئالىمى! ...»

ئۇ، ئاخىرقى توچكىنى قويغاندا سائەت ئون ئىككى بولۇپ قالغانىدى.

خانقىز ئۆي ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئەتىكى دەرسكىمۇ تەييارلىق قىلىپ بولۇپ، ئۇخلاپ قالغانىدى. ئەدھەم ئۇنىڭ يېنىغا چىقىپ ياتتى، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇيان ئۆرۈ-لۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، كارىۋاتنىمۇ غىچىرلىتىپ ھالىدىن كەت-كۈزدى. ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىپ باقتى، لېكىن يەنىلا كۆزىگە ئۇيقۇ يولىمىدى...

ئۇ شۇ كۈنلەردە، بېيجىڭغا كەتكەن گۈلجاننىڭ ئوت -
پىراقى بىلەن كاۋاپ بولۇپ يۈرەتتى، قولى ئىشقا بارمايتتى،
كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئۇلۇغ پىلانلىرىمۇ شۇ پېتى قېلىۋەردى.
دانالارنىڭ ئېيتقىنى راست ئوخشايدۇ: «گۈزەللەرنىڭ جىڭگىلەك
چاچلىرى ئەقىلنىڭ ئايىغىغا سېلىنغان زەنجىر» ئىكەن!...
ئۆي تىپتىنچ، پەقەت خانقىزنىڭ يېنىك.پۈشۈلدىغان ئاۋازىلا
رىتىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دېرىزە پەردىسىنىڭ
يوچۇقلىرىدىن ئاينىڭ كۈمۈش شولىسى شۆڭغۈپ كىرىپ، ئۆينى
گىرىمسەن يورۇتقانىدى. بىردىنلا ئەدھەمنىڭ پىكىر ئېقىمى دەر-
يادەك يېيىلدى. ئوي - خىياللىرىنىڭ چېكى يوق ئىدى. كۆز
ئالدىدا خىلمۇ خىل مەنزىرىلەر، سۈرەتلەر، كارتىنىلار پەيدا
بولدى... تۇرۇپلا ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ يەڭگىل سەزدى. بىر يۈز
قىرىق ئىككى جىڭلىق جىسمى ئۆز ئېغىرلىقىنى يوقىتىپ، پەيگە
ئوخشاش هاۋاغا كۆتۈرۈلىدىغاندەك قىلاتتى، ئاستىدىكى كارىۋاتمۇ
خۇددى مامۇق بۇلۇتتەك، ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ ياتقاندەك
بىلىندى... بىردىنلا ئۇ ئۆزىنى ئاجايىپ كارامەت، سەلتەنەتلىك
بىر غايىب ئالەم ئىچىدە كۆرگەندەك بولدى... ئۇنىڭ ھېلىقى
«ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» دېگەن ئەسىرى شۆھرەت قازاندى.
ئاتاقلىق ئەربابلار ئۇنىڭغا ھاياجانلىق ئوبزورلارنى يازدى، پارتىد-
يە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى چوڭ يىغىنلاردا ئۇنى ماختىدى،
كۆككە كۆتۈردى ۋە ئەدەبىيات ساھەسىنى باشقۇرىدىغان چوڭ
ھوقۇقنىمۇ ئىشىنىپ تۇتقۇزدى... ئۇنىڭ ئەسىرى شۇ يىللىق
خەلقئارا نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ، ئۇ-
لۇغ، شان - شۆھرەتلىك يازغۇچىغا ئايلاندى... ئۇنىڭ نامى ۋە
سۈرەتلىرى ھەر خىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئارقىمۇ ئارقا
بېسىلدى... دراپ پەلتوسىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، ھەقلىق يوسۇندا
گىدىيىپ، ، بېيجىڭدىكى، ياق، پارىژ ياكى لوندوندىكى ھەيۋەت-
لىك بىر زالدا مېھمان بولماقتا...

ئۇنىڭ قەدەملىرى سالماق، يىراقلارغا تىكىلگەن كۆزلىرى
نۇرلۇق، پۈتۈن بەستىدىن غالىبلارچە سالاپەت ۋە نۇرانىلىق چى-
قىپ تۇرىدۇ. زىياپەت ئۈستىدە ئۇنى نۇرغۇن ئەر - ئايال مۇخ-
بىرلار قورشىۋالدى، ئۇلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن...
بىرمۇنچە قارا، كۆك، قوڭۇر ۋە جاغال كۆزلەر ئۇنىڭغا ھاياجان
بىلەن تىكىلمەكتە. خەنزۇچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ئەرەبچە...
سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭدىن ئاللىنېمىلەرنى سورىماقتا، ئاپپاراتلار
ۋال - ۋۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى سۈرەتلىرى-
نى ئالماقتا. ئۇنئالغۇلۇق مىكروفونلار ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدا
ئايلانماقتا... شۇ چاغدا، ئۇ مۇخبىرلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان
گۈلجاننى كۆردى، گۈلجاننىڭ مۆلدۈر كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىل-
گەن، ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر كۈتمەكتە... ئۇ گۈلجانغا قاراپ سىل-
جىدى، لېكىن مۇخبىرلار ئۇنى قورشىۋېلىپ، سوئال سورى-
ماقتا... ئۇ پىسەنت قىلماي: «مېنى توسماڭلار، مۇھىم ئىشىم
بار! ...» دەپ ئالدىغا سىلجىماقتا... شۇ چاغدا گۈلجان ئويناقلاپ
كېلىپ، ئۇنىڭ قولتۇقىدىن ئالدى، ئىككىسى ئۇلۇغ سەپنى
يېرىپ، ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئالغا قاراپ ماڭ-
دى. مۇخبىرلار يەنە سوئال قويدى:

— نوبېل مۇكاپاتىغا قانداق قارايسىز؟

— خىزمەت ئورنىڭىزنىڭ بىردىنلا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى
توغرىسىدا تەسىراتىڭىز قانداق؟

— بۇنىڭدىن كېيىنكى نىشانىڭىز نېمە؟

— ......

ئۇ ھېچكىمگىمۇ قارىماي، ھېچكىمنىمۇ پىسەنت قىلماي
غۇدۇرىدى:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى تېگىشلىك، ھەقلىق نەرسىلەر! بول-
دى ئەمدى، مېنى توسماڭلار، مۇھىم ئىشىم بار...

يەنە بىر مۇخبىر ۋارقىراپ سورىدى:

— قانداق مۇھىم ئىشىڭىز بار؟!
ئۇ گۈلجانغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
— مەن ھازىر مۇھەببەتلىشىمەن، ماڭا ھازىر مۇھەببەت كېرەك!...
— توغرا، — دېدى گۈلجان ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېپىشىپ، — بىزگە ھازىر مۇھەببەت كېرەك، مەن بۈگۈن كەم ئۇچرايدىغان بۇ ئادەمنى ئاران تاپتىم... بىزنى تىنچ قويۇڭلار!...
گۈلجان يۇمشاق ۋە نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، ئاشۇ كىشىلەر ئالدىدا ئۇنى چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى...
ئۇھ!... بۇ قانداق ئۇچقۇر خىياللار - ھە؟!... ئەدھەم كۆزى ئوچۇق يېتىپ چۈش كۆرگەنىدى. ئۇ خۇددى گۈلجان راستىنلا سۆيگەندەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مەڭزىنى سىلىدى، كۆز ئالدىغا ئۇنىڭ ياشلىققا، گۈزەللىككە، قىزغىنلىققا تولغان شوخ قىياپىتى كەلدى. بۇرنىغا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆتكۈر، غىدىقلىغۇچى ئەتىر بىلەن خۇشبۇي ماي پۇرىقى پۇرىغاندەك بولدى. ئۇ غۇلاچ كېرىپ، ئۇنىڭ تولغان كۆكسىدىن قۇچاقلىغۇسى، قىپقىزىل لەۋلىرىدىن كۆيدۈرۈپ سۆيگۈسى كەلدى...

## 2

خانقىز بۈگۈنمۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە بويىنىدىن باغلىغاندەك باردى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ مەرۇپ ئاقساقالنىمۇ، سالماننىمۇ كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. سالمانغۇ ئاللىقاچان ئۇنىڭ نەزىرىدىن چۈشكەن، مەرۇپ ئاقساقالدەك سالاپەتلىك ئادەممۇ ئۇنىڭ قەلب ئەينىكىدە بارغانسېرى خىرەلىشىپ كەتكەنىدى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆتكەنكى غەلىتە، تېتىقسىز قىلىقلىرىنى ئويلىسا،

خانقىزنىڭ كۆڭلى غەشلىنىپ، قۇم چاينىۋالغاندەك بولۇپ قالات-
تى. ئۇ كۈنى سالمان يوق ئىدى، مەرۇپ ئاقساقال بىلەن ئەدھەم
بولۇشچە هاراق ئىچىپ، بىر - بىرىنى ماختىشىپ ئۇزاق ئول-
تۇردى، كېيىن مەرۇپ ئاقساقال: «بۈگۈن بىز ئادالەتسىزلىك
قىلىپتۇق، خانقىز يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكىپ قالدى» دەپ،
ئۇنىئالغۇنى قويدى ۋە خانقىزنى تانسىغا تارتتى. خانقىز ئەدەپ
بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تەتۈر ئۇستىخانلىق
قوپال بەدىنىگە ئېسىلدى. مەرۇپ ئاقساقال هەدەپ بېشىنى ئې-
گىپ، هاراق بۇخسۇپ تۇرغان ئاغزىنى يېقىن تۇتۇپ خانقىزنى
گەپكە سالدى، خانقىز بوينىنى تولغاپ، يۈزىنى قاچۇرۇپ هەلەك
ئىدى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كېيىنكى قىلىقلىرى تېخىمۇ هەددى-
دىن ئېشىپ كەتتى، خانقىزنىڭ بېلىدىن قورۇپ ئۆزىگە تارتتى،
يوغان قورساقلىرى بىرنەچچە قېتىم تاقاشتى. خانقىزنىڭ يۈرىكى
جىغىلداپ، تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى...
شۇ كۈندىن كېيىن، ئۇ بۇ ئۆيگە قايتا دەسسىمەسلىكنى
كۆڭلىگە پۈككەنىدى. لېكىن بۈگۈن ئەدھەم يەنە زورلىدى.
شۇنچە قىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلاتتى. خانقىز ئاخىر
يان بەردى. جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېرىشكە چوڭ سەۋەب تاپالمى-
دى، مەرۇپ ئاقساقال بىلەن سالماننىڭ ئىشلىرىنى ئاغزىدىن
چىقىرىشقا پېتىنالمىدى...
بۈگۈن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كەيپى تۆۋەن ئىدى. قاپاقلىرى
ساڭگىلىغان، ئېڭەك گۆشلىرى خالتىلاشقان، يۈزلىرى خۇددى
مەڭدىگەن جىگدىدەك ئۇششاق، قارامتۇل داغلار بىلەن خۇنۇك-
لەشكەنىدى.
زىياخان يەنە شۇنداق خۇشخۇي، مېھماندوستلۇقى بىلەن
داستىخان تەييارلىدى، هالۋا ئەتتى، قايماق چاي راسلىدى. سال-
مان چاي داستىخىنىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلگۇرۇپ كەلدى. داستىخان
يىغىلغاندىن كېيىن، مەرۇپ ئاقساقال ئەدھەمنى ئۆزىنىڭ ياتاق

ئۆيىگە باشلاپ كىردى، كىتاب جاھازىسىدىن يېڭى چىققان بىر ژۇرنالنى ئېلىپ، ئەدھەمنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— بۇ ژۇرنالنى سىلەر ئىشلەيدىغانسىلەر؟ — دېدى ئۇ كۆر-سەتكۈچ بارمىقىنى بىگىز قىلىپ، — دېمەككىم، سىز بۇ شېئىر-لارنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟!

ئەدھەم ژۇرنالنىڭ يەتتىنچى بېتىدىكى «يېڭى رۇبائىيلار» دېگەن چوڭ ماۋزۇ قويۇلغان ئۈچ كۇپلېت شېئىرغا كۆز يۈگۈرت-تى ۋە ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى:

«تەڭ ئىدۇق ئىككىمىز تەڭرى ئالدىدا،
ۋە لېكىن تەڭ ئەمەس دەۋرى ئالدىدا.
كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ئامەتلىرىڭدىن،
يەنە تەڭ بولىمىز قەبرە ئالدىدا!

تەۋەررۇك قىلغۇدەك شۇنداق ماقال بار:
‹بەتنىيەت كىشىنىڭ ماڭغان يولى تار›.
تار يولدىن چىقمىغان مەخلۇقلار ئۈچۈن،
دۇنيانىڭ كەڭلىكى نېمە ئېتىبار!؟

ھايۋانغا ئۆگەتمە ئەقىل ئەي نادان،
بىلمەيدۇ ياخشىمۇ ۋە ياكى يامان.
ئىچۈرسەڭ ئۇنىڭغا ھەۋزىكەۋسەردىن،
سىيىدۇ ئۇستىگە ئۇنىڭ شۇ ھامان!»

ئەدھەم دەماللىققا بۇنىڭدىن بىرنەرسە سېزەلمىدى، ھەممى-سى ئىجتىمائىي ئەخلاق تېمىسىدىكى ۋەز - نەسىھەت شېئىرلىرى-دەك تۇيۇلدى. كېيىن بەتنىڭ ئۇستىگە يېزىلغان «ۋاسىل ئەپەن-دى» دېگەن ئاپتور ئىسمىنى كۆرۈپلا، مەسىلىنىڭ تېگىگە يەت-

كەندەك بولدى. مەرۋپ ئاقساقال بىلەن ۋاسىل ئەپەندىنىڭ مۇنا-
سىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. ۋاسىل ئەپەندى ئەدەبىيات ساھەسى-
دە مەلۇم نوپۇزغا ئىگە، ئۆزىگە تۇشلۇق ھۆرمەت - ئېتىبارى
بار پېشقەدەم ئەدەبىياتشۇناس ئىدى. بىرمۇنچە ماقالىلىرى بىلەن
ئايرىم نەشر قىلىنغان ئىككى پارچە كىتابىمۇ بار ئىدى.
شېئىرلارنى بولسا، ئارىلاپ، ئانچە - مۇنچە يېزىپ قوياتتى.
ئەدەھەم بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ زادى قانچىلىك
ئىكەنلىكىنى، قانداق باشلىنىپ، قانداق تەرەققىي قىلغانلىقىنى
بىلمەيتتى، پەقەت بىر - بىرى بىلەن ئېقى كېلىشمەيدىغان-
لىقىنى، پۇرسەت تاپسا ئاندا - ساندا چىشلىشىپ قويىدىغان-
لىقىنىلا بىلەتتى.

دېمەك، بۇ شېئىرلارنى مەرۋپ ئاقساقال ئۆزىگە ئېلىۋال-
غان، ۋاسىل ئەپەندى يازغانلىقى ئۈچۈنلا، تىغ ئۇچىنى ماڭا
قارىتىپتۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ئەدەبىياتنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى، بۇ شېئىرلارنىڭمۇ ئېنىق بىرىگە قارىتىلماي، بەل-
كى ئاسمانغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوق ئىكەنلىكىنى، ھەركىم ئۆزى-
گە يارىشا ئېستېتىك زوق ئېلىپ، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەيدى-
غانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوقتەك قىلاتتى.
چۈنكى، غەزەپ ۋە ئەلەمدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ، بويۇن
تومۇرلىرى كۆپۈپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. بىر ھېسابتا، مۇشۇن-
داق ئىشنىڭ بولۇشىمۇ ئەدەھەم ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى. شۇڭا ئۇ،
ئەدەبىيات ۋە شېئىر توغرىسىدىكى ھەق گەپنى قويۇپلا، مەرۋپ
ئاقساقالنىڭ ئېچىشقان يېرىگە لازا قۇيدى:

— راست، بۇ شېئىرلار چاتاق ئىكەن، ئاقساقال، شەخسىي
ئاداۋەت بىلەن بىرىگە قارىتىپ يېزىلغاندەك تۇرىدۇ!...

— بىرىگە ئەمەس، ماڭا قارىتىلغان! — دېدى مەرۋپ ئاقسا-
قال تېخىمۇ بوغۇلۇپ، — دېمەككىم، سىز بۇ شېئىرلارنى ئېلان
قىلىشتىن بۇرۇن كۆرمىگەنمۇ؟!

— ياق، مەن زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن، — دېدى ئەدھەم ئالدىراپ، — ھەربىر مۇھەررىر ئۆز ئالدىغا كەلگەن ئەسەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، پەقەت باش مۇھەررىرلا ئاخىرىدا ھەممىنى كۆرۈپ، بىرمۇ بىر بېكىتىدۇ!

— باش مۇھەررىر كىم؟!

— ئۆتكەندە دېيىشتۇققۇ، ھىدايەت قاۋۇل…

— ھىدايەت قاۋۇل؟!

* *

سالمان مېھمانخانىدا خانقىز بىلەن ئوڭچە قالدى. زىياخان تاماق تەييارلىقى ئۈچۈن ئاشخانىغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئىككىيلەن بىر پەس جىمجىت ئولتۇردى. كېيىن خانقىز ئوڭايسىزلىنىپ، تىتىلداپ، بىردەم ئۇ بۇلۇڭغا، بىردەم بۇ بۇلۇڭغا بېرىپ، ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. پات - پات مەرۈپ ئاقساقال بىلەن ئەدھەم كىرىپ كەتكەن ئۆي تەرەپكە قاراپ قويۇۋاتتى. لېكىن، ئۇ قانچىكى ئۆزىنى قاچۇرمىسۇن، كۆڭلى خالىمىغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. سالمان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ:

— «تونۇمىغان پەرىشتىدىن تونۇغان شەيتان ئەۋزەل» دېگەن گەپ بار، — دېدى ئۆزىنىڭ يېقىنلىقىنى بىلدۈرۈپ، — سىز بىلەن مەن كونا تونۇشقۇ دەيمەن، خانقىز، ئۇنداق ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ!

سالمان ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋېدى، خانقىز خۇددى ئۈركۈگەن كېيىكتەك چاپچىپ:

— ماڭا يېقىنلاشماڭ! — دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— ماڭا قاراڭ، خانقىز، ئۇنچىۋالا باغرى تاشلىق قىلماڭ! — دېدى سالمان يېلىنغاندەك، — سىزنى ئۆتكەندە تۇنجى قېتىم بۇ ئۆيدە كۆرۈپ، بىزنى قايتا ئۇچراشتۇرغان ئاللانىڭ

ھېممىتىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولغانىدىم. بىز ئۇنتۇلغۇسىز
مىنۇتلارنى بىللە ئۆتكۈزگەن! سىز يەنە مېنىڭ قەلبىمنى
ئىگىلىدىڭىز... سىزنى ئويلىساملا، يۈرىكىم خۇددى كەربالادا
قايىنىغان قازاندەك قايناپدۇ!...
ئۇ شىپىلداپ كېلىپ، خانقىزنىڭ يەلكىسىدىن تۇتتى. خان-
قىز يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ يالغاندىن ھىجىيىپ
تۇرغان كۆزلىرى بىلەن لەشتەك يېقىمسىز چىرايى زەئىپ روھىي
دۇنياسى بىلەن سوغۇق ۋىجدانىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. خان-
قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا سۇرلۇك تۇس ئالدى، كۆزلىرى چەك-
چىيىپ، ئۆچكەن ھالدا ۋارقىرىدى:
— ئىپلاس قولىڭىزنى تارتىڭ!...

* *

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆسكىلەڭ قاشلىرى دىردىيىپ، پېشا-
نىسىدىكى قورۇقلار تىلىم - تىلىم بولۇپ قىرلاندى:
— دېمەككىم، بۇ ئاشۇ ھىدايەتنىڭ ئىشى دەڭ! ؟ — دېدى
ئۇ ئەمەلدارلىق تەلەپپۇز بىلەن، — ھىم... ژۇرنال دېگەن پارتى-
يىنىڭ تەشۋىقات قورالى. ئۇ ھەرگىزمۇ ۋاسىلدەك، ھىدايەتتەك
پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ خالىغان نەرسىسىنى تېرىپ يەيدىغان پۇڭلۇق
يېرى ئەمەس! — ئۇ بىرئاز تۇرۇۋېلىپ سورىدى، — دېمەككىم،
ھىدايەت بىلەن ۋاسىلنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلەم-
سىز؟
ئەدھەم تىلىنى چاينىدى:
— ئىشقىلىپ... ئىشقىلىپ، بىر - بىرىگە يېقىن. مېنىڭ-
چە، ھىدايەتنى ۋاسىل ئەپەندىنىڭ مۇرىت - مۇخلىسى دېيىشكە
بولىدۇ... ئۇنىڭغا بەك چوقۇنىدۇ...
مەرۇپ ئاقساقال نېرۋىسى ئۆرلەپ، يۈرىكى سىقىلغانلىق-

تىنىمۇ، ئەيتاۋۇر قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. مويلىرى ئېگىز، قېلىن موس - موس گىلەم-دە ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە گەپ قىلغاندەك، ئەلەم بىلەن غۇدۇردى:

— ۋاسىل نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئۆزى-گە شۇنچە جەلپ قىلىۋالىدۇ؟! دېمەككىم، نېمە ئۈچۈن ھەممى-سىلا ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدۇ؟! ئۇنىڭدا بىرەر سېھىر - كارامەت بارمۇ - يا؟! مەسىلەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىدىكى پەيغەمبەرلىك نۇرىدەك ياكى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىكى ئى-مان كەلىمىسى پۈتۈلگەن پەيغەمبەرلىك مۆھۈرىدەك؟!...، — ئۇ بىردىنلا شىپپىدە توختاپ ئەدھەمگە يۈزلەندى ۋە خۇددى يولىيو-رۇق بېرىۋاتقاندەك قوللىرىنى شىلتىپ داۋام قىلدى، — لېكىن، «تېرىشتۇرسەڭ دانىشمەننىڭمۇ ئەيىبى تاغدەك بولار» دېگەن گەپ بار!...

«يېڭى رۇبائىيلار» ھەقىقەتەنمۇ مەرۇپ ئاقساقالغا ئېغىر كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى قاقاچ باغلىغان كونا يارىلار قايتا تىرنالغاندەك بولدى. ئەگەر ئۇنى ۋاسىل ئەپەن-دى يازمىغان بولسا، نەزەر كۆزىرىگىمۇ ئالمايتتى، مۇبادا، ئو-قۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك بەدىئىي زوق ئالال-شى ناتايىن ئىدى. ئەسلىدە، بۇ ژۇرنالنىمۇ ئۇ ناگان - ناگاندا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە ۋاراقلاپ قوياتتى. بۈگۈن ئىدارىدىكى بىرى قەستەنلىكتىنمۇ ياكى ئادەتتىكى تەسا-راتتىنمۇ ئەيتاۋۇر كىشىلەرگە مۇشۇ شېئىرنى كۆرۈپ بېقىشنى ھاۋالە قىلدى، شۇ قاتاردا مەرۇپ ئاقساقالمۇ ئۆزىچە قىزىقىپ ئوقۇدى، ئوقۇدىيۇ، قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلىدى. بۇ شېئىرلار پەقەت ۋاسىل ئەپەندىنىڭ ئىسمى بىلەن باغلانغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇرىغا تەگكەنىدى. بۇ، بىھۇدە خۇدۇكسىرەش ئەمەسمىدۇر؟ ياكى سەزگۈرلۈكنىڭ ھەددى-

دىن زىيادە ئېشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتىمىكىن؟ !...
مەرۋپ ئىلياس بىلەن ۋاسىل ئەپەندى گەرچە بىر ساھە،
بىر كەسىپ بولمىسىمۇ، كونا تونۇشلاردىن ئىدى. مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى ۋاقتىدا، ئۇلار تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن
بىر مەزگىل بىللە ياشىدى. ئۇ چاغدا، ھەر ئىككىسىنىڭ تەقدىر-
قىسمىتى، تارىخ - كەچۈرمىشى ئوخشاش ئىدى. «ئىنقىلابىي
كومىتېت» قۇرۇلۇش بىلەن مەرۋپ ئىلياسنىڭ خىزمىتى ئەسلى-
گە كەلدى ۋە پەللىمۇ پەللە ئۆرلەپ كېتىۋەردى...
1965 - يىلى ئۇنى قايسىبىر باشلىق چەت بىر ناھىيىدىن
يۆتكەپ كەلگەنىدى. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەز-
گىللىرىدە، ئۇ بىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. شۇ
چاغدا، ۋاسىل ئەپەندى خىزمەت بىلەن تۆۋەننى ئايلىنىپ يۈرۈپ،
ئۇنىڭ ناھىيىسىگە بېرىپ قالدى ۋە ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر - ئىككى سورۇندا ئۆزى تېخى
تونۇشمايدىغان مەرۋپ ئىلياس توغرىسىدىكى مۇنداق بىر لەتىپىنى
ئېيتىپ يۈردى:
«ئەپەندىم بىر كۈنى چوڭ جامەنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ ئەزان
ئېيتىپتۇ. ئەزان تۈگەپ، جامائەت مېھرابقا قاراپ كېلىشكە باش-
لىغاندا، ئەپەندىم پەشتاقتىن چۈشۈپ، ئۇدۇل سىرتقا مېڭىپتۇ
ھەم ئالدىغا ئۇچرىغان بىر نامازخانغا:
— تەقسىر، مەن ئۈچۈن تەرەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز
ئوقۇپ قويارلا! — دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم ھەيران بولۇپ:
— مەزىنئاخۇنۇم، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ھېلىلا ئەزان ئېيت-
قان تۇرسىلا، قانداق تەرەتسىز بولىلا؟— دەپتۇ.
— تەقسىر، راستىمنى ئېيتسام، — دەپتۇ ئەپەندى، —
تەرەت ئېلىشنىمۇ، ناماز ئوقۇشنىمۇ بىلمەيمەن...
— نېمە، نېمە؟ ! — ھېلىقى ئادەم دەرغەزەپ بوپتۇ، —
ئۇنداق بولسا، مەزىنلىكنى قانداق قىلىلا؟

— ئەسلىدىغۇ، ئۇنىمۇ بىلمەيتتىم، — دەپتۇ ئەپەندى سىرتقا مېڭىۋېتىپ، — لېكىن، ئاۋازىم ئىمام ئاخۇنۇمغا ياراپ قالغاچقا، مەزىن قىلىپ قويدى ئەمەسمۇ؟!» .

......

ئەسلىدە، بۇ لەتىپىنى مەرۇپ ئىلياسنىڭ يۇرتىدىكى بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىشىگە دارتىمىلاپ ئېيتىپ بەرگەنىدى. ۋاسىل ئەپەندى بۇنى شۇ پېتى يۆتكەپ كېلىپ، ئىزاھاتلىرى بىلەن بىللە قوشۇپ ئېيتىپ يۇردى. «تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەندەك، بۇ گەپ تېخىمۇ كۆپتۇرۇلۇپ، مەرۇپ ئاقساقالغا يېتىپ باردى. ئۇ ۋاسىل ئەپەندىنى چايناپ پۇركۇۋەتكۇدەك غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھە دېگەندىلا چىشىنىڭ پاتمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتقانىدى. ئەمدى بۇ «يېڭى رۇبائىيلار» ئۇنىڭغا خۇددى «بورۇنقا خاپا بولسام، ساقال چىقتى» دېگەندەك، تېخىمۇ ئەلەم قىلدى، بۇ ئەلەم ئۇنى ئۆچ ئېلىشقا، ھۆجۇمغا ئۆتۈشكە، رەقىبىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا ئۇندەۋاتاتتى. ئۇ خۇددى تۆگە گۆشىنى تولا يەپ ئىنتىقامپەرەس بولۇپ كەتكەن ئەرەبلەردەك ئاداۋەتچى ئىدى...

— بىلەمسىز، ئەدھەم، «مۈگدىگەن قۇشقا ئاسان ئوق تېگىدۇ» دېگەن مانا شۇ! — دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، — دېمەككىم، بىزنىڭ ھوشيارلىقىمىز يوقالغان، جەڭگىۋارلىقىمىز سۇسلاشقان! سىياسىي دېگەن ئادەم بىلەن ھەپىلىشىش دېگەن گەپ. دېمەككىم، سىياسىي جەھەتتىكى غەلىبە سېنىڭ نېمە ئىشلىگەنلىكىڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى كىمنى ئاغدۇرغانلىقىڭ بىلەن ئۆلچىنىدۇ! رەقىبىڭدىن بىرنى يوقاتساڭ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن بولىسەن!...

بۇ گەپلەر ئەدھەمگە ئىلھام بەخش ئەتتى. ئۇمۇ شۇ كۈنلەردە رەقىبلىرىنى يېڭىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ئۇچرىغان توسقۇنلارنى يىمىرىپ. ھايات يولىدا ئۇچقاندەك ئۆرلەشنىڭ غېمىدە

ئىدى. شۇڭا، ئۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ سۆزىدىن غەيرەتلىنىپ، قەددىنى رۇسلىدى:

— ھىدايەتنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدىغان مۇھىم بىر كوزىر بار! — دېدى ئۇ ئەتراپىغا سىرلىق قاراپ.

مەرۇپ ئاقساقال ئالدىراپ سورىدى:

— قانداق كوزىر؟!

*     *

سالمان زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى:

— تىللىرىڭىزدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي، خانقىز! ئايال خەق-نىڭ تىللىغىنى — چىللىغىنى ئەمەسمۇ! يۈرۈك، مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمگە كىرەيلى، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار!...

«مۇزلىغان كۆڭۈلنى كۈنمۇ ئىسسىتالمايدۇ» دېگەندەك، خانقىزنىڭ مۇزلىغان يۈرىكىنى سالماننىڭ ياغلىما گەپلىرى، بېزەك قاراشلىرى ئىللىتالمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ بايىقى گېپى بىلەن كۆز ئالدىغا بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇنقى مۇدھىش بىر مەنزىرە كەلدى...

1980 ـ يىل باھاردا، خانقىزلار سالمان ئىشلەيدىغان ئوتتۇ-را مەكتەپكە ئوقۇش پۇتتۇرۇش پراكتىكىسىغا كەلدى. خانقىز تەقسىم قىلىنغان سىنىپ دەل سالمان مەسئۇللۇق قىلىدىغان تولۇق ئوتتۇرا بىرىنچى يىللىق سىنىپ ئىدى. دەرس پروگرام-مىسى بويىچە، ئۇنىڭغا توغرا كەلگىنى تاۋ جۇنىڭ «يۈكسەك غايە» ناملىق ئەدەبىي ـ پۇبلىستىكىلىق ماقالىسى بولۇپ، تەھلى-لى مۇرەككەپ، چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، تەلەپ ئۈستۈنرەك بىر تېما ئىدى. ئۇ بىرىنچە كۈنگىچە ئۆز ئەجرى بىلەن تەييار-لىق قىلدى. بۇ جەرياندا سالمان ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈردى،

بىر مۇنچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنى تېپىپ بەردى، ئۆزىنى سەممىي، پاك ۋە ھالال كۆرسەتتى. مۆرىتى كەلگەندە، ئۇنى ماختاپ، ئۇچۇرۇشىمۇ قولدىن بەرمىدى.

ئايال زاتى ئاجايىپ بىر دۇنيا. ئۇلارنىڭ كۆڭلى ھەم نازۇك، ھەم ئەۋرىشىم كېلىدۇ. ئۇلار ھەمىشە ماختاشقا موھتاج، ئۇچۇرۇشقا ئامراق، ئەڭ سەت ئايالىلارنىمۇ «گۈزەلسەن» دەپ ماختىساڭ ئىشىنىدۇ، خۇشال بولىدۇ. ماختاش، ئۇچۇرۇش — ئەمەلىيەتتە ئايالىلارغا سېلىنغان قارماق يېمى! سالمان بۇنداق يەم بىلەن تالاي بېلىقلارنى ئوۋلىغان، بۇ جەھەتتە ئۇ خېلى ماھىر ئوۋچى ئىدى!

خانقىزنىڭ تۇنجى قېتىم مۇنبەرگە چىقىپ، ئەللىك ئوقۇغۇچىغا رەسمىي دەرس سۆزلەيدىغانغا ئىككى كۈن قالدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن ھاياجانلىناتتى، جىددىيلىشەتتى. شۇ چاغدا سالمان ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، خانقىزنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىر تەكلىپنى بەردى:

— بۇگۈن كەچتە مېنىڭ ياتىقىمغا بېرىڭ، ئاخىرقى قېتىم سىناپ باقاي، يېتەرسىز يەرلىرى بولسا، بىللە تولۇقلايلى، بۇ سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىزغا مۇناسىۋەتلىك دەرس. مەنمۇ جىددىيلىشىۋاتىمەن! ...

خانقىز ئەلۋەتتە رازى بولدى، بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن ئاكا - سىڭىلدەك بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىدى. گەرچە ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىدا ئاللىقانداق سىرلىق تۇيغۇلار بولسىمۇ، لېكىن ھارام نىيەتنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەندى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەندە مۇنبەرگە چىقىدىمەن، دېگەن كۈنى كەچتە دەپتەر - كىتابلىرىنى كۆتۈرۈپ سالماننىڭ ياتىقىغا باردى. سالماننىڭ ئۆيى مۇشۇ شەھەردە بولسىمۇ، لېكىن خىزمەت ئېھتىياجى دەپ يۈرۈپ، ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىن كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆينى ياتاق

قىلىۋالغانىدى، بەزى كۆڭلىرى قونۇپمۇ قالاتتى.

سالمان خېلى ھەشەمەتلىك داستىخان تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن يەپ - ئىچىپ، بىر تەرەپتىن دەرس ئۈستىدە پاراڭلاشتى. سائەت ئونغا يېقىنلاشقاندا، نېمە ئۈچۈندۇر خانقىزنى شېرىن ئۇيقۇ باستى، بەدەنلىرى بوشىشىپ، بېشى ئاستا - ئاستا ياستۇققا قىيسايدى...

ئۇ ئويغانغاندا، بەدىنى يېرىم يالىڭاچ ئىدى!...

خانقىزنىڭ يىگىرمە ئىككى يىلدىن بېرى خۇددى مەرمەر قۇتىدا ساقلىغاندەك ئاسراپ، ئەتىۋارلاپ، پەخىرلىنىپ كەلگەن قىزلىق ئىپپەت - نومۇسى ئاشۇ كۈنى — ئالدانغان، مەست قىلىنغان، بىھوشلانغان ئاشۇ كۈنى بەئەينى ئېرىقتىكى لاي سۇ-دەك ئېقىپ كەتكەنىدى...

خانقىز ياشقا تولغان كۆزلىرىنى سالمانغا تىكىپ، بىرىنچى قېتىم بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ تۇرغۇن قارىدى. ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ چىقىۋاتقان بىرخىل غەزەپلىك تۇيغۇ بىلەن مۇنداق دېدى:

— سالمان، سىز ئادەم ئەمەس، سىز تېخى «يۈرىكىم» دەيسىزا، سىزدە يۈرەك نېمە ئىش قىلىدۇ؟! ئەگەر بار دېيىلسە، سىزدىكى يۈرەك ئادەمنىڭ يۈرىكى ئەمەس، ھايۋاننىڭ — غالجىر ئىتنىڭ، بۆرىنىڭ، قاپلاننىڭ، تىمساھنىڭ ۋەھشىي يۈرىكى!

خانقىز ئۇنىڭ قولىنى سىلكىپ تاشلاپ، نېرى كەتتى. سال-مان بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ھودۇقۇپ:

— سەن... سەن مېكىچىن!...، — دېگىنىچە ئاغزى گەپكە كەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئاياللارنى ئەزەلدىن ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ كەلگەن سالمان ئۈچۈن، خانقىزنىڭ بۇ گەپلىرى خۇددى تۇيۇقسىز تۇرغاندا تەگكەن ئەجەللىك مۇشتتەك، ئۇنى ئايلاندۇ-رۇپ قويغانىدى.

ئۆي ئىچى بىر پەس تىمتاسلىققا چۆمدى. ئىككىيلەن ئىككى تەرەپتە بىر - بىرىگە ھۈرپىيىپ، خىرىس قىلىپ تۇراتتى.

مېھمانخانىغا زىياخاننىڭ كىرىشى بىلەن ئۆلارنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا ئۆزگەردى...

*　　　　*

ئەدھەم ئالدىرىماي، پەس ئاۋازدا چۈشەندۈردى:

— ھىدايەتنىڭ ئۆتكەن يىلى ئۈچىنچى سان ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو ئەدەبىياتى يالغۇز خەنزۇ ئەدەبىياتىمۇ؟» دېگەن بىر ماقالىسى بار. بۇ توغرىدا خېلى بۇرۇنلا غوۋغا بولغان. ماقالىنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىمۇ ئىنتايىن يامان. لېكىن ۋاسىل ئەپەندى ئەينى ۋاقىتتىكى بىرنەچچە قېتىملىق مۇھاكىمە ۋە سۆھبەت يىغىنلىرىدا، بۇ ماقالىنى ماختاپ، كۆككە ئۈچۈرۈپ، باشقىلارنىڭ ئوخشاشمىغان پىكىرلىرىنى ئېيتىشىغا يول قويمىدى...

— دېمەككىم، قانداق پىكىر؟ — مەرۇپ ئاقساقال قىزىقىپ سورىدى.

— ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنىڭ خېلى ۋەزنى بار ئىدى، — دېدى ئەدھەم تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، — مەسىلەن، مىللەتچىلىك كەيپىياتى بار، دارىتمىلاش ئېغىر... دېگەندەك گەپلەر...

— مانا، مانا! ...، — مەرۇپ ئاقساقال جانلاندى، — دېمەككىم، ئۆلارنىڭ ساپىقىمۇ قولغا چىقىدىكەن! بۇ كىچىك مەسىلە ئەمەس! ... قارا، ئۆلارنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى! دېمەككىم، جۇڭگو ئەدەبىياتى خەنزۇ ئەدەبىياتى بولماي، ئورۇسنىڭ، نېمىسنىڭ ياكى ئەرەبنىڭ ئەدەبىياتىمىدى؟! ...

ئەدھەم ئەسلىي تېمىدىن يىراقلاپ كەتكەن بۇ گەپكە ئىچىدە كۈلدى. ئەسلىدە، بۇنىڭ قانداق تېما ئىكەنلىكى ئەدھەمگە ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىدى. بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن، ئەدھەم بىرىنچى بولۇپ، جۇڭگو ئەدەبىياتى ئوقۇتقۇچىسىدىن: «مۇئەل

لىم، جۇڭگو ئەدەبىياتى نوقۇل خەنزۇ ئەدەبىياتىمۇ؟» دېگەن سوئالنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن سورىغان ۋە دەرستىن كېيىن، كارىدوردا، مەيداندا، ياتاقتا ساۋاقداشلىرى بىلەن: «جۇڭگو مەدەنىيىتىنى جۇڭگودىكى ھەممە مىللەت ئورتاق ياراتقانىكەن، جۇڭگو ئەدەبىياتىمۇ شۇنداق!» دېگەن مەزمۇندا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، تالاش ـ تارتىش قىلغانىدى. دەل شۇ سورۇنلاردا، ھىدايەت ئۇنى قوللىغان، ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى يېڭى پىكىرلەر بىلەن بېيىتقانىدى. كېيىن، بۇ مەسىلە ئەدەھەمنىڭ كۆڭلىدىن پاك ـ پاكىز كۆتۈرۈلۈپ، ھىدايەتنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىشتىياق بولۇپ مەھكەم ئورناپ قالدى. ئۇ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن، بۇ توغرىدا ئاز ـ تولا ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا باشلىدى ۋە بۇرۇنقى سادda، مەۋھۇم كۆز قارىشىنى كونكرېت ۋە ئىلمىي دەرىجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بىرنەچچە يىل ئىزدەندى. ئاخىر ئۆتكەن يىلى «جۇڭگو ئەدەبىياتى يالغۇز خەنزۇ ئەدەبىياتىمۇ؟» دېگەن ماۋزۇدا ئەھمىيەتلىك بىر ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغانىدى! ئەمدى بۇگۇنگە كېلىپ، بۇ ماقالە ئاشۇ كۆز قاراشنىڭ تۇنجى ئىگىسى ۋە ھەقدارسى بولغان كىشى تەرىپىدىن ئەيىبلىنىۋاتىدۇ، قارىلىنىۋاتىدۇ!...

توۋا، شۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن! ھەي خۇدا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟

تەڭرىدىن ئاۋاز: دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بەزى ئىشلاردىن ئانچە خاپا بولۇپ كەتكۈلۈك ئەمەس! شۇنداق ئادەملەر باركى، پەن ۋە ئىجادىيەت ساھەسىدە ئۆزلىرىدىن ئۇزۇپ كەتكەن، ئورۇن ۋە ھۆرمەتتە ئۆزلىرىدىن ئۇستۇنرەك بولغان كىشىلەرنى ناپاك ۋە سۇيىقەستچى دەپ ھېسابلىشىدۇ، مەنسەپپەرەس ۋە ئالدامچى، دەپ ئويلىشىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلار ئۇزۇپ كېتىۋاتقانلارنىڭ يولىنى توسۇپ قالالمىسىمۇ، خۇددى پىستە كۇچۇكلەردەك يىراقتا تۇرۇپ، ئانچە ـ مۇنچە قاۋاپ قويىدۇ.

بۇ قاۋاشمۇ ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەسەللىسى، خالاس! بۇ خۇددى ئىتنى قاۋىدى، دەپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش!...

## 3

ئەدھەمنىڭ «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسى توغرىسىدىكى بەدىئىي ئېپىزوتى تېزلا بېسىلىپ چىقتى. شەخسىي بېيىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، گېزىتخانىلارمۇ مۇنداق ماقالىلەرگە موھتاج ئىدى. شۇڭا، ماقالە تاپشۇرۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنىلا گېزىتنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىدە ئېلان قىلىندى.

ماقالىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن شۆھرەت ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى ھاياجانلىق سوئاللار بىلەن تولغان تۆۋەندىكى قۇرلارنى تەھرىر بۆلۈمىدىكى ھەممەيلەنگە ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردى:

«... نېمىدېگەن كۆركەم، نەپىس، غايىۋى كۆرۈنۈشلەر بۇ - ھە؟! نېمىدېگەن شېرىن، سېھىرلىك، ھاياتبەخش مىنۇتلار بۇ - ھە؟! بۇنداق ئامەت، بۇنداق بەخت زامانىمىزنىڭ تەلەيلىك ياشلىرىغا، تىنچ، ئىناق، ئەركىن - ئازادلىككە تولغان دەۋرىمىزنىڭ خوجايىنلىرىغا مەنسۇپ! ئۇلار ئەنە شۇنداق ياشايدۇ، ياشاۋاتىدۇ! ھازىر ھايات ئۇلارغا كۈلۈپ قارىغان، ئۇلارمۇ ھاياتنىڭ كۈلكىسى بىلەن ھۇزۇرلانغان!... ئەي دوستلار، زامانداشلار! ئۇ يەرگە — ئەنە شۇ ھايات قاينىغان رەڭگارەڭ ئالەمگە، جەننەت ھۇزۇرىنى بېرىدىغان خىلۋەت ماكانغا قاراپ ئاتلىنىڭلار! ئۇ يەر سىلەرنى كۈتمەكتە، ئۇ يەر سىلەرگە لەززەت بېرىش ئۈچۈن چاقىرماقتا!...

بىزنى — بۇ دۇنيانىڭ جاپا - مۇشەققەت ۋە غوۋغالىرىنى ئۇنتۇغان دەۋرىمىزنىڭ ئەركىن ياشلىرىنى — مۇشۇنداق ھۇزۇر - ھالاۋەت، قايناق تۇرمۇش زوقى بىلەن تەمىنلىگەن

دادىل ئىسلاھاتچى، جەسۇر كارخانىچى سالمان مەرۇپقا رەھمەت! ئۇ ئاچقان ‹كىچىك پارىژ› قەھۋەخانىسى ياشىسۇن! ...»

— ھۇررا! — دەپ توۋلىۋەتتى شۆھرەت، — ئاغىنىلەر، جەننەت ئىشىكىگە قاراپ ھۇررا!

شۆھرەت ئەسلىدە، ئۆگۈنلۈككە بولىدىغان «تۆتىنچى ماي» ياشلار بايرىمىدا تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەرنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرغانىدى. ئەدھەمنىڭ ماقالىسى ئۇنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىغا قىزىقىپ قالدى.

— مەن پىلانىمنى ئۆزگەرتتىم، — دېدى ئۇ خىزمەتداشلىرىغا قاراپ، — «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىدىكى جەننەت ھۇزۇرىنى بىزمۇ كۆرۈپ باقايلى، «تۆتىنچى ماي» كۈنى سىلەرنى ئۆيدە ئەمەس، ئاشۇ يەردە كۈتىمەن!

— كۆپرەك چىقىمدار بولۇپ قالارسەنمىكىن، ئاداش، — دېدى ھېكايە مۇھەررىرى نادىر كۆيۈنۈش بىلەن، — ئۇ يەردە بىر ئىستاكان قەھۋە ئۈچ يۈەن، تۆت توغرام كالا گۆشى بەش يۈەن...

— توغرا، جوزا ـ بەندىڭ ھەققى دەپمۇ پالان پۇل ئالىدۇ، ئۇلتۇرساڭمۇ، قوپساڭمۇ پۇل! ...، — دېدى يەنە بىرەيلەن نادىرنى قۇۋۋەتلەپ، — ئالغان قەلەم ھەققىڭ يەتمەي قالارمىكىن؟...

شۆھرەت يېقىندا نەشرىيات تاپشۇرغان بىر تەرجىمە رومانىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئىشلەپ، بىرەر مىڭ يۈەنچە تەھرىرلىك ھەققى ئالغانىدى. شۇڭا خىزمەتداشلىرى نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنى «يۈيىمىز» دەپ چىش بىلەپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ يەردە پۇتۇنلەي سوغۇق يېمەك ـ ئىچمەك بار، — دېدى يەنە بىرى لوقما سېلىپ، — گەپنى زاكۇسكا قىلىپ ئىچىۋېرىپ، ئەتىسى زەردىمىز قايناپ، شالىمىز ئېقىپ قالمىسۇن! ...

شۇ ئارىلىقتا بۆلۈمگە ئەدھەم كىردى، شۆھرەت ئۇنىڭغا يېپىشتى.

— توختاڭلار، ئاغىنىلەر، قالغان ئەھۋالنى «كىچىك پا-رىژ» قەھۋەخانىسىنىڭ تەتقىقاتچىسىدىن بىلىمىز، — دېدى ئۇ ئەدھەمگە قاراپ، — ئۇ يەردە يەتتە - سەككىز ئادەم خالىي ئولتۇرغۇدەك ئۆيلەر بارمۇ؟

— بار، نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى ئەدھەم سوغۇقلا.

— شۇ يەردە سېنى مېھمان قىلماقچىمەن، تاماقلارچۇ؟

— تاماق يوق، لېكىن بۇيرۇتساق تەييارلاپ بېرىدۇ.

— مانا، پۈتتى! — دېدى شۆھرەت قوللىرىنى يېيىپ، — خالىي ئۆي بار ئىكەن، ئىچىملىك تەييار، سىرتتىن كاۋاپ بىلەن سامسا ئەكەلدۈرىمىز، شاھانە ئولتۇرۇش دېگەن شۇ! پۇل مەسى-لىسىگە كەلسەك، ئادەم بېشىغا ئون يۈەندىن مەن چىقىرىمەن، قالغىنىنى ھەربىرىڭلار خوتۇنۇڭلاردىن سوراپ ئېلىپ بارسىلەر، قانداق؟

— چاتاق يوق! — دېدى بىرنەچچىسى تەڭلا، — بۇ ئىشتىن ھىدايەتنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويايلى!

— ئۇنىڭغا ئۆزۈم ئېيتىمەن، — دېدى شۆھرەت ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ ئەدھەمگە تاپشۇردى، — سەن ئەدھەم، ھېلىقى خوجا-يىنغا، سالمان دېدىڭما، ھە، تېلېفون بېرىپ قويغىن. ئۆگۈن-لۈككە بىز شۇ يەردە جەم بولىمىز!

* *

«تۆتىنچى ماي» چۈشتىن كېيىن، ئۇلار «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىنىڭ «ئالاھىدە كۇتۇش» ئۆيىگە توپلاندى. بۇ ئۆي ئەسلىدە، گۈڭگا چىراغلار بىلەن ئالىيېشىل يورۇتۇلغان، يىپەك شىرمىلار بىلەن قاتمۇقات توسۇلغان، ھەربىر توسۇق ئىككىلا ئادەمگە تەئەللۇق بولغان ئىشقى - مۇھەببەتچىلەرنىڭ ئارامگاھى ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئورۇنلىرىغا سائەت ھېسابلاپ ھەق ئالاتتى،

كۈتكۈچىلەرمۇ ئۇدۇل كەلگەنچە ئۇسۇپ كىرەلمەيتتى، پەقەت
شەرتلىك نومۇر بويىچە ئۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق سىگنال ئارقى-
لىقلا كىرىشكە بولاتتى...

بۈگۈن بۇ ئۆينىڭ چىراغلىرى يەڭگۈشلىنىپ، يوپيورۇق
قىلىنغان، يىپەك شىرمىلارمۇ بىر چەتكە يىغىشتۇرۇلۇپ قويۇل-
غانىدى. بۇنداق قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشنى سالمان پەقەت ئەدھەم-
نىڭ يۈزى ئۈچۈنلا قىلغانىدى. بولمىسا، سائىتىگە پالان پۇل
كىرىم قىلىۋاتقان نەسىللىك سېيىردەك بۇنداق ئۆينى سالمان
ئادەتتىكى ھاراقكەشلەر ئۈچۈن ئاسان بوشاتمايتتى.

بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولغانلار توققۇز ئادەم ئىدى. بۇنىڭ
ئالتىسى تەھرىر بۆلۈمىدىن، ئۈچى سىرتتىن كەلگەن شۆھرەت-
نىڭ ئاغىنىلىرى ئىدى. شۆھرەت ھەممەيلەننى داستىخانغا تەك-
لىپ قىلدى ۋە ئىككى قولىنى يېيىپ:

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن داستىخىنىمىز بەك مول بولمىسىمۇ،
لېكىن يېمەكلىكنىڭ تۈرى كۆپ، مەسىلەن، — دېدى ئۇ ھەر
خىل سەيلەرنى كۆرسىتىپ، — مانا ماۋۇ، داستىخىنىمىزنىڭ
بوتانىكا قىسمى، — ئاندىن ئۇ كاۋاپنى كۆرسىتىپ، — مانا ماۋۇ،
زوئولوگىيە قىسمى. ئاۋۋال قورساقنى ئازراق ئەستەرلەيلى،
قېنى، باققاچ ئولتۇراڭلار، مەن سىلەرگە بىر تەرەپتىن ماۋۇ
يېڭى مېھمانلارنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دەپ، يېنىدا ئولتۇر-
غان ئۈچ ئاغىنىسىنى ئىشارە قىلدى، — بۈگۈنكى بۇ ئولتۇرۇشى-
مىزدا، تەھرىر بۆلۈمىگە تەئەللۇق بولمىغان ئۈچ ئادەم بار، بۇلار
مېنىڭ كۆمەك ئاداشلىرىم. سىلەرگە ئىنچىكىرەك تونۇشتۇرۇپ
قوياي: مانا ماۋۇ مېنىڭ كونا ساۋاقدىشىم، ئىسمى ساۋۇت،
ھۆكۈمەت بىناسىدا تەرجىمان، كەلگۈسىدىكى پارلامېنت ئەزاسى
دېيىشكە بولىدۇ، لەقىمى شۇمەك. قاراڭلار، ئۆزىمۇ شۇمەكتەك
دىڭگىيىپ ئولتۇرغىنىنى! مانا ماۋۇ پېقىرنىڭ يېقىن دوستى،
ئىسمى غالىب، ئالىي مەكتەپنىڭ لېكتورى، كەلگۈسىدىكى بېلى-

نىسكى ياكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى، لەقىمى… ، — ئۇ ئوڭايسىزلانغاندەك ئەتراپقا قارىدى، غالىبمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر خىل ئىلتىجالىق بىلەن قاراپ قويدى، — لەقىمى… هازىرچە مەخپىي، يۇقىرىغا ئەمدى يوللاندى، خىزىرنىڭ تەستىقىدىن ئۆت-كۈزۈپ ئاندىن ئېلان قىلىمىز! ئەمدى، ماۋۇ گۈپچەك مېنىڭ بىر مەهەللىلىك ئاغىنەم، ئىسمى قاسىم، كەلگۈسىدىكى سىيا-سىي - ئىقتىساد ئالىمى ياكى ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. لەقىمى كىسپۇرۇش، لەقەم بىلەن تولۇق قوشۇلغان ئىسمى: قاسىم كىسپۇرۇش!…

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۆهرەتنىڭ تونۇشتۇرۇشى يېقىملىق هەم يۇمۇرلۇق بولغانىدى.

— ئۆزۈڭ قالدىڭ، — دېدى نادىر ئەتەي گەپ تېشىش ئۇ-چۈن، — ئۆزۈڭنىمۇ تونۇشتۇر!

— مېنىڭ ئىسىم بەك ئوڭاي، — دېدى شۆهرەتمۇ دەرهاللا، — ئىسمىم شۆهرەت، لەقىمىم تاپانچا. ئۆزۈم يوقتەك، ئۇنۇم ئوقتەك، ئەسكىلىك قىلساڭ، ئوقۇم بەتلەكلىك!

— سېنىڭ لەقىمىڭ ئەجەب چىرايلىقكىنا؟! كىم قويغان ساڭا؟

— خىزىر قويغان. لېكىن ئازراق ئىشىك ماڭ-غان! — دېدى ئۇ چاقچاققا يۆلەپ، — بىرەر مونەك شۇڭغۇتقان، هازىر ئۇنىڭسىز هېچقانداق ئىشنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى بىلمەم-سەن؟ پۇلنى كۆرسە، خىزىرمۇ يولدىن چىقىدىكەن، شۇڭا، ماڭا ئاشۇنداق چىرايلىق لەقەمنى بەردى، قانداق؟

شۆهرەت قېشىنى ئاتتى، ئۇنىڭ يېپىلاڭغۇ قاشلىرى يۈزىنى تېخىمۇ كەڭ ۋە ئوچۇق كۆرسەتتى. ئۇنىڭ لەقىمى ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىگە ماس كەلگەنىدى. ئۇ ئىخچام، تاپانچىدەك چاققان ھەم زۇۋاندىراز ئىدى. گەپكە كەلگەندە، ھېچنېمىدىن يانمايتتى… سورۇندىكىلەر تېزلا چىقىشىپ، ئېجىل بولۇپ كەتتى.

پاراڭ، سۆھبەتلەرمۇ راۋان يۈرۈشتى. شۇ تاپتا، ئۇلار پۈتۈن دۇنيا بولمىسىمۇ، يېرىم دۇنيا ياكى چارەك دۇنيانىڭ تەقدىرى توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ، سۆزلىشىۋاتاتتى...

شۆھرەت ئەمدى تۈنجى قەدەھنى قولىغا ئالدى:

— دوستلار، بۈگۈن بىز «تۆتىنچى ماي»دا بۇ يەرگە جەم بولدۇق، بۇ كۈننىڭ خاسىيىتى ھەممىمىزگە مەلۇم. شۇڭا، مەن تۈنجى قەدەھنى «تۆتىنچى ماي» مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ سەركەردىسى لۇشۈننىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئاتاپ ئىچىمەن. «قىسقۇچپاقىنى بىرىنچى قېتىم يېگەن ئادەم قەھرىمان بولسا كېرەك!» توغرا، ھازىر ھەممە ئادەم قىسقۇچپاقىنى مەززە قىلىپ يېيەلەيدۇ، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئاشۇ ئەگرى - دوناي پۈتلىرىدىن، سەت ۋە سىرلىق كۆرۈنۈشىدىن قورقماي بىرىنچى قېتىم يەپ يول ئاچقان ئادەم ھەقىقەتەن قەھرىمانلىق قىلغان بولىدۇ! بىز ھازىر ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەبىياتچىلار، بىزدە ئەنە شۇ قىسقۇچپاقىنى بىرىنچى قېتىم قورقماي يېگەن ئادەمدەك روھ ۋە جاسارەت بولۇش كېرەك. شۇ چاغدىلا، ئىجادىيەتتە يېڭىلىق ياراتقىلى، بۆسۈش قىلغىلى، دەۋرنىڭ قەدىمى بىلەن بىردەك بولغىلى بولىدۇ!... قېنى، قەدەھنى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار، ھەممەيلەننىڭ سالامەتلىكى، خۇشاللىقى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن، ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسى بىلەن ئىچەيلى:

٧ «ئەي، ئالەم رەھبىرى، دىنىدىن غەم يېمە،
قايسى كۈن ئىچمەكلىك راۋادۇر، دېمە.
ئىچىۋەر يەكشەنبە، شەنبە، دۈشەنبە،
سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە، جۈمە!»

قەدەھلەر بىراقلا كۆتۈرۈلدى، شۆھرەت رومكىلارغا يېڭد-
دىن ھاراق تولدۇرۇۋېتىپ:
— ئاغىنىلەر، بۈگۈن ھاراق دېگەننى ئاشقازىنىمىز چىلد-
شىپ، ئۆپكىمىز لەيلىگۈدەك بىر ئىچەيلى! پۈتۈن ئولتۇرۇش
جەريانىدا، بىر - ئىككى رومكىنىڭ چېقىلىشىغا رۇخسەت، ئىك-
كى - ئۈچ ئادەمنىڭ ئاۋۋال مەست بولۇشىغىمۇ رۇخسەت. بۇ،
ھاراقكەشلەر ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى! — دەپ
جاكارلىدى.
كۆلكە - چاقچاقلار ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە
رومكا ئىچىلدى، ھارارەت كۆتۈرۈلگەنسېرى پاراڭمۇ ئەۋجىگە
چىقتى. بەزىلەرنىڭ كاللىسى قىيسىيىپ، كۆزلىرى غىلايغىلى
تۇردى. بەزىلەر ئەمدى بولار، دەپ ھاراقتىن باش تارتىۋېدى،
شۆھرەت شۇ ھامان:
— تولا نېزىقىماي، بۇقۇرۇپ - بۇقۇرۇپ ئىچ! — دەپ
ئىچۈرۈۋېتەتتى.
ئادەم كەيپ بولغاندا نېمە ئىشلار بولمايدۇ؟! كۆڭلى كۆتۈ-
رۈلۈپ، خۇشخۇيلىشىپ، سۆزمەنلىشىپ قالىدۇ. ناخشا ئېيتقۇ-
سى، ئۇسسۇل ئوينىغۇسى كېلىدۇ!...
ئەدھەم ئارىلىقتا غىپپىدە يوقىلىپ كېتىپ، بىرئازدىن كې-
يىن بىر قولىدا دۇتارنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ھېكىم پەيپەيزد-
نى يېتىلەپ كىردى. ھېكىم پەيپەيزە ھەممەيلەنگە ئېگىلىپ تۇ-
رۇپ سالام بەردى. شۇ چاغدا شۆھرەتنىڭ ئاغزى قىچىشىپ:
— ھوي، خان، قىزىتقۇسىدىن ئازراق قويىاي، ئى-
چەملا؟ — دەپ بوتۇلكىنى تەڭلىۋېدى، ھېكىم پەيپەيزە شۇ ھامان
قاش - كۆزىنى ئوينىتىپ، قولىنى چاۋاكلاپ تۇرۇپ:
— قىزىتقۇسى بولمىسىمۇ ئوتتەك لاۋۇلداپ تۇرىمىز، سى-
لىگە ئوخشاش مىجەزى يېنىپ، تېگى - تېگىدىن بوشىشىپ
ئەگىيدىغان بولۇپ قالمىدۇق! — دەپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

ھەممەيلەن ئۆنىڭ گەپلىرىگە، بولۇپمۇ قىلىقىغا قاراپ، تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشتى. ئەدھەم قولىدىكى دۇتارنى ئۆنىڭ-غا تۇتقۇزدى:

— قېنى، ھېكىمجان، ئازراق پەيزىڭنى كۆرەيلى!

ئۇ دۇتارنى سازلىدى، ئىنچىكە، ئاپئاق بارماقلىرى تارا ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى، ئارقىدىن لەرزان ئاھاڭغا ماسلاشتۇ-رۇپ، ئۆزىگە خاس نازۇك ۋە ئەۋرىشىم ئاۋازدا ناخشا توۋلىدى:

سۇلتانىنىڭمۇ دەردى بار،
ئامبالىنىڭمۇ دەردى بار.
دوتەيىنىڭمۇ دەردى بار،
پوتەيىنىڭمۇ دەردى بار.
بۇ دۇنيادا ھەممىنىڭ —
ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى بار.
دەردى يوقنى ئىزدىسەڭ،
ئۇنداق ئادەم نەدە بار؟
بۇ دۇنيادا ھەممىدىن —
ئادەم دېگەن ئەتىۋار،
جان بېقىشنى ئويلىساڭ،
شاڭخەي دېگەن يەرگە بار.
بىكار ناننى ئىزدىسەڭ،
(ئامىن) دېگەن يەرگە بار!
جاراڭلىغان شۇ دۇتارنىڭ،
ئون بەش يەردە پەدى بار.
دەردكە شىپا ئىزدىسەڭ،
ئويىنايدىغان يەرگە بار!

ناخشا ھەممەيلەنگە ياقتى. ئاھاڭى شوخ، يېقىملىق، جەزبى-

دار تۆيۆلدى. تېكىستى يېڭى، ئەركىن ۋە ئىجادىي بىلىندى. شۇڭا، تەرەپ - تەرەپتىن:

— ئوت! ئوت!...

— يارايسەن، ئۆلمە! — دېگەن ھاياجانلىق ئاۋازلار ئاڭلاندى.

شۇ چاغدا، كىمدۇر بىرى ھېكىم پەيپەيزىنى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇنداق تەكلىپلەرگە كۆنۈك ۋە ھازىر جاۋاب ئىدى، دۇتارنى نادىرغا تۇتقۇزۇپ، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى، بېشىدىكى بېغىررەڭ مەنپۇ دوپپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، چاچلىرىنى توزغۇتتى ۋە بەيگىگە چۈشىدىغان ئاتتەك چاپچىپ، زوقچۇپ قويدى. نادىر دۇتارنى ئۇسسۇل پەدىسىگە چالدى، ھېكىم پەيپەيزە ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئالدى، بېلىنى قىرىق بەش گرادۇس ئېگىپ سالام قىلدى ۋە شۇ ھالەتتە بېشىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ ئۇسسۇلنى باشلىۋەتتى. تېخى ھېلىلا كۈلكە - چاقچاق، ۋاراڭ - چۇرۇڭ بىلەن تولۇپ كەتكەن ئۆي بىردىنلا سۇ سەپكەندەك جىمىپ قالدى، پەقەت دۇتار بىلەن ھېكىم پەيپەيزىنىڭ بارماقلىرىدىن چىقىۋاتقان قاس - قاس ئاۋازلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاراپ ئولتۇرغانلار ھېكىم پەيپەيزىنىڭ ئۇسسۇل ماھارىتىدىن ھەيران قالدى، ئادەتتىكى كەسپىي ئۇسسۇلچى ئاياللارمۇ ئۇنىڭدەك نازۇك، يەڭگىل، نەپىس ۋە ئەۋرىشىم ئوينىيالىشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى بىلەن خۇلقى، قىياپىتى بىلەن نازاكىتى بىر - بىرىگە شۇنداق ماسلاشقان ھەم بىر-بىرىنى شۇنداق تولۇقلىغانىدى. ئۇ يىلاندەك تولغىنالايتتى، كېپىنەكتەك ئەگىيەلەيتتى، قىزلاردەك زوقچۇيالايتتى. قىسقىسى، ئۇسسۇلنى ئەڭ ئىنچىكە ۋە نازۇك تەرەپلىرىگىچە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىيالايتتى...

ئۇ ئۇسسۇلنىڭ ئاخىرىدىكى ئەڭ نەپىس پىرقىراشنى ئورۇنداۋاتقاندا، بىر كۈتكۈچى قىز ئۇنى چاقىرىپ كىردى. ئېھتىمال،

ئۇنىڭ «پەيزى» نى كۆرىدىغان باشقىلارمۇ تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك!

ھېكىم پەيپەيزە ئۇسسۇلدىن توختاپ، يەنە شۇنداق چىرايلىق سالامدىن بىرنى قىلىۋېتىپ چىقىپ كەتتى. سورۇندىكىلەر بىر-نەچچە مىنۇتقىچە ئۇنىڭ ئۇستىدە غۇلغۇلا قىلىشتى. ئۇنىڭغا قىزىققان، ھەۋەس قىلغان ۋە ھەيران بولغانلار بار ئىدى، ئۇنىڭ-دىن نەپرەتلەنگەن، ئۆكۈنگەن ۋە خورسىنغانلارمۇ بار ئىدى...

ئەمدى نادىر ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى قىزىق پاراڭغا بۇراش ئۈچۈن شۆھرەتنىڭ ئاغزىدىكى گەپنى ئەپقېچىپ:

— ھەي، چاقچىقىغا باشقىلار كۈلمىسە، غىدىقلاپ كۈلدۈر-دىغان ئەخمەق، نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپ لوقما تاشلىۋېدى، شۇ ھامان شۆھرەتنىڭ كاللىسىدا «ئەخمەق» سۆزىنى قاپىيە قىلغان بىرمۇنچە قىزىق گەپلەر ئارقا - ئارقىدىن پەيدا بولدى:

— نېمە دەيتتىم، چېچىنى گەدىنىگىچە ئۆستۈرۈۋېلىپ، ئالىم بولدۇم دەيدىغان ئەخمەق؛

يىڭناغۇچقا مىنىۋېلىپ، ئايغا چىقىمەن، دەيدىغان ئەخمەق؛

چاقچاقتا يېڭىلىپ قالسا، ئۆيگە بېرىپ خوتۇنىنى ئۇرىدىغان ئەخمەق؛

مەست بولۇپ قالغاندا، تونۇرغا قارماق سالىدىغان ئەخمەق؛

ئىككى پېتىكىنى مۈرىسىگە قويۇۋېلىپ، گېنېرال بولدۇم، دەيدىغان ئەخمەق؛

بالىلارنىڭ سالپاڭ قۇلاقچىسىنى كىيىۋېلىپ، ئۇچقۇچى بولدۇم، دەيدىغان ئەخمەق؛

بۆرەك يەيمەن، دەپ ئېشەكنىڭ تېزىكىنى قورۇپ يەيدىغان ئەخمەق؛

مەست بولغاندا خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ساقايغاندا يارىشىۋا-لىدىغان ئەخمەق؛

ئالىدىغان قىزى ياراتمىسا، دادىسىغا قېيىدايدىغان ئەخمەق؛

لەڭپۇڭغا ھەسەل قوشۇپ، فرانسۇزچە تاماق يېدىم، دەيدى-
غان ئەخمەق؛
ئۆگزىدىن كۇنلۇك بىلەن سەكرەپ، گاگارىن بولدۇم، دەي-
دىغان ئەخمەق...
ھەممەيلەن كۇلۇشتى، كۇلگەندىمۇ پۇتۇن بەدەنلىرى سىلكى-
نىپ، قاھ - قاھ ئۇرۇپ، شادىيانە كۇلۇشتى. تولا كۇلۇۋېرىپ
يۇزلىرىدىكى كۇلكە مۇسكۇللىرىمۇ ھېرىپ قالدى...
شۇ ئارىلىقتا، كۇلكىگە قىزىقتىمۇ ياكى كۇتۇش ئەھۋالىنى
كۆزدىن كەچۇرمەكچىمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆيگە سالمان كىردى.
ئۇدۇل ئەدھەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسىلەر-
نى پىچىرلىدى، ئەدھەم رازىلىق ئالامەتلەرنى بىلدۇرىدىغان قول
ھەرىكىتى بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، شۇ چاغدا سالماننىڭ كۆزى
تۇيۇقسىز ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ھىدايەتكە چۇشۇپ قالدى، ھىدايەت
يېنىدىكى بىرى بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە ئىدى، ئۇ سالماننىڭ
ئۆزىگە ھومىيىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆ-
رۇپ، مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى. بۇنداق مەسخىرىلىك، بىغەم
قىياپەت سالماننىڭ تېخىمۇ چىشىغا تەگدى، ئەلەمدىن ئۆتى يې-
رىلغۇدەك بولۇپ، پۇتۇن غەزىپىنى كۆزىگە يىغىپ گۆلەيدى. شۇ
تۇرقىدا ئۇ، ئەگەر ھىدايەت يالغۇز بولسا، چايناپ پۇركۇۋەتكۇ-
دەك ئەلپازدا ئىدى. كۆزلىرىدىن سۇرلۇك، سوغۇق بىر نۇر
چاچراپ تۇراتتى. لېكىن ھىدايەتنىڭ خاتىرجەم، خىرامان قاراش-
لىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر كۆزىنى ئېلىپ قاچتى ۋە
ئېڭىكىنى خەپلەپ تۇتقاندەك سىلاپ قويۇپ، غىتتاڭشىپ چىقىپ
كەتتى...
يەنە بىر رومكىدىن هاراق ئايلاندى، ئىككىنچىسى قۇيۇلغان-
دا، ئەدھەم رومكىنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويدى. بۇنى كۆرۇپ
قالغان شۆھرەت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:
— قېنى، شۆھرەتلىك دراماتورگىمىز، هاراقنى كۆتۇرۇ-

ۋەت! — دېدى ئۆزىنىڭ قولىدىكى رومكىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ، — ئەسلىدىغۇ ساڭا بۇنداق ئاچچىق نەرسىلەرنى تەڭلىمەي، بۇلماق بىلەن باقساق بولاتتى، لېكىن كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى، قېنى، كۆتۈرۈۋەت!

ئەدھەم ئامالسىز ئىچتى، ئىچتىيۇ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزىنى يۇمۇپ، گەۋدىسىنى يېنىك تەۋرەتكەن هالدا تۆۋەندىكى شېئىرنى قايتا - قايتىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى:

شۇنداق تالانت ئىدىمكى،
تالانتلاردىن يارالغان!
تالانت دېگەن بەكمۇ ئاز،
مىڭغا بىردىن تارالغان!

بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان نادىر بىزار بولغاندەك:

— هەي، ئەدھەم، يەنە شۇ گەپمۇ؟ ئەتىگەندىن بېرى لاققىغا چۈشكەن پاتېفوندەك بىرلا گەپنى قىلىسەنغۇ؟! — دېدى ۋە تۇيۇقسىز سوراپ قالدى، — يېڭى گەپلەر بولسا قىلغىنا، رەھبەرلىك سەندەك تالانت ئىگىسىنى قاچانراق ئۈستۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ؟

ئادەم كەيپ بولغاندا كۆڭلىدىكى گەپلەر ئېغىزدىن چىقىپ كېتىدۇ. مەيلى ئۇ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق، ياكى پايدىسىز بولسۇن هېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ. شۇڭا، ئەدھەممۇ كېچە - كۈندۈز ئوي - خىيالىنى بەند قىلىدىغان گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

— ئىشقىلىپ، ئويلىشىۋاتىدۇ! — ئۇنىڭ ئاۋازىدا كۆرەڭلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئازراق ئوڭايسىزلىقمۇ بار ئىدى.

ئەدھەم يېقىندىن بېرى، ئوچۇق سورۇنلاردا — ئىدارە، ئىشخانا، ئۆي ۋە ئولتۇرۇشلاردا — ئۆزىنىڭ ئەمەل تۇتۇش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەدەبىياتچى بولۇش بىردىنبىر ئارزۇسى

ئىكەنلىكىنى، لېكىن رەھبەرلىك، تەشكىل ئۇنى ئۆستۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە:

«ۋىلادىمىر ئېلىئىچ لېنىنمۇ دېميان بېدنىنىڭ مىنىستىر بولماي، شائىر بولۇشىغا قوشۇلغان، ئەسلىدە مەنمۇ دراماتورگ، شائىر بولۇشۇم كېرەك ئىدى!» دەيتتى.

لېكىن قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا بولسا، ئەمەلنىڭ، يۇقىرى ئۆرلەشنىڭ گېپىنى قىلاتتى. بۇ نىيىتىنى قىلچە يوشۇرماي يېقىنلىرىغا:

«جۇڭگودا ئەمەل بولمىسا، بولمايدۇ! ئەمەلدارلىق چوڭ ئامەت. چۈمۈلىدەك بىر ئادەم ئەمەل بىلەن كىشىلەرگە پىلدەك كۆرۈنىدۇ. ھوقۇق بولسىلا، ھەممە بولىدۇ، بەخت - تەلەي، دەپىنە - دۇنيا دېگەنلەر ئۆزلۈكىدىن پۇت چىقىرىپ كېلىۋېرىدۇ!» دەيتتى.

ئەدھەم شۇ مۇددىئا بىلەن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلتۇرۇش - قوپۇشتا ئۇنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ، ماختىنىپ يۈرگەندە، شۆھرەت مۇنداق بىر لەتىپە توقۇپ تارقاتتى:

«چاشقان بىر كۈنى ئورمانلىقتا كېتىۋاتقان چوڭ پىلنى ئۇچرىتىپتۇ - دە، ئۇنىڭغا قاراپ: ‹ھەي، پىل ئاكىجان، مەن سېنىڭ ئەۋلادىڭ بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن!› دەپتۇ. پىل جايىدا توختاپ، ئۆزىدىن نەچچە يۈز ھەسسە كىچىك بولغان چاشقانغا ھەيران بولۇپ بىردەم قاراپ تۇرۇپتۇ، كېيىن ئۇنى خارتومىغا مىندۈرۈپ، دەسلەپ ئەركىلىتىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى شۇملۇقنى، دىردىيىپ تۇرغان بۇرۇتىدىكى ساختا ھىيلىگەرلىكنى كۆرۈپ: ‹سەندەك رەزگى چاشقان مەندەك بىر قامەتلىك پىلنىڭ ئەۋلادى بولامدۇ؟!› دەپ پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپتۇ!...»

نادىر قەستەنمۇ ياكى بىرەر گەپ ئېلىش ئۈچۈنمۇ، ئەدھەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى:

— ئويلىشىۋاتقان بولسا، نەگە ئۆستۈرىدىغاندەك تۇرىدۇ؟
نادىر بىلەن ئەدھەمنىڭ گەپ - سۆزىگە يىراقتىن زەن قويۇپ ئولتۇرغان شۆھرەت ئاغزىغا كەلگەن بىر گەپنى پوسۇققىدە دەۋەتتى:

— ھوقۇقلا بولسا، ھاجەتخانىدىمۇ ئىشلەۋېرىدۇ ئۇ!
بۇ گەپ خۇددى پىلتىگە يېقىلغان ئوتتەك، چوڭ پارتلاشقا سەۋەب بولدى.

— نېمە دېدىڭ؟! شۇم ئاغزىڭنى يەنە بىر ئاچقىنا؟ — ئەدھەم ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇغدىيىكىنى كېرىپ ۋارقىرىدى.
شۆھرەت يەنە بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشىلىۋېدى، ھىدا-يەت دەرھال ئۇنى جىملىدى:

— شۆھرەت، بولدى ئەمدى، ئاغزىڭنى يىغ!
شۆھرەت خىجىل بولغاندەك، بېشىنى ساڭگىلاتتى، ئۇ ئۆزى-نىڭ بۇ بالا تەگكۈر ئاغزىدىن زادىلا ياخشى گەپ چىقمايدىغانلىقىغا ئۆكۈنگەندەك بولدى. لېكىن ئەدھەم بارغانسېرى كۆپۈپ، ئۆر-لەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۆھرەتكە نىسبەتەن يېقىندىن بېرى بىر غۇم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇگۈنكىدەك يات ئادەملەر بار سورۇندا ئۆزىنىڭ بۇنداق كەمسىتىلگەنلىكىدىن قاتتىق ئار-سىندى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي تىل سالدى:

— ھۇ، ئاناڭنى! سەن...

— ھاي - ھاي...، — دېدى شۆھرەت چاقچاققا يۆلەپ سىپايە ئاۋازدا، — XX ئەسىردە تۇرۇپ، XIX ئەسىرنىڭ تىللىرى بىلەن ئادەم تىللاشقا بولمايدۇ، ئەدھەم! ھازىر تىللاشمۇ مەدەنىي بولۇپ قالدى. «ھۇ، ئاناڭنى!» ئەمەس، «ھۇ، بۇرژۇئاز» دېيىشىڭ كېرەك!
بۇ گەپكە باشقىلار كۈلۈپ، جىددىي كەيپىيات بىرئاز يۇمشى-غان بولسىمۇ، لېكىن ئەدھەم تەلەتىنى ئۆزگەرتمىدى، ئۇ شۆھ-رەتكە ئالىيىپ، دىكىنىپ تۇرۇپ:

— سىنىمۇ بىلىپ قويدۇق، بىر ئۆرۈلۈپ بۆرە، بىر ئۆرۈ-
لۈپ قوي بولالايدىكەنسەن! — دېدى ۋە جوزا ئۈستىدە تۇرغان
يېرىم بوتۇلكا هاراقنى شارتتىدە ئېلىپ، خۇددى باشقىلارغا جەك
ئېلان قىلماقچى بولغاندەك، بوتۇلكا بىلەنلا كانايچىلاپ ئىچىشكە
باشلىدى. نادىر ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى:
— بولدى، بولدى... ئاچچىقىڭغا هاي بەر! هاراق ئوينىشى-
دىغان نەرسە ئەمەس! — دەپ بىرىدىن يادلىۋالغان بىر كۇپلېت
شېئىرنى ئوقۇپ توسماقچى بولدى:

«مايمۇندىن ئۆزگىرىپ ئادەم بولغۇچە،
بەش مىلىيون يىل كېرەك (بۇ بىر ھەقىقەت).
ۋە لېكىن، ئادەمدىن مايمۇن بولماققا،
بىر شىشە هاراق بەس، ئۇنتۇما پەقەت!»

ئەدھەم قۇلاق سالمىدى، ئەگەر نادىر ئاز - تولا كۈچ ئىشلى-
تىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى بوتۇلكىنى تارتىۋالمىغان بولسا، يېرىم
بوتۇلكا هاراقنى غورتۇلدىتىپ پاك - پاكىز ئىچىۋەتكەن بولاتتى.
ئۇنىڭ ئەمدى كەيپى بۇزۇلدى، پىغانى تېخىمۇ ئۆرلىدى، قولىنى
كەلسە - كەلمەس شىلتىپ، ئاغزىدىكى تۈكۈرۈكلەرنى چاچرى-
تىپ، ئالىتاغىل سۆزلەشكە باشلىدى:
— ھەممىڭ قىزىلكۆز... ھەسەتخور!... مېنىڭ نەتى-
جەمنى... ئابرۇيۇمنى كۆرۈپ... ئىچىڭ ئاداشتى!... بىلىپ
قويۇش... مەن ئۇنچە بوش ئادەم ئەمەس...
— توغرا، ئاداش، سەن بوش ئادەم ئەمەس...، —
شۆھرەتنىڭ گەپكە ئۆگەنگەن ئاغزى يەنە جىم تۇرالمىدى، —
سېنىڭ نامىڭ جۇڭگىياڭدا، ھېسابىڭ ب د ت دا تۇرسا!
— ئاغزىڭنى يۇم! ھېلى بىكار...، — ئەدھەم ئۇنىڭغا مۇش-
تىنى تەڭلىدى، — سەندەك چۈپرەندىلەر ئوت بولۇپ كەلسەڭ،

سۇ بولۇپ چېچىلالايمەن، قۇش بولۇپ كەلسەڭ، لاچىن بولۇپ ئېتىلالايمەن! ...

— بولدى، بۇنچە غاجاۋەرمە، ئەدھەم، — دېدى شۆھرەت چىرايىنى سەل ئۆزگەرتىپ، — چىشىڭ قاماپ قالمىسۇن يەنە!

— كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن تېخى، شۆھرەت، مەن ساڭا قامچامنى ئەمەس، چىۋىقىمنى چىقىرىپ قويسام كۇپايە قىلىدۇ! — ئۇ ئەمدى خامۇش كۆزلىرىنى ھىدايەتكە يۆتكەپ داۋام قىلدى، — ھەممە ئىشنى قىلىۋاتقان سەن ھىدايەت! بىلمەيدۇ دېمە! بۇگۈن بۇ يەردە پۇل خەجلەپ، مېھمان چاقىرىش باھانىسىدە ماڭا ھۇجۇم ئۇيۇشتۇردۇڭ! ... لېكىن مەن... قانداق چەيلىسە، شۇنداق چەيلىنىدىغان خېمىر ئەمەس! ... مەن ئەدھەم! سەن تېخى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىپ قالىسەن! ... مەن ھېچكىمدىن قورقمايمەن، قورقمايمەن! ... قورقمايدىغانلىقىمنى كۆرۈشىسەن تېخى!

شۆھرەت ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى:

— ھەي، بولدى قىل ئەمدى! گەپ قىلمىساق، تىلىنى قاغا چوقۇۋالدىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالما! ئۇقتۇق، سېنىڭ چوڭ ھىماتىڭ بار ئىكەن. لېكىن مەن ئۇچۇن، خۇدا بىلەن پەيغەمبەردىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش! بىلىپ قوي، مەنمۇ ھېچكىمدىن قورقمايمەن، مەندىن ئېلىۋېتىدىغان تۇغ ـ شەددىسى يوق! كالتە كۆسەي بىر قوڭالتاقمەن! يۇقىرىغا بېرىپ چاقامسەن، ئەرز قىلامسەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، مەنمۇ كۆرۈپ باقاي! ...

ھىدايەت ئورنىدىن تۇرۇپ، سالا ـ سۇلھ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپنى باستى:

— ھەي، ئاغىنىلەر، بولدى قىلىڭلار، سەت ئەمەسمۇ؟ ئاچچىق كەلسە، ئەقىل قاچىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئۆزۈڭلارنى سەل بېسىۋېلىڭلار! قورسىقىڭلارغا شۇنچە شېئىر، ھېكايە سىغى-

دۇيۇ، كەيپچىلىكتە بولغان بۇنچىلىك گەپلەر سىغمامدۇ؟!
شۆھرەت، بولدى ئەمدى، ھارىقىڭنى قۇي، ئەدھەم، سەنمۇ جا-
يىڭدا ئولتۇرۇپ، ئىسسىق چاي ئىچ!

شۆھرەت جىم بولۇپ، سوۋۇپ قالغان كاۋاپتىن يېگەچ ھاراق ئىچتى. لېكىن ئەدھەم ئورنىدىن تۇرۇپ، قېيىداپ، چال-ۋاقاپ، قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ سالغىنىچە ئولتۇرۇشتىن چىقىپ كەتتى...

# ئالتىنچى باب

## قىزىلتاغدىكى رومانتىك ئەسلىمىلەر

### 1

هاۋا تۇتۇق، بارا ـ بارا كىچىكلەپ، خىرەلىشىشكە باشلىغان ئاسمان گۇمبىزىدە بەئەينى قوتاز تېرىسىدەك كۇل رەڭ، بوزامتۇل بۇلۇتلار سالۋاراپ تۇراتتى...

خانقىز كەچلىك تاماقتىن كېيىن، توپلىيى، پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ، كارىۋات ئۇستىدە يانپاشلىغىنىچە، نەچچە كۇندىن بېرى باش كۆتۈرمەي ئوقۇۋاتقان كىتابىنىڭ ئىچىگە يەنە كىرىپ كەتتى. ئەدھەم بولسا، تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ، ساپاغا چۆككىنىچە خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى.

ئۆي كۆڭۈلسىز، جىمجىتلىقتىن ئۇمچەرەپ، مۇڭلىنىپ تۇراتتى.

يېقىندىن بۇيان، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى تازا ئەپلىشەلمەي قالدى. بۇرۇنقىدەك مۇھەببەتلىك پاراڭلار بولمايتتى، بولسىمۇ ئاخىرى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن تۈگەيتتى، ھەر ئىككىسى ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. ئەدھەم ئۇچۇن ھازىر بۇ ئۆي خۇددى شەخسلەر ئاچقان سارايدەك، پەقەت كېچىسى ئۇخلايدىغان، كۇندۇزى تاماق يەيدىغان بىگانە ماكانغا ئايلانغانىدى. ئەدھەم ھازىر كۆپرەك سىرتتا يۇرەتتى، كەچلىرىمۇ كەيىپ كېلەتتى، بىر ـ ئىككى قېتىم ئېغىرراق ئىچىپ قويۇپ، تۇن بويى خانقىزنى

ئاۋارە قىلدى، ھەتتا بۇنى ئاز دېگەندەك، گۈلجاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، خانقىزنىڭ غۇرۇرىغا، ئىززەت - نەپسىگە تەگدى، شۇنىڭدىن كېيىن خانقىزنىڭ كۆڭلىگە گۇمان، قەلبىگە داغ چۈشتى…

ئەدھەم باش - ئايىغى يوق خىيالدىن زېرىكتىمۇ ئېھتىمالىم، تېلېۋىزورنى ئاچتى. لېكىن ئۇمۇ كۆڭلىنى تارتالمىدى. ئاخىر تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، خانقىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قارىسام، بۈگۈن شەنبە ئىكەن، ئازراق پاراڭلىشىپ ئولتۇرساق قانداق؟ — دېدى ئۇ كارىۋاتنىڭ بۇ تەرىپىگە يانپاشلاپ.

— بولىدۇ، — دېدى خانقىز دەرھال كىتابتىن كۆزىنى ئۈزۈپ، — پاراڭلىشىش، سىردىشىش ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدىكى نورمال ئىشقۇ؟ لېكىن، سىزنىڭ ۋاقتىڭىز بەك قىس، سۆزلىرىڭىز بەك ئەتىۋارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ…

— تەنە قىلماڭ! — ئەدھەم قاشلىرىنى يىمىردى، — ئويلىمىسا، باش قاتۇرمىسا بولمايدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار. سىلەر خوتۇن خەق نېمىنى بىلىسىلەر، سىلەرگە توي، ئۆي، بالا بولسىلا بولدى، سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. ھازىر مەملىكىتىمىزدە بىر يۈز قىرىق مىليون ساۋاتسىز ئايال بار، بۇ خۇددى بىر يۈز قىرىق مىليون ئەما، نادان، قارىتۇرۇك بار، دېگەن گەپ!

خانقىز ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— شۇنداق، ئەدھەم، ئاياللار ھەقىقەتەن ئاجىز، سىلەر ھەقىقەتەنمۇ كۈچلۈك. لېكىن ئەقىللىق ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭ! ئۇنداق ئاياللار يالغۇز بىرلا ئەرنى ئەمەس، مىڭلاپ - مىليونلاپ ئەرلەرنى باشقۇرىدۇ. مىڭلاپ - مىليونلاپ ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئەنە قاراڭ،

ساچىر خانىم ئەنگلىيىنى باشقۇرۇۋاتامدۇ؟ دۇنيادا قايسىبىر ئەر كىشى ئىككى قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلىدى؟ لېكىن بۇ-نىڭغا داڭلىق ئايال ئالىم كيۇرىي خانىم ئېرىشتىغۇ! ؟ زامانىمىز-دىكى ئايال خىمىيە ئالىمى فېن يۇنخې 1931 - يىلى ئوقۇغۇچى-لىق ۋاقتىدىلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشمىدىمۇ؟ !...

— پاھ!... كاللىڭىز ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى-دەك بىرمۇنچە ئاجايىپ مىساللارنى خاتىرىلىۋاپتىكەن - دە! — دېدى ئەدھەم يېرىم مەسخىرە، يېرىم ھەيرانلىق بىلەن، — بولدى، بولدى، بۇ گەپلەرنى قويۇڭ، ئۆزىڭىزگە قايىل بولمى-ساممۇ، مىساللىرىڭىزغا قايىلمەن! ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىغا كېلەيلى، سىزگە مۇنداق بىر مەسلىھەتىم بار: بالىنى ئالدۇرۇ-ۋەتسىڭىز، بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي: ئۆزىڭىز بىلىسىز، ياشلىق — ئۆگىنىش، ئىزدىنىش دەۋرى. بۇ چاغدا ئىگىلىگەن بىلىم خۇددى بويىقى ئۆچمەيدىغان، غولى چىرىمەيدىغان چوكا ئالتۇنغا ئوخشايدۇ!

— سەۋەب شۇمۇ؟ — خانقىز چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن سورىدى.

— شۇ!...

— باشقا سەۋەب يوق؟ !

— يوق... باشقا يەنە قانداق سەۋەب بولۇشى مۇمكىن؟ راستىنى ئېيتسام، سىزگە كۆيۈنۈۋاتىمەن، سىزنى ئويلاۋاتىمەن. يېشىڭىز چوڭىيىپ قالدى، تۇغۇتمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ!...

خانقىز ئۈنىڭغا ئۈنسىز تىكىلدى، كۆزىنىڭ نۇرىنى يىغىپ، كىرپىكلىرىنى مىت قىلماي، سىنچى نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

ئەدھەم ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان، ئۆزىدىن باشقا ئادەمگە كۆيۈنۈپ، ياخشىلىق ئويلاپ باققان ئەمەس ئىدى. بەزىدە كىچىك-كىنە ئىشلارغىمۇ ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپ، يۈرىكى ئېچىشاتتى. مەسىلەن، باشقىلارنىڭ ئۆز پۇلىغا ئېلىپ چاچقان ياخشىراق

ئەتىرلىرىنىڭ پۇرىقىمۇ ئۇنىڭ كاللىسىنى قوداڭشىتاتتى، ئۆز
ئاغىنىلىرى كىيگەن ئېگىز پاشنىلىق بەتىنكىلەرنى كۆرسىمۇ،
ئۇ مەندىن ئېگىز بولۇۋاپتۇ دەپ غودۇڭشىيتتى. لېكىن ئۇ ھازىر
ئېغىر ئاياغ بولغان خوتۇنىغا كۆيۈنۈش، ياخشىلىق قىلىش نىيىتى-
دە: «ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ھازىرچە تۇغمىغىن، ئاۋۋال
ئىلىم - پەندە ۋايىغا يېتەيلى، بولمىسا پوق - سۈيدۈككە پېتىپ
قالىمىز!...» دەۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ راستىنلا يۈرەك سۆزىمى-
دۇر؟ ياكى بۇنىڭ ئارقىسىدا بىرەر شۇم غەرەز بارمۇ؟...

خانقىزنىڭ سىنچى كۆزلىرى ئاخىر ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئالد-
ىلقنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دەل شۇ چاغدا گۇلجاننىڭ:
«مەن سىزگە خوتۇن بولۇشنى خالايمەن، لېكىن توقال بولۇشنى
خالىمايمەن!» دېگەن سۆزىنى ئويلاۋاتاتتى...

— ئەدھەم، كۆز — دىلنىڭ ئەينىكى، دېگەن بىر
گەپ بار، — دېدى خانقىز ئۇنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدەكلا تىكىلىپ
تۇرۇپ، — سىزنىڭ راست گەپ قىلماس بولۇۋالغىنىڭىزغا بىر-
نەچچە ئاي بولۇپ قالدى. ئەگەر راستىنلا ئۆگىنىش، بىلىم
ئېلىش، خىزمەت ئۈچۈن بالا تۇغۇشۇمنى چەكلىسىڭىز مەن مىڭ
مەرتىۋە رازى. بۇ تەلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن ئورۇندايمەن!
لېكىن، سىزنىڭ ھازىرقى مەقسىتىڭىز ئۇنداق ئەمەس...

— ئۇنداق ئەمەسلىكىنى نەدىن بىلىسىز؟ — ئەدھەم ھودۇ-
قۇپ سورىدى.

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، سىز ھازىر نېمە ئۈچۈن
ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش كويىدا بولماي، ئەمەلنىڭ كويىغا چۈ-
شۈپ قالدىڭىز؟! سىزدىكى بىلىمگە بولغان ئىنتىلىش، ھەۋەس
قېنى؟! ئورۇندىماقچى بولغان ئۇلۇغ ئىجادىي پىلانلىرىڭىز قې-
نى؟! ھەممىسى ئەمەل مەستانىلىقى بىلەن تۈگىدى! سىز ئەمەل
ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلدىڭىز، قىلىۋاتىسىز!... توختاڭ،
مېنى سۆزلىگىلى قويۇڭ!... سىز يەنە تۇرمۇشىڭىزنى باشقىدىن

ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىشىۋاتىسىز! ... مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭ! سىزنىڭ نېمە ئويلاپ، نېمە قىلىۋاتقانلىقىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمگە بەش قولدەك ئايان! ...

دەرۋەقە، خانقىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، كىتابتىن باش كۆتۈرمەي، جىمىغۇر يۈرگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلاپ، مۇلاھىزە قىلىپ، تېگىگە يەتكەنىدى...

ئەدھەم دەماللىققا بىرنەرسە دېيەلمىدى، خوتۇنىنىڭ مۇنداق سەزگۈر ۋە ھازىر جاۋابلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا، خوتۇنى بىلەن گەپ تالىشىپ، تەگىشىپ، ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولسا، جەزمەن زىيان تارتاتتى، خوتۇنى گۇلجاننى چىشلەپ تارتىشتىن يانمايتتى. ئۇ چاغدا ئىش قاتمۇللىشىپ، خوتۇنى تەشەببۇسكار ئورۇنغا چىقىپ قالاتتى. شۇڭا، دەرھال يۇمشاپ، كۈلۈپ، جىددىي ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالماقچى بولدى:

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، خانقىز، گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ، دېگەن گەپ بار. مەيلى، تۇغمەن دېسىڭىز تۇغۇۋېرىڭ، بالا ئۆز قورسىقىڭىزدا تۇرۇپتۇغۇ! مېنىڭچە، سوغۇق مۇناسىۋەتلەرگە سەۋەب بولىدىغان مۇنداق گەپلەرنى قويايلى. سىزدىن يەنە بىر ئۆتۈنۈشۈم: ئەتە يەكشەنبە، مەن ئۈچۈن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كەلسىڭىز...

— نېمە ئۈچۈن؟! — خانقىز ئۆندەرىگەندەك ئالدىراپ ـ تېنەپ سورىدى.

— ئاڭلىسام، نەشرىياتتىكى ھېلىقى ئەسەرگە يەنە چېچەك چىققاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ بىچارە قىياپەتتە، — ئۆتكەندە، مەرۇپ ئاقساقال نەشرىياتنىڭ باشلىقى بىلەن سۆزلىشىپ، چىقىرىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپ قويغان. لېكىن، يېقىندا يەنە ئۆكتىچىلەر چىقىپتۇ. ئەتە سىز بېرىپ، مەرۇپ ئاقساقالغا مېنىڭ مۇشۇ ئىش توپەيلىدىن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىمنى، ئالىمادىن بىر ئىش بولۇپ قالسا، بەش يىللىق ئەجرىم كۆيۈپ، كۆزۈم

ئوچۇق كېتىدىغانلىقىنى... ئېيتسىڭىز، بەلكىم نەشرىياتتىكى-
لەرنى يەنە بىر قېتىم ئوچۇقداپ قويۇشى مۇمكىن.
— مەن ئەمدى ئۇ يەرگە بارمايمەن، ئەدھەم! — دېدى
خانقىز كېسىپلا، — مېنى زورلىماڭ!...
— نېمىشقا؟ — ئەدھەم خوتۇنىغا تەئەججۇپ بىلەن تىكىلدى.
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... ئىشقىلىپ، كۆڭلۈم تارت-
مايدۇ!...
ئەدھەم قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، بىرئاز چېچىلدى:
— نېمە ئۈچۈن، زادى نېمە ئۈچۈن؟! ياكى مەرۇپ ئاقسا-
قال سىزگە ئىسسىق چىراي ئاچمىدىمۇ؟ ياكى سالمان ئاكىڭىز
قىزغىن قارشى ئالمىدىمۇ؟!...
خانقىزنىڭ ئەمدى راستىنى ئېيتماي، بۇ ئىشتىن قۇتۇلال-
مايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، شۇڭا، بىرئاز غەيرەتلىنىپ، كۆڭ-
لىدىكىنى ئوچۇق قويدى:
— بارماسلىقىم پۈتۈنلەي سىز ئۈچۈن، ئەدھەم! ھەممە
ئىش ئەنە شۇ ئىسسىق چىراي ۋە قىزغىن قارشى ئېلىشتىن
بولۇۋاتىدۇ. ئۆتكەندە ئۇ ئادەم گەپ ئارىسىدا قوللىرىمنى سىلاپ
تېتىقسىز قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدۇ، تەنلىرىم جۇغۇلداپ كەت-
تى، كېيىن بارغىنىمدا، ئايالى ئولتۇرسىمۇ ھېيىقماستىن بەز-
دەك قاراۋاتىدۇ، نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەت-
تىم... سالماننىڭ گېپىنى قىلماڭ، ئاتا - بالا ھەر ئىككىسى
بىر خۇمدانىنىڭ داشقاللىرى ئىكەن...
— شۇ گەپمىدى؟! — ئەدھەم بۇ سوئالنى گويا ھېچ ئىش
بولمىغاندەك، چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، پەرۋاسىزلا سو-
رىدى، — مەن تېخى ئۇ ئادەم سوغۇق قارشى ئالغان چېغى دەپتى-
مەن. ياخشىغۇ، مۇئامىلىسى قىزغىن، كۈتۈشى ئىللىق ئىكەن.
ھەي خوتۇن، كۆز دېگەن قاراشقا يارالغان نەرسە، ئەمدىزە،
سىزگە ئاتىلىق مېھرى بىلەن قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئاقساقالدىن

باج ئالىمەنمۇ؟! مەن سىزگە ئېيتاي، ھازىر ئېچمۇېتىش دەۋ-
رى، ئۆزىڭىزنى ئۇنداق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قەسىرىگە بېكىندۇرۇ-
ۋالماڭ! بەلكىم، سىزنى ئەركىلىتىپ، سۆيۇپ قويۇشى
مۇمكىن… ئۇنىڭ نېمە كارايىتى؟! بىز 80 - يىللارنىڭ ياشلى-
رى نەزىرىمىزنى ئۇستۇنرەك تۇتۇشىمىز كېرەك. چەت ئەللىكلەر
كىمنى خالىسا، شۇنى سۆيۇپ قويۇۋېرىدۇ. بۇ ئىنسانلار ئارىسى-
دىكى مەدەنىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بىر خىل ئىپادىسى!

خانقىزنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى، چىرايلىق ۋە ئوماق كۆزلىرى چەكچىيىپ، ۋەھىمىلىك تۇس ئالدى.

— نېمە دەۋاتىسىز؟! سىز مېنىڭ نېمەم؟! — دېدى ئۇ ئەلەمدىن تىترەپ، — سىز مېنىڭ ئېرىممۇ - ئەمەسمۇ؟!

— ئېرىڭىز بولسام، نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ئەدھەم ئۆزىنى پەرۋاسىز تۇتۇپ، — سىز ئۇ يەرگە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەنلى-كىڭىز بىلەن ئەمرىمدىن چىقىپ كېتەمتىڭىز؟!

خانقىز قەلبىدىكى پاك مۇھەببەتنىڭ، ئىنسانىي غۇرۇرنىڭ شەرمەندىلەرچە دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمىدى، بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئېلىشىپ تۇرغان كاللىسىدا تېخىمۇ چىگىش گۇ-مانلارنى پەيدا قىلدى.

ئەدھەمنىڭ ئايالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مەرۇپ ئاق-ساقالغا سېلىشى قانداقتۇر «گۇزەل ئايال دىپلوماتىيىسى ئەمەسمىدۇر؟!» بۇ خىل دىپلوماتىيە تارىختا كۆپ بولغان، چەت ئەلدىمۇ، جۇڭگودىمۇ بولغان. ئەدھەم بۇنداق دىپلوماتىيە بىلەن ئېرىشكەن كارامەت مۆجىزىلەرنى بىلىدۇ، تارىختىن ئاڭلىغان، كىتابلاردىن كۆرگەن!…

— مەن سىزنى چۈشەنمەپتىكەنمەن، ئەدھەم! — دېدى خان-قىز ئازاب ۋە پۇشايمان تۇيغۇلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بىر خىل كەيپىياتتا، — سىز باشقىچە ئادەم ئىكەنسىز، پۈتۈنلەي باشقىچە!…

ئەدھەم لىككىدە ئورنىدىن تۇردى، خانقىزنىڭ ئالدىغا ئۇ-
دۇلمۇ ئۇدۇل كەلدى ۋە بىر خىل مەسخىرىۋازلىق بىلەن دىمىغى-
نى قېقىپ:

— پاھ! ... سىز ئۆزىڭىزنى نېمە چاغلايسىز؟! — دېدى
گىدەيگەن ھالدا، — تۇرۇۋېلا ئۆزىڭىزنى زەمزەم سۈيىدە يۇغان
جەننەتنىڭ ھۆرلىرى قىياپىتىگە كىرىۋالدىڭىزغۇ؟! بىلمەيدۇ
دېمەڭ، سىزمۇ ئۇنچىلىك پاك ئەمەس! سىز مېنىڭ قولۇمغا
چۈشۈشتىن بۇرۇن نېمە ئىشلارنى قىلمىدىڭىز؟!...

خانقىزنىڭ كۆزلىرى غىلىلدە ياشقا تولدى، يۈرىكىگە پىچاق
تەگكەندەك، سول كۆكسى زىڭىلداپ ئاغرىدى. ئۇ ئاغزىنى ئۆمەل-
لىدى، تامشۇندى، لېكىن ئاۋاز چىقىرالمىدى، ھېچ نەرسە دې-
يەلمىدى. ئۇ ھازىر نېمىمۇ دېسۇن؟! ئۆزۈندىن بېرى ئېيتالماي
ئازابلىنىپ، خۇدۇكسىرەپ يۈرگەن ئىش ئاخىر يۈز بەرگەنىدى.
ئېرى ئۇنىڭغا بۇ گەپلەرنى توي بولۇپ يەتتە يىلدىن كېيىن،
ھېسسىيات سۇسلىشىپ، مۇناسىۋەت يىرىكلىشىشكە باشلىغاندا،
ھېچقانداق نىقابلىماي، ئوچۇق - ئاشكارا ئېيتىۋاتاتتى!...

خانقىز ئىچ - ئىچىدىن پۇچىلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭغا غۇژژىدە
يىغا ئولاشتى، دەسلەپ ئۆكسۈپ يىغلىدى، كېيىن بوغۇ-
لۇپ، يۇم - يۇم ياشلىرىنى تارام - تاراملاپ تۆكتى. شۇ تاپتا
ئۇ، كۆڭلىدىكى دەرد - ئەلەملىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇۋا-
تاتتى...

ئەدھەم ئىشىكلەرنى تاراقشىتىپ چىقىپ كەتتى.

سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. يامغۇر بارا - بارا كۈچىيىپ،
شۇنداق ياغدىكى، گويا ئاسماندىكى دەريالار ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتكەن-
دەك شىددەتلىك ئىدى.

خانقىز دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى، يامغۇر تامچىلىرى دېرى-
زىگە ئۇرۇلۇپ چاپقىدايتتى. يامغۇر قاپلىغان، خامۇش شەھەر

مەنزىرىسىگە قاراپ ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە ئېرى گەۋدىلەندى، ئۇ ئەمدى ئەدھەمگە خىيالەن مۇراجىئەت قىلدى:

«بەلكىم، سىز ھەممە ئىشتا ئۆيۈم دەپ، ياخشىراق ياشاي-لى، دەپ ئويلىغانسىز، مانا ھازىر ئۆيىمىزدە ھەممە نەرسە تەلتۆ-كۈس! لېكىن بىرلا نەرسە يوق — ئۇ بولسىمۇ، بەخت! سىزگە بەزىدە ئىچىم ئاغرىيدۇ، لېكىن كۆپرەك نەپرەتلىنىمەن! ئويلاپ قارىسام، بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇھەببەت تۈگەپتۇ! سىز مېنىڭ تۇيغۇ - ھېسسىياتلىرىمنى زەخىملەندۈردىڭىز! ...»

يامغۇر دېرىزىگە تاراسلاپ ئۇرۇلماقتا، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى-مۇ باغرىنى ئېزىپ، ئۇلغايماقتا...

شۇ چاغ، ئۇ تۇيۇقسىز باشقا بىر قىياپەتنى ئەسلىدى. ئەسلىدىيۇ، دەرھال ئۇنتۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئەتەي باشقا ساۋاقداشلى-رى توغرىسىدا ئويلىدى: سانىيە بەختلىكمىدۇر؟ جەزمەن بەختى-لىك! چۈنكى، ئۇنىڭ ئېرى ئاق كۆڭۈل، غۇرۇرى كۈچلۈك يىگىت... باھارگۈلچۇ؟ ئۇمۇ بەلكىم بەختلىك ياشاۋاتقاندۇر؟ ئۇنىڭ بەختلىك ئۆتۈۋاتقانلىقى گېزىت - ژۇرناللارغا چىقىۋاتقان شېئىرلىرىدىن مەلۇم! ئاسىيەچۇ؟...

ئۇنىڭ خىيالى ئۆرۈلۈپمۇ - چۆرۈلۈپمۇ يەنە شۇ قىياپەتكە بۇرالدى. يىراق بىر قىياپەت بارا - بارا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە سۈرەتتەك قېتىپ قالدى... بۇ كىم ئىدى ئۆزى؟ ئۇلار قاچان سىرداشقان بولغىيتتى؟...

... ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىدە سىرداشقانىدى. ئىيۇلنىڭ تىنچىق كېچىلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇلار مەكتەپنىڭ يوپيورۇق، ئازادە زالىدا تانسا ئوينىدى، چارچاپ، تەرلەپ لەمپىگە چىقتى...

— تەقسىمات يېقىنلاشتى، خانقىز، ئايرىلىپ كېتەرمىزمۇ؟

— بىلمىدىم، ھىدايەت... لېكىن سىز ئۈرۈمچىدە قالىسىز، مېنى تەقدىر نەلەرگە ئەكېتەركىن! ...

— مەن سىز بىلەن بىللە بولۇشنى خالايتتىم، خانقىز…
نەگە كەتسىڭىزمۇ بىللە باراتتىم…

— لېكىن… لېكىن… بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھىدايەت… تەقدىر بىزنى بىر يەردە قويمايدۇ!…

شۇ چاغ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەدھەم پەيدا بولدى، چىرايى كۆ-لۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن رەشىك، قىزغىنىش ئوتى چاچراپ تۇراتتى. ئۇ خانقىزنى ھېچقاچان بۇگۇنكىدەك ھاياجان ۋە مېھرى بىلەن ياخشى كۆرمىگەنىدى. قاچانكى، ھىدايەت ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىردى، ئۇنىڭ قىزغا بولغان مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپ باردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى مۇھەببىتىدە دەرد، قىزغى-نىش ۋە چوڭقۇر رەشىك بار ئىدى. توۋا، مۇھەببەتمۇ شۇنداق بولسا كېرەك، خۇددى بىر مالنىڭ خېرىدارى كۆپەيگەنسېرى، ئۇنىڭ باھاسىمۇ پەللىمۇ پەللە ئۆرلىگەندەك!…

خانقىز ئەدھەم بىلەن تانسا زالىغا كىرىپ كەتتى، تاكى تانسا تۈگىگۈچە ئۇلار بىللە بولدى، ئوينىدى، كۈلدى، مۇڭداشتى. ھىدايەت بولسا، قىزنى يىراقتىن مارىلاپ، قەلبىدىكى مۇھەببەت ئوتىنى ئەقىل ۋە سەۋر كۈچى بىلەن باستى…

تانسا ئاخىرلىقىدا، شېئىرلار ئوقۇلدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدا تۇرغان يىگىت ـ قىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئانا مەكتىپىگە، ئۇستازلىرىغا، ساۋاقداش ـ دوستلىرىغا بولغان مۇ-ھەببىتىنى، ھۆرمىتىنى، سېغىنىشىنى ۋە يۈرەك سۆزلىرىنى قىسقا ـ قىسقا لىرىكىلار، چوڭقۇر، مەنىلىك قەسىدىلەر بىلەن ئىزھار قىلىشتى. ھىدايەت دەسلەپ ئانا مەكتىپىگە ئاتالغان «خەير خوش، ئانا مەكتىپىم» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇدى، ئۇ تۆۋەندىكى مىسرالارنى دولقۇنلۇق، ھاياجانلىق ئاۋازدا دېكلاماتسى-يە قىلغاندا، پۈتۈن زال گۈلدۇراس ئالقىشلار بىلەن جاراڭلاپ كەتتى:

ئىسىمدە جانجان ئانا مەكتىپىم،
ئىسىمدە ساۋاقداش، ئىسىمدە ئۇستاز.
ئۇ يىللار چىقىندەك چىقىلىپ ئۆتتى،
ئۆمۈرنىڭ قىشى كۆپ، يازى بەكمۇ ئاز.
......

سىنىڭدىن قانات ئىپ ئۇچقان بۇركۇتمەن،
مەنزىلىم قىيالار، بۇلۇت ۋە ئاسمان.
ئۇلۇغلاپ ياشايمەن سىنى دۇنيادا،
ئەي نامى مۇقەددەس، ئەي نامى داستان!
......

ھىدايەت شىئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئارقىغا قايتىۋىدى، ساۋاقداشلىرى يەنە بىرنى ئوقۇپ بىرىشكە قىستاپ چاۋاك چىلىپ تۇرۋۇالدى. ئۇ شىئىرنى ھەقىقەتەنمۇ يىقىملىق، خۇش نەپەس ئاۋازدا ئوقۇيتتى. شىئىرلىرىمۇ تەسىرلىك، يەڭگىل، جىلۋىدار ئىدى. ئۇ ئەمدى تەلەپ بويىچە يىڭى يازغان «شامالچىلىك يۈزۈم يوقمۇ ئالدىڭدا؟» دىگەن لىرىكىسىنى ئاجايىپ بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن ئوقۇدى:

سۆيۈپ ئوينار لەۋلىرىڭنى، مەڭزىڭنى،
سىلاپ ئوينار چاچلىرىڭنى، بوينۇڭنى.
ئەركە شامال ھەتتا يەنە ئەيمەنمەي،
قۇچۇپ ئوينار سىنىڭ پىنھان قوينۇڭنى!

ئاناڭمۇ ئۇ، سىڭلىڭمۇ يا —
ھەي زىبا،
ياكى ساڭا «سىر» ساقلىماس دىلرەبا؟

يېتىپ كەلسە سەلكىن شامال تىۋىشى،
سەن قوينۇڭنى ئاچىسەنا، ئەجەبا! ؟

«ئادەم»، «هاۋا» ئەۋلادىدىن —
تۇرۇقلۇق،
شامالچىلىك يۈزۈم يوقمۇ ئالدىڭدا؟
شاماللارغۇ دائىم مېھمان بولاركەن،
ماڭا تۇشلۇق ئورۇن يوقمۇ باغرىڭدا؟...

زالدا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلدى. شېئىر ھەممەيلەننىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ ئۆتكەنىدى، خانقىزمۇ ھاياجانلاندى، ئىسسىق بىر ئېقىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى جىمىرلىتىپ ئۆتكەندەك بولدى. لېكىن بۇ ھالەت ئۇزۇنغا بارمىدى، بولۇپمۇ ئەدھەمنىڭ پىدائىيلارچە ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوقۇغان بىر كۇپلېت شېئىرى ئۇنى كولدۇرۇپ، ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى:

بىز سۆيۈشتۇق ئۇنىسىز - ئاۋازسىز،
لېۋىمىزدە جان بەرگەن پىراق.
ئاشۇ مەھكەم چاپلىشىشلاردىن،
بولۇپ كەتكەن بۇرنىمىز پاناق!
......

تـوۋا، دۇنيـانىڭ ئىشـلىرى غـەلىتە بولىدىكەن! دېرىزە تۈۋىدە — شارىلداپ يامغۇر يېغىۋاتقان شۇ كېچىدە غېرىبسىنىپ تۇرغان چوكاننىڭ ھازىر ئاشۇ يىگىتنى كۆرگۈسى، سىرداشقۇسى، ھەتتا يۈم - يۈم يىغلاپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويغۇسى كەلدى. خىياللار، ئەسلىمىلەر ئۇنى تېخىمۇ جانلاندۇردى، ۋۇجۇدىدا غەيرەت ۋە زوق پەيدا قىلدى. ئەنە شۇ ئىزتىراپلىق پىكىر

خانقىزنىڭ كۆڭلىنى ئۆكسۈتمەكتە، قەلبىدە ئوقچۇپ تۇرغان بىر ئارمان ئويغاتماقتا ئىدى...

لېكىن، ئۇ يەنە تۇرۇپلا، ئۆز پىكرىدىن ئۆزى قورقۇپ، دەھشەتكە چۈشەتتى. بېشىنى سىلكىپ، خىيالدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى...

شۇ چاغدا، ئىشىك قاتتىق قېقىلدى، ئەدھەم قايتىپ كەلگەندى...

## 2

يامغۇردىن كېيىنكى ھاۋا ساپ ۋە ئوچۇق. زەڭگەر ئاسماندا بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرىدۇ...

خانقىز كۆككە — لەرزان ئۈزۈپ يۈرگەن ئاپئاق بۇلۇتلارغا قارىدى. بۇلۇتلار خۇددى بىپايان دېڭىزدىكى ئاق يەلكەنلەردەك كۆرۈنەتتى. ياق، يالغۇز يەلكەندەكلا ئەمەس، بەلكى ھەر خىل - ھەر ياڭزا مەۋجۇداتتەك كۆرۈنەتتى. ئەنە، ئاۋۇ بىر پارچە بۇلۇت بەئەينى ئۈنىڭ ئاق سەللىلىك بوۋىسىغا ئوخشاپ تۇرىدۇ؛ ئاۋۇ بىر پارچىسى بولسا، ھەيۋەتلىك بوغدا چوققىسىغا ئوخشايدۇ؛ ئاۋۇچۇ، ئۇ خۇددى ئاغزىنى يوغان ئاچقان ئەجدىھاغا ئوخشايتتى... ۋاي - ۋۇي، ئوخشايدىغىنى كۆپ ئىكەن، ئەنە ئاۋۇ بۇدرۇق بوۋاققا؛ ئاۋۇسى، قوتازغا؛ يەنە بىرى، يىرتىق كىگىزگە؛ ئاۋۇچۇ، بەئەينى كىيىملىرى جۇل - جۇل، چاچلىرى چۇۋۇلغان ساراڭغا...

توۋا، دۇنيامۇ، ئادەملەرمۇ ئەنە شۇ بۇلۇتقا ئوخشىسا كېرەك. سەن ئۇنى نېمىگە ئوخشىتىمەن دېسەڭ، شۇنىڭغا ئوخشىتالايسەن! بۇ سېنىڭ كاللاڭدا، كۆز ئۆڭۈڭدە ھەرقانداق نەرسىگە ئايلىنالايدۇ!...

خانقىز ئىنسان تەپەككۇرى بىلەن نەزىرىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ

ئاجايىپ قۇدرەتكە، سېھرىي كـۈچكە ئىگــە ئىكــەنلىكىنى ھېس قىلدى...

ئۇ ئەنە شۇ خىياللار بىلەن بازار ئايلىنىپ، «قىزىلتاغ» سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۇ يەردىكى «ئۆرە بازار» قىزىپ كەتكەنىدى، يەكشەنبە بولغاچقا، ئادەملەر مىغىلدايتتى، ھەممە يەرنى غاز - غۇژ قاپلاپ كەتكەنىدى. خانقىز ئۇدۇل كەلگەن يەرگە بېرىپ، ئۇچرىغان نەرسىلەرگە قاراپ، مەقسەتسىز پىرقىراپ يۈرۈۋەردى. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندە، ئۇ تۇساتـ تىن ئاخشام خىيال قىلغان قىياپەتكە ئۇچراپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھىدايەت تۇراتتى.

— ياھ، بۈگۈن يەككە - يېگانە ئايلىنىپ قاپسىزغۇ، خانـ قىز؟ — دېدى ھىدايەت ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا تىكىلىپ.

— ھەئە، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ!...، — خانقىز قورۇنـ غاندەك، ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى، — ئۆزىڭىزچۇ؟

— ئوغلۇمغا ئاياغ ئىزدەپ چىقىۋېدىم...

ئۇلار بىر پەس بىر - بىرىگە جىممىدە قارىشىپ تۇردى. كېيىن، خانقىز قانداقتۇر بىر غايىبانە كۈچ بىلەن ھىدايەتكە ئىلتىجا قىلدى:

— ھىدايەت... بۈگۈن ماڭا ھەمراھ بولالارسىزمۇ؟

ھىدايەت ئەلۋەتتە رازى بولدى. چۈنكى، ئۇ خانقىزنىڭ سولـ غۇن، مىسكىن چىرايىدىن كۆڭلىدىكى پەرىشانلىقنى، غېرىبسىدـ نىشنى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ مۇڭدىشىشقا، تەسەللىگە موھتاج ئىكەنـ لىكىنى سەزگەنىدى.

ئۇلار خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك، «قىزىلتاغ» باغچىـ سى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يىراقتىن قارىسا، بۇ باغچە كىشىگە خۇددى ئۇرۇمچىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ياپيېشىل سىرلىق دۇنيادەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار تىك ۋە ھېسابسىز تاش پەلەمپەيدىن قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى ئۆرلىدى. ئىككى يۈز ئۈچىنچى پەلەمپەيگە

كەلگەندە، ئېگىز پاشىنىلىق توپلەي كىيىۋالغان خانقىز ھالسىراپ كەتتى ۋە دېمى سىقىلىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا يېنىدىكى ھىدايەتنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ قالدى. ئىككىسى شۇ ھالەتتە بىر پەس ئۈنسىز تۇرۇپ قېلىشتى. ھىدايەت يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتـ. قان ئادەملەردىن قورۇنۇپ، خىجىل بولغاندەك ئەتراپقا خۇدۇكـ. سىرەپ قاراپ قويدى. كېيىن، خانقىزنى قولتۇقىدىن يۆلەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار «قىزىلتاغ» سەيلىگاھىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن قارىغاندا، ئۈرۈمچىنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشى ئۆزىنىڭ تولۇق ھەيۋىـ. تى، گۈزەللىكى ۋە سەلتەنىتى بىلەن نامايان بولاتتى. مانا بۇ، ئىنسانلار ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىققان ياش ۋە قاينام ـ تاشقىنلىق بىر دۇنيا. ئېھتىمال، جەننەت بىلەن جەھەننەمدىمۇ مۇنداق ھەشەمەتلىك قەسىرلەر، مۇنداق گۈزەل ۋە رەت ـ رەت ئېگىز بىنالار، بۇنداق يېشىل، سېرىق، قىزىل... رەڭلەرگە تولغان نۇر ئالىمى بولمىسا كېرەك!...

تاغ ئۈستىدە جاننى راھەتلەندۈرىدىغان غۇر ـ غۇر شامال سوقۇپ تۇراتتى. ئۇلارغا بۇ شامال خۇددى قېلىن دەرەخلىكتە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ قانىتىدىن چىققان يېنىك تەۋرەشكە ياكى بۇ يەرنى سەيلە قىلىپ يۈرگەن قىز ـ چوكانلارنىڭ پەش ـ ئېتەكلىرىدىن چىققان يېقىملىق دولقۇنغا ئوخشاش تۇيۇـ. لۇپ كەتتى.

ئۇلار قىزىلتاغنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئۇچما چوققىلىق قىيالىققا كەلدى. بۇ يەردە گىل رەڭلىك تاش ـ كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان ئالتە قىرلىق، توققۇز پەللىلىك ئېگىز بىر تاش مۇنار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئورنىتىلغان سېمونت تاختىغا قىزىل سىر بىلەن مۇنارنىڭ تارىخى توغرىسىدا مۇنداق بىر يىلنامە يېزىلغانىدى:

«قىزىلتاغنىڭ ئېتىكىدە ئۆركەشلەپ ئېقىپ تۇرغان

ئۇرۇمچى دەرياسىدا، ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن دائىم تاشقىن بولۇپ تۇراتتى...

1785 ـ ۋە 1786 ـ يىللىرى ئۇدا ئىككى يىل ئېغىر سۇ ئاپىتى يۈز بېرىپ، دەريا بويىدىكى ئاھالىلەر ناھايىتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتا: «بوغدا تەڭرەپتىن دەھشەتلىك بىر ئەجدىھا كېلىپ قىزىلتاغ بولۇپ ئۆزگىرىدىكەن ۋە ئاستا ـ ئاستا يامالىق تېغىغا يېقىنلىشىدىكەن. ئىككى تاغ بىر ـ بىرىگە تۇتىشىش بىلەن ئۇرۇمچى بىر دېڭىزغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن...» دېگەندەك سۆز ـ چۆچەكلەر تارقىلىدۇ. بۇ چاغدىكى يەرلىك ئەمەلدار شاڭ نەنشياڭ خۇراپاتلىققا ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ مىلادىيە 1877 ـ يىلى ئەجدىھانى باستۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە يامالىق تېغى بىلەن قىزىلتاغنىڭ ئۈستىگە بىردىن مۇنار ئورناتقان. بۇ مۇنار ئۇ چاغدا «ئالۋاستىنى باسقۇچى مۇنار» دەپ ئاتالغان...»

خانقىز يىلنامىنى ئوقۇپ بولۇپ، كۆز ئالدىدا چوقچىيىپ تۇرغان مۇنارغا قارىدى. مۇنار ھەقىقەتەنمۇ تارىخنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— قالتىس رىۋايەت ئىكەن، — دېدى خانقىز ھىدايەتكە مەنىلىك قاراپ، — ئەگەر بۇ مۇنار ياسالمىغان بولسا، بۇ يەر دېڭىزغا، بىز بولساق بېلىققا ئايلىنىپ كېتەركەنمىز ـ ھە؟!

— شۇنى دېمەمسىز! — دېدى ھىدايەت كىچىك تاش پەلەمپەيلەر بىلەن خانقىزنى تېخىمۇ يۇقىرىغا يېتىلەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالەم، كائىنات ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى نېمىدېگەن مول. مەن سىزگە ئېيتسام، بۇ مۇنار توغرىسىدا يەنە بىر رىۋايەتمۇ بار. ئاڭلىشىمچە، 1757 ـ يىلى چيەنلۇڭ پادىشاھىنىڭ فۇ دى ۋە جاۋ جۇ قوماندانلىقىدىكى بىر ھەربىي قوشۇنى بۇ يەرنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەرنى قەيەرگە قۇرىمىز، دېگەن مەسىلىدە تالاش قىلىپ قاپتۇ.

ئاخىر بىرنەچچە قۇرئەندازلارغا قۇر سالدۇرۇپتۇ. قۇرئەندازلار-
نىڭ پىكرى بويىچە، بەزىسى: بارچۇققا قۇرىمىز[①]، چۈنكى بار-
چۇق قەدىمىي شەھەر، باغۇبوستانلىق، دەيدىكەن. بەزىسى: چىڭ-
جىڭغا[②] قۇرىمىز، بۇ يەر شىمال بىلەن جەنۇبنىڭ ئوتتۇرىسى،
دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ، تالاش - تارتىش يەنە توگىمەپتۇ.
شۇ چاغدا، سورۇنغا غايىبتىن بىر قېرى ئەۋلىيا پەيدا بولۇپ:
«نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ
پىكرىنى ئېيتىپتۇ. قېرى ئەۋلىيا بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ،
يېنىدىن ئۇستىرلاپنى ئېلىپ پال ئېچىپتۇ ۋە: «شەھەرنى مۇشۇ
يەرگە قۇرۇش كېرەك! پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالتۇن خەزىنىسى،
بايلىقى مۇشۇ يەرنىڭ ئاستىغا كۆمۈلگەن!» دەپتۇ. باشقىلار
ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ. شۇ چاغدا، ھېلىقى
ئەۋلىيا كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ، لەپپىدە كۆتۈ-
رۈلۈپتۇ، ھەممەيلەن ئاسمانغا قاراپتۇ، ئەۋلىيا ئۇچۇپ چىقىپ،
قىزىلتاغنىڭ مۇشۇ چوققىسىغا چۈشۈپتۇ، كېيىن ئۇنىڭ ئىزىدىن
مۇشۇ تاش مۇنار پەيدا بولۇپ قاپتۇ!...

— بۇمۇ قالتىس ئىكەن، — دېدى خانقىز قىزىقسىنىپ، —
ئۇرۇمچىنىڭ مەركەز بولۇشىنى ئاشۇ قېرى ئەۋلىيا بې-
كىتكەنىكەن - دە! ئۇنىڭغا رەھمەت، بولمىسا، بۈگۈنكى كۈندە
بىزمۇ بۇ يەرلەرنى سەيلە قىلىپ يۈرەلمەيدىكەنمىز!...

ئۇلار قىيالىقتىن چۈشۈپ، سول تەرەپتىكى يول بىلەن
دەرەخزارلىق ئىچىدىكى گۈل - گىياھلارنى ئارىلاپ، شەرق تە-
رەپتىكى شىپاڭ تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

خانقىزنى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، جۇلا چېچىپ تۇرغان
رەڭگارەڭ گۈللەر ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ چىرايلىق ئېچىل-

---

① بارچۇق — مارالبېشى.
② چىڭجىڭ — سانجى.

غان بىنەپشە، ھال ۋە سۆسۈن رەڭلىك نازۇك ئەنبەرگۈلىنى
تىترەۋاتقان بارماقلىرىدا ئېگىپ پۇرىدى، ئۇنىڭدىن بەئەينى ئانا
ۋۇجۇدىدىلا بولىدىغان بىر خىل يېقىملىق، ئۆزگىچە خۇش پۇراق
چېچىلىپ تۇراتتى. توۋا، كىشىلەر راستتىنلا بىكار ئېيتمىغاندى-
كەن ـ دە! ئۇلار بۇنداق چىرايلىق، نازۇك ئەنبەرگۈللىرىنى
«ئاناگۈل» دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن ھەقىقەتەنمۇ ئانا پۇرىقى
كېلەتتى. بۇنداق پۇراقنى پەقەت ئانا قەلبىدەك پاك ۋە ئۇلۇغ،
ئانا مېھرىدەك ھالال ۋە ئوتلۇق خىسلەتكە ئىگە كىشىلەرلا ھىدلى-
يالايتتى! ...

ئۇلار بىر يانباغرىدىكى ياپىلاق چاسا تاشنىڭ ئۇستىگە يانمۇ
يان ئولتۇردى. ئەتراپتىكى دەرەخ بىلەن قىر بېشىدا ئۆسكەن
ئېگىز ۋە قېلىن چۆپلەر ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن پىنھان
تۇتاتتى...

ئۇلار گازلىق سۇ، كۇكاكولا ئىچتى، پېچىنە، تۇخۇم يې-
دى، گازىر چاقتى. شۇ جەرياندا، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە
يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، جىممىدە خىيال سۈرۈشتى. بىر چاغدا
خانقىز ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ تۇرۇپ:

— ھىدايەت، بىلەمسىز، مەن ھازىر خاتىرە، ئەسلىمىلەر
ئىچىدە ياشاۋاتىمەن! — دېدى.

ھىدايەت ئۇنىڭغا يېرىم بۇرۇلۇپ:

— خاتىرە، ئەسلىمىلەر ئىچىدە ياشاش ئانچە ياخشى ئەمەس،
خانقىز، — دېدى كۆيۈنۈش بىلەن، — ئادەمنى بەكمۇ مۇڭلۇق
ھەم خامۇش قىلىپ قويىدۇ. رېئاللىق ئىچىدە تۇرۇپ، كەلگۈ-
سىگە ئىنتىلىشلا ئادەمنى ئۈمىدۋار، جۇشقۇن قىلىدۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى خانقىز زەئىپ ئاۋازدا، — لېكىن
سىز دەۋاتقان ئاشۇ رېئاللىق مېنى ئۆتمۈشكە سۆرەپ كېتىۋاتىدى-
دۇ. مۇھەببەت يولى ئەگرى ـ توقاي ئىكەن، ئۇنىڭدا ياپيېشىل
گۈلزارلىقلا ئەمەس، بەلكى سېسىق پاتقاقلىق، خەتەرلىك سوق-

ماق، داۋانلىق تاغ يوللىرى بولىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ ئۆتتۇم!...

ھىدايەت بىرنەرسىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولۇپ، ئاستا سورىدى:

— يېقىندىن بېرى، ئاراڭلاردا بىر ئىش بولدىمۇ؟ بەكلا چۈشكۈن كۆرۈنىسىزغۇ؟

خانقىز بىردىنلا جانلىنىپ، ئەلەم بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— نېمە بولاتتى، ھىدايەت! قىزىقى قالمىغان ئاشۇ ئۆيدە بىرىمىز پايپاق، بىرىمىز خەي بولۇپ ياشاۋاتىمىز! مەن ھازىرغىچە مۇھەببىتىمگە، غۇرۇرۇمغا، ۋىجدانىمغا تەسەللى بېرىپلا كېلىۋاتىمەن! مەن ئەدھەمنى بىلمەيتتىكەنمەن، ئۇنىڭ روھى ئۆلگەنىكەن! ئۇنىڭدا نە مۇھەببەت، نە ئائىلە، نە ھاياتنىڭ قىزىقى ھەققىدە ھەۋەس، تۇيغۇ بولسۇن! ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرغان - يۈتكىنى ئەمەلگە چىقىش، ئابرۇي تېپىش بولۇۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ يولدا ئۇ ۋىجدان، ئەقىدە، غۇرۇرىنى ئەمەس، بەلكى ئەزىز جېنىنى سېلىپ بېرىشتىنمۇ يانمايدىغان ئوخشايدۇ!...

— ئۇنچە ئەمەستۇر؟ — دېدى ھىدايەت يەنىلا دوستىغا يان بېسىپ، — سىز ھازىر بەك جىددىيلىشىپ كېتىپسىز، قەلبىڭىزنى بىر تۇرلۇك تەلۋە ھاياجان قاپلاپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، سوغۇق قانىراق بولۇڭ، خۇددى يىلاندەك. بىئولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، يىلاننىڭ قېنى سوغۇق بولار ئىمىش! دەرۋەقە، ئەدھەمنىڭ مىجەزى چۈس، جاھىلراق، لېكىن كۆڭلىنى يامان دېگىلى بولمايدۇ. سىز ئۇنىڭ ئاغزىدىكى گېپىنى ئۇنچىۋالا زىغىرلاپ كەتمەڭ! بولمىسا، ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىپ قويىسىز!... ئادەمنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت، ھېسسىيات ھەرگىزمۇ مۇقىم ھالەتتە تۇرمايدۇ. ھەرقاچان ئىككى تەرەپنىڭ قەلبىدە ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدۇ. شۇڭا، بەزىلەر مۇھەببەت گىردابىدىن رەھىمسىزلەرچە ئىتتىرىلىپ، پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشى مۇمكىن. بۇن-

داق چاغدا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدۇ. لېكىن گىيوتې بېشىغا كەلگەن ئاشۇنداق مۇھەببەت پاجىئەسىنى «ئۆس-مۈر ۋېرتېرنىڭ دەردى» دېگەن رومانىنى يېزىش بىلەن يەڭگەن. بېتخوۋېن مۇزىكا ئىجاد قىلىش ئارقىلىق مۇھەببەت زەربىسىدىن كەلگەن قايغۇسىنى يوقاتقان. بۇ — مەغلۇبىيەتكە ئۇچراش ئېھتى-مالى بولغان مەلۇم ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئېھتىما-لى بولغان ھەرىكەت ئارقىلىق بېسىش بولىدۇ. سىزمۇ پسىخولو-گىيىنى ئازراق ئۆگىنىپ قويۇڭ. شۇ چاغدا، تۇرمۇشتا ئۇچرى-غان ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلالايسىز!

خانقىز شۈكلەپ قالدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھىدايەت ئاغىنى-سىگە چاپان يېپىپ، ئۇنىڭ قىپيالىڭاچ ساڭگىلاپ تۇرغان پاسكى-نا پۇت - قوللىرىنى ئىلاج بار يۆگەپ، يوشۇرۇۋاتاتتى. ئەگەر خانقىز شۇ تاپتا، ئەدھەمنىڭ ھىدايەت توغرىسىدا ئېيتقان بىرمۇن-چە يامان گەپلىرىنى ئاشكارىلىۋەتسە قانداق بولار؟! ياق، بۇ تۇرقىدا ھىدايەتنىڭ ئىشىنىشى ناتايىن!...

خانقىز ھىدايەتنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنتايىن ساددىلىقىنى ئويلاپ ئىچىدە خۇرسىنىپ قويدى. ئەمدى ئۇ، بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچماي، ھىدايەتكە يېقىن-راق سۈرۈلۈپ مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ تەبىئىتىم سوغۇق، ھىدايەت، سىز ئىسسىق مىجەز ئوخشايسىز، بەدىنىڭىز ئوتتەك تۇرىدۇ، سىزگە يېقىنراق ئولتۇراي!

ھىدايەتمۇ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەمسىز؟

— قانداق؟

— مۇنداق:

بۇ دەرەخ ئۆسمەيدىكەن،
ئۇچىنى كەسمەيدىكەن.

## ياشلىقتا توتاشقان ئوت،
## قىرىغىچە ئۆچمەيدىكەن...

ھەر ئىككىلىسى كۈلۈشتى، كۈلگەندىمۇ ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ، ئازاب ۋە خۇشاللىق، ئارمان ۋە ئۈكۈنۈش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھېسسىيات بىلەن شادىمان كۈلۈشتى...

ھىدايەتنىڭ ئېيتقىنى راست ئىدى، ھەقىقەتەنمۇ ياش ۋاقىتىڭدا ياقتۇرۇپ قالغان نەرسەڭ يۈرىكىڭگە ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. سەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ سېنىڭ كۆڭۈل تۆرۈڭدە مەڭگۈ ياشايدۇ!...

خانقىز ھىدايەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى. ئۇ كېچىچە ھەسرەتلىك خىياللارغا تولۇپ، دىل ئازارلىقى بىلەن تۇزۇك ئۇخلىيالمىغانىدى. مانا ئەمدى بىر چاغلاردا ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن، ھازىرمۇ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەمنىڭ ھارارەتلىك بەدىنىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىۋاتاتتى...

ئۇ ئۇخلاپ قالدى، بېشى ھىدايەتنىڭ كۆكسىگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىن خۇشبۇي ئەتىرنىڭ، قاپقارا بۇدۇر چاچلىرىغا سۈركىگەن مايدىن دىماغنى غىدىقلىغۇچى ئەينۇلىنىڭ ھىدى كېلەتتى. ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا يېنىك پۇشۇلدىشى ھىدايەتنىڭ يۈزىگە خۇددى ئانىسىنىڭ مېھرىبان قوللىرىدەك ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بۇ تىنىقلار ھىدايەتكە ئادەم تىنىقى ئەمەس، گويا نەچچە خىل تارىدىن چىققان يېقىملىق مۇزىكا ساداسىدەك بىلىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا، يۈرەكلەرنىڭ سوقۇشىمۇ بىرلىشىپ كەتكەنىدى...

ھىدايەت خانقىزنىڭ ئۇيقۇلۇقتا يىمىرىلگەن ئەگىم قاشلىرىغا، بىرنەرسە دېمەكچى بولغاندەك لىپىلداپ تۇرغان سۇزۇك لەۋلىرىگە، ئۇمچەرەپ قالغان ئاق پوسماق يۈزىگە قاراپ خىيالغا پاتتى، ئۇنىڭ خىياللىرى بىردىنلا قانىتلىنىپ يىراقلارغا كەتتى...

هىدايەت ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىكى مۇھەببەتلىك چاغلىرىنى، سۆيگەن ۋە سۆيدۈرگەن ھاياجانلىق مىنۇتلىرىنى ئەسلەپ كەتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا خانقىزنى چىن دىلىدىن مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ ئوت پىراقىدا كاۋاپ بولغان چاغلىرى بار ئىدى. يوللاردا كېتىۋاتقاندا خانقىز ئۇنىڭ خىيالىدا پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن غايىبانە سىردىشىپ، مۇڭدىشىپ، بىخۇدلۇقتىن يول بويىدىكى سىم تاناپ تۈۋرۈكلىرىگە خۇددى قوچقاردەك ئۈسۈپ سالغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى...

دەل شۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشىدا يەنە بىر غەلىتە ئىش يۈز بەردى: يېقىن ساۋاقدىشى جامال بىر قىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ قالدى، لېكىن قىز ئۆزىنى تۇتقۇزمىدى، جامال ئىلاجىسىز ھىدايەتنى ئەلچى قىلىپ قويدى. ھىدايەت دوستى ئۈچۈن ئۇ قىز بىلەن سۆزلىشىشكە ماقۇل بولدى. بىر كۈنى قىزنى ئاشپۇزۇلغا تەكلىپ قىلىپ، تاماق يېگەچ سۆزلەشتى ۋە جامالنى ماختاپ، كۆككە ئۇچۇردى، قىز باشتىن - ئاخىر ئۈنچىقماي ئولتۇردى، كېيىن بىردىنلا خۇرسىنىپ: «ھىدايەت، سىزدىمۇ يۈرەك باردۇر؟ سىزمۇ ماڭا ئوخشاش بىرەرىنى ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىدى. ھىدايەت دەسلەپ ھېچ نەرسە دېيەلمەي تېڭىرقاپ قالدى، كېيىن قىزنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان بىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ قەلبىگە خانقىزدىن باشقا ھېچكىم سىغمايتتى، لېكىن ئۇ خانقىزنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى، گەرچە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، يۈرىكىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئالىيجاناب بىر سۆيگۈ - مۇھەببەت ھەسرىتى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ بىر كۈننى — خانقىزنىڭ تويى بولغان بۈگۈنكىدەك يەكشەنبە كۈننى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتى. ھىدايەت بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇنقى ئاشۇ ئازابلىرىنى ھېلىمۇ ئەسلىيەلەيتتى. مۇھەببەت خۇد-

دى زەھەرلىك يىلاندەك ئۇنىڭغا نەشتەر ئۇرغانىدى، شۇ كۈنى ھايات ئۇنىڭغا ئۆشتۈمتۈت ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر كۈن ياتاقتىن چىقمىدى، تۆت تام بىلەن مۇڭداشتى، بارا ـ بارا تاملارمۇ قاپساپ كېلىپ، ئۇنى بېسىۋالىدىغاندەك كۆڭلىنى ۋەھىمىگە سالدى. شۇ كۈنى ئۇ، پۈتۈن ئۆمرىدە تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بېشىغا بېسىپ كەلگەندەك، بۇ ئازابنىڭ دەھشەتلىكىدىن كۆڭلى ۋاڭگىدە يېرىلىپ، يۈرىكى سەكرەپ چىقىدىغاندەك قىلاتتى. مۇھەببەت، رەشىك، پۇشايمان ئۈچى بىرلىشىپ ئۇنى قىسماققا ئالغانىدى. قىسماق ئۇنى قايانغا تولغانسا، ئوخشاشلا جان قاقشىغۇدەك ئاغرىتاتتى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىنى ئۆرتەپ چىقىۋاتقان پىغانىنى بېسىش ئۈچۈن ھاراق ئىچتى. قىرلىق ئىستاكانغا لىقمۇلىق تولدۇرۇلغان ئاق ھاراق ئۇنىڭ ئېغىز، كېكىردەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، يەنە شۇ چىڭقالغان كۆكسىگە يىغىلدى. ھارارەت تېخىمۇ ئۆرلىدى، يۈرىكى ئوتقا چۈشكەن گۆشتەك پۈچىلىنىپ، پىژىلداپ كەتتى. ھاراق ئەمدى ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋاتاتتى. تۈرۈپلا ئۇنىڭ يۈرەك ئارامى جايىغا چۈشكەندەك بولدى، كاللىسىدىن بىردەم بولسىمۇ، «خانقىزنىڭ تويى» دېگەن ئۇقۇم كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەببەت توغرىسىدىكى شېئىرىي پىكىرلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ يەنە ئازابلىق تۇيغۇلاردىن تولۇق قۇتۇلالمىدى، كاللىسىغا ھە دېگەندىلا بۇرۇن ئاڭلىغان، ئوقۇغان ۋە ئۆزى يازغان ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ ھىجرانى، قايغۇ ـ ئەلىمى ۋە پاجىئەسى توغرىسىدىكى مىسرالار كېلىۋاتاتتى. مانا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ قوشاقنى ناھايىتىمۇ مىسكىن ئاھاڭ بىلەن غىڭشىپ ئوقۇدى:

ئىشىك ئالدى ئېقىن دەريا،
ئېقىپ بارسام كۆرەرسەنمۇ؟

دەردىڭدە ئۆلۈپ كەتسەم،
نامازىمغا كېلەرسەنمۇ؟ !

شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كاللىسىدىن، يۈرىكىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقىنى ئەنە شۇنداق چۈشكۈن، دەردلىك مىسرالار ئىدى. ئۇ ئەلەڭلەپ شىرە يېنىغا كەلدى، گېزىتنى يوغان يېرتىپ، باشمالتاقتەك تاماكا ئورىدى. ئەمدى تۈتاشتۇرۇپ، سەرەڭگىنى قويۇۋاتقاندا، شىرە ئۈستىدىكى ئاتكىرىتكىلىق باغاققا كۆزى چۈشتى. باغاقنى قولىغا ئالدى، ئاتكىرىتكىنىڭ ئوڭ يۈزىدە شەبنەملىرى يالتىراپ تۇرغان بىر جۈپ قىزىلگۈلنىڭ غۇنچە پورىكى بار ئىدى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، سول يۈزىگە قارىدى، ئۇ يەردە ئەدھەم بىلەن خانقىزنىڭ تويىغا قاتنىشىش توغرىسىدىكى تەكلىپ مۇنداق شېئىر بىلەن يېزىلغانىدى:

بۇلبۇل گۈلگە قونارىكەن باغلارنى ئارىلاپ،
باغاق سۇندۇق دوستلار ئارا سىزنى يادلاپ.
تويدا دوستلار خۇشال - خۇرام بىللە كۈلگەي،
كۈلكىمىزگە جور بولغايسىز سىزمۇ يايراپ.

ھىدايەت خانقىزنىڭ ئىسمىغا كۆزلىرى تالغۇدەك ئۇزاق تىكىلدى. ئىسمىدىن ئۇنىڭ كۆزىگە ئاجايىپ گۈزەل بىر سىيما تەبەسسۇم قىلىپ كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى، ئارقا - ئارقىدىن چوڭقۇر ئۇھسىندى. ئاندىن تاماكىنىڭ ئوتى بىلەن ئاۋۋال ئەدھەمنىڭ ئىسمىنى، ئاندىن خانقىزنىڭ ئىسمىنى كۆيدۈردى. لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمىدى، ئەمدى تامدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش خاتىرە سۈرىتى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئىلاجسىز سۈرەتكە قارىدى، تونۇش، يېقىملىق چىرايلار خۇددى تىرىكتەك قىلىقلىنىپ قاراپ تۇراتتى. ھىدايەت

بۇ سۈرەتنىمۇ كۆزدىن يوقىتىش ئۈچۈن قولىنى سوزدى، لېكىن قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. سۈرەتتە يالغۇز خانقىز بىلەن ئەدھەم ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدا ئۆزىدىن باشقا يەنە ئوتتۇز ئىككى ساۋاق-داش بىلەن بىرنەچچە ئۇستازلىرى بار ئىدى...

ھىدايەت ناشتىدىن باشقا كۈن بويى ھېچ نەرسە يېمىدى. ئۇسسۇزلۇقى ھاراق، كۆڭۈل خۇشى تاماكا بولدى. شۇ يوسۇندا كەچ كىردى، كەچكە يېقىن ئۇنىڭ يۈرىكىدىن قان - ياش ئورنىدا تۆۋەندىكى مىسرالار ئېتىلىپ چىقىپ، كۆكسى - قارنى سەل بوشىغاندەك بولدى:

كۆكتە چاقماق چېقىلدى،
كۆمۈش ھالقا ئۈزۈلدى.
سۆيگەن يارنىڭ تويىدا،
كۆز ياشلىرىم لەززەتلىك،
شاراب بولۇپ ئىچىلدى.

شۇندا ماڭا بەلگىسىز،
سىرنىڭ تۈۋى يېشىلدى،
دەريادىكى قولۋاقنىڭ،
كۆكسى قاتتىق تېشىلدى،
كۆمۈش ھالقا ئۈزۈلدى...

ھىدايەت ھالسىرىدى، ئاچ قورساققا ئىچكەن ھاراقمۇ مادار-دىن كەتكۈزدى. ئۇ، شۇ تۇرقىدا راستتىنلا مۇھەببەت يولىدىكى بىر مەجنۇنغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ يۇقىرىقى شېئىرنى ئۈزۈك - ئۈزۈك ئىنتوناتسىيە بىلەن تىترەپ تۇرۇپ ئوقۇدى ۋە دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ كارىۋاتقا يىقىلدى...

خانقىزنىڭ ئۆندەرەپ ئويغىنىشى ھىدايەتنىڭ خىياللىرىنى

چېچىۋەتتى. خانقىز ئۆيقۇغا قېنىپ، يۇزلىرى قىزارغان، كۆز-لىرى خۇمارلاشقان هالدا ئويغاندى ۋە تاتلىققىنا كۈلۈپ:
— ئەجەب شېرىن ئۇخلاپتىمەن! — دېدى چاچلىرىنى تۈزەپ، — بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، بۇنداق هۇزۇرلۇق ئۇخلىمىغانىدىم...
— ئەلۋەتتە هۇزۇرلىنىسىز، — دېدى هىدايەت هەييارلارچە كۈلۈپ، — چۈنكى سىزگە يۈرىكىمنى كۆرپە قىلىپ بەردىم، تىنىقىمنى يوتقان قىلىپ يېپىپ قويدۇم ئەمەسمۇ؟
خانقىز ئوڭايسىزلانغاندەك لەپپىدە يەرگە قارىدى، بىر هازا-دىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، ئۇنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرى قىزىرىپ، چاقماق كىرپىكلىرى نەملىشىپ قالغانىدى...
— قانداق، چۈش كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى هىدايەت ئارىدىكى ئېغىر كەيپىياتنى يوقىتىش ئۈچۈن.
— كۆردۈم...
— چۈشىڭىزدە قانداق مەسىلىلەرنى هەل قىلدىڭىز؟
— ئادەم چۈشىدىمۇ مەسىلە هەل قىلامدۇ، هىدايەت؟ شۇ-نىڭغا قارىغاندا، سىز چۈشكە بەك ئىشىنىدىكەنسىز ـ هە؟ كىشى-لەر: چۈشنى «ئۇيقۇنىڭ پوقى» دەيدىكەن. مەن يېقىندا بىر كىتابتا: «ئەپسانە — پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ چۈشى؛ چۈش بول-سا، بىر ئادەمنىڭ ئەپسانىسى» دېگەنلىكىنى كۆردۈم.
— سىز چۈشكە سەل قارىماڭ، خانقىز، هازىر «روھ» دېگەن بۇ نەرسە ئالىملارنىڭ نەزىرىدە، بىر سىر بولۇپ تۇيۇلۇۋا-تىدۇ. لېكىن بۇ سىرمۇ، مېنىڭچە، ئالەمنىڭ سىرى بىلەن بىرلىكتە ئېچىلماي قالمايدۇ. بەزى ئادەملەر ئوڭىدا هەل قىلال-مىغان مەسىلىلەرنى چۈشىدە هەل قىلىدۇ. سىز ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئاتاقلىق كومپوزىتور ج. تاگى چۈشىدە ئىسكىرىپكىنى شەيتانغا بېرىپتۇ، شەيتان ناهايىتى مۇڭلۇق ئاهاڭلارغا چېلىپتۇ، ئۇ ئويى-غىنىپ، چۈشىدىكى ئاهاڭلارنى دەرهال يېزىۋاپتۇ، كېيىن بۇ

ئاھاڭلار ئۇنىڭ داڭلىق «شەيتان ناخشىسى» دېگەن ئەسىرى بو-
لۇپ قاپتۇ. «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»نىڭ قىرىق سەككىزىنچى
بابىدا شياڭلىڭنىڭ كۈندۈزى يازالمىغان شېئىرنى چۈشىدە ناھايە-
تى قاملاشتۇرۇپ يازغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇنىڭغۇ ئوقۇغان بول-
غىيتتىڭىز؟

— ئوقۇغان، ئۇنى مەن دەرسلىك قىلىپ ئۆتىدىغان تۇرسام ئوقۇمامدىمەن. شياڭلىڭ ئاي توغرىسىدا ئىككى قېتىم شېئىر يېزىپ، ھېچكىمگە يارىتالماي، ئاخىر بىر كۈنى چۈشىدە سەككىز مىسرالىق شۇنداق چىرايلىق بىر شېئىر يازغان، مەن ئۇنى يادلىۋالغانىدىم، لېكىن ھازىر ئېسىمدە تۆت مىسرا قاپتۇ، ئوقۇپ بېرەي ئاڭلاپ بېقىڭ:

بولمىغاي ياپقىلى ئاينى، تولدى رەڭدار جىلۋىسى،
سايىسى ئاندىن چىرايلىق، سۈپسۈزۈك مۇز چېھرىسى.
يورۇغاچ جاھان شۇنىڭدىن قوپتى پاقىلداق ھامان،
چىللىدى توخۇ، ئاتتى تاڭ، سۇندى ئاينىڭ شولىسى.

قانداق، توغرىمۇ؟

— مېنىڭ ئېسىمدە قالماپتۇ، — دېدى ھىدايەت، — سىزنىڭ خاتىرىڭىز كۈچلۈك ئىكەن!

— شياڭلىڭغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى خانقىز ئويچان ھالدا، — شياڭلىڭ بىرنەچچە پارچە شېئىر يېزىش ئۈچۈن، دۇ فۇ بىلەن لى بەينىڭ ئىككى يۈز قىرىق پارچە شېئىرىنى يادلاپ چىققان...

ھىدايەت گەپنى يەنە مەقسەتكە بۇرىدى.

— ئۇنداق بولسا، سىزمۇ بايىقى چۈشىڭىزدە نېمە ئىشلارنى كۆردىڭىز؟

— راستىمنى ئېيتسام، مەنمۇ ئۆزۈمدىن بىرى يازالماي يۈرگەن بىر شېئىرنى بايا چۈشۈمدە يازدىم. مانا قاراڭ:

يىلىلارنىڭ قوينىدا قالدى ياشلىقىم،
يىلىلارنىڭ قوينىدا قالدى مۇھەببەت.
دەرد بولدى بىر دىلغا بولغان ئاچلىقىم،
بىر قاقشال دەرەخمەن باھاردا پەقەت!...

قانداق، بوپتۇمۇ؟

— يەنە شۇ دەرد - پىغان، مەيۈسلۈك! — دېدى ھىدايەت كۆزلىرىنى كۆكتىن ئۈزۈپ، خانقىزنىڭ خۇرسىنغان، ئۇمچەيـ گەن ناتىۋان يۈزىگە تىكىپ، — مەن سىزنىڭ خۇشال - خۇرام، ئۇمىدۋار بولۇشىڭىزنى خالايتتىم، خانقىز...

خانقىز گەۋدىسىنى يېرىم بۇراپ، ھىدايەتكە قارىدى، ئۇنىڭ تىنىقلىرى ھىدايەتنىڭ سول مەڭزىگە ئۇرۇلدى. شۇ چاغ ئۇنىڭ چېچەن كۆزلىرى ھىدايەتنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ، قىلماقچى بولـ غان گېپىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، خۇددى دات يېگەن تۆمۈردەك قارىداپ، سۇپرىسى يوغىناپ كەتكەن بۇ قۇلاقنىڭ كۆلكىلىك ھەم ئېچىنىشلىق كىچىككىنە تارىخى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئايان ئىدى...

ئەدھەم خانقىزنىڭ ئۆزىنى ھادىس ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھىدايەتنىڭمۇ ئۆز ھېسسىياتىنى بېسىپ، ئۇچ بۇلۇڭ شەكىللەنـ دۈرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا خاتىرجەم ئەـ مەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ خانقىز بىلەن ھىدايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر ئىش چىقىرىپ، ھىدايەتنىڭ ھېسسىياتىغا ئۈزۈل - كېسىل بەرھەم بېرىش نىيىتىدە، مۇنداق بىر ئويۇننى ئوينىدى:

1980 - يىلىنىڭ قەھرىتانلىق شەنبە كۈنى، ئەدھەم خانقىزـ نىڭ پۈچۈركىسىغا ئوپمۇئوخشاش قىلىپ: «ھىدايەت، بۈگۈن كەچ سائەت يەتتىدە مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا كۈتىمەن،

مۇھىم گېپىم بار. خانقىز» دېگەن بىر باغاقچىنى ياساپ چىقتى ۋە ئۇنى ھىدايەتنىڭ تۆتىنچى سائەتلىك دەرستە ئىشلىتىدىغان خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويدى. ھىدايەت شۇ ھامان خەۋەر تاپتى، كۆڭلىدىن ھەرخىل خىياللار كەچتى، ئاخىر ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ نېمە گېپى بارلىقىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن، بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ كۈنى سوغۇق ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق ئىدى، زەھەردەك شىۋىرغان سوقۇپ تۇراتتى. ھىدايەت سائەت ئالتە يېرىم بىلەنلا مەيدانغا كەلدى، ئاستا ـ ئاستا سوغۇق ئۆتتى، ئۇ دەسلەپ مېڭىپ باقتى، كېيىن پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ يۇگۇرۇپمۇ كۆردى، سوغۇق يەنىلا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق توڭلاپ، تىترەپ تۇرسىمۇ، قىزغا بولغان ساداقىتى ئۈچۈن، سائەت توققۇزغىچە كۈتتى، خانقىزنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئاخىر توققۇزدىن ئاشقاندا، قاشلىرى بىلەن چېكە چاچلىرىنى ئاپئاق قىرو باغلىغان، يۈز ـ كۆزلىرى شەلۋەرەپ، ئاغزى گەپكە كەلمىگەن ھالدا ياتاققا قايتىپ كىردى. شۇ كېچە قىزىتمىسى ئۆرلەپ، قاتتىق بىئارام بولدى، ئەتىسى قۇلىقىنىڭ ئۇششۇپ قالغانلىقىنى كۆردى···

— ھازىرمۇ ئاغرىمدۇ؟

خانقىز ھىدايەتنىڭ كۆزلىرىگە مەيۇس تىكىلدى. بۇ مەيۇسلۇكتە قانداقتۇر خىجىللىق، ئوڭايسىزلىق ۋە ئەيىبكارلارچە مۆلدۈرلەش بار ئىدى.

— ياق، ئاغرىق شۇ چاغدىلا تۈگىگەن، — دېدى ھىدايەت مەنىلىك قىلىپ، — ئەسلىدە سوغۇقتا ئۇششۇمەيتتىكەن، ئوتتا كۆيۈپتىكەن، كۆيۈك ئىزىلا قالدى! ···

— شۇنداقمۇ؟···، — خانقىز كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئۇ كىرپىكلىرىنى تېز ـ تېز قېقىپ قويۇپ، كۆزىنى يوغان ئاچتى. «قىزىلتاغ» سەيلىگاھى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك كۆرۈندى. شۇ تاپتا، كەڭ ئۇپۇققا

كەچكى شەپەق يېيىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ گۈزەل، سېھىرلىك تاڭ مەنزىرىسى نامايان بولغاندەك بولدى...

## 3

ئەدھەمنىڭ «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسى توغرىسىدىكى بەدىئىي ئېپىزوتى قەھۋەخانىنىڭ ئابرۇيىنى بەك كۆتۈرۈۋەتتى. كېزىتنى كۆرگەنلەر خالىس تەشۋىقاتچىغا ئايلاندى، بىرى ئۇنىغا، ئۇنى يۇزگە يەتكۈزۈپ، غەربىي يولدىكى توقسان ئىككىنچى نومۇرلۇق بۇ تىجارەت ئورنىنى بىردىنلا يىگىرمە تۆت سائەت ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان، كېچە - كۈندۈز ناخشا - مۇزىكا، كۈلكە - چاقچاق، ئويۇن - تاماشا بېسىلمايدىغان، ئىسمى - جىسمىغا لايىق، رەڭگارەڭ «كىچىك پارىژ» غا ئايلاندۇردى!

ئاپاۋەت بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپەيدى، سالماننىڭ يانچۇقىغا كىرىۋاتقان پۇلنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى، ئىشىكتىنمۇ، دېرىزىدىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرىۋاتاتتى...

بۇ ئىشتا سالمان ئەدھەمدىن خۇشال ئىدى، ئۇنىڭ قەلەم كۈچىگە قايىل بولدى. ئەگەر ئۇ ئاشۇنداق قاملاشتۇرۇپ، ماختاپ، تەسىرلىك يازمىغان بولسا، بۇنچە كۆپ خېرىدارنى جەلپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بىرنەچچە كۈندىن بېرى، سالماننىڭ كۆڭلىگە ئەدھەمنى قانداق رازى قىلىش خىيالى كىرىۋالدى. ئۇياق ئويلاپ، بۇياق ئويلاپ، ئاخىر كۆڭلىگە بىر پىلاننى پۈكتى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى: «‹پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە يوق نەرسە، دېۋاننىڭ خۇرجۇنىدا بار›، دېگەن گەپ بار. ئەدھەم دېگەن كاتتا زىيالىي، ئەگەر ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلانسام، چوڭ شان - شەرەپ تاپقىلى بولىدۇ! بۇنداق ئادەملەرنى چاڭگالىغا كىرگۈزۈپ قويغان ياخشى، قاچان بولمىسۇن ئەسقېتىپ قالىدۇ!»

ماھىرى «تېھران قىزى» ئەمەسمۇ؟

— دەل ئۆزى شۇ! — سالمان مەغرۇر كېرىلدى، — بۇ قىز ھازىر پېقىرنىڭ دوستى. بۈگۈن بىز «جۇڭغار» مېھمانخانىسىغا تانسىغا چىقماقچىدۇق، شۇنىڭغا چاقىرىپ كېلىپتۇ.

— تەبرىكلەيمەن، يېڭى دوستىڭىزدىن پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدۇ! — ئەدھەم شۇنداق دېدىيۇ، كۆز ئالدىدا گۈلجان گەۋدىلىنىپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا شۈكلەپ قالدى. سالمان بۇنى باشقىچە قىياس قىلىپ، دەرھال خانقىزنى چىشلەپ تارتتى:

— ئەدھەم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ! ئوغۇل بالا دېگەن بىرلا خوتۇنغا باغلىنىپ قالماسلىقى كېرەك! خوتۇن دېگەنغۇ ياخشى نەرسە، ئەرلەرگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ، خۇشاللىق ئەكېلىدۇ. لېكىن ئۇ يەنە تاماقـقا ئوخشاشلا نەرسە. قورساق ئاچقاندا، يېگۈڭ كېلىدۇيۇ، تويغاندا، كېكەرتىدۇ. ئەگەر ئۇنىمۇ تاماقـقا ئوخشاش پات - پات يەڭگۈشلەپ تۇرمىساڭ، خۇددى بىر خىل تاماق ئاغزىڭغا تېتىمىغاندەك ئۇمۇ بەتتاملىشىپ قالىدۇ. ئاڭلىسام، خانقىزدىن كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمەيدىغان ئوخشايدۇ. نېمە قىلىسىز، تام پوتلىسىدەك بىر خوتۇنغا يېپىشىپ!؟ تاشلىۋېتىڭ، مەن سىزگە مۇشۇ شەھەردىكى قىزلارنىڭ نوچىسىنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن!...

ئەدھەمنىڭ كاللىسى تېخىمۇ چۇشۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ، يېقىندىن بېرى، خانقىز بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئويلاپ، كۈنلەپ - كۈنلەپ گەپلەشمەيدىغان ھالغا يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈلجان قىستۇرۇلۇپ، بۇ مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ سوغۇق، قاتمال ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. سالمان «مۇشۇ شەھەردىكى قىزلارنىڭ نوچىسى» نى تونۇشتۇرۇپ قويىمىسىمۇ، ئەدھەم نوچىسىنىڭ ئاللىقاچان تاپقانىدى، ھازىرقى گەپ، قانداق قىلىپ، شۇنىڭ ۋىسالىغا تېزرەك يېتىشتە ئىدى!...

يەنە ئىشىك قېقىلدى. سالمان ئورنىدىن قوپقىچە بوسۇغىدا ئىككى ئادەم پەيدا بولدى. ئەدھەمنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھاياجان ۋە ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. بوسۇغىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىر گۈلجان ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كىيىملىرى تېخىمۇ پاسون، بوينىدا ياقۇت كۆزلۈك زۇننار، قولىدا جۈپ ئالتۇن ئۈزۈكلەر پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ بېيجىڭدىن قاچان كەلگەندۇر؟ نېمە ئۈچۈن ئەدھەمگە خەۋەر بەرمىدى؟!...

گۈلجان ئەدھەمگە قاراپ «ياخشىمۇسىز؟» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، پىسىڭىدە بىرنى كۈلۈپ قويدى.

ئەدھەمنىڭ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى، گۈلجانغا تىكىلگەن كۆزلىرىمۇ شىشىدەك قېتىپ قالغانىدى...

— بەللى، لاۋپېڭيۇ، يوقلىپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى سالمان گۈلجاننىڭ يېنىدا تۇرغان خەنزۇ يىگىتكە قول سوزۇپ، — قېنى، قېنى، يۇقىرى ئۆتۈڭلار!

ئىككىسى كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى. سالمان ئالدىراپ - تېنەپ تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى:

— تونۇشۇپ قويۇڭلار، تونۇشۇپ قويۇڭلار، — دېدى ئۇ ئەدھەمگە خەنزۇ يىگىتنى كۆرسىتىپ، — بىز بۇنى «جاڭ داتۇ» دەيمىز، «سامانيولى» شىركىتىنىڭ غوللۇق ئادىمى. بۇ قىزچاق...، — سالمان گۈلجاننىڭ ئىرغايدەك بەستى - بويىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ جاڭ داتۇغا يۈزلەندى، — بۇ قىزچاقنى ئۆزۈڭ تونۇشتۇرۇپ قوي، مەنمۇ تونۇشۇپ قالاي.

— ئىسمى گۈلجان، — دېدى جاڭ داتۇ گۈلجاننىڭ يەلكىسىگە يېنىك قېقىپ قويۇپ، — مەنمۇ بېيجىڭدا تونۇشتۇم، بىللە كەلدۇق. ھەممىسى شۇ!...

ئەدھەم گۈلجانغا تىكىلگەن خامۇش كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئۈزۈپ، جاڭ داتۇنىڭ مەغرۇر بەستىگە قارىدى.

جاڭ داتۇ بېشى قاپلاندەك، كۆكرىكى كەڭ، ئوت كۆزلۈك

يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى قويۇق، گىجىك چاچلىرى گەدەن
ياپاتتى. قاپقارا ئىنچىكە بۇرۇتى دۇگىلەك يۈزىگە يارىشىپ تۇراتـ
تى. ئۇنىڭ بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرغان هال رەڭ يىپەك كۆڭلەـ
كىنىڭ ئوچۇق ياقىسىدىن كۆكسىگە چېكىلگەن ئەجدىھانىڭ رەـ
سىمى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سىنكا رەڭگىدىكى بۇ ئەجدىها
خۇددى كېلەڭسىز بەدىنىنى ئەچچە تولغاپ، مۇدهىش ئاغزىدىن
ئوت چاچرىتىپ، بىرنەرسىگە خىرىس قىلىۋاتقاندەك ھەيۋەتلىك
كۆرۈنۈشتە ئىدى. مانا بۇ، هازىرقى بىر قىسىم ياشلاردا ئومۇمـ
لىشىپ قالغان «بەدەننى مەدەنىيلەشتۈرۈش، بەدەننى زىننەتـ
لەش» نىڭ «پارلاق» نامايەندىسى ئىدى!

يوغان، قىسقا بوينىغا يىلان باغرى شەكلىدىكى ئالتۇن زەنـ
جىر ئاسقان، قولىغا چەش كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان، پۈتۈن
تۇرقىدىن، كىيىم ـ كېچەكىدىن «زامانىۋى» ياشلارنىڭ قىياپىـ
تى، كەيپىياتى چىقىپ تۇرغان جاڭ داتۇ سالمانغا ئۆزرە ئېيتقانـ
دەك تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:

— هېلىقى ئىشنى بىرئاز كېچىكتۈرۈپ قويدۇم، سالمان،
رەنجىمە! چەتكە چىقىرىدىغان بىر مالنىڭ سودىسى بىلەن بېيجىڭـ
غا بېرىپ كەلدىم. كېلىپلا سېنىڭ شۇ ئىشىڭنى بېجىردىم، مانا
ئال! — ئۇ يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ سالمانغا ئۇزاتـ
تى. سالمان قەغەزنى ئېلىپ، ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى.

بۇ، شىخەنزە يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ مال يۆتكەش
تالونى ئىدى. ئۇنىڭدا بېغىر رەڭ سارجا بىلەن پوچتا رەڭ سارـ
جىدىن ئۈچ مىڭ مېتىر يېزىلغانىدى.

— رەھمەت، لاۋپېڭيۇ، كېچىككەن بولسىمۇ، كۆڭۈلدىكىـ
دەك بوپتۇ، — دېدى سالمان خۇشاللىقتىن ئاغزى يالاقتەك كېرىـ
لىپ ۋە ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى بىر ساندۇقنى ئېچىپ، بىر باغلام
پۇلنى ئالدى، جاڭ داتۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ پۇلنى ئۇزىتىۋېتىپ
دېدى، — مانا بۇ ئاز بولسىمۇ، تاپان ھەققىڭ!

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، سالمان، — دېدى جاڭ داتۇ نېزد-
قاپ، — لازىم ئەمەستى…
— ئال، ئال، «ھېسابلىق دوست بۇزۇلماس» دېگەن گەپ
بار.

جاڭ داتۇ پۇلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى ۋە گۇلجانغا كۆزد-
نىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. گۇلجان مۇشۇ ئىشلار تۇگىگۇچە
بولغان ئارىلىقتا، قاس - قاس سېغىز چايناپ ئولتۇرۇپ، ئەد-
ھەمگە بىرنەچچە قېتىملا نەزەر تاشلىدى، ئەدھەم ئۆزى بىلەن
ئۆزى بوغۇلۇپ، جىلە بولۇپ ئولتۇراتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك
گۇلجان ئاغزىدىكى سېغىزدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم شار چىقىد-
رىپ، ئەدھەمگە قارىتىپ تۇرۇپ، پاقا مىلتىق قىلىپ ئاتتى.
ئەدھەمنىڭ تېخىمۇ جېنى چىقىپ كەتتى…

سالمان سائىتىگە قاراپ، بىرەر ئىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى
بىلدۇردى، جاڭ داتۇ بۇنى سەزدىمۇ ئېھتىمالىم، ئورنىدىن تۇ-
رۇپ خوشلاشتى ۋە گۇلجاننى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار خالىي
يەرگە چىققاندا، جاڭ داتۇ ھېلىقى بىر باغلام پۇلنى ساناپ
كۆرۈپ:

— سەككىز مىڭ يۈەن ئىكەن، بوپتۇ، — دېدى كەڭ قور-
ساقلىق قىلغاندەك، — ئاغىنىدارچىلىقتا تالاشمايمىز!

گۇلجان ھەيران بولغاندەك سورىدى:

— يەنە تالىشاتتىڭىزمۇ تېخى؟ بىر تېلېفون بىلەن ھەل
بولغان تالون ئۈچۈن، سەككىز مىڭ يۈەن ئېلىش چوڭ ئامەت
ئەمەسمۇ؟

— سىز ئۇقمايسىز، گۇلجان، شۇ بىر تېلېفون ئۈچۈن،
مېنىڭ سالغان دەسمايەممۇ ئاز ئەمەس! — دېدى جاڭ داتۇ سەمىد-
مىيلىك بىلەن، — خۇاڭ باشلىق بىلەن لى چاڭجاڭغا بەش مىڭ
يۈەنلىك قارماق يېمى تاشلىدىم. ماڭا قالغىنى ئۈچ مىڭ يۈەن
بوپتۇ. كىرەك يوق، سالمان ئاغىنىمىز كۆپرەك پايدا ئېلىۋال-

سۇن، بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا ھاجىتىمىز چۈشىدىغان چاغلار بار...
— سالمان قانچىلىك پايدا ئالار؟— قىزىقىپ سورىدى
گۈلجان.
— يىگىرمە مىڭ يۇەن ئەتراپىدا پايدا تاپىدۇ. چۈنكى،
بىزنىڭ ئالغىنىمىز ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى زاۋۇت باھاسى،
مېتىرى يىگىرمە توققۇز يۇەن. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭغا بىرلا
دومىلاتسا، مېتىرى ئوتتۇز ئالتە يۇەنگە چىقىدۇ! ئۇنىڭ ئۈستى-
گە، سارجىنىڭ رەڭگى ئېسىل، ھازىر ئەڭ چاپ - چاپ بولۇۋاتقان بازارلىق رەڭلەر...
گۈلجان «چۈشەندىم» دېگەندەك قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، لې-
ۋىنى پۇرۇپ قويدى. جاڭ داتۇ بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك،
دەرھال ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:
— ھېلىقى ئىش ئېسىڭىزدىدۇر؟— دەپ سورىدى.
— قايسى ئىش؟— گۈلجان ئەتەي خۇپسەنلىك قىلدى.
— مېرۇپ ئاقساقال بىلەن تونۇشۇشچۇ؟
— قىزىق، ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن ئۆزىڭىز كونا تونۇش ئىكەن-
سىز، بولمىدىمۇ؟
— ياق، بىزنىڭ يولىمىز باشقا. سودىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق
سىرى بار. بۇ ئىشنى سالماندىن خۇپىيانە قىلىش كېرەك. شۇ-
ڭا، بىر ئامال قىلىپ، سىز مەرۇپ ئاقساقال بىلەن تېزرەك
تونۇشمىسىڭىز بولمايدۇ! — جاڭ داتۇ يانچۇقىدىكى ھېلىقى پۇل-
دىن ئىككى يۈز يۇەننى ئايرىۋېلىپ، گۈلجاننىڭ قولىغا يۆگەپ
تۇتقۇزدى، — بۇ سىزنىڭ دەسلەپكى تاپان ھەققىڭىز، كېيىنكى
ئىش ئاجايىپ كاتتا بولىدۇ! ...
— بولىدۇ، ئەمىسە سىز كېتىۋېرىڭ، — دېدى گۈلجان
نازلىق كۈلۈپ، — مەن ئەدھەمنى ساقلاي، بۇ يولنى ماڭا شۇ
ئېچىپ بېرىدۇ...
— ئەدھەم؟...، — جاڭ داتۇ ھاڭۋاققاندەك سورىدى.

— مەن سىزگە بېيجىڭدا ئېيتقانىغۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، بايا تونۇشتۇرماپتىمەن، سالمان بىلەن بىللە ئولتۇرغان شۇ ئەمەسمۇ؟ ...

— بوپتۇ، هازىرچە تونۇشمايلا قوياي، — دېدى جاڭ داتۇ قولىنى سىلكىپ، — سىزنىڭمۇ بەك چوڭقۇرلاپ كېتىشىڭىزنى ياخشى كۆرمەيمەن...

— كۆزىڭىز قىزارمىسۇن! — دېدى گۈلجان بادام قاپاقلىرى-نى سۈزۈپ، — مەن يىگىتلەرنىڭ ئارقامدىن ئەگىپ يۈرۈشىنى ياخشى كۆرىمەن... قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى!

— بولدى، بۇنداق رومانتىك گەپلەرنى قويۇڭ، — جاڭ داتۇ قولىنى سىلكىپ، مېڭىشقا تەمشەلدى، — مەن خوجايىنىنىڭ يې-نىغا بارمىسام بولمايدۇ، ئەمىسە كەتتىم، سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن!

جاڭ داتۇ چەت ئەلچە خوشلىشىپ كەتتى. گۈلجان قەھۋەخا-نىغا قايتىپ كىرىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان ئوچۇق مەيداندا توختىدى. ئۈستىدىكى رەڭدار چىراغلار ئۇنى ئالىيېشىل نۇرغا پۈركەپ، تېخىمۇ جەزىبىدار قىلىۋەتتى. ئۇ ئەدھەمنى ئىز-دىگەچ، ئەتراپىدىكى بىرنەچچە يىگىتلەرنىڭ ئۆزىگە ھېرىسلىق بىلەن تىكىلىۋاتقانلىقىنى، مۆلدۈرلەپ، تەلمۈرۈپ، پارقىراپ، كۈلۈپ تۇرغان بۇ كۆزلەردىن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ھارارەت، نۇر ۋە قىزغىنلىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى سەزدى، بۇ قاراشلار ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلىدى، ھۇزۇرلاندۇردى. ئۇ ئەمدى غۇرۇر ۋە سالاپەت بىلەن ئۇلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، تېخىمۇ كۆرەڭلىك بىلەن غادايدى...

ئەدھەم ئۆزى يالغۇز بىر بۇلۇڭدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. گۈلجان ئىرغىنىپ مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، بوش ئورۇنغا ئولتۇرۇپ، بايىقىدەكلا پەرۋاسىزلىق بىلەن قارسىلداپ سېغىز چايناشقا باشلىدى. ئەدھەم يوغان بىر رومكا ھاراقنى ۋاققىدە

ئۈچۈېتىپ، گۈلجانغا تىكىلدى. ئۇنىڭ قان تولدۇرۇلغان پىيا-
لىدەك سۇرلۇك كۆزلىرى كېرىلدى، كىرپىكلىرى قىسقىراپ
تىككىدە بولۇپ كەتتى. گۈلجان شۇ ھالەتتە پېتىنى بۇزماي
ئولتۇراتتى، يەنە بايىقىدەك ئاغزىدىن شار چىقىرىپ، بىر -
ئىككى قېتىم پاقا مىلتىق قىلىپ ئاتتى. ئەدھەم ئەمدى چىداپ
تۇرالمىدى، جاۋغايلىرىدا بوغجۇپ تۇرغان تۇكۇرۇكلىرىنى چاچ-
رىتىپ ۋارقىرىدى:

— يوقىلىڭ! ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!

ئۇنىڭ ئاۋازى ۋارقىرىغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئىچ - ئى-
چىدىن يىغلاۋاتقاندەك زەئىپ ۋە غەمكىن ئىدى. گۈلجان كۈتۈل-
مىگەندە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ، ۋايىغا يەتكەن قىران چو-
كاننىڭ مەغرۇر كۈلكىسى ئىدى. ئەدھەم نېمە بولغانلىقىنى بى-
لەلمەي، ئەتراپقا سىرلىق قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا
خۇددى ھۆل كېسەكتىن ئوت چىققاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى.

— چىدىماس! ...، — دېدى گۈلجان كۈلكىسىنى توختى-
تىپ، — مەن بېيجىڭدەك يەردىن كەلسەم، ئىزدەپ كۆرۈشۈش
يوق، تېخى مەندىن رەنجىيدۇ!

ئەدھەم بىرئاز ئېسىگە كەلدى:

— مەن قاچان كەلگەنلىكىڭىزنى نەدىن بىلەي، يەلكەمدە پال
ئاچامدىمەن! ؟ ھېلىمۇ، يولىڭىزغا قاراپ كۆزۈم تېشى-
لەي دېدى...

— ئۇنىڭسىزمۇ تۆشۈك تۇرۇپتۇغۇ! — گۈلجان يەنە چاقچاق-
قا بۇرىدى، — خانقىزنىڭ ھۆسن - جامالىغا قاراپ ئولتۇرۇپ
تېشىلگەندۇر، تايىنلىق! ...

— بولدى، گۈلجان. ئادەمنى ئۇنداق بوھۇدە قىينىماڭ! —
ئەدھەم دەرھال پەسكويغا چۈشتى، — قاچان كەلدىڭىز؟ نېمىشقا
خەۋەر بەرمىدىڭىز؟

— جاۋابىم ناھايىتى ئاددىي، ئەدھەم: ئۈلۈشكۈن كەلدىم،

تۈنۈگۈن سىزگە تېلېفون بېرىپ ئالالمىدىم.

گۈلجاننىڭ ئۈلۈشكۈن كەلدىم، دېگىنى يالغان، تۈنۈگۈن تېلېفون بەردىم، دېگىنى راست ئىدى. تۈنۈگۈن ئەدھەم ئىدارىدە يوق بولغاچقا، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندى.

— بايا بىللە كەلگەن كىم ئۇ؟ — ئەدھەم بۇ سوئالنى بارلىق ئەلەم ۋە ئاچچىقىنى يىغىپ تۇرۇپ، كۈچلۈك رەشك بىلەن سورىدى.

گۈلجان يەنە پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردى:

— بايا ئۆزى ئېيتتىغۇ! ؟ بېيجىڭدا تونۇشتۇق، يولدا ھەمراھ بولدۇق، بۈگۈن بۇ يەرگە بىللە كەلدۇق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىللە يۈرىمىز. چۈنكى، ھازىرقى زامان ياشلىرىدا يالغۇز توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەتلا ئەمەس، بەلكى پاراللېل مۇناسىۋەت، ۋېرتىكال مۇناسىۋەت دېگەنلەرمۇ بولىدۇ. باشقا ئىش يوق، ھەممىسى شۇ!

— ھەممىسى شۇمۇ؟ — ئەدھەم گۈلجانغا مەنىلىك تىكىلدى.

گۈلجان قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، دومسايدى:

— ئەلۋەتتە شۇ! قانداق؟

— ئەمىسە، ئۇنىڭ يېنىدا مېنى نېمىشقا نەزەر - گۆزىرىڭىزغا ئىلماي، غادىيىپ ئولتۇرىسىز؟ شۇنچە كۈنلەردىن بېرى سېغىنىپ كۈتكەنلىكىمنىڭ جازاسىمۇ بۇ؟!

— ئەدھەم، مەن تۇرمۇش تەجرىبەمدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ياخشى بىلىمەن، — دېدى گۈلجان ئاۋازىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — كىشىلەردە، بولۇپمۇ ئەرلەردە، ئاسان قولغا كەلگەن نەرسىلەرنى كەمسىتىدىغان بىر خىل پسىخىك ھالەت بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە، قىز - چوكانلار يىگىتلەرگە نىسبەتەن جەزمەن مەغرۇر، ھاكاۋۇر بولۇشى كېرەك! قىزىلگۈل ھەقىقەتەن ئېسىل نەرسە. ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى پۇراشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى، خۇش پۇراق ھىدىنى بېرىشتىن ئاۋۋال يۈزلەرچە

ئۆتكۈر تىكىنىنى كۆرسىتىدۇ، ئەمەسمۇ؟!

گۈلجان بۇ گەپلەر بىلەن كۆڭۈل ئالىلىقىنى پۈتۈنلەي يېپىپ كەتتى. ئەدھەم ئۇنىڭغا ئىشەندى، بايا ئۆزىنى قاقشاتقان قىلىقلىرىنى «سىناق ئىكەن» دەپ چۈشەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى سودايىلىق ئالامەتلەرمۇ ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى.

ئۇلار قەھۋەخانىدىن چىقىپ، كوچا چىراغلىرى ئالا ـ بۇلىماچ سايە تاشلاپ تۇرغان دەرەخلىك يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئەدھەم گۈلجانىنىڭ بېلىدىن قارماپ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇلار خېلى يەرگىچە مۇھەببەتلىك پاراڭلارنى قىلىشىپ ماڭدى، كېيىن گۈلجان تۇيۇقسىزلا بىر گەپنى سورىدى:

— ئەدھەم، مېنى مەرۇپ ئاقساقال بىلەن تونۇشتۇرۇپ قويارسىزمۇ؟

ئەدھەم ھەيران بولغانىدەك ئۇنىڭغا قارىدى:

— نېمە ئۈچۈن؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، — دېدى گۈلجان ناھايىتى تەبىئىي ھالدا، — مەن ئۇ ئادەمنى ئارقا تىرەك قىلىپ، يۆتكىلىش ئىشىمنى ھەل قىلىمەن، قانداق؟

بۇ گەپكىمۇ پالان دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئەدھەم ئۇنىڭ يۆتكىلىش ئارزۇسىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئىككىلەنمەيلا رازى بولدى:

— بولىدۇ، ئەتىلا ئېلىپ باراي.

ئۇلار چوڭ بىر بىنانىڭ دالدىسىغا كېلىپ توختىدى، بۇ يەرنىڭ چىرىغى سۆنگەن بولۇپ، ئەتراپ قاراڭغۇ ۋە خىلۋەت ئىدى. ئەدھەم گۈلجاننى ئۆزىگە تارتتى، گۈلجان ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالدى، ئەدھەم ئۇنىڭ يۇمران لېۋىنى شورىدى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن سۆيۈپ كەتتى…

# يەتتىنچى باب

# قىلتاق

## 1

شۇ كۈنلەردە، خانقىز ئەدھەمنى خىيال قىلسىلا، ئۆزىدە بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىرخىل ئەندىكتۈرگۈچى بىئاراملىقنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

كىشىلەر يۈرەكنىڭمۇ قۇلىقى بار، دېيىشىدۇ. راست، يۈرەك ئىنتايىن سەزگۈر ئەزا، ئۇنىڭ قۇلىقى ھەمىشە دىڭ، كىچىككىنە شەپىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ!

ھازىر خانقىزنىڭ يۈرىكى ھەممىنى سېزىپ، بىلىپ تۇراتتى.

ئەدھەم بىلەن گۈلجان، ئەدھەم بىلەن سالمان... بۇ ئوتتۇردىكى سىرلىق، غەلىتە مۇناسىۋەتلەر خانقىزنىڭ تىنچ، ئىناق تۇرمۇشىنى چالغىتىپ، ھېسسىياتىنى زەخىملەندۈرۈۋەتتى. ئەدھەم ھازىر خانقىزنىڭ نەزىرىدە، گويا يۇكسەك بىر تاغدىن بىردىنلا پۇچۇق كېسەككە ئايلىنىپ قالغانىدى. بىر چاغلاردا ئۇنى مەھلىيا قىلغان ئۇنىڭ كۆزىدىكى مەردانە نۇر بىلەن دىلىدىكى دىيانەت ھازىر يەتتە قات ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كەتكەندەك ئىدى. خانقىز ھەقىقەتەنمۇ ئازابلىناتتى؛ مۇھەببىتىگە، ئەقىدىسىگە يىغلايتتى. ئۇنىڭ سۆيگەن، ئىشەنگەن، سۆيۈنگەن ئادىمى ھازىر ئۇنىڭ رەقىبلىرى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، ئۇنى

خۇددى بىر پارچە ئەرزىمەس بۇيۇمدەك بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ، ئۇنتۇپ كېتىۋاتاتتى. خانقىز ئۆز رەقىبلىرىنىڭ بەئەينى بۇرغا تۆگىدەك ئاداۋەتچى، ئىنتىقامچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار-نىڭ هازىر ئۆز قوينىدىن ئەدھەمنى تارتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىگە زەربە بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ سېزەتتى. خانقىزنىڭ ئېچىنىدىغىنى، بۇ ئويۇندا ئەدھەمنىڭ ناهايىتى قىزغىن رول ئېلىۋاتقانلىقى ئىدى. ئەمدى ئۇنى سەھنىدىن چۈشۈرۈش ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئەگەر خانقىز ئۇنى سەھنىدىن چۈشۈرمەكچى بول-سا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن غۇرۇرىنى، ۋىجدانىنى، ئار - نومۇسىنى قۇربان قىلىشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن، بۇ خانقىزنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ ھەمىشە چەكلىك هاياتىدا ئىنسانىي غۇرۇر بىلەن مەردانە ياشاشنى، پاك كەلگەن بۇ دۇنيادىن يەنە شۇ پاكلىقى بىلەن خۇشخۇي كېتىشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ يۈرىكى ها-مان بىر كۈنى تۇرمۇشىدا مۇدھىش بىر بوراننىڭ كۆتۈرۈلىدىغان-لىقىنى، كۇتۇلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ قاچاندۇر بىر كۈنى بولىدىغانلىقىنى سېزەتتى. لېكىن بۇنىڭ بۇنچىلىك تېز ۋە شىد-دەتلىك بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى...

ئەدھەم بۈگۈنمۇ شىركەيپ كەلدى، ئىشكلەرنى تاراقشىتىپ ئاشخانىغا كىردى، جۇمەكتىن سۇ ئىچتى، ئاندىن تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ، ئۈچ كىشىلىك ساپاغا قىڭغايدى. خانقىز خېلى بۇرۇن ياتقان بولسىمۇ، تېخى ئۇخلىمىغانىدى...

— ئەدھەم، ئازراق پاراڭلاشساق قانداق؟ — دېدى ئۇ ياس-تۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

بۈگۈن ئۇنىڭ ئىچى توشۇپ، سۆزلەشمىسە بولمايدىغان هال-غا يەتكەنىدى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئېرىنى ئىنساپ - دىيانەتكە ئۈندەپ كۆرمەكچى بولدى. چۈنكى، ئۇنىڭ باغرىدا مىدىرلاپ تۇرغان يېڭى بىر جان ئۇنى ئانىلىق بۇرچ بىلەن ساداقەتكە دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. خانقىزنىڭ تۇيۇقسىز سۆزلەشمەكچى بولۇپ،

ئاۋۋال ئېغىز ئېچىشى ئەدھەمگە خۇشياقتى، ئۇ بايىقى كەيپىنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمىگەن تالغىن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇ-نىڭغا خاموش تىكىلدى.

— سۆزلىشەيلى، قولىقىم سىزدە! — دېدى ئۇ ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە قاڭشىيىپ.

خانقىز چوڭقۇر بىر ئېچكى ئازاب بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئەدھەم، مەن ھازىر ئۆزۈمنى يالغان بىر دۇنيا ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن! قارىسام، ھەممە ئىش ساختى-لىق بىلەن بولۇۋاتىدۇ، باشقىلارمۇ، سىزمۇ ساختا مۇناسىۋەت قىلىۋاتىسىز! بۇ ئاھانەتلىرىڭىز ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، مەن ھازىر چۈشۈمدىمۇ ئازابلىنىپ يۈرىمەن! ئۇنداق قىلماڭ، سىز دادا، مەن ئانا بولۇش ئالدىدا تۇرىمىز. تۇغۇلغۇسى ئاشۇ پەرزەن-تىمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئائىلىمىزنىڭ كەيپىنى ئۇ-چۇرمايلى! ...

ئەدھەم نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ خان-قىزنىڭ بىردىنلا مۇنداق يۇمشاپ، ئۆزىگە يېلىنىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ رايىغا باقسا، ئىش يەنە خېمىغا يې-نىپ، بۇزماقچى بولغان ئۆينى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە توغرا كې-لەتتى. ئۇ چاغدا، ئەدھەم گۈلجان ئالدىدا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا توي قىلىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىش تۈگۈل، ھازىرقىدەك ئېلىدىن قۇچاقلاپ، سۆيۈپ يۈرۈشمۇ تەسكە چۈشەت-تى. شۇڭا، ئۇ بىردىنلا تېرىسىنى تەتۈر كىيىپ قوپتى:

— مەن سىزنى تۇغۇق دېمىدىم، مەن بالىغا خۇشتار ئەمەس!

— توغرا، سىز بالىغا خۇشتار ئەمەس، — دېدى خانقىز بىرئاز چېچىلىپ، — سىزنىڭ خۇشتار بولغان نەرسىڭىز باشقا، مېنى بىلمەيدۇ دېمەڭ!

— بىلگەن بولسىڭىز، گەپنى مۇنداق سوزمايلى! — دېدى

ئەدھەم تورۇڭ ـ تورۇڭ ئاۋازدا، — مەن سىزگە ئېيتسام، بىز ھازىر ئىككى قۇتۇپ بولۇپ قالدۇق، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر كۈچ ئىككى قۇتۇپنى بىرلەشتۈرەلمەيدۇ! بۇنىمۇ بىلمىدىغانسىز! ؟

خانقىزنىڭ شۇنچە ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى ئەدھەمگە ياقمىدى. ئۇ ئەدھەمنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرە بىلەن كۆرەڭلىكنى كۆرۈپ، ھارسىنغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بىلمەيدۇ دېمەڭ! — دېدى ئۇ بىر خىل ئۆكۈنۈش تۇيغۇسى بىلەن، — بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ياشلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ يېنىك ئېقىنىدا گاھ ئۈزۈپ، گاھ لەيلەپ يۈرۈۋېرىپتۇق، لېكىن ئۇنىڭ چوڭقۇر ئاستىدا خەتەرلىك خادا تاشلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلمەپتۇق. ئەمدى بۇنىمۇ بىلدىم! ...

— بىلگەن بولسىڭىز ناھايىتى ياخشى! — دېدى ئەدھەم تېخىمۇ كۆرەڭلىك بىلەن، — مانا شۇ يوشۇرۇن خادا تاشلار بىزنىڭ ئائىلىمىزنى پاچاقلاش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئەمدى ئۇنى يېلىنىپمۇ، كۆز يېشى قىلىپمۇ ساقلاپ قالالمايسىز! ...

— نېمە؟ ! — خانقىزنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىن قەھر ـ غەزەپ قارمىۋالدى، ئۇ قەلبىدىكى ئانىغا خاس سەۋرچانلىق بىلەن سەمىمىيلىكنىڭ شەپقەتسىزلەرچە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى، ئەدھەم بۇنى ئاجىزلىق دەپ قاراپ، تېخىمۇ كۆرەڭلىك قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ئېغىر ھارسىنىپ، تۇنجى قېتىم ئېرىگە تۇرگۇنلۇك بىلەن قاتتىق تەگدى، — سىز باشقىلارنى چۆكۈرۈپ، ئۆزىڭىزنى ئۇنچە يۇقىرى، ئەتىۋار ھېسابلاپ كەتمەڭ! ئەتىلا پىت بازىرىغا بېرىپ ئۆزىڭىزگە باھا قويدۇرۇپ، بېقىڭا، نەرخىڭىز قانچە بولىدىكىن! ؟

بۇ گەپ ئەدھەمنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزىنى ھەقىقەتەنمۇ يۇقىرى، ئەتىۋار ھېسابلايدىغان بىر ئادەم ئۈچۈن، كۆزد-

گە ئىلمايدىغان بىر ئايالدىن بۇنداق ئاچچىق كىنايە بىلەن ھاقارەت-لىنىش مەسخىرىسىنى ئاڭلاش خۇددى «بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا موزايۋېشى بوش كەلدى» دېگەندەكلا ئىش ئىدى.

— سەن!... سەن ناكەس!...، — دېدى ئەدھەم تاتىرىپ، دۇدۇقلاپ، — سەن زەھەردىن تۆرەلگەن... ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقال!...

— شۇنداقمۇ؟! — خانقىز ئەمدى ئىچىنى بوشىتىپ، خېلى يەڭگىللەپ قالغانىدى، — كۆزىڭىزدىن يوقىلىش ئاسان، ئەدھەم. خوش ئەمىسە، بەختلىك بولۇڭ!...

ئۇ خۇددى تانسىغا ياكى مېھماندارچىلىققا بارىدىغاندەك چىد-رايلىق كىيىنىپ، شۇنداق خاتىرجەم ۋە بەخىرامان ھالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەدھەمنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ، بېشى ساڭگىلى-دى، خانقىزنىڭ بۇنداق مەردانە ھالىتى ئۇنىڭ تېخىمۇ چىشىنى قېرىشتۇرۇۋەتكەنىدى...

لېكىن خانقىزمۇ تالاغا چىقىپلا خۇددى قىممەتلىك بىرنەر-سىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، چۆچۈپ ئارقىغا قارىدى. پۈتۈن بىنادا يالغۇز شۇنىڭ ئۆيىلا يورۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئۇمچە-رەپ، كۆزىگە يىغا ئولاشتى. ئۇنىڭ ياشلىق باھارى، ئارزۇ - ئارمىنى، ئىسسىق نەپىسى ئەنە شۇ ئۆيدە — يەتتە يىللىق ئەج-رى، قان - تەرى سىڭگەن ئاشۇ غەمخانىدا قالغانىدى...

لېكىن، ئەمدى ئۇ ئارقىغا قايتالمايدۇ، ئۆيگە كىرەلمەيدۇ! ئۇ يەردە ئۇنى خورلىغان، كەمسىتكەن، ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتى-نى، ساداقىتىنى ئاياغ ئاستى قىلغان، ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى ئاجىز-لىق، سەممىيىتىنى يېلىنىش، دەپ بىلگەن روھى زەئىپ، ۋىجدانى سوغۇق بىر ئادەم ياشايدۇ! بۇ ئادەمنى ئەمدى ئۇنىڭ كۆرەرگە كۆزى يوق!...

خانقىز يول بويىدىكى دەرەخلەرنى ئارىلاپ ماڭدى، چىراغ نۇرىدا يالتىراپ تۇرغان يۇمران يوپۇرماقلار بەئەينى ھەسرەتلىك

كۆزلەرگە ئوخشايتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، كەڭ
ئوچۇقچىلىققا چىقتى. ئەتراپتا ئادەملەر يوق دېيەرلىك ئىدى،
ئاندا ـ ساندا ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى بىلەن يالت ـ
يۇلت قىلغان چىراغ نۇرلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. خانقىز ئۇھسىـ
نىپ تۇرۇپ ئاسمانغا — ئاشۇ مەيۈس جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزـ
لارغا تولغان كەڭرى ئۇپۇققا؛ يەرگە — ئاشۇ خامۇشلىنىپ ياتقان
جىمجىت زېمىنغا قاراپ خىيالى يەنە گادىرماچ بولۇپ كەتتى...
نەگە بېرىش كېرەك؟! بۇنداق يۈرۈپ تاڭنى ئاتقۇزغىلى
بولامدۇ؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر بارغانسېرى تىنچىپ، سۈرـ
لۈك ھالەتكە كىرىۋاتسا، يالغۇز بىر چوكاننىڭ بۇنداق تەمتىرەپ
يۈرۈشى ياخشى ئىشمۇ؟!...
بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا «يالت» قىلىپ بىر پىكىر كەلـ
دى. شۇ پىكىر بىلەن ئۆزىمۇ روھلىنىپ، ئىلدام يۈرۈپ كەتتى.
يىگىرمە مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي، ئۇ مەنزىلگە يېتىپ كەلدى.
ئۆزىگە تونۇش بولغان بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىردەم ئىككىلىنىپ
تۇردى، بارمىقىنى قوڭغۇراق كۇنۇپكىسىغا بىرنەچچە قېتىم ئاپىـ
رىپ، يەنە قايتۇرۇۋالدى، شۇ ئارىلىقتا، بىنانىڭ ئىشىكى ئېچىـ
لىپ، كىمدۇر بىرى ئۆزى تۇرغان ئىككىنچى قەۋەتكە قاراپ
چىقىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇ ياكى قوڭغۇراقنى بېسىشى، ياكى
تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىشى كېرەك ئىدى. ئاياغ تىۋىشىنىڭ يېقىنـ
لاپ كېلىشى بىلەن ئۇنىڭ قولى ئىختىيارسىز ھالدا كۇنۇپكىنى
بېسىۋەتتى.
ئىشىك ئېچىلدى، كۆڭلەكچان، يالاڭۋاش ئۆي ئىگىسى ھەيـ
رانلىقتا چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى.
— خانقىز؟
— ھىدايەت!
ھەر ئىككىسى بىر دەقىقە سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ قالدى...

## 2

گۈلجان ۋەدە بويىچە، جاڭ داتۇ بىلەن جەنۇبىي باغچىدا ئۇچراشتى. ئۇلار دەسلەپ ھەرخىل ھايۋانلارنى تاماشا قىلدى. شىر، يىلپىز، يولۋاسلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، گۈلجاننىڭ تېنى ئەيمىنىپ، ئۆزىنى چەتكە ئالدى، ھەر خىل نامدىكى مايمۇنلار ماكانلاشقان سۈنئىي تاغنى ئايلانغاندا، ئۇلارنىڭ دارۋازىغا ئوخشاش چاققانلىقىدىن، ئادەمگە ئوخشاش ئاجايىپ قىلىقلىرىدىن زوقلاندى، لېكىن ئۇلارنىڭ «ھاياسىز» لىقىنى كۆرگەندە، يۈزىنى چەتكە بۇراپ، پىخىلداپ كۈلدى… كېيىن ئۇلار ماتورلۇق قېيىققا ئولتۇرۇپ، كۆل سەيلىسى قىلغاچ پاراڭلاشتى.

— قانداق، مەرۇپ ئاقساقال بىلەن تونۇشالىدىڭىزمۇ؟ — سورىدى جاڭ داتۇ گۈلجانغا بىر پارچە شاكىلاتنى بېرىۋېتىپ.

— تونۇشتۇم، — دېدى گۈلجان مىيىقىدا كۈلۈپ، — يىلىكى سۆيۈق، لىخشىپ تۇرغان ئۆپكىدەك ئادەم ئىكەن! — ئۇ ئاغزىدىكى شاكىلاتنى يۇتۇپ، تامىقىنى چاكىلدىتىپ تۇرۇپ سورىدى، — ھە، راست، شياۋ جاڭ، ئۇ ئادەمنىڭ نېمىسى سىلەرگە لازىم بولۇپ قالدى؟

— ئەمىلى، قولىدىكى ھوقۇقى! — دېدى جاڭ داتۇ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ، — گۈلجان، كۆرمەيۋاتامسىز، ھازىر دۆلەتنى قانۇن ئەمەس، مۇناسىۋەت باشقۇرۇۋاتىدۇ! مۇناسىۋەتنىڭ مەركىزىدە تۇرۇۋاتقىنى يەنىلا پۇل. ھازىر پۇل بىلەن ھوقۇقنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ھوقۇق بىلەن يەنە شۇ پۇلنى تاپقىلى بولىدۇ! بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، توقۇمىچىلىق فابرىكىسىدىكى ئا چاڭجاڭ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ناھايىتى يېقىن ئادىمى ئىكەن. ئۇنىڭ قولىدىن خېلى ئىشلار كېلىدۇ. ئۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ لەۋزىنى يىرمايدىكەن. بىزگە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بىر پارچە خېتى كېرەك.

— نېمە خەت؟ — گۈلجان قىزىقىپ سورىدى.

— تەستىق خەت! — دېدى جاڭ داتۇ قولىنى گۈلجاننىڭ يەلكىسىگە تاشلاپ.

— نېمىگە؟ — گۈلجان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە نازلىنىپ قارىدى.

— بىز ئۇ يەردىن قانچىلىك ئالغىلى بولسا، شۇنچىلىك خام سۈرۈپ ئالماقچىمىز. شىنجاڭنىڭ خام سۈرۈپى ئۇزۇن تالالىق پاختىدىن توقۇلغاچقا، ئۇنى بويىغاندا، ھەر مېتىردىن ئۈچ يېرىم سانتىمېتىر ئۇزىراپ چىقىدۇ، بۇ رەختنى ئىچكىرىگە يۆتكىسەك، ھەم ئېنىقدىن، ھەم گېزىدىن پايدا ئالىمىز. يەنە كېلىپ، ھازىر ئىچكىرىدە خام سۈرۈپنىڭ بازىرى بەك ئىتتىك. ئۆتكەندە، بىرى شاڭخەيگە ئازراقلا خام سۈرۈپ يۆتكەپ، يەتمىش بەش مىڭ يۈەن پايدا ئاپتۇ...

كىچىككىنە ئەجىر بىلەن قولغا كەلگەن شۇنچە كۆپ پايدا گۈلجاننىڭ كۆزلىرىنى ئويىنىتىۋەتتى، ئەگەر ئۇ بۇ ئىشتا جاڭ داتۇغا ئوبدان ماسلاشسا، ئۆزلىرىنىڭ ئالىدىغان پايدىسىنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. بۇ پايدىدا ئەلۋەتتە گۈلجاننىڭمۇ ئاز - تولا ھەسسىسى بولاتتى.

— خوش، مېنىڭ ئەمدىكى ۋەزىپەم نېمە؟ — سورىدى گۈلجان تاقەتسىزلىنىپ.

— ناھايىتى ئاددىي، سۆيۈملۈكۈم! — جاڭ داتۇ ماڭلىيىنى گۈلجاننىڭ ماڭلىيىغا ياقتى، — ئاشۇ تەستىق خەتنى قولغا كەلتۈرىسىز!

— قانداق قىلىپ؟!

— ئۇنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، سىزدە ئۇنچىلىك ئىقتىدار ۋە دەسمايە بار!...

گۈلجان ئۇنىڭ نېمىگە بېشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئاياللارنىڭ ئۆزىنى تەقدىم قىلىش ھېسابىغا قانداقتۇر بىر

نەرسىلەرگە ئىرىشمەكچى بولغان ۋاقتى — دەل ئۇنىڭ ئەڭ رەزىللىككە يۈزلەنگەن ۋاقتى بولىدۇ. بۇنداق ئاياللاردا مۇھەب-بەت، نازاكەت، ھايا ۋە پاكلىق بولمايدۇ. مەنپەئەت ئۇنىڭ بىردىنبىر «مۇھەببەت» ئۆلچىمى بولۇپ قالىدۇ!

كېيىنكى ۋاقىتلاردا، گۈلجان شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى…

### 3

مەھلىيانىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت سەبىي ئىدى، گۆدەكلەر-چە چىن مۇھەببەت ئىدى. ئاياللار خۇددى قارىغۇ بىلىقتەك ھېس-سىيات تورىغا ئاسان ئىلىنىشىپ قالىدۇ. ئۇلاردا ئاجايىپ بىر قەتئىي نىيەت بولىدۇ: بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ بولدى، مەڭگۈ شۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالايدۇ! مەھلىيا ھازىر دەل ئاشۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى: دۇنيادىكى ھەقىقەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىملىق كۆزىتىش-تىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇئەييەنلەشكەن، مۇھەببەتمۇ شۇنداق!… سالماننىڭ بىرنەچچە قېتىملىق ئىش ـ ھەرىكىتى مەھلىياغا ياقتى، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىمتىھانىدىن ئۆتتى. ئۇ ئەمدى ھەقىقەتەنمۇ سالماننى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى چۈشەندى…

سالمان بۈگۈن كەچتە مەھلىيانى «ئاق قۇ» رېستورانىغا تەكلىپ قىلغانىدى. مەھلىيا دەل سائەت ئالتىدە ئۇ يەرگە كەلدى.

سالمان رېستوراننىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى مەخسۇس بىر ئۆينى پۇتۇنلەي قويغانىدى. ئۇلار شۇ يەرگە كىردى، ئۆي يو-رۇق، ئازادە ھەم خىلۋەت ئىدى. ئاپئاق داستىخان سېلىنغان شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر لوڭقا مېيخۇا گۈلى چوغلىنىپ تۇرات-تى. خۇشخۇي چىراي بىر كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا ئىسسىق چاي

قۇيدى، ئارقىدىن غاز كاۋپى بىلەن بىر تەخسە پوشكال ئەكەل-
دى. تاماقتىن كېيىن، سالمان ئالدىن تەييارلاپ قويغان «بوغدا
كۆلى» ناملىق سوغۇق سەي بىلەن خوتەننىڭ «قىزىلگۈل» مار-
كىلىق خۇش پۇراق هارىقى كەلتۈرۈلدى. مەهلىيا سوقىچاق
تەخسىدىكى سوغۇق سەيگە قاراپ، ئەقلى لال بولغان هالدا ئولتۇ-
رۇپ قالدى. دىئامېتىرى ئون ئالتە سانتىمېتىر كېلىدىغان جانان
تەخسىگە ياسالغان بۇ سەي خۇددى چىرايلىق سىزىلغان گۈزەل
بىر پارچە ماي بوياق رەسىمگە ئوخشايتتى. كۆل سۈيى لەڭپۇڭ-
دىن، كۆلدىكى قېيىق بىلەن راۋاقلار قوغۇندىن، قارىغايزارلىق
ياڭاقتىن، ئاپئاق مۇزلۇق چوققىلار قايماقتىن ياسالغان بولۇپ،
ئۇنىڭ كۆركەم، سەنئەتلىكلىكىدىن كىشىنىڭ ئالدىراپ چوكا
سېلىشقا كۆزى قىيمايتتى…

مەهلىيا بوغدا كۆلىنىڭ تەخسىدىكى كىچىكلىتىلگەن شەك-
لىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى ساۋاقداشلىرى بىلەن بوغدا
كۆلىگە چىققانلىقىنى، سۆيگەن يىگىتى بىلەن بىللە قارىغايزار-
لىقنى ئايلىنىپ سەيلە قىلغانلىقىنى، ماتورلۇق قېيىققا چۈشۈپ،
هەيۋەتلىك، سالقىن بوغدا كۆلىنى ئايلانغانلىقىنى… ئەسلەپ
كەتتى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ هازىرقىدەك خۇشال، بەختىيار ئىدى.
لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ خۇشاللىقى بەربات بولدى، يىگىتى
ئىچكىرىگە ئوقۇشقا كېتىپلا، ئۇنى تاشلىۋەتتى…

مەهلىيا شۇلارنى ئويلاپ، شۈكلەپ قالدى. سالمان ئۇنىڭ
يېنىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز، مەهلىيا؟ «بوغدا كۆلى»گە قاراپ ئول-
تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟

— يېيىشكە ئادەمنىڭ كۆزى قىيمايدىكەن! — دېدى مەهلىيا
ئۆزىنى ئوڭشاپ.

— سىز بۇرۇن «بوغدا كۆلى»گە چىقىپ باققانمۇ؟

— ئۈچ يىل بۇرۇن چىققان...

— ئەمىسە، مەن سىزنى يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلىمەن، سىز خالىغان بىر كۈنى چىقايلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، سىز قاچان دېسىڭىز، مەن تەييار!

— ئەمىسە، «بوغدا كۆلى» گە ھۇجۇم! — دېدى سالمان چوكىنى قولىغا ئېلىپ ۋە «بوغدا كۆلى» نىڭ «قارلىق چوققىسى» نى ئەپلىك قىسىپ، مەھلىيانىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن مەھلىيامۇ ئەسلىمىلەر قوينىدىن چىقىپ، كۆلكە ـ چاقچاق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سالمان ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، قىزىل ھاراقتىن ئىككى رومكا ئىچۈردى، قىزىلگۈل ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرغان ئانار سۈيىدەك گۈلگۈن ھاراق مەھلىياغا تېتىدى. ئۇنىڭ يۈزى خوراز تاجىسىدەك قىزىرىپ، كۆزى خۇمارلاشتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ، تېخىمۇ گۈزەل ۋە جەلپكار بىر قىزغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بۈگۈن سالمانمۇ ناھايىتى چىرايلىق ۋە رەتلىك كىيىنگەنىدى. مايلانغان چاچلىرى چىراغ نۇرىدا يالتىرايتتى، ئۇششاق چاقماقلىق سارجا كاستۇمىنىڭ تۆش يانچۇقىغا قاتلاپ سېلىنغان ئاپئاق يىپەك ياغلىقى خۇددى يېڭىلا پورەكلىگەن ئاق ئەتىرگۈلدەك، ئۈچقۇلاق بولۇپ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى...

سالمان ئاستا مەھلىيانىڭ قولىنى تۇتتى، ئالقىنى بىلەن يۇمران قولىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى، مەھلىيانىڭ بۇدرۇق، ۋۇجۇدىغا بىرخىل ئىسسىق ئېقىم بۆسۈپ كىرگەندەك، پۈتۈن بەدىنى ھاياجانلاندى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ، پۇت ـ قولى بوشىشىپ كەتكەندەك بولدى.

سالمان يانچۇقىدىن «18K» لىق بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ، مەھلىيانىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى. كۈتۈلمىگەن بۇ زور ئىلتىپاتتىن مەھلىيانىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ كەتتى، شۇ خۇشاللىقتا سالمان بىلەن يەنە بىر قەدەھنى سوقۇشتۇرۇپ ئىچتى...

ئۇلار سائەت توققۇزغا يېقىن «ئاق قۇ» رېستورانىدىن چىقىپ، تاكسى ماشىنا بىلەن «بوغدا» مېھمانخانىسىغا تانسىغا باردى. تانسىدىن يانغاندا سائەت ئون بىردىن ئاشقانىدى.

— ئەمدى ئۆيىڭىزگە كېتەلمەيسىز، مەھلىيا، — دېدى سالمان ئۇنى قولتۇقلاپ كېتىۋېتىپ، — بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ئاپام بىلەن يېتىپ قالىسىز، ئۆتكەندە ئوبدانلا تونۇشۇپ قالدىڭىزغۇ، ئاپاممۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ...

مەھلىيا ئىككىلىنىپ قالدى، دېمىسىمۇ، بۇ چاغدا ئاغزىدىن هاراق پۇرىتىپ ئۆيگە كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئەتىلىككە «دوستۇمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم» دەپ بارسا، ئاسانراق بولاتتى.

— قانداق بولار؟ — دېدى ئۇ ئارىسالدى بولۇپ، — زىياخان ئاپامغۇ چۈشىنىدۇ، لېكىن مەرۇپ ئاكامنىڭ ئالدىدا خىجىل بولىدىكەنمەن...

— خىجىل بولماڭ، — دېدى سالمان ئۇنى تىنچىتىپ، — دادام مۇنداق ئىشلارغا كۆز سېلىپ يۈرمەيدۇ، ئۆزى قېرى بولغان بىلەن كاللىسى ئازاد، كۆكسى - قارنى كەڭ...

شۇنداق قىلىپ، مەھلىيا ئامالسىز هالدا سالماننىڭ ئۆيىگە بىللە كەلدى. ئۆيدىكىلەر تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. سالمان ناهايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىشىكلەرنى ئېچىپ، دەسلەپ كارىدورغا كىردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىغا كېلىپ، مەھلىياغا پىچىرلىدى:

— ئاۋۋال ماۋۇ ئۆيدە بىردەم ئولتۇرايلى، مەن ئاپامنى ئويغىتىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە چىقارسىز.

مەھلىيا ئىچكىرى كىردى، سالمان ئۈستەل چىرىغىنى ياندۇردى، ئۆي غۇۋا يورۇدى. مەھلىيا بۇلغارى ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. دېرىزىنىڭ يېنىغا قوش كىشىلىك

لۆم - لۆم كارىۋات قويۇلغانىدى. ئۇدۇلدىكى تومپۇچكىدا ياپونىيىنىڭ ئون سەككىز دىيۇيملىق رەڭلىك تېلېۋىزورى بىلەن «ناتسئونال» ماركىلىق سىنئالغۇسى تۇراتتى. ئۆينىڭ تۆت تېمى پۇتۇنلەي ئاياللارنىڭ — دۇنيادىكى كىنو چولپانلىرىنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى رەسىملىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. مەھلىيا بۇ رەسىملەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ياپونىيىلىك شەنكۇ بەيخۇي، فرانسىيىلىك سوفىيە رولىلان، ھىندىستانلىق نارگىس، جۇڭگولۇق لىيۇ شياۋچىڭ، ئامېرىكىلىق دىيان لېئىنلارنىڭ رەسىملىرىنى تونۇدى. بۇ رەسىملەرنىڭ ھەممىسى قارىغان كىشىنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان يېرىم يالىڭاچ كۆرۈنۈشتە ئىدى.

سالمان ھەش - پەش دېگۈچە توك چەينىكىدە چاي دەملىدى، مەھلىيامۇ ئۇسساپ ئاغزى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، سىنئالغۇ كۆرمەكچى بولدى.

— قاندىغىنى ياخشى كۆرىسىز؟ — دېدى سالمان تام ئىشكاپىدىن سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، — مۇھەببەتمۇ، مۇشتلاشمۇ ياكى رازۋېدكىمۇ؟

— قايسى بولسا مەيلى، — دېدى مەھلىيا ئىتائەتچانلىق بىلەن، — ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەنلىرىڭىزنى قويۇڭ!

سالمان تام ئىشكاپىنىڭ ئۈستۈنكى كۆزىدىن گېزىتكە ئورالغان بىرنەچچە لېنتىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىدىن بىرنى تاللاپ:

— بۈگۈن مەن سىزگە زامانىۋى بىر فىلىم قويۇپ بېرەي، — دېدى مەھلىياغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — مۇھەببەت فىلىملىرى ئادەمنى ئېزىۋېتىدۇ، مۇشتلاش دېگىنىڭىز ئادەمنىڭ نېرۋىلىرىنى قاقشىتىدۇ، رازۋېدكا بولسا، ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ھازىر بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز، روھىڭىزنى ئۇرغۇتۇپ، يۈرىكىڭىزدە گۈزەللىك ۋە ئىنتىلىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ…

سىنئالغۇنىڭ يېشىل سىفىرلىرى لىپىلداشقا باشلىدى، تېلېۋىزوردا، دەسلەپ چەت ئەلنىڭ يېنىك مۇزىكىسى بىلەن غەلىتە ئالىيېشىل بەلگىلەر چىقتى، ئاندىن بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ ئازادە چوڭ يولدا بىر - بىرىنى بازلاپ كېتىۋاتقانلىقى كۆرۈندى، مەھلىيا ئېكراندا ئاستا - ئاستا چوڭىيىۋاتقان ھەيۋەتلىك بىر مۇنارغا قاراپ، بۇنىڭ پارىژدىكى ئۈچ يۈز يىگىرمە مېتىرلىق ئېفېر تۆمۈر مۇنارىسى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. دېمەك، بۇ يەر پارىژ ئىكەن - دە! بىر - بىرىنى بازلاپ كېتىۋاتقان ئاۋۇ ئىككىسى نەگە بارماقچى؟ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئايال ئىشپىيونمۇ - يا؟ شۇنداق ئوخشايدۇ، ئارقىدىكى ئەر ماھىر رازۋېدكىچىدەك قىلىدۇ!...

ھېلىقى ئەر بىلەن ئايال كاتتا بىر مېھمانخانىغا كىردى، لىفت ئارقىلىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزلىرى سېتىۋالغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى...

مەھلىيا شۇ يەرگىچە تېلېۋىزورغا قاراپ، ئاخىرىدا نېمە چىقار، دەپ قىزىقىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنكى كۆرۈنۈشلەرگە بولسا، قاراش تۇگۇل، ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى، ئەر بىلەن ئايال ھېچبىر ئەيمەنمەستىن، ھېيىقماستىن كىيىملىرىنى سېلىپ، قىپيالىڭاچ ھالغا كەلگەندى...

مەھلىيا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى، نېرۋام چاتاق بولدىمۇ، قانداق، دەپ بېشىنى سىلكىپ باقتى. چۈنكى، ئېكراندىكى ئىككى كىشى تاش قورال دەۋرىدىكى ئادەملەردىنمۇ قالاق، ياۋايى ۋە شەرمەندە ھالغا كەلگەندى. مەھلىيانىڭ كۆزىگە ئۇلار ئادەم ئەمەس، بەلكى شۇ مەيداندا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان ئىككى پۈتلۈق، قىپيالىڭاچ، ئەركەك - چىشى مەخلۇقلاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇلار خۇددى ھايۋانلاردەك بىر - بىرىنى پۇرايتتى، يالايتتى، شورايتتى، يەر تاللىماي ئېغىنايتتى...

مەھلىيا ئۆزىنى تۇتالمىدى، يۈزىنى چەتكە بۇراپ، خۇددى

يىلان چاققاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.
— سالمان ئاكا، نېمە ئۇ؟! دەرھال ئۆچۈرۈۋې-تىڭ! — دېدى ئۇ قاتتىق قېيىداپ، — بولمىسا، مەن چىقىپ كېتىمەن!...
— بولدى، بولدى، خاپا بولماڭ، ئاپئىقىم! — دېدى سال-مان لوللىق بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ، — كۆرگىڭىز كەلمىسە، ھازىرلا ئۆچۈرۈۋېتەي!
سالمان سىنئالغۇنى ئۆچۈرۈۋەتتى، مەھلىيانىڭ بايىقى جۇ-دۇنلۇق چىرايى يەنە ئېچىلدى، سالمان ئۇنىڭغا يېڭىدىن چاي قۇيۇپ بېرىپ، يېنىدا قىستىلىپ ئولتۇردى.
— بۇ فىلىم سىزگە يېڭى بولغاچقا، غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ مەھلىيانىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بولمىسا، ئادەم بەدىنىدە ھېچقانداق سىرلىق، يوشۇرۇن يەر يوق! ھازىرقى دەۋر ياشلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۇنداق سىرلىق، غەلىتە تۇيۇلماسلىقى كېرەك! ھازىر چەت ئەلدە بۇنداق فىلىملەر ئاشكارا قويۇلۇۋېرى-دۇ. بۇ يالغۇز ئادەمدە گۈزەللىك ۋە ئىنتىلىش تۇيغۇسىنى ئويې-غىتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە ئىلىم تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق، مەسىلەن، فىزىئولوگىيە ئىلمى، مېدىتسىنا ئىلمى بۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ!...
— شۇنداق بولسىمۇ ئادەمنىڭ يۈزى قانداق چىدايدۇ!؟ — دېدى مەھلىيا كۆزلىرىنى چىرايلىق سۈزۈپ، — بايا بەك قورقۇپ كەتتىم...
— تېلېۋىزوردىنمۇ؟ — دېدى سالمان ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن ئەركىلىتىپ تۇرۇپ، — ھەي، سۆيۈملۈك ئەخمىقىم...
سالمان ئۇنى ئاستا ئۆزىگە تارتتى، ئۇ دەسلەپ زەئىپكىنە قارشىلىق قىلىپ، كېيىن بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى...
— ئەمدى مەن زىبىاخان ھەدەمنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتەي، — دېدى مەھلىيا سالماننىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ، — بەك

كەچ بولۇپ كەتسە، سەت بولىدۇ...
— توختاڭ، ئاۋۋال مەن چىقىپ كىرەي، — دېدى سالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، — سىز ماۋۇ چاينى ئىچكەچ ئولتۇرۇڭ.
ئۇ يېڭى دەملەنگەن چايدىن لىق بىر ئىستاكان قۇيۇپ، مەھلىيانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى...
سالمان كىرگەندە، مەھلىيا ئولتۇرغان يېرىدە ئۇخلاپ قالغانىدى. سالمان ئۇنى ئاستا كۆتۈرۈپ، كارىۋاتقا ياتقۇزدى، ئاۋايلاپ كىيىملىرىنى سالدۇردى، مەھلىيا ھېچنېمىنى تۇيمىدى، شۇ تاپتا ئۇ، چايغا ئارىلاشتۇرۇلغان دورىنىڭ كۈچى بىلەن بىھوشلىنىپ كەتكەنىدى...

*　　　　　*

مەھلىيا ئەتىسى ئەتىگەندە، سالماننىڭ قۇچىقىدىن ئاجراپ، بۇ ئازادە، ياسىداق ئۆيدىن ھارغىن، لېكىن خۇشال كەيپىياتتا چىقىپ كەتتى...
لېكىن، نېمە ئۈچۈندۇر ئۆيدىن يىراقلاشقانسېرى كۆڭلىنى خۇددى ئۇ يەردە قىممەتلىك، ئەتىۋار بىرنەرسىسى قالغاندەك، ئەمدى ئۇنى مەڭگۈ قايتۇرۇۋالالمايدىغاندەك بىر خىل غەشلىك، بىئاراملىق قاپلىدى. بايىلا بەخت ئىستىكىدە سىمابتەك ئېرىپ كەتكەن تەنلىرى جۇغىدە بولۇپ، خۇشال چىرايى ئۇمچەرەپ قالدى. ئۇ ئالاقزادە بولغاندەك، ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلايتتى: «نېمە قىلىپ قويدۇم - ھە؟ ماڭا نېمە بولدى؟ بىردەملىك ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمنى سېھىرلەپ قويدىمۇ، قانداق؟ مەن سالماندىن قانچىلىك چۈشەندىم... شۇنداق تېز - ھە؟! ۋاي خۇدايىم! ...»
تەگىرىدىن ئاۋاز: ھەي، ياش بەندىلىرىم، ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئوڭاي قولغا كەلگەن نەرسىنىڭ ئېتىبارى بولمىغىنىدەك،

يەڭگىللىك بىلەن بەخش قىلىنۋاتقان مۇھەببىتىنىڭمۇ قەدىر - قىممىتى بولمايدۇ!...

## 4

مەرۇپ ئاقساقالغا تۇيۇقسىز ئامەت ياغدى.

چەت ئەلگە — بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپادەك تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەرگە چىقىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئەلۋەتتە ئامەت - دە!

تۇنۇگۈن يۇقىرىدىن مەرۇپ ئاقساقالغا مەملىكەت بويىچە تەشكىللەنگەن غەربىي ياۋروپادىكى ئۈچ دۆلەتنى زىيارەت قىلىش ئۆمىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش يەتكۈزۈلدى. پۈتۈن ئائىلىنى خۇشاللىق قاپلىدى، مەرۇپ ئاقساقال ھەممىدىن خۇشال ۋە ھاياجانلىق ئىدى.

— رەھمەتلىك ئاتا - ئانام ئۆمۈربويى ھەجگە چىقىشىنىڭ گېپىنى قىلىپ، مۇرادىغا يېتەلمەي كۆزى ئوچۇق كەتكەنىدى، — دېدى ئۇ خوتۇنى بىلەن سالمانغا مەيۈسلىنىپ، — دېمەككىم، ئەمدى پارتىيە، ھۆكۈمەت مېنى غەربىي ياۋروپاغا چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ، بېشىمىزغا مۇنداق جاھانچە خۇشاللىق كەلگەندە، ئۇلار يوق بولۇپ قالدى. دېمەككىم، بولغان بولسا، ئۆز ئوغلىنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنى، بەخت - تەلىيىنى كۆرۈپ بېشى ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى!...

— دادا، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۇلار كۆرەلمىگەن بىلەن بىز كۆردۇق، — دېدى سالمان دادىسىغا تەسەللى بېرىپ، — كونىلاردا: «دادىسى ئاتالمىغان قوڭغۇزنى، بالىسى ئېتىپتۇ توڭگۇزنى» دېگەن گەپ بار. ئۆز ۋاقتىدا بوۋام بىلەن مومام ھەجگە چىقالماي كۆزى ئوچۇق كېتىپتىكەن، بۈگۈن سەن ياۋروپاغا چىقماقچى بولۇۋاتىسەن، كىم بىلىدۇ، ئەتىلىككە نۆۋەت بىزگە كەلگەندە، مارسقا چىقامدۇق، تېخى!

ئۆزئارا كۆڭۈل كۆتۈرىدىغان سۆزلەر بولۇندى، ئاخىرىدا، مەرۈپ ئاقساقال ئوغلىدىن سورىدى:

— دېمەككىم، ھېلىقى ئىشلارنى ئۇقۇشۇپ باقتىڭمۇ؟

— ئۇقۇشتۇم، ھازىر ئۇ تەرەپلەردە بىزنىڭ مەرۋايىت پۇل ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا، ئون كىلوگرام مەرۋايىت تەييارلا، دېمەككىم، بۇنداق پۇرسەت ھەممىشە كېلىۋەرمەيدۇ. بىز ھۆكۈمەتنىڭ ئۆمىكى بولغاندىن كېيىن، ئۇنداق نەرسىلەرنى ئاچىقىپ كېتىش ئوڭاي.

— بولىدۇ، ئېسىڭدە بولسۇن، دادا، ئۇنى ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرۇپلا شۇ يەرنىڭ بانكىسىغا قويۇۋەت! شۇنداق بولغاندا، ئون كىلوگرام مەرۋايىت نەچچە قاتلىنىدۇ. لېكىن ئۆمەك ئىچىدە تۇرۇپ، بۇنداق سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى قىلالارسەنمۇ؟

— «تونۇيدىغان كۆز بولسا، يىلقىدا تۇلپار كۆپ» دېگەن گەپ بار! — دېدى مەرۈپ ئاقساقال ئىشەنچ بىلەن، — دېمەككىم، ئۆتكەن يىلى غەربىي گېرمانىيىدىن كەلگەن ھېلىقى ئادەم ئېسىڭدىمۇ؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن بىكار تونۇشمىغان، ئۇنىڭ ئادرېسى، تېلېفون نومۇرى يېنىمدا. بېرىپلا شۇنى تاپىمەن، ھەممە ئىشنى شۇ جۆندەپ بېرىدۇ!...

سالمان خۇشال بولۇپ كەتتى:

— مەن ساڭا قايىل، دادا! ھەقىقەتەنمۇ باشلىق دېگەن ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرىدىكەن!

كەچتە ئەدھەم كەلدى، ئۆيدە لىق مېھمان بار ئىدى، ھەممىسى مەرۈپ ئاقساقالنى تەبرىكلەشكە، ئۇزىتىشقا كەلگەن ئۆلپەتداش ـ يېقىنلىرى ئىدى. ئۇلار ئەكەلگەن سارجا، شىپۇن دۇخاۋا قاتارلىق يوللۇقلار بىلەن يوغان بىر چامادان توشتى. مەرۈپ ئاقساقال كىمنىڭ نېمە قويغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككەچ، چەت ئەل توغرىسىدا ۋەز ئېيتىۋاتاتتى:

— پارتىيىمىزنىڭ ئىچىۋېتىش سىياسىتى ھەقىقەتەن ئۇ-
لۇغ! دېمەككىم، ئەگەر ئىشىك ئېچىلمىغان بولسا، بۇنداق دوس-
تانە بېرىش - كېلىشلەر بولمايتتى! جاھان كۆرۈش كېرەك.
جاھان كۆرمەي يۈكسەلگىلى، ئالغا باسقىلى، نەزەر دائىرىنى
كېڭەيتكىلى بولمايدۇ! دېمەككىم، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز
ناھايىتى دانىشمەنلىك بىلەن: «شەھەر كۆرگەن ئىتتىن
قاچ!» دېگەن بىر گەپنى ئېيتقان. ئويلاپ قارىسام، بۇ گەپنىڭ
ھەقىقەتەنمۇ مەنىسى چوڭقۇر ئىكەن. دېمەككىم، نېمە ئۈچۈن
«شەھەر كۆرگەن ئىتتىن قاچىدۇ؟» شۇنىڭ ئۈچۈنكى، شەھەر
كۆرگەن ئىتنىڭ كۆزى ئېچىلغان بولىدۇ، بىلىدىغان نەرسىلىرى
كۆپ بولىدۇ. دېمەككىم، ئۇ باشقىلارغا ئاسان بويسۇنمايدۇ!...
چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك، دېمەككىم، ئۆگەن-
مەي تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرەلمەيمىز!... چەت ئەللىكلەر
ئاللىقاچان يەر شارىنى تاشلاپ، ئاسمانغا يۈرۈش قىلدى. دېمەك-
كىم، ئۇلار تەرەققىي قىلىپ كەتتى... دېمەككىم...

ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز - نەسىھەت ئاخىر تۈگىدى. مېھمان-
لار بىر - ئىككىدىن تارقىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئەدھەم قالدى.

— ئەتە مەن بىللە بازارغا چىقىشىپ بېرىڭ، — دېدى
مەرۇپ ئاقساقال ئېخچە ھاياجىنىنى باسالماي ئۇياقتىن - بۇياققا
مېڭىپ، — دېمەككىم، ئىككى - ئۈچ پار كىيىم تىككۈزمەكچىد-
مەن، ھۆكۈمەتتىن ئىككى مىڭ يۈەن ئالدىم. سىزنىڭ خېلى
دىتىڭىز بار، رەختلەرنى تاللىشىپ بېرىڭ. دېمەككىم، ئاندىن
بەزى لازىملىق ماتېرىياللار توغرىسىدا مەسلىھەتلىشۋالايلى. بەل-
كىم ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ قېلىشىم
مۇمكىن. دېمەككىم، چوڭ - چوڭ سورۇنلاردا، زىياپەتلەردە
سۆزلەشكە توغرا كېلىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىلەر ئۇنى - بۇنى
سوراپ قېلىشى مۇمكىن. دېمەككىم، بۇرۇن چەتكە چىققانلاردىن
سۇرۇشتۇرۇپ كۆردۈم، ئۇ تەرەپلەردە بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە،

تارىخىمىزغا كۆپرەك قىزىقىدىكەن. بۇ ھەقتە ماتېرىيال تەييار-لاشقا توغرا كېلىدۇ، ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن ئالدىراش، بۇ ماتېرىياللارنى سىز تەييارلاپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ. دېمەككىم، ئاپاق غوجام دەۋرىدىكى ھېلىقى نېمە خانلىق ئىدى؟… ھە… ھە… ئېسىمگە كەلدى، قاراخانلىق سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيىتى… يەنە ھېلىقى… دېمەككىم، … ھە… ھە…، چوڭ پالۋان ئاپتاپسىد-راپ توغرىسىدىكى ئەسەر… يەنە ئۇنىڭدىن باشقا… دېمەككىم… كونا يېزىقلىرىمىز پۈتۈلگەن… ھېلىقى… ھېلىقى… ئامىدە تاش-لار… ھە… ھە… دېمەككىم، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا يازما ماتېرىيال تەييارلاپ بەرسىڭىز…

ئەدھەم ئىچ - ئىچىدىن قاپساپ كەلگەن قاتتىق كۈلكىسىنى ئاران توختىتىپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى، چىرايىغىمۇ جىددىي تۈس بېرىپ چاندۇرمىدى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيەت توغرىسىدىكى بۇنداق ساۋاتسىزلىقىنى ئۆزىچە باشقىچە تەبىر بىلەن يېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مەرۇپ ئاقساقال سىياسەتچى ئىدى، سىياسەتچىلەرنىڭ بۇنچىلىك ئەيىبىنى كەچۈرۈشكە بولات-تى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى توغرىسىدىكى كەمتۈك يەرلىرىنى سىياسىي - نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنىڭ يۇقى-رى ھەم چوڭقۇرلۇقى تولدۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خىزمىتى ئالدىراش، ھەل قىلىدىغان ئىشى كۆپ بولغاچقا، مەدە-نىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى. لېكىن ئەدھەم-نىڭ بۇ مەنتىقىسى خۇددى ھاماقەت كىشىلەر قايسى پەننى بىلمە-سە، شۇ پەنگە تۆھمەت چاپلىغاندەك ھاماقەتلەرچە مەنتىقە ئىدى!

— ۋاقىت بەك قىس، ئىنىم، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئەدھەمنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ، — دېمەككىم، ماتېرىيالنى ئۈچ - تۆت كۈن ئىچىدە تەييار قىلمىسىڭىز بولمايدۇ. مېنىڭچە، قانچە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولسا شۇنچە ياخشى. دېمەككىم، قەيەردىن گەپ ئېچىلسا، شۇ يەردىن سۆزلىگۈدەك بولۇش كېرەك.

ئەدھەم بۇنداق بىر مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ تاپشۇرۇلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى، شۇڭا، ئۇ گەپنى كېسىپلا قىلدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاقساقال، ماتېرىيال ئۈچ كۈن ئىچىدە كۆڭلىڭىزدىكىدەك تەييار بولىدۇ!

— ياخشى، دېمەككىم، ناھايىتى ياخشى! — مەرۇپ ئاقساقال ئەمدى چىرايىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ باشقا مەسىلىگە كۆچتى، — ھېلىقى ۋاسىل ئەپەندى توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماڭ! دېمەككىم، مېنىڭ بۇ قېتىم چەت ئەلگە چىقىشىم ئۇنىڭ ئۈچۈن جەزمەن قاتتىق زەربە بولىدۇ! ھۆكۈمەت يەنىلا ئۇنداق سېسىق زىيالىيلارنى ئەمەس، مەندەك پېشقەدەم كادىرنى ئەتىۋار بىلىدۇ! دېمەككىم، كونىلار توغرا ئېيتقان: «ياخشىغا يېپەك يېپىشار، يامانغا تىكەن!» دېمەككىم، يېقىندا، بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئانچە - مۇنچە ئىنكاس قىلىپ كەلدى، ئۇ ئۆتكەندە، جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ، بىرنەچچە يەردە مەدداھلىق قىلىپتۇ، ئىنكاسلارغا قارىغاندا، سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا، سوتسىيالىزمغا قارشى مەزمۇنلار بار ئىكەن. دېمەككىم، مەن ئۇلارغا دەرھال ماتېرىيال يېزىشنى تاپشۇردۇم. چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىپلا، بۇ ئىشنى تۈتىمەن. دېمەككىم، سىزمۇ سەگەكرەك بولۇڭ، ھېلىقى شېئىرلارنى، ھىدايەتنىڭ ماقالىسىنى قوشۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك بىر ئىش قىلىش كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، پارتكومغا مۇقامى يۇقىرى، ۋەزنى ئېغىر ماتېرىياللار يوللىنىشى كېرەك. بىز بۇ ماتېرىياللارنى تۈتقا قىلىپ، ئۇلارنى ھالاكەتكە سۆرەيمىز. دېمەككىم، ئۇلاردىن چوقۇم ھېساب ئالماي بولمايدۇ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى كۈرەش. ئاجىزلار يىقىلىدۇ، كۈچلۈكلەر ئالغا قاراپ كېتىۋېرىدۇ!

ئەدھەمگە بۇ گەپ بەك يېقىپ كەتتى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ

ئىدىيىسى، ئىنتىلىشى ۋە ئارزۇ - ئىستىكىنىڭ ئۆزى بىلەن
ئوپئوخشاشلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ، ئاللىبۇرۇنلا ئاد-
لوف گىتلېرنىڭ مۇنۇ سەپسەتىسىنى ئۆزىگە تۇمار قىلىۋالغان-
دى: «ئىنسانىيەت مەڭگۈلۈك كۈرەشتە زورىيىدۇ، ھالبۇكى،
مەڭگۈلۈك تىنچلىقتا بولسا، ھالاك بولىدۇ.» شۇڭا، ئۇ ئىنسان-
لار ئارىسىدا خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈم-
لۈكلەرگە ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن
ۋاسىتە تاللىمايدىغان شەپقەتسىز كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ، كۈچ-
لۈكلەر ۋە «لايىقلاشقانلار» ھاياتى كەچۈرۈشى، ئاجىزلار
ۋە «لايىقلاشمىغانلار» يوقىلىشى كېرەك، دەپ قارايتتى!
ئۇ مەرۇپ ئاقساقال بىلەن ئۆزىنىڭ ھايات پەلسەپىسىنىڭ
مۇنداق ئوخشاشلىقىدىن ناھايىتى خۇشاللاندى. بۇ «ئوخشاش»
لىق ئۇلارنى بىر - بىرىگە تېخىمۇ چەمبەرچاس باغلاپ، ھايات
يولىدىكى «كۈرەش» ۋە «ئالغا بېسىش»لاردا ئۆزئارا مەدەتكار
قىلىۋاتاتتى…

## 5

ئەدھەم مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھورنىمۇ زايە
كەتكۈزمەيتتى. ئۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئوتتۇز نەچچە بەتلىك بىر
ماتېرىيالنى تەييار قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇنى ئۇخلىمىدى دېسىمۇ
بولاتتى. كۈندۈزلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ماتېرىيال ئىزدىدى،
ئۆزى تونۇيدىغان تارىخچىلاردىن، ئەدەبىياتشۇناسلاردىن ئەھۋال
ئىگىلىدى، كېچىسى ئولتۇرۇپ رەتلىدى، يازدى. ئەگەر ئۇ
بىرەر ئەدەبىي ئەسەرگە تۇتۇش قىلغان بولسا، مۇشۇ ئۈچ كۈن
ئىچىدە بىرەر يۈز بەتتىن ئارتۇق نەرسە يېزىۋەتكەن بولاتتى.
لېكىن بۇ ماتېرىيال نۇرغۇن پاكىت ۋە يىلنامىلەرنى تەلەپ قىل-
غاچقا، كۆپرەك ئىزدىنىشكە ۋە ئەستايىدىللىراق بولۇشقا توغرا

كەلدى. بولۇپمۇ، ئەدھەم مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بىرەر چەت ئەل-
لىك ئالىمنىڭ ئالدىدا مازاققا قېلىپ، بۇ يەرگە كەلگەندىن
كېيىن، ئۆزىدىن ئىخلاسى قايتىپ كېتىش خەۋپىنى ئويلاپ،
ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بۇ ماتېرىيالغا ئەستايىدىل ئەجىر
سىڭدۇردى.

ئۇ، بۈگۈن سائەت ئون بىلەن ماتېرىيالنى ئېلىپ، مەرۇپ
ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە باردى. مەرۇپ ئاقساقال ئۆيىدە يوق ئىدى،
ئۇنىڭ ئىدارىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھايالشىمايلا ئىدارىگە كەل-
دى. ئەدھەم ئىشخانىغا كىرگەندە، مەرۇپ ئاقساقال بىرى بىلەن
جىددىي پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ، ئارقىغا يېنىشقا
تەمشىلىۋېدى، مەرۇپ ئاقساقال دەرھال توختىتىۋالدى:

— ھېچ گەپ يوق، ئولتۇرۇۋېرىڭ، ئەدھەم، — دېدى ئۇ
ئەدھەمگە ساپانى ئىشارە قىلىپ، — خىزمەتنىڭ گېپى، سىزگە
دەخلى قىلمايدۇ.

ئەدھەم ساپاغا چۆكتى. ئۇنىڭ مەرۇپ ئاقساقال بىلەن تو-
نۇشقاندىن بېرى، بۇ ئىشخانىغا بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى.
ئاستىغا گىلەم سېلىنغان، تام ياقىلىتىپ ئىككى جۈپ ساپا قو-
يۇلغان، موۋۇت قاپلىق يېزىش ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە تېلېفون،
يېشىل قاپقىلىق چىراغ، قەدىمىي پاسوندىكى چاقچۇق قەلەمدان
ۋە ھەر خىل ھۆججەت، ماتېرىياللار قويۇلغان ئازادە ۋە يورۇق
بۇ ئىشخانا ئەدھەمگە ئالاھىدە سالاپەتلىك كۆرۈندى. ئۇ كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە، ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىشخانىدا قاڭقىيىپ ئولتۇ-
رۇپ، ھەر خىل ھۆججەتلەرگە تەستىق سالىدىغانلىقىنى، قول
ئاستىدىكى كىشىلەرنى مانا ھازىرقىدەك سوئال - سوراق قىلىدى-
غانلىقىنى ئويلاپ، تاتلىققىنا كۈلۈپ قويدى...

— يەنە قانداق پىكىرلەر بار ئىكەن؟! — مەرۇپ ئاقساقال
چەتتىكى ساپادا ئولتۇرغان ئادەمدىن زەردە بىلەن سورىدى.

ئۇ ئەللىك نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئورۇق، چۆكمە

ئورا كۆز ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يېپىلاڭغۇ قاشلىرى يۈزىنى كەڭ ۋە سېمىز كۆرسىتەتتى. ئۇ ئىچى تىت - تىت بولغانلىقتىن-مۇ، ئەيتاۋۇر قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بەزىلەر ئۇنى بەكمۇ ياۋاش، جۇشقۇن، تۇرگۇن ئەمەس، خىزمەتنى ئاقتۇرالمايدۇ، دېيىشىۋاتىدۇ...

— مانا، مانا... ئاقماس گەپلەر! — دېدى مەرۇپ ئاقساقال غىجىنىپ، — دېمەككىم، جۇشقۇن، تۇرگۇن ئادەملەرنى بىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كۆپ كۆرۈپ بىزار بولغان. ھازىر تىنچ - ئىتتىپاق بولۇش دەۋرى، بىزگە ئاشۇنداق ياۋاش، قولىقى يۇمشاق ئادەملەر كېرەك! دېمەككىم، بۇنداق ئادەملەر چوڭ ئىش قىلالمىسىمۇ، ۋەزىيەتكە، رەھبەرلىككە قارشى خۇپپيانە ئىش قىلمايدۇ! سىز كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان باشقارمىنىڭ باشلىقى تۇرۇپ، بۇنى چۈشەنمەمسىز؟! دېمەككىم، ئۇ ئادەم ئېھتىمال بەزىلەرنىڭ دىتىغا ياقماسلىقى ياكى بىرەر ئىشتا كۆڭ-لىنى ئاغرىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز رەھبىري يولداشلارنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ بولۇشى كېرەك! ئېسىمدە قېلىشىچە، ئامېرىكىدىكى نېكسون بىلەن كېسىنگر ئەينى ۋاقىت-تىكى زوڭتۇڭ سايلىمىدا كەسكىن رىقابەتچىلەردىن ئىدى. دې-مەككىم، سايلامدا نىكسون غەلىبە قىلىپ، زوڭتۇڭ بولدى. تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسى كېسىنگرنى چەتكە قېقىشنىڭ ئورنىغا، دۆلەت ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز يېنىدا ئىشلەتتى! دېمەككىم، بىز گوڭچەنداڭ ئەزالىرى ئاشۇ چەت ئەل ئاقسۆڭەكلىرىدەك بولالمايمىزمۇ؟!

مەرۇپ ئاقساقال ئۆزىنىڭ تۇيۇقسىز كەلگەن ئىلھام بىلەن بۇنداق قاملاشتۇرۇپ سۆزلىگەنلىكىدىن ھەۋەسلىنىپ، لۆم - لۆم ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تېخىمۇ قاڭتايدى. لەۋلىرىنى يالاپ، ئۇدۇلىدىكى سۆھبەتدىشىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس سۆزلىرى، ئاچچىق

تەنە - تەئەددىلىرىدىن شۇ تاپتا، باشقارما باشلىقىغا چاشقان تۆشۈ-
كى مىڭ تەڭگە بولۇپ كەتكەنىدى. يەنە كېلىپ، بايىقى نىكسون
بىلەن كېسىنگىر توغرىسىدىكى گەپلەرنىڭ پۈتۈنلەي چالا - پۇچۇق
ئاڭلىنىۋالغان ئەپقاچتى گەپلەر ئىكەنلىكىنى باشقارما باشلىقى ئاڭ-
لاپلا ھېس قىلغانىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئاخىر ئۇ بۇ يەردىن تېزرەك
چىقىپ كېتىشىنىڭ كويىدا، — لېكىن ئوخشاشمىغان پىكىرلەر
بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ بىر قارارغا كېلىشىمىز تەس ئىكەن!

مەرۇپ ئاقساقال سەل چېچىلغاندەك بولدى:

— ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنىڭ ئىگىسىنى كونكرېتراق ئې-
تىپ بېقىڭا؟ دېمەككىم، زادى كىملەر؟!

باشقارما باشلىقى خۇددى بىرىدىن ئېھتىيات قىلغاندەك ئىك-
كى يېنىغا خۇدۇكسىرەپ قاراپ قويدى.

— ئېيتسۇېرىڭ، بۇ يەردە يات ئادەم يوق! — دېدى مەرۇپ
ئاقساقال ئۇنى قىستاپ.

— مەسىلەن، ھامۇت كەنجى...

— بولدى، بولدى! ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ! — دەپ قولىنى
سىلكىدى مەرۇپ ئاقساقال، — ئۇ قاچانمۇ مېنىڭ پىكرىمنى
قوللاپ باققان؟! دېمەككىم، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى مېنىڭ
ئىشىمدىن ئەيىب ئىزدەش، قۇسۇر تېپىش!

باشقارما باشلىقى «ھامۇت كەنجى» دېگەن ئىسمنى ئېغىزد-
دىن چىقىرىپ قويغانلىقىغا خىجىل بولغاندەك، ئىككى يېنىغا
قىمدىنىپ، ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەدھەم مەرۇپ ئاق-
ساقالنىڭ ئاچچىقىدىكى سەۋەبنى چۈشەندى. ھامۇت كەنجى مۇشۇ
ئىدارىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىدى.
ئۇلار گەرچە ئۇزۇندىن بېرى بىر ئىدارىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان
بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرى بىلەن تازا ئېقى كېلىشمەيتتى،
ئەدھەم بۇ ئىشلارنىڭ تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلىرىنى بىل-

مەيتتى، لېكىن مەرۋپ ئاقساقالنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئۇ ئادەمنى چىش ـ تىرنىقىغىچە يامان كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— بولدى، سىز بىر قارارغا كېلىۋېرىڭ! — دېدى مەرۋپ ئاقساقال ئورنىدىن تۇرۇپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — دېمەككىم، نىياز باقىدەك ئۆلچەملىك كادىرنى ئۆستۇرمەي، كىمنى ئۆستۇرىمىز؟! مېنىڭ ئۇنچىلىك ئىشقا چىشىم پاتمىسا، بۇ يەردە ھوقۇق تۇتۇپ نېمە قىلىمەن!؟ — ئەمدى ئۇ رەسمىي ھوقۇقىنى پەش قىلىشقا ئۆتكەنىدى، — دېمەككىم، سىز ماتېرىيالنى ئوبدان تەييارلاپ، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ!

باشقارما باشلىقى بېشىنى لىڭشىتىپ چىقىپ كەتتى. ئەدھەم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ماتېرىيالنى مەرۋپ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا قويدى. كۈتۈلمىگەندە، مەرۋپ ئاقساقال ئەلەم بىلەن قاقشاپ كەتتى:

— تۈگىدى! ھەممىسى تۈگىدى!··· دېمەككىم، چەت ئەلگە چىقىش تۈگىدى!··· ھەممىنى قىلغان ئاشۇ ھامۇت دېگەن كۆيدۈرگە!··· دېمەككىم، مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئەرز قىلىپ، ماتېرىيال بەرگەن گەپ!···

باش ـ ئايىغى يوق بۇ گەپلەر ئەدھەمنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئەسلىدە، تۇنۇگۈن كەچقۇرۇن يۇقىرى رەھبەرلىكتىن مەرۋپ ئاقساقالغا يېڭى بىر ئۇقتۇرۇشنى يەتكۈزۈپ، بۇ قېتىم غەربىي ياۋروپاغا چىقىدىغان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى خادىملىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاشقى پېرېۋوتنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن قىسقارتقانلىقىنى، قىسقارتىلغانلار ئىچىدە مەرۋپ ئاقساقالنىڭمۇ بارلىقىنى، كېيىن بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كۆڭۈل ياسىغانىدى. لېكىن، مەرۋپ ئاقساقال بۇنى پۇتۇنلەي ھامۇت كەنجىدىن كۆرۈپ، خۇددى «گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ» دېگەندەك، ئۇنى بىھۇدە قارغاپ يۈرەتتى···

— چەت ئەلگە چىقمىسا نېمە بوپتۇ؟! دېمەككىم، چەت ئەل

دېگەن زادى قانچىلىك نېمىتى؟ ! — ئەمدى ئۇ پۈتۈنلەي يەنە بىر
قۇتۇپقا ئۆتۈپ، چەت ئەلنى سۆكۈشكە، كەمسىتىشكە باشلىغان-
دى، — ماۋ جۇشىمۇ چەت ئەلگە ئاساسەن چىقمىغان! ئۇنىڭدىكى
مىللىي غۇرۇر نېمىدېگەن كۈچلۈك - ھە! ؟ دېمەككىم، چەت
ئەل دېگەندە كۆرگۈچىلىكى بار ھېچ نەرسە يوق! ھەممە نەرسە
جۇڭگودا! جۇڭگودەك مەدەنىيەتلىك، تارىخى ئۇزۇن دۆلەت ھېچ
يەردە يوق! دېمەككىم، كومپاس جۇڭگودىن چىققان، مىلتىق
دورىسى جۇڭگودىن چىققان، گىلەم، ئەتلەس جۇڭگودىن چىققان،
ئانار، شاپتۇلمۇ جۇڭگودىن چىققان! ھەممە نەرسە جۇڭگودا تۇر-
سا، بىكاردىن پۇل خەجلەپ، چەت ئەلگە چىققانىنىڭ نېمە پايدى-
سى! ؟ دېمەككىم، ئۇ يەرنىڭ ئىشلىرى بىزنىڭ جۇڭگوچە سوت-
سىيالىزمغا توغرا كەلمەيدۇ! تېخى بەزىلەر پىرئۇنىنىڭ قەبرىسى-
نى كۆرىمىز، تەتقىق قىلىمىز، دەپ مىسىرغا بارىدىكەن! دې-
مەككىم، ئۇنىڭ ئورنىغا تيەنجىندىكى چيەنلۇڭنىڭ قەبرىسىنى
كۆرۈپ تەتقىق قىلسا بولمامدىمۇ؟ ! يەنە بەزىلەر تېخى ھەج تاۋاپ
قىلىمىز، دەپ مەككە - مەدىنىگە بارىدىكەن! نېمە بار
ئۇ يەردە؟ ! ئۇنىڭ ئورنىغا قەشقەردىكى ئاپاق غوجامنى تاۋاپ
قىلسا بولمامدىمۇ؟ ! دېمەككىم، ئۇنىڭدىن ساۋابلىق، ئۇلۇغ ئىش
نەدە! ؟ ھەممە يېڭىلىق، ھەممە بايلىق، ھەممە مەدەنىيەت بىزدە!
قېنى، كىمنىڭ ئون ئىككى مۇقامى بار ئىكەن؟ دېمەككىم، بىز
بىرلا ئون ئىككى مۇقام بىلەن پۈتۈن ياۋروپانى بېسىپ چۈشە-
لەيمىز! ... ئامېرىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ! دېمەككىم، ئاران ئىك-
كى يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە، بىزچۇ؟ بەش مىڭ يىللىق شانلىق
تارىخىمىز بار! ياۋروپا دېگەننى كىم بىلمەيدۇ؟ ! دېمەككىم،
ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ۋەيران بولغان خارابىلىكلەرغۇ
ئۇ! ؟ ئەرەب دۇنياسى دېگەننىڭمۇ كۆرگۈچىلىكى يوق! دېمەك-
كىم، ئۇ يەرنى كۆرگەندىن، بىزنىڭ تۇرپان بىلەن تەكلىماكاننى
كۆرسىلا بولدى! شۇ تېخى ھۇزۇرلۇقراق! دېمەككىم، بىز چەت

ئەلگە چوقۇنۇشقا، چەت ئەلنى ئۇلۇغلاشقا قارشى تۇرۇشى-
مىز كېرەك! ··· چەت ئەللىكلەر تۈت گىرداب، سەككىز قىرغاق-
تىن كېلىپ، بىزگە چوقۇنسا، بىزنى ئۇلۇغلىسا بولى-
دۇ! دېمەككىم···
تولا سۆزلەۋېرىپ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئېغىزى خالتىلىشىپ
قالدى. كۆزلىرى بولسا، خۇددى يىلان قوغلىغان سۇ بۇقىسىنىڭ
كۆزلىرىدەك ئەلەڭلەپ قالغانىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بايا ئۇ
سۆزلەۋېتىپ خۇدىنى يوقاتقان، ئەلەم ۋە ئىزادىن ئۆتى يېرىلغۇ-
دەك ھالغا يەتكەنىدى. ئەمدى ئاستا - ئاستا پەي - سىڭىرلىرى
بوشىشىپ، قېتىپ قالغان كۆز قارىچۇقلىرى مىدىرلاشقا، ئايلى-
نىشقا باشلىدى···

## 6

گۈلجاننىڭ تۇيۇقسىز كېلىشى مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كۆڭلى-
نى ئالەمچە كۆتۈرۈۋەتتى. نەچچە كۈندىن بۇيانقى دىل ئازارلىقلى-
رى تارقىلىپ، ئۆزىنى بىردەم بولسىمۇ راھەت - پاراغەتكە
چىققاندەك ھېس قىلدى.
— ئاللا ئۇلۇغ ئىكەن، — دېدى ئۇ خۇشاللىقىدىن ھىجى-
يىپ، — دېمەككىم، بەندىلىرىگە ھەمىشە يىغا ئەمەس، كۈلكىنى-
مۇ بېرىدىكەن! قارىڭا، گۈلجان، كۆڭلۈم سىزنى تارتىپ تۇرۇ-
ۋېدى، ئاللا سىزنى ئاسماندىكى قەسىردىن چۈشۈرگەندەك ئالدىمغا
ئەكېلىپ بەردى! ···
گۈلجانمۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى:
— توغرا دېدىڭىز، مەرۇپ ئاكا، مۇھەببەت ھەرقانداق
كۆڭۈل چىگىشلىرىنى يېشىۋېتەلەيدۇ!
ئۆيدە مەرۇپ ئاقساقالدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. زىيا-
خان بازارغا چىقىپ كەتكەنىدى، سالمان ئەلۋەتتە «كىچىك پارىژ»

قەھۋەخانىسىدا ھەرىكەتتە ئىدى. مەرۇپ ئاقساقال توڭلاتقۇدىن ھەرخىل سوغۇق ئىچىملىكلەر بىلەن پىششىق توخۇ گۆشىنى ئېلىپ گۇلجاننىڭ ئالدىغا قويدى. ئارقىدىن بىر بوتۇلكا «جۇڭگو قىزىل ئۈزۈم ھارىقى»نى ئەكېلىپ ئېگىز قىرلىق ئىككى ئىستاكانغا قۇلقۇللىتىپ قۇيدى ۋە بىر ئىستاكاننى گۇلجانغا ئۇزىتىپ:

— قېنى، گۇلجان، ئىنقىلابىي دوستلۇقىمىزنىڭ پاك، كۆڭۈل رىشتىمىزنىڭ تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى، — دېدى تەنتەنە بىلەن.

گۇلجان ئىستاكاننى قولىغا ئالدى ۋە دېرىزىدىن قىيپاش چۈشكەن كۈننىڭ نۇرىدا مەرۇپ ئاقساقالنىڭ سەپكۈنلۈك ئۇزۇنچاق يۈزىگە، يالپاق بۇرنى بىلەن جاۋغايلىرىدىكى چوڭقۇر قورۇقلارغا قاراپ: «ئەخمەق قېرى» دەپ ئىچىدە كۈلدى ـ دە، سوقۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

ئىككى ئىستاكان ھاراقتىن كېيىن، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، ھېسسىياتى قوزغىلىپ قالغان مەرۇپ ئاقساقال گۇلجاننى قۇچاقلاپ سۆيمەكچى بولدى. گۇلجان بىردەم نازلىنىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدا تولغاندى، كېيىن ئارقىغا شوخشۇپ تۇرۇپ:

— مەرۇپ ئاكا، بۈگۈن بىرئاز ئىشىم بار، — دېدى مەرۇپ ئاقساقالنى تەقەززا قىلىپ.

مەرۇپ ئاقساقال راستتىنلا ئۆزىنى تۇتالماي قالغانىدى:

— قانداق ئىش ئىكەن ئۇ؟ دېمەككىم، ئالەمچە ئىش بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىشتىن چوڭ بولماس!

گۇلجاننى ئۆزىگە تارتىپ يەنە قۇچاقلىدى، سۆيدى، گۇلجان خۇددى بىلىقتەك يەنە ئۇنىڭ قوينىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تېخىمۇ نەپسى تاقىلداشقا باشلىدى:

— گۇلجان، بۈگۈن ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ، مانا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن، دېمەككىم، قانداق ئىش بولسا ماڭا ئېيتىڭ!...

مانا، كىشىنىڭ ساڭا يېلىنىدىغان ۋاقتى — سەندىن ئاجىز چېغى؛ سېنى تەلمۈرتىدىغان ۋاقتى — سەندىن كۈچلۈك چېغى، دېگەن شۇ - دە!

گۈلجان كۈمۈش رەڭلىك كىچىك سومكىسىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ مەرۇپ ئاقساقالغا ئۇزاتتى. مەرۇپ ئاقساقال قەغەزنى ئېچىپ ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى ۋە كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ... بۇ... دېمەككىم، بۇ...، — ئۇ خۇددى گېلىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك دۇدۇقلاشقا باشلىدى، — بۇ ئىش... دېمەككىم، بۇ ئىش هازىر تەس...

گۈلجان ئۇنىڭ ئالدىدا گىدىيىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— سىز ئۈچۈن تەس ئەمەس، ئاقساقال! ئا چاڭجاڭ سىزنىڭ يېقىن ئادىمىڭىز، لەۋزىڭىزنى يەردە قويمايدۇ، خەتنىڭ ئاخىرىغا ئىككى ئېغىز دوستلۇق سالىمىڭىزنى يېزىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، قانداق؟!

مەرۇپ ئاقساقال بايىقى بەڭۋاش هېسسىياتىنى بىرئاز بېسىپ، سەل - پەل دېدىللەشتى:

— بۇ ئىش ئاسان ئەمەس... يەنە كېلىپ جىق سان ئىكەن... دېمەككىم، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، مېنى قىستىماڭ!

— راستمۇ؟!

— راست! دېمەككىم...

— دېمەككىم، ياردەم قىلمايسىز؟!

— شۇنداق، قىلالمايمەن! دېمەككىم...

— ئەمىسە، مەندىن رەنجىمەڭ، ئاقساقال!

گۈلجان شارتتىدە بۇرۇلۇپ، هېلىقى سومكىسىدىن ياپونىيىنىڭ سەرەڭگە قېپىدەك لېنتىسى بار كىچىك بىر ئۈنئالغۇسىنى ئېلىپ، كۇنۇپكىنى چاققىدە باستى. ئۈنئالغۇدىن دەسلەپ گۈل-

جانىنىڭ غىلجىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، كېيىن مەرۇپ ئاقسال-
نىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرى ناھايىتى ئېنىق ئىشتىلدى: «ئاپئاق
گۈلجېنىم، بىلەمسىز، دېمەككىم، قېرى ئۈچۈن ياش قىز مېھ-
رىگىياھدەك داۋا. شۇڭقار جېنىدا ئۆمرىدە بىر قېتىم كاككۇكنى
تۇتۇپ يېسە، قىرىق يىللىق ئۆمرى ئۇزىراپ ياشىرىدىكەن! دې-
مەككىم، مەن سىز بىلەن بولسام، شۇڭقاردىنمۇ بەك ياشىرىپ
كېتىمەن سۆيۈملۈكۈم! دېمەككىم...»

ئۇنىڭدىن كېيىن، گۈلجانىنىڭ نازلىق ئاۋازى، كۈلكىسى
ياڭرىدى، ئارقىدىن يەنە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كۆرەڭلىك بىلەن
قىلغان گەپلىرى ئاڭلاندى:

«بۇنداق ئىشنى قىلساق، تۆت تامنىڭ ئىچىدە قىلدۇق،
گۈلجېنىم! دېمەككىم، نېمە قورقۇش! ئەڭ گاداي پۇقرامۇ ئۆز
ئۆيىدە پادىشاھنى مازاق قىلالايدۇ! دېمەككىم...»

— شۇنچىلىك ئاڭلاپ قالسىڭىز بولار! — دېدى گۈلجان
ئۇنىئالغۇنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ، — بەلكىم، ئاخىرىدىكىلەر-
نىڭ قانداقلىقىنى كۆڭلىڭىز تۇيغاندۇر؟!...

مەرۇپ ئاقساقال بىردىنلا لاپسىيىپ، لايغا ئوخشاش بوشى-
شىپ كەتتى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئېسىگە كىمدۇر بىرىنىڭ گۈزەل
ئايالالارنى ئەزرائىلغا ئوخشاتقانلىقى، مۇھەببەت قاپقىنىغا ئىلىن-
دۇرۇپ، كېيىن جېنىنى سۇغۇرۇۋالىدۇ، دېگەنلىكى كەلدى.

«تووۋا! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاچچىق بىلەن، — ماۋۇ چىراي-
لىق خوتۇننىڭ قولىدىن كەلگەن سەت ئىشنى؟! دېمەككىم، بۇ
دەسمايە بىلەن بۇ جادۇ خوتۇن نېمە ئىش قىلىمەن دېسە، قىلالاي-
دۇ! رەھبەرلىككە شىكايەت قىلىپ ئابرۇيۇمنى تۆكەلەيدۇ. دې-
مەككىم، ھەتتا، ھوقۇقۇمنىمۇ لىڭشىتىۋېتىشى مۇمكىن، يائال-
لا، نېمىدېگەن دەھشەت بۇ!؟ مۇبادا، زىياخان ئاڭلاپ قالسىچۇ؟
دېمەككىم، ئۇنىڭغۇ كارى چاغلىق! مۇھىمى، ھامۇتنىڭ قۇلىقى-
غا چۈشۈپ قالماسلىقى كېرەك! دېمەككىم، ئۇ ئاڭلاپ
قالسا...»

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئاقساقال؟ — گۈلجاننىڭ ئۆك-تەم ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى چېچىۋەتتى، — مېنىڭچە، يېپىقلىق قازان شۇ پېتى قالغىنى ياخشى. ئا چاڭجاڭغا كىچىككىنە خەت يېزىپ بەرسىڭىزلا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، بىز ئالىدىغان خام سۇرۇپمۇ كۆپ ئەمەس، بار - يوقى ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ مېتىر. بىر فابرىكا ئۈچۈن، بۇ ھېچ گەپ ئەمەس!

— لېنتىنى قانداق قىلىمىز؟ — مەرۇپ ئاقساقالنىڭ دەر-ھال ئېسىگە كەلگىنى شۇ بولدى، — دېمەككىم، دېگىنىڭلارغا كۆنسەم، قانداق بولىدۇ؟

— شۇ ھامان ئالدىڭىزدا كۆيدۈرۈپ تاشلايمەن! — دېدى گۈلجان كەسكىن ھالدا، — ياكى ئۆزىڭىز بىر تەرەپ قىلىسىز!

مەرۇپ ئاقساقال قولىنى ئارقىغا تۈتۈپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

گۈلجان ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن، چىرايىدىن كۆز ئۈزمەي قا-راپ تۇراتتى. ئۇ ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇنىڭ ئالغۇ لېنتىسىنى بايىلا قويىنىغا تىقىۋالغانىدى. مەرۇپ ئاقساقال مېڭىشتىن توختى-دى ۋە گۈلجانغا قاراپ:

— راستىنى ئېيتسام، ھازىر خام سۇرۇپنى ھەل قىلىپ بېرىش ئا چاڭجاڭنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، — دېدى يېلىنغاندەك، — دېمەككىم، ئۇ ھازىر ئارقا سەپ خىزمىتىگە مەسئۇل، ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بېرىڭ، مەن بۇنى گاۋ ئاقساقال بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلىپ بېرەي، دېمەككىم، ئۇ كىشى مۇشۇ سىستېمىنى باشقۇرىدۇ، بىرلا تېلېفون بېرىپ قويسا ئىش پۈتىدۇ!

— گاۋ ئاقساقال ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كۆزىڭىز يې-تەمدۇ؟ — گۈلجان ئاسماقچىلاپ سورىدى.

— كۆزۈم يېتىدۇ، دېمەككىم... ئۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن، ئۇ كىشىمۇ لەۋزىمنى يەردە قويمايدۇ! دېمەككىم...

— ئەمسە، كېلىشتۇق، — دېدى گۈلجان گەپنى ئۈزۈپ، — ئۈچ كۈندىن كېيىن مەن سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن! ئۇنىڭغىچە مېنى ئۇنتۇپ قالماڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنىمۇ شۇ چاغدا بىر تەرەپ قىلىمىز!

گۈلجان سومكىسىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، تاس - تاس دەسسىگىنىچە غىتتاڭشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مەرۋەپ ئاقساقال بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئارقا - ئارقىدىن بېشىغا كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، مەيۈسلۈك، پەرىشانلىق ئىچىدە ئولتۇرۇپ قالدى...

# سەككىزىنچى باب

## شاۋقۇنلۇق شەھەر

### 1

شۇنداق ئىتلار باركى، ئۇلار قەبرىستانلىقنى ماكان تۇتقان، ئەتىدىن ـ كەچكىچە شۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ، يىراقتىن بىرەر ئادەمنى كۆرسىلا ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق ئەلپازى بەزى ئادەملەرنى قورقۇتۇپ قويىدۇ. لېكىن ئۇ چىشلى-مەيدۇ، خىرىسمۇ قىلمايدۇ، كەلگەن پېتى ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، تاپىنىنى يالايدۇ، قولىنى پۇرايدۇ، ئۇنىڭ-دىن بىرەر بۇردا نان، بىرەر چىشلەم لوقما تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىتلار پەقەت شۇنىڭغىلا ئۆگەنگەن. ئۇلار ئۆتكۈر رېفلېكسلىق سەزگۈ ئارقىلىق، قەبرىستانلىققا چىققان ھەرقانداق دۇئاگۇينىڭ ئاز ـ تولا بىرنەرسىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىمۇ يوقلايدىغانلىقىنى بىلىدۇ! ...

ئەدھەمنىڭ شۇ كۆنلەردىكى ئەھۋالىمۇ قەبرىستانلىقتىكى ئاشۇ «مەخلۇق» لاردەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكى-چە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئەتراپىنى ئايلىناتتى، ئۇنىڭدىن نېمىنى-دۇر تەلەپ قىلاتتى! ...

مەرۇپ ئاقساقالمۇ ئۇنىڭ خىيالىنى، كۆڭلىدىكىنى ئاللىقا-چان سەزگەن ۋە بىرنەچچە قېتىم خۇددى ئاچ قالغان كەپتەرگە دان چاچقاندەك، ئۇنى ئۇمۇندۇرۇپ، ئۇمىدلەندۈرۈپ، ئۆزىگە

تېخىمۇ رام قىلىدىغان شېرىن گەپلەرنى قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق ئويلايتتى: ئەدھەم دېگەن بىر پارچە تاش. تاش بولغاندىمۇ، ئاپتاپتا پىشىپ، سۇدا يالىنىپ، شامالدا قىرلىنىپ كەتكەن ساي-نىڭ چېقىر تېشى! بىرەر نەرسىگە تەگسە زەخىملەندۇرمەي قوي-مايدۇ! بۇنداق تاشلارنى چاڭگالغا كىرگۈزۈپ، يانچۇقتا سىلىپ قويغان تۈزۈك. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېلىپ ئاتساڭ، مولجالغا تېگىۋېرىدۇ!...

مەرۇپ ئاقساقال ھازىر ئۇنى بىرەر قېتىم «ئېتىپ بېقىش»نىڭ ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ۋاسىل ئەپەندى توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار قولىغا كەلگەنىدى. ئۇنى بىرنەچچە نۆسخا كۆپەيتىپ، ئۇستىگە ئۆزىنىڭ بىرپارچە «مۇھەررىر ئىلا-ۋىسى»نى قوشۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغىمۇ يوللىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ نامىنى ئاشكارا ئاتاپ كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە ئوب-زور ئېلان قىلىنسا، ۋاسىل ئەپەندىنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇ-لۇپ، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بېشى كۆككە يېتەتتى. شۇڭا ئۇ، بۈگۈن ئەدھەم بىلەن بۇ ھەقتە ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەشتى:

— ئەمدى جىددىي ھەرىكەتلىنىش كېرەك، ئەدھەم! دېمەك-كىم، يۇقىرىدىن يېڭى روھلار كېلىۋاتىدۇ، ئاز - تولا ھەرىكەت-نىڭ شەپىسى بار. ۋاسىلنىڭ پەيمانى توشتى. ئۇ تۆۋەنگە بارغاندا سۆزلىگەن بىرنەچچە قېتىملىق ئاتالمىش دوكلاتىدا: «سوتسىيا-لىزم تۈيۈق يولغا كىرىپ قالدى... ئاتالمىش تۆت پرىنسىپ ئىلىم - پەن ئەھلىنىڭ پۇت - قولىغا سېلىنغان كىشەن!... ۋەھاكازا...» دەپ زەھەر چېچىپتۇ. دېمەككىم، شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ چوڭ بۆلگۈنچى ۋە قۇتراتقۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەن بۇ ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپ، يۇقىرى رەھبەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تارقاتتىم. دېمەككىم، ئۇلار بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراۋاتىدۇ. ھازىر ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن پايدى-لىق، ئەمدى بىز تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، كۈچلۈك بىر جاما-

ئەت پىكرى پەيدا قىلىشىمىز لازىم!
— ئوبزور ئېلان قىلامدۇق؟ — ئەدھەم ئالدىراپ سورىدى.
— ئەلۋەتتە شۇنداق! — دېدى مەرۇپ ئاقساقال جىددىي تەلەپپۇزدا، — دېمەككىم، بۇ ئوبزور بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك-نىڭ دىققىتىنى تارتىشى، مۇقامى ئۇستۇن، ۋەزنى ئېغىر بولۇ-شى؛ ئىككىنچىدىن، ۋاسىلدەكلەرنىڭ ئۇچەي - باغرىنى چۇ-ۋۇپ، خەلقئالەمگە سازايى قىلىشى؛ ئۇچىنچىدىن، ۋاسىلنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ پېيىنى سىرقىرىتىپ، ئورنىدىن قوز-غىۋېتىشى كېرەك! دېمەككىم، ھىدايەت ئورنىدىن چۈشۈشى كې-رەك. شۇنداق بولغاندا سىز يۇقىرى چىقالايسىز! بىزدە ئادەم كۆپ، ئورۇن ئاز! دېمەككىم، بەزى ئورۇنلار تەبىئىي ھالدا بوشايدۇ، مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىگىلىرى ياكى تويۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ، ياكى پېنسىيىگە چىقىدۇ، لېكىن بەزى ئورۇنلارنى زورلۇق بىلەن بوشىتىش كېرەك. مەسىلەن، ھىدايەتتەكلەرنى كۆرەش بىلەن چۈشۈرمىسەك، ئۇ ئۆزلۈكىدىن چۈشمەيدۇ. دې-مەككىم، ئۇ چۈشمىسە، سىزگە ئورۇن چىقمايدۇ! ياشاش دىئا-لېكتىكىسى دېگەن مانا شۇ!
— ھەرقانداق بۇيرۇقىڭىزغا تەييارمەن، ئاقساقال! — ئەدھەم خۇددى جەڭگە كىرىش ئالدىدىكى ئەسكەردەك ئورنىدىن تۇرۇپ، قەددىنى تىك كۆتۈردى، — ئاتسىڭىز ئوق، تاشلىسىڭىز بومبا، ئىشلەتسىڭىز قەلەممەن، ئاقساقال!
— ياخشى، دېمەككىم، ناھايىتى ياخشى! دادىل ئىشلەۋې-رىڭ، مەن سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىسىدا ھېكمەت سوپى بىلەن ئوچۇق سۆزلەشتىم. دېمەككىم، ئىككىمىزنىڭ پىكرى بىر يەر-دىن چىقتى، ئىستىقبالىڭىز پارلاق سىزنىڭ!
مەرۇپ ئاقساقال ئەدھەمنىڭ يەلكىسىدىن قېقىپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، ئۇلار ئۇزۇنغىچە سىرداشتى، ھېچكىمنىڭ خىيا-لىغا كەلمەيدىغان «مۆجىزىلىك» پىلانلارنى تۈزدى، ھەرقايسىسى

ئۆزىگە تېگىشلىك «شەرەپلىك ۋەزىپە» لەرنى يەلكىسىگە يۈكلەپ، «سەلتەنەتلىك» بىر جەڭ مەيدانىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى...

*　　　*

ئەدھەم ئۇ يەردىن چىقىپ، كەچ بولۇشىغا قارىماي مۇختەرنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

مۇختەر قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئالىي مەلۇماتلىق، كەم سۆز، ئۆسكىلەڭ چاچلىرى سالۋاراپ تۇرىدىغان نامى بار ئوبزورچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەدھەم ئۇنىڭ ھىدايەت بىلەن ئەپ ئەمەسلىكىنى بىلەتتى. مۇختەر ئىككى پارچە ماقالىسىنىڭ بېسىلمىغانلىقىنى ھىدايەتتىن كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ماي تارتىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ھىدايەتنىڭ ئىشخانىسىغا ھاراق ئىچىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر قەپەس ئېلىشماقچى بولغاندا، ئەدھەم ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغانىدى. گەرچە ئۇ كۈنى ھىدايەتنىڭ ھادىس ئېغىر - بېسىقلىقى ۋە ئەدھەمنىڭ سالاكەشلىكى بىلەن مۇختەر جېدەل چىقىرالمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ھىدايەتكە نىسبەتەن ئاچچىق بىر غۇم بىلەن كەتكەنىدى...

مۇختەر شۇنچە كەچتە كەلگەن كۈتۈلمىگەن مېھماننى يەنە قىزغىن قارشى ئالدى.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، ئەدھەم، — دېدى ئۇنى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ، — كەچ دېمەي قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇ؟

— ھەئە، بۇ تەرەپكە كەلگەنىدىم، — دېدى ئۇ گەپ ياساپ، — سىزنى يوقلاپ ئۆتەي دەپ كىرىشىم، سىزمۇ تېخى ئۇخلىماپسىز؟

— ھە، كىتابقا قىزىقىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن.

ئەدھەم ئۆزى ئولتۇرغان ساپانىڭ يېنىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇرغان خەنزۇچە كىتابقا قارىدى. ئوچۇق تۇرغان

بەتلەرنىڭ بەزى يېرىگە قىزىل قەلەم بىلەن سىزىلغان، بەزى يەرلىرىگە ئۇيغۇرچە ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن بىرنەرسىلەر يېزىلغانىدى.

— قايسى كىتابنى ئوقۇۋاتىسىز؟ — سورىدى ئەدھەم قىزىقىپ.

— ئاۋستىرىيە ئالىمى فرويىتنىڭ «يوشۇرۇن ئاڭ ۋە ئەدەبىيات ئىجادىيىتى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇۋاتىمەن، — دېدى مۇختەر ھەۋەس بىلەن، — ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە، سىزمۇ ئوقۇپ قويۇڭ. فرويىت ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئاڭ تۇيغۇسىنى ئېچىشتا ناھايىتى زور تۆھپە قوشۇپتۇ، ئۇ كىشىلەرنى ئىدراكتىن غەيرىي ئەقلىي ساھەگە ئەكىرىپتۇ. بۇنداق كىتابلارنى ئوقۇش بىزگە ئوخشاش ئادەم بىلەن ھەپىلىشىدىغان كەسىپتىكىلەر ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر ئىكەن... قارىڭا، گەپ بىلەن بولۇپ، سىزگە داستىخان تەييارلاشنى ئۇنتۇغىنىمنى! ...، — ئۇ تاشقىرى ئۆيگە قاراپ مېڭىۋىدى، ئەدھەم دەرھال ئالدىنى توسۇدى.

— مۇختەر، بولدى ئاۋارە بولماڭ، راستىمنى ئېيتسام، مۇشۇنداق كەچتە سىز بىلەن پەقەت ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش ئۈچۈنلا كەلدىم. داستىخانغا كېيىن داخىل بولارمەن، بۇ يەرگە كېلىڭ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى...

مۇختەر ئىلاجسىز قايتىپ كەلدى، ئىككىسى ساپادا يانمۇيان ئولتۇرۇپ بىر - بىرىگە تاماكا تۇتۇشتى. مۇختەرنىڭ تۇتقىنى «تامغا يۆلىنىپ چەكمىسە ئۆرۈۋېتىدىغان» ئاچچىق كۆك موخوركا ئىدى، ئەدھەمنىڭ تۇتقىنى بولسا سالمان يانچۇقىغا سېلىپ قويغان ئەنگلىيىنىڭ «555» ماركىلىق ئالىي تاماكىسى ئىدى. قايتا - قايتا زورلاشتىن كېيىن، مۇختەر ئۆزىنىڭ يۇمىلاق تاماكا قۇتىسىنى يېپىپ قويۇپ، ئەدھەمنىڭ قولىدىكى پىلتىرلىق تاماكىدىن بىرنى ئالدى، ئەدھەم ئۇنىڭغا ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان گاز چاقمىقىنى يېقىپ بەرگەچ، گەپنى قانداق باشلاش توغرىسىدا

ئويلاندى. دەل شۇ چاغدا، مۇختەر نۆۋەتتىكى ئوبزورچىلىق توغ-
رىسىدا سۆز ئېچىپ قالدى:

— فرويىتنىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، مەندە ئوبزور-
چىلىقىمىزنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا قايتا ئويلىنىش بولۇۋاتىدۇ...

— توغرا ئېيتتىڭىز، مۇختەر، — دېدى ئەدھەم ئالمان -
تالمان لوقما سېلىپ، ئۇ گەپىنىڭ ئۆز مۇددىئاسىنىڭ ئۇستىدىن
چۇشكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى، — ناھايىتى توغرا
ئېيتتىڭىز، بىزنىڭ هازىرقى ئوبزورچىلىقىمىز ھەقىقەتەنمۇ XIX
ئەسىر سەۋىيىسىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىنتايىن دوگما، قاتمال!

— توغرا، — مۇختەر ئۇنى دەرھال قۇۋۋەتلىدى، — مېنىڭ-
چە بىر يازغۇچى، شائىرنى باھالاشتا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ھۆكۈم
قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ تۇپ ئالاھىدىلىكىگە قاراش كې-
رەك. مەسىلەن، بالزاكنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىدە ئىخچام ھەم
مۇئەييەن مەيدان بار. ئۇ شۇ مەيداننى مەركەز قىلىپ، پېرسوناژ-
لىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئاچىدۇ، سيۇژىتنى قانات يايدۇرىدۇ.
«گورىيو بوۋاي» دا، بىر ساراي بىلەن بىر سالوننى مەيدان قىل-
غان ۋە شۇ مەيداندىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى
كىشىلەرنى سۈرەتلىگەن، بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەش-
تۈرگەن، شۇنداق قىلىپ، بالزاك تۇرمۇشنىڭ ئوخشاشمىغان
تەرەپلىرىنى ئوخشاشمىغان تىپلار ئارقىلىق تەسۋىرلەپ، تىرد-
لىش دەۋرىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بى-
لەن ئىخچام سۈرەتلەپ بەرگەن. ئۇنىڭ «يېۋگېنى گىراندې»
رومانىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭدا گىراندېنىڭ كونا قەسرى مەيدان
قىلىنىدۇ. گىراندېنىڭ پارىژلىق جىيەنى شارل بىر مەزگىل
مۇشۇ قەسىردە پائالىيەت قىلىدۇ، كېيىن چەتكە چىقىپ كېتىپ،
ئاخىرىدا يەنە شۇ قەسىرگە قايتىپ كېلىدۇ. يازغۇچى مانا شۇ
كىچىككىنە پائالىيەت مەيدانىدىن پايدىلىنىپ، بۇرژۇئازىيە ئىچىد-
دىكى بىردىنلا بېيىغان ئالدامچى، نەپسانىيەتچى، پۇل بىلەن ئۆرە

تۇرىدىغان شەخسلەرنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، كاپىتالىنىڭ جۇغلىنىشى داۋامىدىكى قانلىق جىنايەتلەرنى پاش قىلغان...
ئەمدى تولستوينىڭ ئەسەرلىرى بولسا، تامامەن باشقىچە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خۇددى ئەزىم دەريادەك، ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ، دولقۇنلاپ بارىدۇ. «ئاننا كارىنىنا»، «تىرىلىش» لاردا پۇتۇنلەي شۇنداق. ئوبزورچى بولغان ئادەم يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مانا شۇنداق ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تۇتۇشى، تەتقىق قىلىشى، ھەرگىزمۇ ھەممە يازغۇچى ۋە ھەممە ئەسەرلەرگە ئۆزى بەلگىلىۋالغان بىر خىل رامكا، ئەندىزە بويىچە مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك!...
ئەدھەم ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. مۇختەرنىڭ بىلىمى، تەھلىلى، مەنتىقىسى دەسلەپ ئۇنى قايىل قىلدى، كېيىن ئاستا - ئاستا يۈرىكىدە بىر خىل ھەسەت ئوتى قوزغىتىپ، ئىچىنى كۆيدۇرۇشكە باشلىدى...
توۋا، ھەسەتخورلۇقمۇ بىرخىل كېسەلدەك، ئادەم ۋۇجۇدىدا پات - پات قوزغىلىپ تۇرسا كېرەك! بۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بولغان ئادەم ئۆزىدىن سەل - پەل ئۈستۈنرەك تۇرىدىغان ھەرقانداق ئادەمگە ئۆچلۈك قىلىدىغان ئوخشايدۇ. بويى بىر يۈز ئاتمىش تۆت سانتىمېتىر كېلىدىغان ناپولېئونمۇ ئۆزىدىن ئېگىز بىر مارشالغا خېلى ئاچچىق بىلەن: «گەرچە سەن مەندىن بىر غېرىچ ئېگىز بولساڭمۇ، ئەمما زۇرۇر تېپىلسا، مەن بۇ پەرقنى يوقىتالايمەن!» دەپتىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەسەتخور ئادەملەر ئومۇمەن ئىچى يامان كەلسە كېرەك. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىچى يامان ئادەمنىڭ كۆزى كىچىك بولىدۇ، دۇنيا شۇنچە كەڭ بولسىمۇ، ئۇلار كەڭلىك ھېس قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزىگە بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، پۈتۈن شان-شەرەپ، پۈتۈن سەلتەنەت، پۈتۈن نام- ئاتاقنىڭ ئۆزىگە— پەقەت بىرلا ئۆز نامىغا مەنسۇپ بولۇشىنى ئويلايدۇ ۋە شۇ يولدا جان تىكىپ كۈرەش قىلىدۇ!...

ئەدھەممۇ بىر چاغلاردا، بابا مۇختەر ئىسمىنى ئاتىغان كىتابلارنى ئوقۇغان، ھەتتا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسىمۇ، باشقىلارغا سۆزلەپ، ھېكايە قىلىپمۇ بەرگەن. لېكىن ھازىر ئويلاپ قارىسا، ئۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەقەلەر، پېرسوناژلار تۇگۇل، كىتابلارنىڭ ئىسمىمۇ ئېنىق ئېسىدە قالماپتۇ. لېكىن مۇختەر بولسا، ئۇنى خۇددى كونسپېكلەرنى يادلىۋالغان ئوقۇغۇچىدەك راۋان سۆزلەپ بېرىۋاتىدۇ، تەھلىل قىلىۋاتىدۇ، سۆزلىرى شۇنداق ئورۇنلۇق، مەنتىقىلىق. ھەي!...

ئۇ يەنە تۇرۇپلا ئۆزىگە تەسەللى تاپتى، مۇختەر دېگەن شۇ ئىش بىلەن جان بېقىۋاتقان ئادەم، تەييار كىتابلار توغرىسىدا ئۇنچىلىك گەپلەرنى قىلالمىسا، قانداق ئوبزورچى بولالايدۇ؟! ئوبزورچى دېگەن گەپ قۇسۇرچى، كالتەكچى، دېگەن گەپ! ھەرقانداق نەرسىنى ئوقۇسا، كاللىسىغا ئاز - تولا بىرنەرسىنى پۇتۇۋالىدۇ، كېيىن ئۇنى يوغىنىتىپ، كۆپتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بار - يوق ھۈنىرى شۇ! ئۇلارنىڭ ئىشىنى ھەرگىزمۇ بىزگە ئوخشاش سىياسەتچىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئىشلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ!...

— يېقىندىن بېرى، ئوبزورچىلىقىمىزنىڭ ئاشۇنداق ئىللەتلىرى توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە يېزىۋاتىمەن، — دېدى مۇختەر بىرئاز سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ جەھەتتە ئىككىمىزنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئىكەن، ماقالەمنى تەھرىر بۆلۈمىگە بەرگەندىن كېيىن، ھە - ھۇ دېيىشەرسىز...

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئەدھەم ۋە سائىتىگە قاراپ، دەرھال ئەسلىي مۇددىئاغا كۆچمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، — مۇختەر، يەنە بىر يېڭى تېما چىقىپ قالدى، بۇنىڭغا جەزمەن قىزىقىسىز، بۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش، قوشۇنىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداشتا چوڭ رول ئوينايدۇ، ئەگەر بۇ تېما ياخشى يېزىلسا،

دەرھال رەھبەرلىكنىڭ نەزىرىگە چۈشىدىغان گەپ!
— قانداق تېما ئۇ؟ — سورىدى مۇختەر ھەم قىزىقسىنغان، ھەم تەئەججۇپلەنگەن ھالدا، — گېپىڭىزنىڭ ئورانىغا قارىغاندا، سىياسىي ئەھمىيىتى چوڭراق تېما ئوخشىمامدۇ؟
— شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەدھەم، — بۇ ھازىرقى رەھبەرلىكنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتقان تېما، سىز ئاۋۋال، ماۋۇ ژۇرنالنى كۆرۈپ بېقىڭ.
ئەدھەم يانچۇقىدىن ھىدايەتنىڭ ھېلىقى «جۇڭگو ئەدەبىياتى يالغۇز خەنزۇ ئەدەبىياتىمۇ؟» دېگەن ماقالىسى بېسىلغان ژۇرنال-نى ئېلىپ، مۇختەرگە بەردى. مۇختەر ژۇرنالغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ھەيرانلىق بىلەن ئەدھەمگە قارىدى:
— مەن بۇنى ئۆتكەندە ئوقۇغان، بۇ، مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىلمىي مەسىلە! ئىلىم - پەندە مۇستەقىل كۆز قاراش بولۇش كېرەك، بولمىسا، ئادەم ئالغا باسالمايدۇ! بىرەر باشلىق بۇنىڭدا سىياسىي مەسىلە بار، دەۋاتامدۇ؟!
— شۇنداق، بۇ ماقالىنىڭ تىغ ئۇچى خەنزۇلارغا قارىتىل-غان! — دېدى ئەدھەم جىددىي كەيپىياتتا، — ھازىر بەزى ئادەملەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئالىتوپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ! بىز ئەمدى بۇنى «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، ئەدەبىي يول بىلەن سېستىمىساق بولمايدۇ!
مۇختەر دەسلەپ سوغۇق ھىجايدى، كېيىن خىرقىراپ كۈ-لۈپ كەتتى. ئەدھەم ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەئەججۈپنى، پەرۋاسىز-لىقنى كۆرۈپ بىرئاز مەڭدەپ قالدى.
— ئەدھەم، بىلىشىمچە، سىز ھىدايەت بىلەن ياخشى دوست ئىدىڭىزغۇ؟ — دەپ سورىدى سىناش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — ئاراڭلاردىن تۇيۇقسىز ئالا مۈشۈك ئۆتۈپ قالدىمۇ نېمە؟
— ياق، بىز ھازىرمۇ دوست، مۇختەر، — دېدى ئەدھەم

چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — لېكىن، بۇ سىياسىي جەھەتـ
تىكى ھەق ـ ناھەق مەسلىسى. بۇنىڭغا دوستلۇق ھېسسىياتىنى دەسسىتىشكە بولمايدۇ! يەنە بىر تەرەپتىن، سىزگە راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىش خۇددى ئېيىق بىلەن دوست بولغان ئادەمنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش تەقدىرگە يولۇقۇش دېگەن سۆز. سىز ئاڭلىغانمۇ؟ بىر ئادەم ئېيىق بىلەن دوست بولۇپ سەپەرگە چىقىپتۇ. بىر بۇلاق بويىغا كەلگەندە ھېلىقى ئادەم دەم ئالماقچى بوپتۇ. ئېيىق ئۇنىڭغا: «سىز خاتىرجەم ئۇخلاڭ، مەن كۆزەتكە تۇراي» دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم بەخىرامان ئۇيقۇغا كېتىپـ
تۇ. بىرچاغدا، ئۇنىڭ يۈزىگە بىر چىۋىن قونۇپتىكەن، كۆزەت قىلىپ ئولتۇرغان ئېيىق چىۋىننى كۆرۈپلا، يوغان بىر تاشنى ئۇنىڭغا ئېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم چىۋىن بىللە ئۆلۈپتۇ!... بۇنداق تەقدىرنى سىزمۇ بېشىڭىزدىن كەچۈردىڭىزغۇ دەيمەن؟!...

مۇختەر جىمىپ قالدى. تۇيۇقسىزلا قورسىقىدىكى كونا غۇم قوزغىلىپ، يۈرىكىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. ئەدەھەم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ ئېچىتتى:

— ئۇ ھازىر ۋاسىل ئەپەندى بىلەن مەزھەپ تۈزۈپ، پۈتۈن ئەدەبىيات قوشۇنىنى كونترول قىلماقچى، ۋاسىل ئەپەندىنى خۇ-
دا، ئۆزىنى پەيغەمبەر، دەپ ئېلان قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ! ئەگەر ئۇلارنىڭ نىيىتىگە يول قويساق، مىللىي ئەدەبىياتىمىز ۋەيران بولىدۇ، قوشۇنىمىز قۇمدەك چېچىلىپ كېتىدۇ! شۇڭا، بىز بۇ قېتىم ۋاسىل ئەپەندىنىمۇ قوشۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك! سىز نامدار بىر ئوبزورچى سۈپىتىڭىز بىلەن بۇنداق جىددىي كۈرەشتە، بايرىقىڭىزنى روشەن قىلمىسىڭىز بولمايدۇ! رەھبەر-
لىكنىڭ سىزدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدى چوڭ!...

— ۋاسىل ئەپەندىنى ئۇجۇقتۇرغۇدەك نېمىسى بار؟ — دەپ سورىدى مۇختەر تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— سىز ئاۋۋال ماۋۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى ئەدھەم يەنە بىر ژۇرنالنى چىقىرىپ، — بۇ ئۇنىڭ مەتبۇئات يۈزىدىكى نەرسىسى، بۇنىڭدىن باشقا، نۇتۇق مۇنبەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتچىلىك، بۆلگۈنچىلىك قىلغان بىرمۇنچە نەق جىنايەتلىرى بار. بۇنى هازىر رەهبەرلەر بىۋاسىتە تۇتۇۋاتىدۇ. بىز پەقەت ماۋۇ ئاشكارا نەرسىسىنى پىپەن قىلىش بىلەن رەهبەرلىككە ماسلاشساقلا بولىدۇ!

مۇختەر ژۇرنالنى ۋاراقلاپ، ۋاسىل ئەپەندىنىڭ «يېڭى رۇبائىيلار» دېگەن ئۈچ رۇبائىيسىنى تاپتى. رۇبائىي بېسىلغان بەتكە قىزىل قەلەم بىلەن ئۈندەشلىك سوراق، دۈگىلەك سىزىق ۋە ئاللىقانداق «زەهەرخەندىلىك»، «تىغ ئۈچى…»، «ئۆچ ئېلىش» دېگەندەك چۈشىنىكسىز، باش - ئاخىرى يوق سۆزلەر يېزىلغانىدى. مۇختەر رۇبائىيلارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقىپ:

— مەن بۇنى ئۆتكەندىمۇ ئوقۇغان، — دېدى پەرۋاسىزلا، — ناهايىتى ياخشىغۇ؟ شېئىر دېگەندە، يالغۇز هاياجان، زوق دېگەنلەر بولغان بىلەنلا بولمايدۇ، ئۇنىڭدا يەنە شېئىرىي مەدەنىيەت دېگەن بىرنەرسىمۇ بولۇشى كېرەك. ئىلهامسىز يېزىلغان شېئىر خۇددى مۇهەببەتسىز سۆيگۈگە ئوخشاش لەززەتسىز بولىدۇ، بۇ رۇبائىيلاردا هەم مەدەنىيەت، هەم ئىلهام بار. شائىر ئىجتىمائىي هاياتىمىزدىكى ۋىجدان، ئەخلاق، دىيانەت دېگەندەك ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك تەرەپلەردىن ئىلهاملانغان، كىشى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈكنى كۆرۈپ يېتەلىگەن…

— ياق، ياق، مۇختەر! — دېدى ئەدھەم قولىنى سىلكىپ، — سىز ئىقتىدارلىق، ئەقىللىق بىر ئوبزورچى بولسىڭىزمۇ، لېكىن بۇنىڭدا خاتالاشتىڭىز، دوستۇم. سىز بۇ رۇبائىيلارنىڭ پەقەت سىرتىدىكى گۈزەللىكىنىلا كۆرۈپ يەتتىڭىز،

لېكىن ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىچكى قىسمىدىكى رەزىللىكنى كۆرۈپ يېتەلمىدىڭىز!
— ئۇنداق بولسا، سىز كۆرۈپ يەتكەن رەزىللىكنى ئېيتىپ بېقىڭا! — دېدى مۇختەر چۈپۈر بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ.
— بىلسىڭىز، بۇنىڭ تىغ ئۇچى مەرۇپ ئاقساقالغا قارىتىلـ-غان! — دېدى ئەدھەم جىددىي تەلەپپۇزدا، — بۇنىڭدا چوڭقۇر ئۈچ ئېلىش خاھىشى بار!
مۇختەر كۈلۈپ كەتتى، چىرايىدىنمۇ بىر خىل قايىلسىزلىق چىقىپ تۇراتتى.
— ئەدھەم، سىزمۇ بىر ئەدىب، — دېدى ئۇ ئاخىر ئەستايىـ-دىللىق بىلەن، — ئەگەر بىز بۇ رۇبائىيلارنى «تىغ ئۇچى مەرۇپـ-ئاقساقالغا قارىتىلغان» دەپ پەپەن قىلساق، بۇ خۇددى يىلانغا پۇت چىقىرىپ قويغان رەسسامنىڭ ئىشىدەك كۈلكىلىك ئىش بولمامدۇ؟! شائىر ئېيتمىغان گەپنى بىز ئېيتساق، ئەمەلىيەتتە بۇ بىزنىڭ يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىقىمىز بولىدۇ. مېنىڭچە، ...
— مۇختەر، گەپنى سوزمايلى، — دېدى ئەدھەم ئۇنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، — «قاسساپنىڭ ئۇستىسى توخۇنىڭ ئۆپكىسىنى ئالار» دېگەن گەپ بار. قالدى ئىش سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغا ۋە جاسارىتىڭىزگە باغلىق! شۇنداق بولسۇن، بۇ ئىشتىن ھەرگىز زىيان تارتمايسىز، سىزمۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى قاقتى - سوقتى بولۇپ كەلگەن ئادەم. ئەمدى بىرەر سىيا-سىي يۆلەنچۈك تېپىپ، ئۆزىڭىزنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئور-نىڭىزنى تاپىدىغان ۋاقىت كەلدى. ھازىرچە خوپ دەپ تۇرۇڭ! كېيىنكى ئىشقا خۇدايىم بار. نەسىردىن ئەپەندىمدىن قالغان بىر گەپ بارغۇ: ياكى مەن ئۆلىمەن، يا شاھىنشاھ ئۆلىدۇ ۋە يا ئېشەك! ...
ئەدھەمنىڭ كېيىنكى قېتىرقىنىپ، ئېچىتىپ ئېيتقان

سۆزلىرى مۇختەرگە بىر ئاز تەسىر قىلدى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە! ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ شان - شۆھرىتىنى، ئابرۇيىنى، ئورنىنى قوغداشقا، كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ! مۇختەر- مۇ بۇنداق ھەۋەس ۋە ئىنتىلىشلەردىن مۇستەسنا ئەمەس...

— بولىدۇ، ئويلىشىپ باقاي، — دېدى ئۇ ئاخىر ئەدەھەمنىڭ قىستاشلىرىغا يان بېرىپ، — ئەتە سىزگە تېلېفون بېرىمەن!

ئەدھەم كەتتى، مۇختەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. مايكىچان ھالدا ئۆيدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. بىر چاغدا خىياللىرى چىگىشلىنىپ، ئىچى تىتىلداپ، دېمى سىقىلغاندەك بولدى. ئۇ دېرىزىنى يوغان ئېچىۋەتتى، دۇخاۋا پەردىنى قايرىپ، ئاسمانغا قارىدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئۇزۇپ كېتىۋاتقان ھىلال ئاي شۇنداق يورۇق ھەم چىرايلىق، بەئەينى گۈزەل قىزنىڭ ئەگمە قېشىدەك نازاكەتلىك كۆرۈندى. ئۇ ئايغا قاراپ خىيالغا پاتتى. ئاي ئۇنىڭغا گۈزەللىك، پاكلىق، يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇيۇلدى. كىشىلەرنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۇنى ئۇلۇغلاپ، مەدھىيىلەپ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ گۈزەللىكى، پاكلىقى، يورۇقلۇقى بولسا كېرەك. ئەگەر ئۇ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك خۇنۈك، كۆ- رۈمسىز بىرنەرسە بولغان بولسا، ھېچكىم ئۇنى ئۇلۇغلىماس، مەدھىيىلىمەس ئىدى. دۇنيادا، يەنىلا گۈزەللىك، پاكلىق ئۇلۇغ ئىكەن!... تارىم ۋادىسى، تەڭرىتېغى، بوغدا كۆلى ئەنە شۇنداق گۈزەل ۋە پاك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەسىرلەردىن بېرى قانچىلى- غان ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلار ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىپ، بې- يىت - نەزمىلەر يازمىدى؟ قانچىلىغان كىشىلەر ئۇلارنىڭ كۆر- كەم، سەلتەنەتلىك مەنزىرىسىدىن مەست بولمىدى؟ كىملەر ئۇنى ئۆز ئەجدادىنىڭ سىمۋولى بولغان ئاپئاق ساقاللىق رايىش بوۋاي- لارغا؛ باھار شامىلى ئۇرغۇپ، كۈمۈش دولقۇنلار" جىمىرلاپ تۇرغان مۆجىزىلىك دۇنياغا؛ شادىيانە خەندان ئۇرۇپ، نازلىنىپ تۇرغان گۈزەل مەلىكىلەرگە ئوخشاتمىدى؟!...

دەرۋەقە، تەبىئىي گۈزەللىك ھامان مەركەزلىك ھالدا بەدىئىي گۈزەللىكتە ئەكس ئېتىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن سەنئەتكارلار بىز ياشاۋاتقان بۇ سۆيۈملۈك دۇنيادا ئىنسانىيەتنىڭ قانچىلىغان پارلاق بەدىئىي گۈزەللىكلىرىنى ياراتتى. گومېردىن گوركىيغىچە، چۇ يۈەندىن لۇشۈنغىچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغىچە بولغان ھەممىسى بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ بىر پۈتۈن خەزىنىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى...

مۇختەرنىڭ گۈزەللىك، پاكلىق توغرىسىدىكى خىياللىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، كۆڭلىدە بايا ئەدھەم بىلەن قىلىنغان سۆزلەرگە نىسبەتەن بىرخىل گۇمانسىراش، خۇرسىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى: ئەدەبىي ئەسەر كىشىلەرنىڭ قەلبىدە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئويغىتىدىغان پاك ۋە نۇرلۇق نەرسە. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەزى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا خۇنۇك ۋە ناپاك ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، شان - شۆھرىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ؟! بەدىئىي گۈزەللىك شەپىسىز ھالدا كىشىلەر قەلبىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ئالىيجاناب، تېخىمۇ كامىل قىلىدۇ. سىز پېرسوناژلار بىلەن بىرگە خۇشاللانغان ياكى ئازابلانغان چېغىڭىزدا؛ تۆھپە - سەۋەنلىك، ھەق - ناھەق ئالدىدا ئېنىق بىر ھۆكۈم چىقارغىنىڭىزدا؛ ئېكرانلاردىكى بەزى كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ بېشىڭىزنى چايقىغان ياكى لىڭشىتقان چېغىڭىزدا؛ مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ مەست بولغان ياكى ئۇنىڭدىن بىزار بولغان چېغىڭىزدا نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئايرىۋالالايسىز! بۇ چاغدا، ياكى مەدھىيە ئوقۇيسىز، ياكى لەنەت ياغدۇرىسىز، ياكى قوبۇل قىلىسىز، ياكى تاشلىۋېتىسىز! بەدىئىي چىنلىق بىلەن تۇرمۇش چىنلىقى زىچ باغلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ياكى ئەتراپىمىزدىكى ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىل، دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ئىزناسىنى كۆرسەك بولمايدىكەن؟!

ئېكراندىكى قوپال، ئەدەپسىز، تەلۋە بىر ئادەمنى كۆرۈپ غەزەپ-
لەنگەن كىشى، ئەجەبا، كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى مەنىۋى مەدەنى-
يەتكە دىققەت قىلماي قالامدۇ؟! بەزى ئىچى قارا، بەتنىيەت
ئادەملەر مەسخىرە قىلىنغان شېئىر - ھېكايىلەرنى ئوقۇپ، بۇ-
نىڭ تازىمۇ رەزىللىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئادەم، ئەجەبا،
ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمىتىدە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماي تۇرا-
لامدۇ؟! ياخشى بىر ئەسەر شۇ دەۋر ۋە شۇ جاينىڭ روشەن
ئەينىكى ئەمەسمۇ!...
مۇختەرنىڭ ئېسىگە يېقىندا ئوقۇغان بىر ماتېرىيالدىكى مۇنۇ
ئابزاسلار كەلدى: گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى گېيوتې
1773 - يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرى «ئۆسمۈر ۋېتانىڭ دەر-
دى» نى ئېلان قىلدۇ. ئەسەر جەمئىيەتتە ناھايىتى تېز لا كۈچلۈك
تەسىر قوزغايدۇ. نىكاھ ئىشىدا فېئودالىزملىق دىنىي ئۆرپ -
ئادەتلەرنىڭ تەسىرىگە ۋە ئاتا - ئانىسىنىڭ چات كېرىۋېلىشىغا
ئۇچرىغان نۇرغۇن ياشلار كىتابتىكى باش قەھرىمان ۋېتانى دو-
راپ، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئۇلار ئۆلۈش ئالدىدا ۋېتاغا
ئوخشاش كۆك گەلەپى شىم، بېغىر رەڭ ئۆتۈك كىيىۋالىدۇ،
«ۋېتاپەرەسلىك» بىر مەزگىل ئەۋجىگە چىقىپ كېتىدۇ. گېيوتې
ئۆز ئەسىرىنىڭ بۇنچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى بۇرۇن تەسەۋ-
ۋۇر قىلىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال مۇنداق بىر شېئىر
يېزىپ، ئەسەرنىڭ قايتا نەشرىنىڭ باش تەرىپىگە قوشۇپ
قويىدۇ:

ھەممە يىگىت ئۇستا مەرگەن سۆيگۈ ئوۋىدا،
بويىغا يەتكەن قىزلار گويا نەۋ باھار - كۆكلەم.
بۇ ئىنساننىڭ بىغۇبار - پاك، ئېسىل خىسلىتى،
بىراق، نېچۈن غەملەر ئاڭا ھەمراھدۇر ھەردەم؟!

ئاھ، كىتابخان!
ئۇنىڭ ئۇچۇن يىغلا، ئۇنى سۆي،
قۇتقۇز ئۇنىڭ شۆھرىتىنى، بول يۆلەك ئاڭا.
ئۇنىڭ روھى دەيدۇ ئەنە: بىر چىن يىگىت بول،
ئىزىم بىسىپ، ئوخشاپ قالما زادىلا ماڭا!
......

شۇنداق ئىكەن، ۋىجدانى دوراپ ئۆلۈۋالغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئاشۇنداق ئەسەرنى يازغانلىقى ئۈچۈن، گىيوتىندىن خۇن تەلەپ قىلىسۇنمۇ؟! ... ئەگەر ئۇنداق قىلىش ئەخمىقانىلىك بولسا، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۈچ پارچە رۇبائىي ئۈچۈن ۋاسىل ئەپەندىگە ئىسىلىۋېلىشىمۇ ئاپئاشكارا مۇتتەھەملىك ئەمەسمۇ؟! دەرۋەقە، بەزى ئەسەرلەر بەزى ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن، سىرلىق تەرەپلىرىنى ئېچىۋەتكەن بولسا، چىدىيالماي چىچاڭشىپ كېتىشى مۇمكىن! بۇنىڭغا نېمە ئامال؟! بۇ خۇددى «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەكلا ئىش! ئەقىل - ھوشى جايىدا، سەزگۈر ئادەم بولسا، لېۋىنى چىشلەپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى، دىيانىتىنى جىممىدە ئويلاپ باقسا بولىدۇ! ...

مۇختەرنىڭ خىيالى ئايلىنىپ، ھىدايەتنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلدى. ئىككىسىنىڭ ئۆزۈندىن بىرى ئېقى كېلىشەلمەيدىغانلىقى راست! ھىدايەت گەرچە ئۇنىڭغا بىرەر يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا سورۇندا، ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسىگە، غۇرۇرىغا تېگىدىغان بىرەر گەپ ياكى ھەرىكەتلەرنى قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇختەر تەھرىر بۆلۈمىگە سۇنغان بىرنەچچە پارچە ماقالىسىنىڭ كۆڭۈلسىز تەقدىرىنى نېمە ئۈچۈندۇر ھىدايەتتىن كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىرخىل يوشۇرۇن ئۆچ - ئاداۋەتلىك تۇيغۇسى ئورناپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشتا ئۇ كۆپرەك سەزگۈسىگە تاياندى،

ئېكراندىكى قوپال، ئەدەپسىز، تەلۋە بىر ئادەمنى كۆرۈپ غەزەپ-لەنگەن كىشى، ئەجەبا، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مەنىۋى مەدەنى-يەتكە دىققەت قىلماي قالامدۇ؟! بەزى ئىچى قارا، بەتنىيەت ئادەملەر مەسخىرە قىلىنغان شېئىر – ھېكايىلەرنى ئوقۇپ، بۇ-نىڭ تازىمۇ رەزىللىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئادەم، ئەجەبا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمىتىدە بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالماي تۇرا-لامدۇ؟! ياخشى بىر ئەسەر شۇ دەۋر ۋە شۇ جاينىڭ روشەن ئەينىكى ئەمەسمۇ!...

مۇختەرنىڭ ئېسىگە يېقىندا ئوقۇغان بىر ماتېرىيالدىكى مۇنۇ ئابزاسلار كەلدى: گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى گېيوتې 1773 – يىلى ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرى «ئۆسمۈر ۋېرتانىڭ دەر-دى» نى ئېلان قىلىدۇ. ئەسەر جەمئىيەتتە ناھايىتى تېز لا كۈچلۈك تەسىر قوزغايدۇ. نىكاھ ئىشىدا فېئودالىزملىق دىنىي ئۆرپ – ئادەتلەرنىڭ تەسىرىگە ۋە ئاتا – ئانىسىنىڭ چات كىرىۋېلىشىغا ئۇچرىغان نۇرغۇن ياشلار كىتابتىكى باش قەھرىمان ۋېرتانى دو-راپ، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. ئۇلار ئۆلۈش ئالدىدا ۋېرتاغا ئوخشاش كۆك كەلەپى شىم، بېغىر رەڭ ئۈتۈك كىيىۋالىدۇ، «ۋېرتاپەرەسلىك» بىر مەزگىل ئەۋجىگە چىقىپ كېتىدۇ. گېيوتې ئۆز ئەسىرىنىڭ بۇنچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى بۇرۇن تەسەۋ-ۋۇر قىلىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال مۇنداق بىر شېئىر يېزىپ، ئەسەرنىڭ قايتا نەشرىنىڭ باش تەرىپىگە قوشۇپ قويىدۇ:

ھەممە يىگىت ئۇستا مەرگەن سۆيگۈ ئوۋىدا،
بويىغا يەتكەن قىزلار گويا نەۋ باھار – كۆكلەم.
بۇ ئىنساننىڭ بىغۇبار – پاك، ئېسىل خىسلىتى،
بىراق، نېچۈن غەملەر ئاڭا ھەمراھدۇر ھەردەم؟!

ئاھ، كىتابخان!

ئۇنىڭ ئۇچۇن يىغلا، ئۇنى سۆي،
قۇتقۇز ئۇنىڭ شۆھرىتىنى، بول يۆلەك ئاڭا.
ئۇنىڭ روھى دەيدۇ ئەنە: بىر چىن يىگىت بول،
ئىزىم بېسىپ، ئوخشاپ قالما زادىلا ماڭا!
......

شۇنداق ئىكەن، ۋېيتانى دوراپ ئۆلۈۋالغان قىز - يىگىتلەر-نىڭ ئاتا - ئانىسى ئاشۇنداق ئەسەرنى يازغانلىقى ئۇچۇن، گىيوتې-دىن خۇن تەلەپ قىلسۇنمۇ؟ !... ئەگەر ئۇنداق قىلىش ئەخمىقاند-ىلىك بولسا، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۈچ پارچە رۇبائىي ئۇچۇن ۋاسىل ئەپەندىگە ئېسىلىۋېلىشىمۇ ئاپئاشكارا مۇتتەھەملىك ئە-مەسمۇ؟! دەرۋەقە، بەزى ئەسەرلەر بەزى ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئەڭ يوشۇرۇن، سىرلىق تەرەپلىرىنى ئېچىۋەتكەن بولسا، چىدىيالماي چىچاڭشىپ كېتىشى مۇمكىن! بۇنىڭغا نېمە ئامال؟! بۇ خۇددى «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەكلا ئىش! ئەقىل - ھوشى جايىدا، سەزگۈر ئادەم بولسا، لېۋىنى چىشلەپ، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى، دىيانىتىنى جىممىدە ئويلاپ باقسا بولىدۇ!...

مۇختەرنىڭ خىيالى ئايلىنىپ، ھىدايەتنىڭ ئۈستىگە يۆتكەل-دى. ئىككىسىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئېقى كېلىشەلمەيدىغانلىقى راست! ھىدايەت گەرچە ئۇنىڭغا بىرەر يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا سورۇندا، ئۇنىڭ ئىززەت - نەپسىگە، غۇرۇرىغا تېگىدىغان بىرەر گەپ ياكى ھەرىكەتلەرنى قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن مۇختەر تەھرىر بۆلۈمىگە سۇنغان بىرنەچچە پارچە ماقالىسىنىڭ كۆڭۈل-سىز تەقدىرىنى نېمە ئۈچۈندۇر ھىدايەتتىن كۆرۈپ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىرخىل يوشۇرۇن ئۆچ - ئاداۋەتلىك تۇيغۇسى ئورناپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشتا ئۇ كۆپرەك سەزگۈسىگە تاياندى،

شۈنىڭ بىلەن بىللە، بەزى ئالىقاغىلارنىڭمۇ ئاندا ـ ساندا بېشارەت بېرىپ، ئۇنى قىقتتقان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى...

لېكىن، ھازىر مۇختەرنىڭ ۋىجدانى ئۇنىڭ «جۇڭگو ئەدەبىد-ياتى يالغۇز خەنزۇ ئەدەبىياتىمۇ؟» دېگەن ماقالىسىنى قارىلاشقا پېتىنالمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ بىر ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالى-سى ئىدى. كۆز قارىشى ھەرقانچە بولسىمۇ، سەنئەتتىكى ئوخ-شاشمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر مەسىلىسىگە ياتاتتى. بۇ ھەقتە نور-مال مۇھاكىمە قىلسا، مۇنازىرىلەشسە بولاتتى، لېكىن ئۇنى قاتـ-داقتۇر «يامان غەرىزى بار»، «مىللەتچىلىك خاھىشى بار» دې-گەندەك سىياسىي بەتنامىلار بىلەن خالىغانچە كالتەكلەشكە ھەرگىز بولمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۇنيادا مۇئەييەن بىر ئۆلچىمى بولمىغان ئەدەبىي تەنقىد مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. خۇددى لۇشۇن ئېيتقاندەك: ھەرقانداق بىر تەنقىدچىنىڭ بىرەر ئۆلچىمى — ياكى گۈزەللىك ئۆلچىمى، ياكى چىنلىق ئۆلچىمى، ياكى ئالغا ئىلگى-رىلەش ئۆلچىمى... بولۇشى كېرەك ئىدى. ھېچقانداق ئۆلچىمى بولمىغان تەنقىدچى بولمىغۇر، ھاماقەت تەنقىدچى بولۇپ قالاتتى!...

تۈن ھەسسىسىگە يېقىنلىشىپ قالدى. مۇختەر نۇرغۇن خى-يال، مۇلاھىزە ۋە ئەسلىمىلەر ئارقىلىق، باياتىندىن بېرى قەل-بىنى بېسىپ ياتقان ئېغىر، سوغۇق بىر تاشتىن قۇتۇلغاندەك بولدى. بايىقى خىياللار بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەتە ئەدھەمگە بېرىدىغان جاۋابمۇ تەييار بولغانىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى قاتـ-تىق بىر شوراپ، كۈلدانغا تاشلىدى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى، ۋۇجۇدى يەڭگىللەپ، نېرۋىلىرى بوشاشتى. ئەمدى ئۇنى ئىچ ـ ئىچىدىن بېسىپ كېلىۋاتقان شېرىن بىر ئۇيقۇ ئۆز ئىلكىگە ئالدى...

## 2

ئەدھەم شۇ كۈنلەردە خۇددى ئۈمۈچەككە ئوخشاش ئېرىند-
مەي، تىنماي تور توقۇدى، ئىلىنغان يەرگە تور تارقاتتى. ئۇنىڭ
قۇلىقى دىڭ، كۆزى ئۆتكۈر ئىدى. تورنىڭ بىرەر يېپى قىمىرلى-
سا، بولدى بەس، شۇ تەرەپكە قاراپ ئۆزىنى ئاتاتتى. بىرەر پاشا
ياكى كۈمۈتا بولسىمۇ قولدىن بەرمەيتتى...

ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئەجرى بىكار كەتمىدى، ھىدايەت توغرى-
سىدىكى ماتېرىياللارنىڭ ئالدى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق تەش-
كىلگە يېتىپ كەلدى. بۇ بىرنەچچە پارچە رەسمىي ماتېرىيال —
ئەجەللىك پاش قىلىش ماتېرىيالى ئىدى. ئۇ، مۇختەرنىڭ ئوبزور
يېزىشقا ئۇنىمىغانلىقىدىن ئاغرىنىپ كەتمىدى. ئۆزىمۇ بىرنەرسە
يېزىشنى خالىمىدى. چۈنكى، ئوبزور دېگەننىڭ بەزىدە ئەكس
تەسىر قوزغاپ، ئەسلىي ئاپتورنىڭ نامىنى، ئابرۇيىنى كۆتۈرۈ-
ۋېتىدىغان ۋاقىتلىرى بولاتتى. مەسىلەن، ھىدايەتنىڭ ماقالىسى-
نى جايىدا تەھلىل قىلىپ، نەق پاكىتلار بىلەن رەت قىلالماي
قالسا، جەزمەن ئاشۇنداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقاتتى. ۋاسىل ئە-
پەندىنىڭ رۇبائىيسى توغرىسىدىمۇ ئاشۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرى-
شى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئاپتور مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ياكى
ئىسمىنى، ياكى لەقىمىنى، ياكى بىرەر جىسمانىي بەلگىسىنى
تىلغا ئالمىغان تۇرسا، ئەمدى ئوبزورچى ئۇنى قارىسىغىلا: «بۇ
رۇبائىينىڭ تىغ ئۇچى مەرۇپ ئاقساقالغا قارىتىلغان!» دەپ
ھۆكۈم قىلسا، ئۇ چاغدا مەرۇپ ئاقساقالنى شېئىر ئاپتورى
ئەمەس، ئوبزور ئاپتورى تىلغا ئېلىپ، يوق يەردىن پۈتاق چىقار-
غان بولاتتى. مۇختەرنىڭ ئوبزور يېزىشتىن باش تارتقانلىقى
ئەدھەمنى ئەنە شۇ نۇقتىلاردا چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىشقا دەۋەت
قىلدى. ئۇ، كۆڭلىگە كەلگەن بۇ پىكىرلەرنى ئوبدان پىشىلدۇ-
رۇپ، بىرمۇنچە نەزەرىيىۋى قائىدىلەر بىلەن مەرۇپ ئاقساقالنىمۇ

قايىل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قايتىدىن مۇقۇلدىشىپ، «قان چىقارماي ئادەم ئۆلتۈرۈش» تاكتىكىسىنى ئويلاپ تاپقانىدى.

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە جەمئىيەتتە، ۋاسىل ئەپەندى توغرىسىدا گۇررىدە گەپ بولۇپ كەتتى: «ۋاسىل ئەپەندى خاتالىشىپتۇ» «خىزمەتتىن ھەيدىلىدىكەن»، «مەسىلە تاپشۇرۇۋېتىپتۇ!»...

بۇ گەپلەرنى بەزى ئادەملەر جامائەت پىكرى تەييارلاش نىيىتىدە مەقسەتلىك، پىلانلىق تارقىتىپ يۈرەتتى. شامالدەك گۇركىرەپ يۈرگەن بۇ چۈرۈمە - چۆچەك گەپلەر ۋاسىل ئەپەندىنىڭ يېقىنلىرىنى، ئىخلاسمەنلىرىنى قايغۇرتۇپ، ۋەھىمىگە سالسا، ئۇنىڭ رەقىبلىرىنى، كۆرەلمەيدىغانلارنى خۇشال قىلىپ، بېشىنى كۆككە يەتكۈزگەنىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، گويا ۋاسىل ئەپەندى بۇ دۇنيادىن تېزرەك يوقالسا، يول ئۇلارغا كەڭرەك قالىدىغاندەك، نان ئۇلارغا پۈتۈنرەك تېگىدىغاندەك تۇيۇلاتتى!...

ئەسلىدە، ئەدھەمنىڭ ۋاسىل ئەپەندى بىلەن ھېچقانداق ئۆچ - ئاداۋىتى يوق ئىدى. بەلكى بۇرۇن ھىدايەت بىللە بىرىپ يوقلاپ تۇراتتى، سۆزلىشەتتى، ئۇ ئادەمدىن ئۆزىگە نۇرغۇن بەدىئىي دىت يۇقتۇرغانىدى. بىر قېتىم ئۆزى يالغۇز يوقلاپ بارغاندا، پاراڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ قىلمۇاتقان ئىشىدىن دادىلىنىپ: «مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىم بەزىلەر پەخىرلىنىپ ئاغزىغا ئالىدىغان تەھرىرلىك! تەھرىر دېمەك — تۆمۈر قايچا، لاتا گەز، بىر قۇتا سىياھ، بىر شېشە شىلىم، بىر قەلەم دېمەكتۇر! ئۇ سىزىدۇ، ئۆچۈرىدۇ، كۆچۈرىدۇ، كېسىدۇ، چاپلايدۇ. بەئەينى باشقىلار ئۈچۈن ‹تويلۇق كىيىم پىچىپ بېرىدىغان› بىرخىل سەيپۇڭلۇق، خالاس!» دېگەندە، ۋاسىل ئەپەندى كۆيۈنۈش بىلەن: «ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ! مېنىڭچە، تەھرىرلىك بىرخىل جانلىق ئۆتكۈزگۈچ، ستېرېئولۇق ئاڭ! لۇشۇن ئەپەندى: ‹بىر

ياخشى مۇھەررىر ھەم مۇشتەرىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئارزۇ -
ئىستىكىنى ۋە بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى بىلەلەيدۇ، ھەم ئاپتورنىڭ
ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاپتورنىڭ سىردىشى ۋە ئەسەرنىڭ
شەپقەتچىسى بولالايدۇ، دېگەن. تەھرىرلىك خۇددى ئوقۇتقۇچىغا
ئوخشاشلا شەرەپلىك، مۇقەددەس خىزمەت، مۇھەررىر شان -
شەرەپ قوغلاشمايدىغان نامسىز قەھرىمان!» دەپ ئۇنىڭ مەيۈس
كۆڭلىگە مەلھەم بەرگەنىدى. ئەدھەم قاچانكى مەرۇپ ئاقساقال
بىلەن تونۇشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ۋاسىل ئەپەندىدىن يىراقلاش-
تى، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ھەر خىل غەيۋەت - شىكايەتلىرى
ئۇنىڭغىمۇ يۇقۇپ، ۋاسىل ئەپەندىگە بولغان ھۆرمىتى، ئىخلاسى
پۈتۈنلەي يوقالدى. يېقىندا، تەھرىر بۆلۈم تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇ-
رۇلغان «شېئىرىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» دا، ۋاسىل ئەپەندى ناھا-
يىتى ياخشى سۆزلىدى. ئۇ سۆزىدە ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارد-
تىشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:
«ھازىر بىزدە مىللىي ئەنئەنىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان خا-
ھىش بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ئەنئەنىنى ئۈزۈپ قويساق، تەرەققى-
يات، يېڭىلىق نېمە ئاساستا بولىدۇ؟! ئەنئەنىمىزنىڭ ھەممە
نەرسىسى يارىماس، كارغا كەلمەس بولۇپ قالدىمۇ؟! مېنىڭچە،
ئۇنداق ئەمەس! ئەنئەنىمىزدە ئاجايىپ دۇردانىلەر، ئاجايىپ جەۋ-
ھەرلەر بار. ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. مىللىي تۇپراقتىن،
مىللىي يىلتىزدىن، مىللىي پىسخىكىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق
يېڭىلىق، ھەرقانداق ئىزملارنىڭ بىزگە كېرىكى يوق! بۇ
ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى يوقىتىدۇ، پۇچەك-
لەشتۈرىدۇ!...

ئالغا قاراش، يېڭىلىق يارىتىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچى-
مىز! بۇ، دەۋرنىڭ، زامانىنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا بۇ زۆرۈرىيەت
ئالىمدىن ئەركىنلىك ئالەمگە ئۆتۈشنىڭ تەلىپى. بىز بۇ دۇنيا-
غا كونا نەرسىلەرگە بويسۇنۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەمەس، بەلكى

ئەقىل ـ. پاراستىمىزنى ئىشقا سېلىپ، يېڭى، شانلىق نەرسە-لەرنى يارتىش ئۈچۈن كەلگەن. ئەدەبىياتمۇ ئۆزئارا سىڭىشىش، ئۆتۈشۈش، گىرەلىشىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. بېكىنمە-چىلىك زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ. چەتنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئۆگىنىش كېرەك. بۇ جەھەتتە لۇشۈن ئەپەندى: «ئەگەر بىز قوبۇل قىلالىساق، غەرب مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆزىمىزنىڭ قىلالاي-مىز. بۇ خۇددى كالا گۆشى يېگەندەك ئىش. كالا گۆشى يېگەن ئادەم ھەرگىز كالا گۆشى بولۇپ قالمايدۇ» دېگەن. بۇ يەردىكى گەپ، ھەزىم قىلىش مەسىلىسى. مېنىڭچە، قانچىلىك ھەزىم قىلالىساق، شۇنچىلىك قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك!»

ئۇنىڭ ئارقىدىن يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئىنسان ئۈچۈن ئەخلاق ـ پەزىلەت بەئەينى بىر ئالتۇن تاج! شۇ خىسلەتلا ئادەمنى يۈكسەك ۋە گۈزەل كۆر-سىتىدۇ. 1930 ـ يىللاردا، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مېھراب لىمىغا مۇنداق بىر شېئىر يېزىلغان:

«دارىلئۇلۇم نىزامى: شاھۇ گاداھ باراۋەر،
مىڭ مەخسۇمىڭ بىر داچەن، پەزلى كېرەك بۇرادەر!»

بۇنىڭدىمۇ ئەنە شۇ ئەخلاق ـ پەزىلەت تەكىتلەنگەن!» دېگەندە، يىغىندىكىلەر ئۇزاققىچە قىزغىن ئالقىش ياڭراتقاندى.

يىغىن تارقىغاندىن كېيىن، ئەدھەم نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ: «ئەپەندىم، سىز قېرىغان چېغىڭىزدا ھەممە ئىشقا چېپىلىپ، ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ! — دېدى بىر خىل يوشۇرۇن تەھدىت بىلەن، — ئاخىرقى ئۆمرىڭىزدە تىنچ ياشىغى-نىڭىز ياخشى!»

بۇ گەپ ۋاسىل ئەپەندىگە ئېغىر كەلدى، ئۇنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ، نېمىگە قارىتىۋاتقانلىقىنى بىلەلمۇ ھېسابلاشماي،

كۆلۈپ تۇرۇپ، ئەدھەمنىڭ جېنىغا تەگدى: «مېنىڭ ئەزەلدىن كۆڭلۈم تىنچ، ئۇكام! بىھۇدە ئارزۇ - ھەۋەسلىرىم يوق! لېكىن سىزگە ئوخشىغان يىگىتلەر مىڭ خىل ئوي - خىيال بىلەن قېرىپ كېتىۋاتىسىلەر! مەن بولسام، مانا... نىھايىتى تېتىكمەن!»

ئەدھەم شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنى ھايات يولىدىكى بىر پۈتلە-كاشاڭ دەپ قاراپ، مەرۋۇپ ئاقساقال بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى!...

ھىدايەت توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەر تېخى جەمئىيەتكە چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىدارە ئىچىدە پۈرۈردە ئېقىپ يۈرەتـ-تى: «ھىدايەت خوتۇن ئوغرىسى ئىكەن!» «ھېلىقى ماقالىسى توغرىسىدا نۇرغۇن ئادەملەر ئوچۇق خەت يېزىپ، زەھەرلىك چۆپ دەپتۇ!» «قەشقەردە دىنىي ماجىرا تۇغدۇرۇپتىكەن»، «ئۇ پېش-قەدەملەرنى، ئوخشاشمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنى چەتكە قېقىپ، ژۇرنالنى پۈكلۈق يېرىگە ئايلاندۇرۇۋاپتۇ!» «ئۇنى خىزمەتتىن توختىتىپتۇ، ئەمدى مەسىلە تاپشۇرىدىكەن!...» ۋەھاكازا، ۋەھاكازا...

دېگەندەك، مۇشۇ گەپلەر تارقىلىپ، ئۇچىنچى كۈنى رەھ-بەرلىك ئۇنىڭ «ۋاقىتلىق خىزمەتتىن توختاپ، مەسىلە تاپشۇرۇ-دىغان» لىقىنى ئېلان قىلدى!...

## 3

«ياخشىلاردا قانچىكى غەيرىي - غەلىتە خۇسۇسىيەتلەر بول-سا، يامانلاردىمۇ بىر - بىرىگە ئۆزئارا شۇنچە مېھىر - مۇھەببەت بولىدۇ. ئالىمنىڭ ئالىمنى، موللىنىڭ موللىنى، شائىرنىڭ شائىرنى كۆرەرگە كۆزى، ئاتارغا ئوقى يوق. ۋەھالەنكى، قىمار-ۋاز قىمارۋازنى، ئىچەرمەن ئىچەرمەننى، ئوغرى ئوغرىنى دائىم

قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ؛ بىر ـ بىرىنىڭ قولتۇقىغا كىرىدۇ. ناۋادا، بىرەر بىرەھمان بىخەستەلىك قىلىپ، قاراڭغۇدا مۈدۈرۈپ كەتسە، باشقا بىر بىرەھمان كېلىپ، ئۇنى يۆلەپ قوپۇرۇپ قويۇشنىڭ ئورنىغا، تازا كېلىشتۈرۈپ بىر ـ ئىككىنى تېپىدۇ. ۋەھالەنكى، ئوغرى ئۆز كەسىپدىشىنىڭ بېشىغا كۆلپەت چۈشكەنىنى كۆرسە، دەرھال ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدۇ. يامان ئىشلاردىن ھەممە ھەزەر قىلىدۇ، شۇڭا، يامانلار بىر ـ بىرى بىلەن ئىناق ئۆتىدۇ؛ ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلارنى پۈتۈن جاھان ماختايدۇ، شۇڭا، ياخشىلار بىر ـ بىرىنى كۆرەلمەيدۇ، ئوغرى ئوغرىنى ئۇرسا، نەپرەتكە ئۇچرايدۇ؛ بىر ئالىم ئىككىنچى بىر ئالىمنى يەرگە ئۇرسا، يەرگە ئۇرغۇچىنىڭ شۆھرىتى ئاشىدۇ...»

بۇ — «نىجاتلىق يولى» دېگەن ھىندىستان ھېكايىسىدىكى بىر ئابزاس ھېكمەتلىك سۆز ئىدى. ھىدايەت ئاخشامدىن بېرى بۇنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەسلىدى. كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۆزى كۆرگەن، بىلگەن ئەھۋاللارغا سېلىشتۇرۇپ، بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. مانا، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى دەل شۇنداق بولۇۋاتامدۇ؟! ۋاسىل ئەپەندىچۇ؟ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرمۇ شۇ ئەمەسمۇ؟!...

ھىدايەت ئويچان ئىدى. ئۇچلۇق ئېڭىكىنى گىرەلەشكەن بارماقلىرى ئۈستىگە قويۇپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى...

چوڭقۇر دەريا جىمجىت ئاقىدۇ، دېگەن گەپ بار، لېكىن ئۇنىڭ يۈزى جىمجىت بولغان بىلەن ئاستى جىم ئەمەس، ھەرىكىتى تېز، ئېقىنى شىددەتلىك بولىدۇ. ھازىر ھىدايەتنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئەنە شۇنداق دولقۇنلۇق ئىدى.

تۇخان دەسلەپ: «نېمە بوللا، تاۋۇلىرى يوقمۇ؟» دەپ سورىدى. ھىدايەت «ھىم...» دەپ قويۇپ، يەنە ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن بەند بولدى. كېيىن ئايالى:

— بابا خانقىزنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلدىم، ياتاقتا ئوبدانلا ئورۇنلىشىۋاپتۇ، دوختۇرغا بىللە بارغانىدىم، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى پەس ئاۋازدا.

ھىدايەت بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي:

— پات - پات يوقلاپ تۇرغىن…، — دېدى قىسقىلا.

تۇخان باشقا گەپ قىلمىدى، ھىدايەتنىڭ ئازادە خىيال سۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن، كەپسىزلىك قىلىۋاتقان ئوغلىنى بەزلەپ، ئىچكىرى ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى…

ھىدايەت دىلخەستەلىكىنى مەھبۇبىغا بىلدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. بىلىندۈرسىمۇ، ئۇنىڭ ھالىغا يېتىپ، ھەمدەم بولالىشى ناتايىن ئىدى. ئۇ سۇيىقەستچىلەرنىڭ قاتمۇ قات ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى، توقۇلغان بوھتانلار كىچىك ئەمەس ئىدى. ئۇنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرىجىدە ھالسىراتتى. ئۇ — ئۆز قارشىسىدا تۇرغان بۇ شەخسىيەتچى، قارا نىيەتلەرنىڭ ئۆزىگە چاپلىغان ياللىرىنى نېمىگە ئوخشىتىشى مۇمكىن: ئادەمنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىدىن پۈتكەن ھاۋا ئانىمىزنى ئادەم ئاتىمىزغا تۇزاق قىلىش قەستىدە شەيتان ئىبلىسنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىگىمۇ؟ ياكى … مۇشۇكنىڭ بوينىغا كولدۇرما ئاسماقچى بولغان ھاماقەت چاشقاننىڭ ئىشلىرىغىمۇ؟!…

توۋا!… تەقدىر - قىسمەت دېگەن نەرسىلەر كىشىلەرگە خۇشاللىقتىن كۆرە، قايغۇنى؛ راھەتتىن كۆرە، ئازابنى كۆپرەك بېرىدىغان ئوخشايدۇ! بولمىسا، ھىدايەتتەك روھىي دۇنياسى پاك بىر بەندىنىڭ تەقدىرى بۇنچىلىك كاج، قىسمىتى بۇنچىلىك تەتۈر بولاتتىمۇ؟!… ئادەمنىڭ جىسمى يەرگە غۇلىسا، تۇپراققا بۇلغانسا، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق! لېكىن ئۇنىڭ نامى يەرگە ئۇرۇلسا، غازاڭدەك پاتقاققا مىلەنسە، ناھايىتى دەھشەتلىك، دەھشەتلىك!…

لېكىن، ھىدايەت بۇنچىلىق بىلەن ئۆزىنى تاشلىۋەتمىدى،

بەلكى بۇنى هاياتنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان بىر سىنىقى، دەپ قا-
راپ، كۆز ئالدىدىكى ئىمىر - چىمىر رېئاللىققا ئۇدۇل قاراپ
كېتىۋەردى. هالبۇكى، بۇگۈن چۈشتە بىرىدىن ئۆزى ئۇچۇن
قۇرۇلغان بۇ سىرلىق تۇزاقنىڭ بىر تەرىپىدە ئەدهەمنىڭ مۆكۈ-
نۇپ ياتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەسلەپ قاتتىق ئەندىكتى، هاڭ - تاڭ
بولدى، كېيىن خۇددى قاچىسىغا چىۋىن چۈشكەندەك، كۆڭلى
غەشلىككە تولدى. ئۇنىڭ بايا چوڭقۇر خىيالغا پاتقانلىقىنىڭ سە-
ۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

تېخى يېقىندىلا ئەدهەم: «دوستۇم، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا ياش زىددىيىتىدىن باشقا زىددىيەت يوق!» دېۋىدى، هىدا-
يەتمۇ: «شۇنداق، ئاغىنەم، بۇ زىددىيەتمۇ چاغلىق، سەن يېشىڭغا
قورقماي ئىككىنى قوشۇۋەتسەڭ، مەن بىلەن تەڭلىشىسەن، بۇ
زىددىيەتمۇ ئوڭاي تۈگەيدۇ!» دېگەنىدى. راستتىنلا، ئۇ ئىككى-
سىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق زىددىيەت بولۇشى مۇمكىن؟!

هىدايەت ئويلاندى، خىيالغا پاتتى، ئۆتكەنكى ئىشلارنى
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۆزىدىن ئۆتكەن بىرەر سەۋەنلىكنى سەز-
مىدى. ھەتتا خىيال يىپلىرى ئۈزىراپ، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىگىچە
باردى. دەرۋەقە، ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلنىڭ يازلىقى ئۇلارنى
فاكۇلتېتتىن ئۇلانبايغا دالا سەيلىسىگە ئاچىققانىدى. قىز - يى-
گىتلەر توپ - توپ بولۇشۇپ، سەيلە - تاماشا قىلىشتى، دۇتار،
راۋاب، گىتار چېلىشتى، ناخشا توۋلاشتى، ئۇسسۇل ئويناشتى،
شۇ كۈنى پۈتۈن ئۇلانباي تاللىقى ناخشا - ئۇسسۇل، كۈلكە -
چاقچاق ساداسى بىلەن جانلىنىپ كەتتى. شۇ چاغدا، پەقەت
ئىككىلا ئادەم يالغۇزلۇقتا تەمتىرەپ يۈرەتتى. بىرى، خانقىز
بولۇپ، ئەدهەمنى ئىزدەيتتى، كۈتەتتى، ئەدهەم بولسا، بىرنەچ-
چە ئاغىنىسى بىلەن بىر بۇلۇڭدا هاراق ئىچىپ، گەپ سېتىۋاتات-
تى. يەنە بىرى، هىدايەت بولۇپ، يىراقتىن خانقىزغا تەلمۈرۈپ،
ئۇنى كۆز قىرىدا كۆزىتىپ يۈرەتتى. دەل چۈش ۋاقتىدا، هىدا-

يەت زور جاسارەت بىلەن خانقىزنى يېتىلەپ، ئۇلانباي سۇ ئامبى-
رىنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇلار ياپىپېشىل، ھەيۋەتلىك سۇ ئامبىرى-
نىڭ بويىدىكى شامالدا سىلىقلىنىپ كەتكەن خەرساڭ تاش ئۈستى-
دە ئولتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە ئۈنسىز قاراشتى. ھىدايەتنىڭ
قەلبىدە ئازاب ۋە رەشىك، خانقىزنىڭ قەلبىدە بولسا، ئوڭايسىز-
لىق ۋە تەڭقىسلىق بار ئىدى. ئۇلار ئەمدىلەتىن سۆزگە كىرى-
شىپ، يىراقتىن ئەگىتىپ سىردىشىۋاتقاندا، ئەدھەم كېلىپ قال-
دى. ئۇ كەيپ ئىدى، ئىككى قەدەم نېرىدىن ئۇلارغا كۆزلىرىنى
چەكچەيتىپ قاراپ قويۇپ، ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ئۇ خىيالىدا
بىرئاز ئۈزۈپ ئويناپ، سەگىدەپ چىقماقچىدى، بىراق ئۈچ مې-
تىردەك نېرى بېرىشى بىلەن كۆزلىرى ئەلەڭلەپ، قوللىرى
پۇلاڭشىپ قالدى. توختام سۇنىڭ مۇزدەك ئاستىنقى قىسمى
ئۇنىڭ پەيلىرىنى تارتىشتۇرۇپ، ئاستىغا تارتىپ كېتىۋاتاتتى.
ھاراق كەيپىمۇ سۇغا چۈشۈش بىلەن تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنى-
دى. ئۇ دەم چۆمۈپ، دەم لەيلەپ، سۇغا غەرق بولۇش خەۋپىگە
ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغان خانقىز ئورنىدىن
چاچراپ تۇرۇپ ئاللا ـ كاللا سالدى. دوستىنىڭ ئەھۋالىنىڭ
ھەقىقەتەن خەتەرلىكلىكىنى كۆرگەن ھىدايەتمۇ كىيىمىنى سالماي-
لا ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ئۇ گەرچە ئۈزۈشنى ئانچە ياخشى بىلمىسى-
مۇ، بىر ئاماللار بىلەن ئەدھەمنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ
قولتۇقىدىن ئالدى. جان ھەلقۇمىغا كەلگەن ئەدھەم خۇددى ئۇلۇغ
سۇدا پاخالغا ئۇچرىغان چۈمۈلىدەك، ھىدايەتنىڭ يەلكىسىگە يې-
پىشتى، ئەدھەمنىڭ بېشى سۇ ئۈستىگە چىقتى، لېكىن ھىدايەت
سۇنىڭ ئاستىغا چۆكتى. ئەمدى ھىدايەت خەۋپ ئىچىدە قالغانى-
دى. خانقىز تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، سۇ بويىدا پىرقى-
راپ: «ئادەم بارمۇ؟» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا
ھىدايەت بىر يۇلقۇنۇپ، بېشىنى سۇ ئۈستىگە چىقاردى، لېكىن
ئۇزۇن تۇرالمىدى، ئەدھەم يەنىلا ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشىپ،

ئۆزىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈۋالدى، ھازىر ھەر ئىككىسى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى. خانقىز تەلۋىلەرچە ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇ-نىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى يىراقتىراق بېلىق تۇتۇپ ئولتۇرغان ئۈچ ئوقۇغۇچى ئاڭلىدى ۋە يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، ئۇچىلىسى كېلىپلا ئۆزىنى سۇغا ئاتتى...

ھىدايەت بىلەن ئەدھەمنىڭ قورسىقىدىن نۇرغۇن سۇياندى. ھەر ئىككىسى يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ئەدھەم كۆزىنى ئېچىپلا ھىدايەتكە: «دوستۇم بولساڭ، يۈرىكىمگە قول سوزما!» دېدى. بۇ گەپنىڭ مەنىسى ھىدايەتكە چۈشىنىشلىك ئىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ خانقىزغا كۆز قىرىنى سالمىدى، دەرد ـ ئەلەمنى ئىچىدە بىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئىككىسى توي قىلدى ۋە تەقسىمات بويىچە يىراق بىر ناھىيىگە كەتتى...

بۇ ئىشلاردا ھىدايەتنىڭ ھېچقانداق سەۋەنلىكى يوققۇ؟! خانقىزنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، دوستىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. ئۇلار مۇرادىغا يەتتى. بۇنىڭدا ھەسەت ياكى ئاداۋەت ساقلىغۇدەك ھېچ ئىش يوق! ئۇنىۋان ئىشىمۇ ـ يا؟ بۇنىڭ سىياسەت چەك ـ چېگرىسى ئېنىق، پرىنسىپى كۈچلۈك ئىش، ھېچ-كىم ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتالمايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ يالغۇز بىرلا ھىدايەتنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇنى ئەدھەم بىلمەمدۇ؟!...

ھىدايەتنىڭ تۇرۇپلا ئاچچىقى كەلدى، قورسىقى كۆپتى. ئەدھەمنىڭ بۇنداق ھارام نىيەتتە بولغانلىقىنى چوڭ ئازغىنلىق، دەپ ھېسابلىدى. دېمىسىمۇ، ھىدايەت ئۇنىڭغا نېمە يامانلىق قىلغان؟! تۆگە قۇلىقىدەك يىراق بىر ناھىيىدىن ئۇرۇمچىدەك چوڭ شەھەرگە يۆتكەپ كەلدى، خىزمەتتە ياردەملەشتى، بۇرۇنقىدەكلا قەدىناس بىلدى، كۆڭلىدە سىر ساقلىمىدى. ئەمدى كې-لىپ، ئۇنىڭ يولىغا ئورا كولىغىنى نېمىسى؟ بۇ خۇددى گىيوتې-نىڭ «روھنى چاقىرىپ كەلسەم، رودۇپايىدەك چاپلاشتى ماڭا»

دېگىنىدەك ئىش ئەمەسمۇ؟ ! كونىلار: «چۈجە باققان توخۇنىڭ
مەيدىسىدە تۈكى يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن - دە؟ ! بۇ
هالدا، ئەدهەمنى ئايىغۇدەك نېمە قالدى؟ ئەمدى ئۇنداق قازانغا
مۇنداق چۆمۈچ قىلىش كېرەك! مېنىڭ قورقىدىغان ئىشىم بار-
مىتى؟ ! ئالسا كىچىككىنە ئەمەلنى ئالار، يەنە قولۇمدىكى قەلەم
بىلەن ئوبدان ياشاۋېرىمەن! خوش، ئەمىسە ئەدهەمدىن قانداق
هېساب ئېلىش كېرەك؟ ! ئۆتكەندە ئېلان قىلغان «سۆيگۈ ئىلا-
هى» ناملىق ئوپېراسى توغرىسىدا ئوبزور يېزىپ، تازا بىر سې-
ستىسامىكىن؟ ! ئۇنىڭدا ئۈچ بۆرجەك مۇهەببەت، شەهۋانىيلىق
دېگەنلەر تولۇپ تۇرمامدۇ! ياكى يۇرتتىن كەلگەن تونۇش سودى-
گەر باللاردىن ئىككى - ئۈچىنى كۈشكۈرتۈپ، بىرەر قاراڭغۇ
بۇلۇڭ - پۇچقاقتا ئۇرغۇز ۋۇۋەتسەممىكىن؟ ! توغرا، ئاشۇ قارا
نىيەت يۇرىكىنى، سۇيىقەست پىلانلىغان بەتبەخت كاللىسىنى
كارغا كەلمەس قىلىۋېتىش كېرەك! ... لېكىن، باشقىلار ئۇرسا،
مەن قانداق پۇخادىن چىقىمەن؟ ! ئۆز قولۇم بىلەن تەگكۈزۈپ،
يۈزتۇرانە ئىككى ئېغىز گەپ قىلمىغۇچە قورسىقىم بوشىمايدۇ!
ئۇنى زادى بىر جايلاش كېرەك، مېنىمۇ ئانام ئوغۇل بالا، دەپ
تۇغقان. ئۇ سۇيىقەست قىلسا بولىدىكەن، مەن دەردىمنى ئالسام
بولمامدىكەن؟ ! ...

هىدايەتنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چىگىشلەندى، ئەدهەم-
نى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا، چىشلىرى غۇچۇرلاپ، تومۇرلىرى-
دىكى قان شۇۋۇلداپ كېتەتتى. ئۇ ئارقا - ئارقىدىن تاماكا
چەكتى، ئېغىرلاشقان بېشىنى بىرنەچچە قېتىم سىلكىدى. كاللى-
سى سەل سەگەكلەشتى، بايا قېنى قىزىغاندا ئويلىغان خىياللىرى-
نى قايتا ئېسىگە ئېلىپ، ئوڭايسىزلانغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ
قويدى ۋە شەيتىنىغا هاي بەردى:

پەيلىڭىزدىن يېنىڭ، نا شۇكۇرلۇك قىلماڭ، يولداش هىدا-
يەت قاۋۇل!

ئۇ شۇ پېتى يەنە ئۇزاق خىيال سۈردى، ئايالىمۇ، بالىسىمۇ ئۇنىڭ ھەسرەتلىك، ئۆكۈنۈشكە تولغان ئاچچىق خىياللىرىغا ھالا-قىت بەرمىدى. ئۇ خىيالىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلغاندەك ئۈنلۈك تولۇپ تاشقاندەك توۋلىۋەتتى:

«سادىغاڭ كېتەي، ئەدھەم! نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدىغاند-سەن! سېنىڭ بۇ مۆجىزىلىك ئىشلىرىڭ نېمىدېگەن ھاماقەتلەرچە تەنتەنە - ھە؟!»

ئەلھازا!... ئەلھازا!... توۋا دېگۈلۈك، بۇرادەرلەر!...

ھىدايەت ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق ئۆيگە كىردى. كىتاب، قەغەزلەر بىلەن تولغان كىچىككىنە يېزىق ئۈستىلىدە «دۇنيا بىلىملىرى» ناملىق كالېندارنىڭ ۋارىقى ئېچىقلىق تۇراتتى. تۇ-رۇپلا ئۇنىڭ چېسلانى بىلگۈسى كەلدى، توغرا، ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپتۇ، بۈگۈن زادى چېسلاغا قانچە؟ ئۇ ئېڭىشىپ كالېند-دارغا قارىدى. كالېندار ۋارىقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا «7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى» دېگەن رەقەم يوغان قىلىپ يېزىلغانىدى. ئاستىدا بولسا، «ئاي ئوردىسىنى ساياھەت قىلىش» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا، 1969 - يىلى دەل بۈگۈنكى كۈندە، ئامېرىكا ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاي شارىغا قەدەم باسقانلىقى يې-زىلغانىدى. ھىدايەت كاللىسىدىكى كۆڭۈلسىز خىياللارنى بىر-دەملىككە ئۇنتۇپ، بۇ ئالەمشۇمۇل خەۋەرگە قىزىقتى. ئۇنىڭدا بۈنىڭدىن ئون سەككىز يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە «ئاپوللو— Ⅱ» نامىلىق ئۇچار كېمىگە چۈشكەن ئامىسترون بىلەن ئولدىرىن يەر شارىدىن ئايرىلىپ، يەتمىش بەش سائەت ئەللىك مىنۇت ئۇچقاندىن كېيىن، ئاي يۈزىگە قونغانلىقى، شۇ چاغدا ئالەم بوشلۇقى قاپقاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئاي شارىدا قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغانلىقى، ھەممىلا يەر چاڭ - توزان، ئورەك-ئازگال ۋە تاغ جىنسلىرى بىلەن قاپلانغانلىقى، ھېچقانداق جانلىق-نىڭ كۆرۈنمىگەنلىكى، پۈتكۈل ئاي شارىنىڭ تىمتاسلىققا چۆمە-

گەن خىلۋەت بىر دۇنيا ئىكەنلىكى، ئايدا هاۋا بولمىغاچقا، ئۇلار توققۇز ۋاخىنلىق شوتىدىن ناهايىتى تەسلىكتە چۇشۇپ، ئاي يۈزد-گە ئاران دەسسىيەلىگەنلىكى، ئاي شارىدا ئىككى يېرىم سائەت تۇرۇپ، بىرمۇنچە ئىلمىي تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقى ۋە 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى «ئاپوللو— Ⅱ » ناملىق ئۇچار كېمە يەر شارىغا ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكى تەپسىلىي ۋە قىزىقارلىق يېزىلغانىدى.

هىدايەت ئويلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاجايىپ مەنزىرىلەر ئۆتتى. ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى مۆجىزىلەر هازىر ئون سەككىز يىل بۇرۇنقى ئايغا چىققاندىكىدىن يەنە نەچچە هەسسە تېز ۋە كارامەت بولۇپ كەتكەنىدى. چەت ئەللىكلەر هازىر تەبى-ئەتنىڭ سىرىنى ئېچىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇش ئۇچۇن جان تىكىپ كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئايدىن ئۆتۈپ، مارس-نىڭ سىرىنى ئېچىشقا، ئاددىي قورۇلمىلاردىن ئۆتۈپ، ئې-لېكترونلۇق مېڭە بىلەن ئىشلەشكە ئۆتكەنىدى. لېكىن، بىزدىچۇ؟...

هىدايەتنىڭ كۆڭلى لاسىدە بولۇپ قالدى. بىزدە تېخىچە ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش — بىر - بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىش، بىر - بىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، بىر - بىرىگە ئورەك كولاش قاتارلىق قەبىهلىكلەر خۇددى ۋابا كېسەلد-دەك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ۋەهىمە پەيدا قىلىپ يۈرەتتى...

شۇ چاغ هىدايەتنىڭ قۇلىقىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بىر دوتسېنتنىڭ قايسىبىر سورۇندا قىلغان مۇنداق بىر سۆزى قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى: «تارىختىكى مەدەنىيەتلىك، تەرەق-قىي قىلغان شەرق قانداق قىلىپ بۈگۈنكى كۈندە، ئۆز ۋاقتىدىكى قالاق، مەدەنىيەتسىز غەربتىن كېيىن قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى بىرلا: ئۇ بولسىمۇ، رىقابەتكە نىسبەتەن شەرقلىقلەر بىلەن غەرب-لىكلەرنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدا.

شەرقلىقلەر ئۆزئارا رىقابەتتە بىر - بىرىنى پۈتلاش، بىر - بىرىنى قىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. غەربلىكلەر بولسا، ئۆزئارا رىقابەتتە، بىر - بىرىنى قوغلاش، بىر - بىرىدىن ئۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ! لۇشۇن ئەپەندى بۇ ئەھۋالنى ناھايىتى يۇمۇرلۇق قىلىپ: «چەت ئەللەر مىلتىق دورىسىدىن ئوق ياساپ دۈشمەنگە قارشى تۇرغان بولسا، جۇڭگولۇقلار ئۇنىڭدىن پوجاڭزا ياساپ ئىلاھقا چوقۇنۇپ كەلدى. چەت ئەللىكلەر كومپاسنى دېڭىز سەپىرىدە ئىشلەتكەن بولسا، جۇڭگولۇقلار ئۇنى خۇراپىي يول بىلەن يەر تاللاشقا ئىشلەتتى...»، دەپ خۇرسىنغانىدى.»

شۇنداق، ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن بېرى ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان تارىخنىڭ ئۆزى بىر ئوچۇق ئېكران! ئۇنىڭغا قارىساڭ ھەممىنى كۆرىسەن، چۈشىنىسەن!...

ھىدايەت ئورنىدىن تۇردى، تار ئۆيدە سىقىلغاندەك بولدى، ئازراق كۆڭۈل يېشىش ئۈچۈن، سىرتقا چىقتى.

تۆت مىڭ ئالتە يۈز كۋادرات كىلومېتىر گۈھەر زېمىن ئۈستىدە خۇددى رەڭدار قاشتېشىدەك چاقناپ تۇرىدىغان بۇ كۆر-كەم شەھەر ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ئالدىراش، قايناق ۋە ھارغىن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كەچكى ئارامبەخش، سۆيگۈ - مۇھەب-بەت ۋە ھاياجانلىق دەقىقىلەر بىلەن جانلىنىپ كەتكەن ياشلىق ھاياتىنى باشلىغانىدى...

ھىدايەت چوڭ رەستىلەرنى ئايلاندى. كەچلىك ماگىزىنلاردا سودا - سېتىق قىزغىن ئىدى. ئۇ، دوقمۇشتىكى بوتكىدىن «قىزىل مېيخۇا» ماركىلىق تاماكىدىن بىر قاپ ئالدى - دە، بىر تالنى لېۋىگە قىستۇردى. ئاندىن قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، دەرەخلىرى شالاڭ، چىراغلىرى سۇس يېنىپ تۇرغان ئاياغ يولىدا يەنە ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ باغچىغا بېرىشنى ئويلاپ قالدى. ئۇ يەرنىڭ كەچلىك خىلۋەت مەنزىرىسى، گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلغان گۈلزارلىقى،

چىراغ نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان سالقىن كۆلى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، كەيپىنى ئاچاتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە قايسىبىر شائىرنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى كەلگەنىدى:

«كۆڭۈلدىن كۆتۈرەر ئۈچ نەرسە قايغۇ:
يېشىل چىمەن، گۈزەل مەھبۇب، ئاقار سۇ.»

ئۇ، خەلق باغچىسىنىڭ ئارقا دەرۋازىسىدىن كىرىش ئۇچۇن، ئۈچىنچى يولنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى، بېكەتتە ئادەم كۆپ ئىدى. بىر ئاپتوبۇس كېلىۋېدى، ھەممەيلەن شىددەت بىلەن ئۆزىنى ئېتىپ، غايەت زور بىر قىستا - قىستاڭچىلىق پەيدا قىلدى. ئاپتوبۇستىن چۈشىدىغانلار چۈشەلمەي، چىقىدىغانلار چىقالماي، بىر - بىرى بىلەن گىرەلەشكەن ھەيۋەتلىك ئادەم قايىنمى ھاسىل بولدى. قىستا - قىستاڭچىلىق، قىيا - چىيا ئىچىدە كىملەرنىڭدۇر تىللىغان، قارغىغان، ۋايسىغان، زارلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا، ئىككى ياش يىگىت سوقۇشۇپمۇ قالدى، بىر - بىرىدىن سەت، نائەھلى تىللار بىلەن تىللاشتى، ئاپتوبۇس بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئۇلار بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇلار تىللىشىپ، ھۆرپىيىشىپ، بازلىشىپ، ئاخىر پەسكويغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، بىرى خەقلەرنىڭ دۈمبىسىدىن يامىشىپ يۈرۈپ، ئاپتوبۇسقا چىقىۋالغانىدى. بۇنداق سوقۇشۇشلار ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ ئىدى. خۇددى ئالما، نەشپۈتتەك ياكى قاتتىق - قۇرۇق مىلىچمالدەك قىستاپ، نىقتاپ پەۋەس قاچىلانغان ئادەملەر سەل - پەل مىدىرلىسىلا بىر - بىرى بىلەن ئۇسۇشۇپ، دەسسىشىپ، تۈرتۈشۈپ قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆز ئالايتىش، قاپاق ئۈچۈرۈش، دىماغ قېقىش، ئاغزىنى پۇرۇش قاتارلىق «قىياپەت جېڭى» قەدەمدە بىر بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە

هەتتا بۇ بېكەتتىن ئۇ بېكەتكە بارغىچە خېلى چوڭ جېدەللەرمۇ بولۇپ تۇراتتى. ئىشقىلىپ، بۇ ئادەملەر ھەددىدىن زىيادە قىستا ـ قىستاڭچىلىق بىلەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق تۇرمۇش ئىچىدە ياشاۋېرىپ، تەرۋاز، چېچىلغاق، سەپرا ۋە ھودۇقۇقاق بولۇپ قالغانىدى. ھىدايەتمۇ يىگىرمە مىنۇتتىن بېرى، ئاشۇنداق قىستا ـ قىستاڭ، قىيا ـ چىيا ئىچىدە ئاپتوبۇسقا چىقالماي، تىتىلداپ كەتتى، كۆڭلىنىڭ بايىقى غەشلىكلىرى تېخىمۇ كۈچەيدى، بېشى ئېسىلىپ، يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى...

ئۇ، بۇگۈنكى ئىجتىمائىي، ماددىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئادەملەرگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش بەخش ئېتىش بىلەن بىللە، قانداقتۇر «مەدەنىيەت كېسىلى» دېگەن بىر پاجىئەنىمۇ ئەكېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەممە يەردە ئوخشاش بولۇۋاتقان قىستا ـ قىستاڭچىلىق، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، ئىس ـ تۈتەك، چاڭ ـ توزان قاتارلىقلار كىشىلەرنى غەمكىن، ئۇيقۇسىز، خاپىغان قىلىپ، بېشى قايىدىغان، يۈرىكى سىقىلىدىغان ئىللەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويغانىدى...

شۇ چاغدا، ھىدايەتنىڭ خىيالىغا ئەنگلىيىلىك بىئولوگىيە ئالىمى دېگىتىسسىنىڭ: «ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىنى ئىلغارلىق دېيىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇ چېكىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانىيەت ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان ئاشۇ ۋاقىتتىن بۇرۇنلا، ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پېنى تەرىپىدىن ھالاك قىلىنغانىدى...» دېگەن سۆزلىرى كەلدى. دەرۋەقە، دېگىتىسسىن ھەقلىقتەك كۆرۈنەتتى، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات تۇغۇلۇش، ئۆسۈش، تەرەققىي قىلىش، ئاخىر بېرىپ يوقىلىشتىن ئىبارەت مۇقەررەر جەرياننى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. ئىنسانىيەتمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە، ھايات دېئالېكتىكىسى دېگەن مانا شۇ!...

ئاپتوبۇس بېكەتتە ئادەم سېلىكمىدى، بىرى كەتسە، ئىك-

كىسى كېلىپ تۇراتتى. ئاپتوبۇسلارمۇ خۇددى خەقلەرنىڭ تاما-
شىسىنى كۆرمەكچىدەك، ئىۈياقتىن كېلىپ، بىۈياقتىن كېتەت-
تى ياكى يىراقتىن توختىماقچى بولغاندەك ئاستا كېلىپ، بېكەتكە
يېقىنلاشقاندا، بىرلا ئەگىپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى...

ھىدايەت باغچىغا بېرىشتىن ۋاز كەچتى. چوڭ يولنى توغرى-
سىغا كېسىپ ئۆتۈپ، رەستە ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يۈرە-
يۈرە ئاخىر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانى-
سىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى. ئىشىك بېشىدىكى دەم يېنىپ،
دەم ئۆچۈپ، ھەرخىل شەكىللەرنى پەيدا قىلىدىغان زىننەت چى-
راغلىرى بىلەن يىراقتىن لەرزان ئاڭلىنىپ تۇرغان جاز مۇزىكى-
لىرى ئۇنىڭ مەيلىنى تارتتى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ
قەھۋەخانىغا كىردى. قەھۋەخانا قايناق ئىدى. بىرنەچچە جۈپ
ياش گىرىمسەن چىراغ ئاستىدا تانسا ئويناۋاتتى، بىر قىز يېقىمى-
لىق پەس ئاۋازدا تۈركىيىنىڭ «قارا كۆز» ناخشىسىنى ئېيتىۋا-
تاتتى. يەنە بىرمۇنچە ياشلار چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، هاراق، پىۋا
ئىچىشىۋاتاتتى. ھىدايەت چەتتىكى بىر بوش ئورۇنغا بېرىپ ئول-
تۇردى. كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىشلەرنى
يېشىۋەتتى، بايا ئەلەم ۋە غەشلىكتىن كىرىشكەن چىشلىرى بىلەن
تارتىشىپ كەتكەن يۈز بۇلجۇڭلىرى ئاستا - ئاستا بوشاشتى...

ئۇنىڭ ئالدىغا قىزىل رەختتىن كاستيۇم - يوپكا ۋە ئاق
شلەپە كىيگەن كۇتكۇچى قىز كەلدى. ئۇ بىر رومكا هاراق بىلەن
بىر شېشە پىۋا ۋە بىر تەخسە خاسىڭ مېغىزى بۇيرۇدى...

ھىدايەتنىڭ يېنىدىكى شىرەدە ئۈچ - تۆت يىگىت هاراق
ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشكەنىدى. كۆڭۈللۈك
سۆھبەتنىڭ ئۆزى بىر سەنئەت. ئادەم ئۇنىڭدىن ھەرخىل ئوزۇق
ئالىدۇ، روھلىنىدۇ، بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىگە يول ئاچىدۇ.
ئۈچ يىگىتنىڭ قىزغىن، غەلىتە پاراڭلىرى ئىختىيارسىز ھالدا
ھىدايەتنىڭ دىققىتىنىمۇ ئىۆزىگە تارتتى. ئىۇلارنىڭ ئىچىدىكى

تاقىر باش، سودىگەر سۇپەت بىرى تېلېۋىزور توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى:

— ئاغىنىلەر، تېلېۋىزور دېگەننى كىم ئىجاد قىلغان بىلەمسىلەر؟ مەن سىلەرگە ئېيتسام: جەمشىت بىر كۈنى جاھاننەمىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كىمنىڭدۇر بىر پاي ئۆتۈكىگە بىر چاشقاننىڭ يەتتىنى تۇغۇپ قويغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇ ھامان جەمشىتنىڭ خىيالىغا: ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆتۈكىنى كىيسە، يەتتە چاشقان بالىسىنىڭ تاسادىپىي مىجىلىپ ئۆلۈپ قالىدىغانلىقى كېلىپتۇ - دە، دەرھال جاھاننەما ئارقىلىق، جەبرىلساقتىن جەلمىساققىچە خەۋەر بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئۆتۈكنىڭ ئىگىسى بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپلىنىپ، ئۆتۈكنى كىيمەي، چاشقان بالىلىرىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قاپتۇ. جاھاننەما دېگەننىڭ ئۆزى تېلېۋىزور شۇ! ئۇنى ئاللىقاچان بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئىجاد قىلىپ قوللانغان!

تاقىرباش يېنىدىكىلەرگە «قانداق؟» دېگەندەك بېشىنى سىلاپ، تەكەببۇرانە قاراپ قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناۋات رەڭ نىلون شىلەپە كىيىۋالغان بىرى قايىل بولمىغاندەك ئېتىراز بىلدۈردى:

— جاھاننەمىنىڭ تېلېۋىزور توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر ئىكەنلىكى راست، لېكىن سەن جەمشىت بىلەن يەتتە چاشقان توغرىسىدىكى گەپنى ئۆز يېنىڭدىن قوشۇۋاپسەن!

تاقىر باش بىلەن شىلەپىلىك مۇنازىرىلەشمەكچىدەك، تەمشىنىپ، دىكىنىپ تۇرۇۋېدى، ساقىي قولىنى شىلتىپ، ئۇلارنى ھاراقچا زورلىدى:

— بولدى - بولدى، ھاراق ئىچەيلى! — دېدى ئۇ ۋە تاقىر باشقا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويدى، — سەن تېلېۋىزورنى كىمنىڭ ئىجاد قىلغانلىقى بىلەن ھەپىلەشمەي، گۇاڭجۇدىن ئەكەلگەن ماللىرىڭنىڭ غېمىدە بول. بولمىسا، جەمشىت ھېلىقى جاھاننە-

مىدا سېنىڭمۇ سىرىڭنى بىلىۋالمىسۇن، يەنە؟

ساقىي ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم هاراق قۇيدى، ئۈچىنچى قېتىمغا كەلگەندە، تاقىر باش ئۆزىنى تارتتى.

— بولدى، ئەمدى ئىچمەي، كۆزۈمگە زىيان قىلىدىكەن، — دېدى ئۇ جىيەكلىرى قىزىرىپ، ياشاڭغىراپ قالغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، — مانا، هازىرلا ئاغرىشقا باشلىدى…

— قورقما، ئاداش، — دېدى هېلىقى شىلەپىلىك ئۇنى بەزلەپ، — هازىر سىرىلانكا مەملىكىتىنىڭ كۆز ئىسكىلاتىدا ئون مىڭدىن ئارتۇق كۆز ساقلىنىۋاتىدۇ، ئۇنى ساڭا ئوخشاش ئەمالارنىڭ كۆزى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ يورۇقلۇقى ئۈچۈن تۆهپە قوشماقچى!

— ئون مىڭ بولسا هېچ گەپ ئەمەس ئىكەن، — دېدى يەنە بىرەيلەن گەپكە ئارىلىشىپ، — پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەمەس، جۇڭگونىڭ بىر ئۆلكىسىدىكى قارىغۇنى يىغسىمۇ ئون مىڭدىن ئاشىدۇ.

— توغرا دېدىڭ! — دەپ ئۇنى قۇۋۋەتلىدى ساقىي، — جۇڭگو دېگەن ئادەم دېڭىزى… دېڭىزلا ئەمەس، ئادەم ئوكيانى! ئەگەر جۇڭگو خەلقىنى ئۆچىرەتتە تۇرغۇزۇپ، بىر ئىشىكتىن ئۆتكۈزىدىغان بولسا، سەكسەن يىلدا ئاران ئۆتۈپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتۈپ بولغانلىقىنى سەن بىلەن بىز ئەمەس، بالىلىرىمىزمۇ كۆرەلمەيدۇ…

يەنە بىرەيلەن تېخىمۇ قىزىق بىر سانلىق مەلۇماتنى ئېيتتى:

— ئاڭلىشىمچە، جۇڭگو خەلقىنى تۆت قاتار تۇرغۇزۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ يەلكىسىگە دەسسەتسە، ئەڭ ئۈستىدىكى تۆتى ئايغا چىقالايدىكەن…

— هەي ئاغىنىلەر، — دېدى ساقىي بوشىغان رومكىلارغا هاراق تولدۇرۇۋېتىپ، — هەممە گەپنى قويۇپ، هازىر دۇنيادا ئېقىۋاتقان ئىشنىڭ گېپىنى قىلىڭلار!

— ئېقىۋاتقان ئىشنىڭ گېپى نېمە؟ — قىزىقىپ سورىدى تا-
قىر باش.
— ھازىر دۇنيادا ئېقىۋاتقان ئىشنىڭ گېپى مۇنداق، —
دېدى ساقىي قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈپ، — ئامېرىكىنىڭ
پۇلى، ئىنگلىزنىڭ تىلى، ياپوننىڭ مېلى، جۇڭگولۇقنىڭ گې-
لى! بۇنىڭدىن باشقا ئىشلار توغرىسىدىكى گەپ ھېچكىمنى قىزىق-
تۇرمايدۇ!
يەڭگىل كۈلكە كۆتۈرۈلدى...
ئۇلارنىڭ سۆھبىتى، پارىڭى ئەنە شۇ يوسۇندا ئۈزۈلمەي،
پات - پات ماۋزۇ يۆتكەپ، قىزىق داۋام قىلىۋاتاتتى.
ھىدايەت ئۇلارغا قىزىقىپ قالدى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ساد-
دا، سەمىمىي ئىدى، كىم نېمىنى بىلسە، تارتىنماي ئېيتىپ،
بىردەم بولسىمۇ كۈلۈشۈپ، كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىشاتتى.
ھىدايەت يەنە ئاڭلىماقچى بولۇپ، ئورۇندۇقنى ئۇلار تەرەپكە
سەل - پەل قىيسايتىپ تۇرۇۋېدى، قەھۋەخانىدا تۇيۇقسىز سال-
مان پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇ بىر يەردىن موتىسكلىت بىلەن
كەلگەن بولسا كېرەك، بىر قولىدا قىزىل شامال قالپىقى، بىر
قولىدا خۇرۇم سومكىسى بار ئىدى. ئۇ كىرىپلا ھىدايەتنى كۆر-
دى، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى، سالمان چىشلىرىنى
غۇچۇرلىتىپ ئالايدى، ھىدايەتمۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، قېشىنى ئۇ-
چۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدا ئۇ، سالماننىڭ يېرىم - يارتا ئېچىلغان
لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇدۇلدىكى بىر جۈپ ئالتۇن چىشنى
كۆردى. ئالىيېشىل چىراغ نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان بۇ بىر جۈپ
چىشنىڭ ئۇياتلىق تارىخى ھىدايەتكە مەلۇم ئىدى. شۇ ھامان
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يەتتە يىل بۇرۇنقى ئاشۇ بىر ۋەقە غىل -
پال ئۆتتى...
خانقىز پراكتىكىغا چۈشكەن ھېلىقى مەكتەپتە ھىدايەتمۇ بار
ئىدى. ئۇ سالماننىڭ خانقىزغا ياردەملىشىمەن، دەپ كېچە -

كۈندۈز ئۈنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغانلىقىدىن بىر شۇم غەرەزنىڭ
شەپىسىنى سەزگەندەك بولۇپ، ھېلىقى كۈنى — خانقىز ئالداـ
غان، بىھوشلانغان كەچتە، ھىدايەتنىڭ كۆڭلى بىرنەرسىنى تۇيـ
غاندەك، ئۇنى ئىزدىدى، ھېچ يەردىن تاپالماي، كۆڭلى دەككەـ
دۈككىگە چۈشۈپ تۇرغاندا، بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭ سالماننىڭ
ياتىقىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ھىدايەت تېخىمۇ جىددىيـ
لىشىپ، سالماننىڭ ياتىقىنى ئىزدەپ تاپتى، ياتاق مەھكەم تاقاقـ
لىق ئىدى. بىر ـ ئىككى قېتىم چېكىۋېدى، شەپە ئاڭلانمىدى.
ھىدايەتنىڭ كۆڭلىگە تېخىمۇ گۇمان چۈشتى، ئۇ بىنادىن ئالدىـ
راپ چۈشۈپ، سالماننىڭ دېرىزىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قارىياغاچقا
يامىشىپ چىقتى. گەرچە دېرىزىنىڭ پەردىسى چۈشۈرۈلگەن بولـ
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كىچىككىنە يىرىلىشىپ قالغان يوچۇقىدىن،
ھىدايەت ياتاقتىكى سىر ـ ئەسرانىڭ ھەممىنى ئوچۇق كۆردى،
شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆزلىرى تورلاشتى، پەي ـ سىڭىرلىرى تارتىـ
شىپ، پۈتۈن جىسمى لەرزىگە كەلدى، كۆپچۈگەن تومۇرلىرىدىـ
كى قان بەئەينى يۇقىرىدىن ئۇقچۇپ چۈشكەن تاغ سۈيىدەك
شۇۋۇلدايتتى...
لېكىن، ئۇ غەزەپ، ئەلەمنى ئىچىگە يۇتتى، ئەگەر شۇ
چاغدا ياتاققا بۆسۈپ كىرىپ، سالمان بىلەن ھېسابلىشىمەن دېسە،
ئېھتىمال خانقىزدا كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار يۈز بېرىشى مۇمكىن
ئىدى...
ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇ بىر ئاغىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ،
سالماننى ئۈچ سائەت پايلىدى، ئاخىر كەچتە، ئارقا يول بىلەن
ئۆيىگە كېتىۋاتقان يەردە ئالدىنى توسۇپ: «قىلغان ئىشىڭ ئۆـ
زۈڭگە ئايان، سالمان! ئەل قىساسى مىنەلھەق!» دەپلا، مۇشت
سالدى، سالمان نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھودۇقۇپ تۇرغاندا،
ھىدايەتنىڭ ھېلىقى ئاغىنىسى بىر كاللا بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى ـ
بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى، كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەتكەن سالمان:

«ۋايجان!» دەپ، قان ئاربلاش ئالقىنىغا چۈشكەن ئىككى دانە چىشىنى سىقىمداپ ئولتۇرۇپ قالدى... ھىدايەت بۇ ئىشنى ھېچ-كىمگە تىنمىدى، بۇ ھازىرغىچە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ ئاچچىق بىر سىر بولۇپ كېلىۋاتاتتى...

سالمان تېخىچە ھىدايەتتىن كۆزىنى ئۈزمەي گۆلىيىپ تۇراتتى. ئۇ ھىدايەتنىڭ يېقىندىن بېرىقى ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا، بۇگۈن كۆڭلىگە بىر هارام نىيەتنى پۈكۈپ، ئۇزۇندىن بېرى يۈرىكىنى ئازابلاپ كەلگەن قورساق كۆپۈكىنى چىقارماقچى بولدى...

ھىدايەتنىڭمۇ كۆڭلى تويدى، ھاراقتىن يەنە بىر رومكا ئىچىپ، نېمە ئىشلارنىڭ بولۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ بىر تۇرلۇك ئەركەك قان شۇۋۇلداشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى ئادەم پەيدا بولدى، ھەر ئىككىسى يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدىكى چاچلىرى گەدەن ياپقان، ئىنچىكە بۇرۇت قويۇپ، قول ۋە بىلەكلىرىگە شۇڭقارنىڭ، بۆرىنىڭ رەسىملىرىنى چېكىۋالغان، بەستلىك، گىرۋى يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار كېلىپلا ھىدايەتكە «ئورۇننى بوشات!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ھىدايەت پىسەنت قىلماي ئولتۇرۇۋەردى، بىرى، ئۇنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ، دۆشكەلەشكە باشلىدى، يەنە بىرى، سەت گەپلەر بىلەن تىل سالدى...

شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن بىر مۆجىزىلىك ئىش يۈز بەردى: چەتتىكى شىرەدە پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغان تۆت يىگىت لوڭڭىدە ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ھېلىقى ئىككى لۈكچەكنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ھۆكۈمەت گاڭگۇڭغا مۇكاپات بەرمەيدۇ، ئاغىنە! — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى مازاق قىلىپ، — جاھاننىڭ ئىگىسى بار، قولۇڭ بىلەن ئاغزىڭنى يىغىش!

ئىككى لۈكچەك بۇلارنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ قويۇپ، ھورىدىن چۈشتى...

بۇ تۆتەيلەن مۇسكۇللىرى يېتىشكەن، كۆزلىرى يولۋاسنىڭ كۆزىدەك چاقناپ تۇرغان بېجىرىم يىگىتلەر ئىدى.

ھېلىقى ئىككىسى سولىشىپ كەتكەندىن كېيىن، يىگىتلەرمۇ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ھىدايەت ئۇلارنى تۇتۇپ قالدى:

— تونۇشايلى، ئولتۇرۇڭلار، مەن ھازىر تازىمۇ ئادەم سېغىنىپ قالدىم، — يىگىتلەر ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھىدايەت يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھىممىتىڭلارغا رەھمەت، لېكىن مەن سىلەرنى تونۇمىدىمغۇ، ئۇكىلار؟

— بىز سىزنى تونۇيمىز، ئاكا، — دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرى، — سىز ھىدايەت قاۋۇلغۇ، دەيمەن. بىز سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان، سۈرىتىڭىزنى گېزىت - ژۇرناللاردا كۆرگەن! ماۋۇ ئىككىمىز ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيمىز، ماۋۇ ئىككىيلەن خىمىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ، لېكىن تۆتىلىمىز ئەدەبىيات ھەۋەسكارى! بايا قارىساق، ئاۋۇ ئالتۇن چىشلىق خوجايىن سىزگە خىرىس قىلغاندەك قىلدى، ئەلپازىمۇ يامانراق. لېكىن ئۆزى كەلمەي، ئىككى چوماقچىسىنى ئىشقا سالدى. ئاراڭلاردا بىرەر يوشۇرۇن ئاداۋەت بولسا كېرەك!؟

— ئەدەبىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، بۇ بىر نامەردلىك شەجەرىسى، — دېدى ھىدايەت قىسقىلا چۈشەندۈرۈپ، — ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن ئىش ئىدى، لېكىن نامەرد ئادەم چىدىماس، قىساسخور كېلىدىكەن! قويۇڭلار، ئۆزىمىزنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشايلى. يېقىندىن بېرىقى ئۆگىنىش ۋە ئىجادىي ئىشلىرىڭلار قانداقراق؟ يېڭى نەرسىلەرنى يازدىڭلارمۇ؟

يىگىتلەرنىڭ بىرى پوسۇققىدە دەۋەتتى:

— يېڭىنى يازغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى، ھىدايەت ئاكا؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ھىدايەت ھەيران بولغاندەك سورىدى.

يىگىتلەرنىڭ يەنە بىرى قىيىدىغاندەك تەلەپپۇزدا چۈشەندۈردى:

— كونىسى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا دۆۋىلىنىپ ياتسا، بىرەر مۇھەررىر يا ئۇنداق، يا بۇنداق دەپ گەپ قىلمىسا، ئادەمدە يېڭىنى يېزىشقا ھەۋەس ـ ئىشتىياق بولمايدىكەن! ئەھۋالدىن قارىغاندا، ژۇرنالغا يۇزى چوڭ، كاتتىلاردىن باشقا بىزدەكلەرنىڭ ئەسەرلىرى يېقىن يولىيالمايدىغان ئوخشايدۇ!

ھىدايەت ئاسماقچىلاپ سورىدى:

— بىزنىڭ مۇھەررىر بۆلۈمگە ئەسەر ئەۋەتكەنمىدىڭلار؟

— ئەۋەتكەن، ئۆزۈمنى قويۇپ تۇراي، ماۋۇ ئاغىنەم ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە پارچە شېئىر ۋە نەسر ئەۋەتتى. بەش ئايدىن بېرى تىۋىش يوق، قولىقىمىز تەھرىر بۆلۈمدە، كۆزىمىز ژۇرنال ـ دا. ئاخىر بۇ ئاغىنەم چىدىيالماي، «مۇھەررىرگە سوئال» دېگەن يېڭى شېئىر يېزىپتۇ. بايا ھەممىمىز ئوقۇپ قايىل بولدۇق.

— قېنى ئۇ شېئىر؟ — ھىدايەت ئالدىراپ سورىدى، — كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟

— بولمامدىغان، — ھېلىقى يىگىت يېنىدىكى ھەمراھىنى نوقۇدى، — قېنى، ھېلىقى شېئىرىڭنى ئاله.

— قويغىنا... ، — دېدى شېئىر ئاپتورى خىجىل بولغاندەك تولغىنىپ، — ئانچىكىم يېزىپ قويغان نەرسە تۇرسا...

— بولدى، نازلانماي ئاله، — دېدى يەنە بىر يىگىت ئۇنى قىستاپ، — ھىدايەت ئاكام ئەھۋالىمىزنى ئۆزى سورىدى، شې ـ ئىرنىمۇ ئۆزى كۆرۈپ باقاي دەۋاتىدۇ!

— ئېلىڭ، كۆرۈپ باقاي، — دېدى ھىدايەتمۇ ئىلھام بې ـ رىپ، — ھەرقانچە بولسا، بىزگە بولغان تەنقىدتۇر؟

يىگىت شېئىرنى تەسلىكتە چىقاردى، ھىدايەت بىر تەرەپتىن كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن كۇلۇشكە باشلىدى، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ كۇلكە ئۇنىڭ ئاشۇ تۈت يىگىتكە قىلغان ھەشقاللىسى،

رەھمىتى ئىدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بولسا، ئۆز خىزمىتىنىڭ بوشلۇقلىرىغا نىسبەتەن قاتتىق ئېچىنىش ۋە ئۆكۈنۈش بار ئىدى...

— ياخشى، ناھايىتى ياخشى! — دېدى ئۇ ئارقا - ئارقىدىن بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئەسەر ئەۋەتىپ، بەش ئايغىچە جاۋاب ئالالمىغان ئاپتورنىڭ ئۇنچىلىك ئاچچىقى بولمىسا بولامدۇ؟ ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق يازاتتىم! ...

ھىدايەت تۆت يىگىت بىلەن يەنە ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، سائەت ئون ئىككىدىن ئاشقاندا، «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىدىن قايتىپ چىقتى. يول بويى يەنە ئۇنى قاتمۇ قات خىياللار چىرمىۋالدى. توۋا، ھايات شۇنداق گۈزەل، تۇرمۇش شۇنداق شېرىن تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن يەنە غەلىتە، كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىدۇ - ھە! ؟ ھايات ئاشۇنداق گۈزەل، شېرىن ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن كىشىلەرگە ھەمىشە بەخت ۋە خۇشاللىق بەخش ئەتسە بولمامدۇ؟ ! ھەي - ي ! ... ھاياتتا ھامان يوچۇق بولىدىكەن، ھەممە ئىش ئۈمىد قىلغاندەك ئۇنداق مۇكەممەل بولۇپ كەتمەيدىكەن! ...

شۇنداق، تۇرمۇش ھەمىشە كۆپكۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، تەبەسسۇم كۈلكىسىگە چۆمۈۋەرمەيدۇ، بەزىدە مۇدھىش بوران - چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىدىن ئىڭرايمۇ قالىدۇ. قۇياش نۇرى بولغىنىكەن، كۆلەڭگە بولىدۇ؛ تۈز يول بار يەردە، ئەگرى يولمۇ بولىدۇ؛ تاتلىق بولغانىكەن، ئاچچىقمۇ بولىدۇ... ھايات دېگەن ئەنە شۇ!

ھىدايەت بىر چاغلاردا ئوقۇپ، خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالغان چېرنىشېۋسكىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېسىگە ئالدى: «تارىخنىڭ يولى نېۋانىڭ چوڭ كوچىسىدىكى پىيادىلەر يولى ئەمەس، ئۇ پۈتۈنلەي كەڭ دالىدىكى ئىلگىرىلەش يولى، ئۇ بەزىدە چاڭ -

تۇزانلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، بەزىدە پاتقاقلىقلارنى كېزىدۇ، بەزىدە سازلىقلارنى توغرىسىغا كېسىپ ماڭىدۇ، بەزىدە ئورمانلىقلاردىن ئۆتىدۇ!»

ھىدايەت ئۆزمەي تاماكا چېكىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ كېلى-ۋاتاتتى. ئادەملەر شالاڭلىشىپ، ماشىنىلار ئازلاپ قالغان، شەھەر كوچىلىرى مۆڭلىنىپ، ئۇمچەرەپ تۇراتتى. ھاۋا دىمىق، قوغۇ-شۇندەك ئېغىر ئىدى. ئاسماندا بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى...

بىر چاغدا، ھىدايەتنىڭ قۇلىقىغا تۇيۇقسىز بىر نەرسىنىڭ ئېغىر تىنغان، پۇشۇلدىغان، ھاسىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ھىدايەت قەدىمىنى توختىتىپ، ئارقا ـ ئالدىغا قارىدى، ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا، ماشىنىلار غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە، تانسا، ئولتۇرۇشلاردىن يانغان قىز ـ يىگىتلەر گىرەلىشىپ، پىچىرلە-شىپ ھايات پەيزىنى سۈرمەكتە. بىرنەچچە مەستلەر ئالتاغىل دەسسەپ، بوشاپ قالغان شەھەرنى ئۆزلىرىچە بېشىغا كىيمەكتە...

لېكىن، ھېلىقى ئاۋاز ھىدايەتكە يەنە ئاڭلانغاندەك بولدى، بەلكى بارغانسېرى كۈچەيگەندەك تۇيۇلدى. ھە... ھىدايەت ئەمدى بىلدى، بۇ ئاۋاز باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سېزىمىدە پەيدا بولغان ئاجايىپ مۆجىزىلىك بىر ئاۋاز ئىدى. شۇ تاپتا، يەر تىنىۋاتاتتى، خورسىنىۋاتاتتى، ھاسىراۋاتاتتى... ھىدايەت ھەمدەردلىك بىلەن خىتاب قىلدى:

ھەي، زېمىن! نېمانچىۋالا ئېغىر تىنىسەن، نېمانچىۋالا خورسىنىسەن، نېمانچىۋالا ھاسىرايسەن؟! پاك ۋە كەرەملىك بەستىڭدە ئاشۇنداق ھارام نىيەت، سۇيىقەستچى ئادەملەرنىڭ، ئىت ـ مۈشۈكتىنمۇ بەتتەر ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلارنىڭ ھايات يۈرۈۋاتقانلىقىغا ئەپسۇس چېكىۋاتامسەن؟! مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن! لېكىن، ئامال قانچە؟!...

تەگرىدىن ئاۋاز: شۇنداق، ئامال قانچە! تەبىئەتنىڭ

كۆكسى ـ قارنى شۇنداق كەڭ. ئۇ ئەڭ گۈزەل ۋە ئېسىل نەرسىلەرنى يارىتىش بىلەن بىللە، ئەڭ خۇنۇك ۋە ئىپلاس نەرسە-لەرنىمۇ تەڭ يارىتىدۇ. بەلكىم بۇ ئۇنىڭ ئاقىلانە سىلىشتۇرمى-سىدۇر! مۇشۇ سىلىشتۇرما ئارقىلىق، كىشىلەر گۈزەللىكنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ، ئىپلاسلىقلاردىن يىرگىنىدۇ! ھەي، خاسىيەت-لىك زېمىن! بولدى، تولا ئەپسۇسلانما! ئۇ ئادەملەر سېنىڭ ئانا سۇتىدەك پاك ۋە ھالال بەستىگىدە ھەرىكەتلىنىپ يۈرگىنى بىلەن سېنى بۇلغىيالمايدۇ. ئاخىر ئۆزىنى ئۆزى بۇلغاپ، بۇ دۇنيادىن نەپرەت ۋە لەنەت بىلەن ئۆتۈپ كېتىدۇ!...

4

بۈگۈن ھىدايەت مەسىلە تاپشۇرماقچى!

خۇددى بۇ ئىشنىڭ بېشارىتىدەك، كىمدۇر بىرى كېچىچە شېئىر يېزىپ، «خىتاب» دېگەن نام بىلەن كارىدورنىڭ بىر بۇرجىكىگە چاپلاپ قويۇپتۇ. كىشىلەر ئىشقا چۈشۈپلا بۇ بىر ۋاراق قەغەزنى بەس ـ بەس بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى:

«ھەي ھىدايەت، ھىيلە ـ نەيرەڭ ھېچنېمىگە
ئەرزىمەس،
ياش گۆدەكلەرمۇ ھۇۋقۇشنى ھېچقاچان بۇلبۇل
دېمەس.
خام ـ خىيالدىن نېمە پايدا؟! ئەمدى باش
ئەگمەك كېرەك!
بار جىنايەتنى تونۇپ، بىر ـ بىر ھېساب
بەرمەك كېرەك!»

قىزىق، ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتەر ـ ئۆتمەي، يەنە كىم-

ـدۇر بىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، «ھەقىقەت»
دېگەن نامدا يېزىلغان بىر كۇپلېت شېئىرنى ھېلىقى قەغەزنىڭ
يېنىغا چاپلاپ قويۇپتۇ. بۇنىمۇ كىشىلەر بىر ـ بىرىگە خەۋەر
قىلىپ، بەس ـ بەستە ئوقۇشقا باشلىدى:

«گەر توخۇ قالىسمۇ زۇڭتۇڭ سايلىنىپ،
يۇرىدۇ سۇيدۇكتە ئاغزى مايلىنىپ.
گەرچە ئۇ تاج كىيىپ تۇرغىنى بىلەن،
گەندىنى تاپىدۇ چوقۇم ئايلىنىپ!»

ئىدارىدىكىلەرنىڭ پۈتۈن دىققىتى — مۇھاكىمىسى، مۇنازىـ
ـرىسى، غۇلغۇلىسى ئاشۇ ئىككى ۋاراق قەغەزگە مەركەزلەشكەنىـ
ـدى. يەنە كىمدۇر بىرى بۈگۈنكى يىغىنىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى
چېچىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، كىشىلەرنى جانلاندۇرۇۋەتكەن بۇ ئىكـ
ـكى ۋاراق قەغەزنى تامدىن يۇلۇۋالدى ۋە پۇرلەپ ـ پۇرلەپ
ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى...
ھىدايەتنىڭ بۈگۈنكى مەسىلە تاپشۇرۇش يىغىنى كەڭ دائىـ
ـرىلىك ئۇيۇشتۇرۇلمىدى. پەقەت ھەرقايسى بۆلۈم ـ ئىشخانىلارـ
ـنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرلا قاتناشتى. ئۇـ
ـچىنچى قەۋەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زالدا يىگىرمە نەچچە ئادەم يىـ
ـغىن رەئىسىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ھىدايەت كىچىككىنە سومكىـ
ـسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ئۈچىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا،
پەلەمپەيدە شۆھرەت ئۇچرىدى ۋە ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىگە سىنچىلاپ
قاراپ مۇنداق دېدى:
— دوستۇم، قارا، چىرايىڭنى! پۈتۈن غەزەپ، ئاچچىق كۆـ
ـزۈڭ بىلەن يۈزۈڭگە چىقىپتۇ! ئاچچىقلانما، كۆڭلۈڭنى كەڭ
تۇت! ئاچچىق دېگەن ئادەمنى مىتە يېگەن بۇغدايدەك ئىچىدىن
ئېلىپ قويىدۇ. بىلەمسەن، دۇنيادا ئۈچ مەشھۇر ئادەم ئاچچىق

يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. بىرى، جۇڭگودىكى سۇن جۇڭشەن، بىرى، ھىندونېزىيىلىك سوكارنو، يەنە بىرى، ئىرانلىق ئەخمەت رىزا پەھلىۋى! بۇ ئۈچ زات ئۆمرىدە ئاچچىق يۇتۇپ، پۇشايمان قىلىپ، خاپىغان بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمدى تۆتىنچىسى سەن بولۇپ قالمىغىن! ھەرقانداق پىتنە ـ پاسات، بوھتانلارنى كۈلۈپ تۇرۇپ رەت قىلمىز! بولمىسا، ئۇنى توقۇغانلارنىڭ خورىكى ئۆسۈپ قالىدۇ!...

خىزمەتدىشىنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرى ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا تەسىر قىلدى، چىرايى ئېچىلىپ، كۆڭلىمۇ پۈتۈن بولۇپ قالدى.

ئۇ، زالغا كىرىپ ئەمدى ئولتۇرۇۋېدى، يىغىن رەئىسى ھېكمەت سوپىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۈچ كىشىلىك ساپانىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىنى ئارقىغا قاڭقايتىپ، ئىككى قولىنى ئىككى ياققا كاۋا پېلىكىدەك يېيىپ ئولتۇردى. ھېكمەت سوپى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاشۇنداق كەڭ ئورۇننى يالغۇز ئىگىلەپ، كېرىلىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئاشۇنداق ئولتۇرغاندا، يالغۇز راھەتلىك، ئازادىلىك بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، ھۆكۈمرانلىق سالاھىيەتنى ۋە چوڭ باشلىققا خاس سالاپەتنى نامايان قىلغىلى بولاتتى. لېكىن قىزىقى شۇكى، بەزى ۋاقىتلاردا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەقىدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپ ھالدا، بەدىنى ھەتتا كاسىسىنىڭ يېرىمىمۇ سىغمايدىغان ئورۇنلارغا خۇددى سالمىدەك بېشىنى تىقىپ، قىستىلاتتى. بۇنداق ئورۇنلار ھەرقانچە كىچىك، قىستاڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زادىلا قىسىلىش، بىئاراملىق ھېس قىلمايتتى. بەلكى ئۆزىنى ھەممىدىن يۇكسەك، ھەممىدىن ئابرۇيلۇق ئولتۇرغاندەك سېزەتتى. شەكسىزكى، بۇنداق ئورۇنلار ئۆزىدىن چوڭ باشلىقلارنىڭ يېنىدىن چىقىپ قالغان ئىشىك يوچۇقىدەك بوشلۇقلار بولاتتى، ئەلۋەتتە!

ھېكمەت سوپى قارامتۇل، كاپچاق يۈزىگە سۈرلۈك تۈس

بېرىپ، يىغىننى ئاچتى. ئەزمىلىك بىلەن ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە ۋەھىمە، شوئار ۋە تەنبىھ بار ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن يىغقان ھاياجىنىنى ئەنە شۇ بەش مىنۇتلۇق «ئۇلۇغ» سۆزلەرگە سەرپ قىلىپ بولدى. ئۇ، تۇرۇلۇپ، دىكىنىپ، چىڭقىلىپ بىر ھازا سۆزلىگەندىن كېيىن:

— ئەمىسە، ئالدى بىلەن ھىدايەتنىڭ مەسىلە تاپشۇرۇشىنى ئاڭلايمىز! رەھبەرلىكنىڭ قولىغا يەتكەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مەسىلىسىنىڭ خاراكتېرى ئېغىر! مەن رەھبەرلىككە ۋاكالىتەن ئۇنىڭ سەمىمىي، ياۋاش ۋە راستچىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن! — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپ، خۇددى ئۇزۇن يولدا ھارۋا تارتىپ چارچىغان كالىدەك، پۇشۇلداپ جىم بولدى.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى ھىدايەتكە تىكىلدى، ھىدايەت سومكىسىنى ئېچىپ، بىرمۇنچە پارچە - پۇرات قەغەزلەرنى ئالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۆزلەشكە ھازىرلاندى.

ئۇ ھېكمەت سوپى ئۈمىد قىلغاندەك، جەزمەن ياۋاش، راستچىل بولالايدۇ، قويرۇقىنى قىسىپ غادايمايدۇ، ئەدەپ ۋە ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان ھەرخىل ئىپادىلەرنىمۇ كۆرسىتەلەيدۇ. ھېكمەت سوپىدەكلەرگە ئوخشاش كۈلەلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئايرىم سۆزلىرىنى چۈشىنىدۇ، قوبۇل قىلالايدۇ! كۆڭلى خالىمىسىمۇ، بەزى ئىشلاردا يول قويۇپ، ئۇلارغا «ياخشى» كۆرۈنەلەيدۇ! لېكىن، پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھېچكىمگە يول قويمايدۇ، قەتئىيلىكىنى يوقاتمايدۇ، مۇجمەللەشمەيدۇ! بۇ جەھەتتە ئۇ، «يۈزۈمگە تۈكۈرسەڭ قۇرۇپ قالىدۇ» دەيدىغان غۇرۇرسىز ئادەملەردىن ئەمەس! ئۇنىڭ بۇ خىل قاتتىقلىقى، جاھىللىقى، غۇرۇرى ۋە مۇنازىرىگە ئامراقلىقى ئۆزىگە بەكمۇ يارايدۇ، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنىڭ بۇ مەۋقەسىنى يوقاتقان ئەمەس!

بۈگۈنكى مەسىلە تاپشۇرۇشتا، ئۇنىڭ ئاشۇ مىجەزى يەنە بىر

قېتىم تولۇق نامايان بولدى.

— مېنى «خوتۇن ئوغرىسى» دەپتۇ! — دېدى ئۇ گەپنى قاپ بەلدىنلا باشلاپ، — مەن بۇنى چۈشەندۈرۈشتىن باش تارتىمەن، چۈنكى، بۇ مېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇمغا تەئەللۇق ئىش! ئەگەر تەشكىل بۇنىمۇ مەسىلە قاتارىدا تاپشۇرسەن دېسە، ئۇ چاغدا، ئالدى بىلەن ئۆيدىكى خوتۇنۇم بىلەن بىر ياشقا كىرگەن ئوغلۇم-دىن، ئاندىن بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن تەكشۈرۈپ، مېنىڭ راستىنلا «خوتۇن ئوغرىسى» ياكى ئىنساپ-پەرۋەر ئىكەنلىكىمگە ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ!

زالدا يېنىك تەۋرەش بولدى، بەزىلەر پىخىلداپ كۈلۈشتى، بەزىلەر كۇسۇلداپ سۆزلىشىشتى.

— مېنى «ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پېشقەدەملەرنى چەتكە قاقتى، ژۇرنالنى پۈڭلۈق يېرىگە ئايلاندۇرۇۋالدى! » دەپتۇ، — سۆزىنى داۋام قىلدى ھىدايەت سالماق بىلەن، — دەرۋەقە، ھازىر ئىسلاھات دەۋرى بولغاچقا، تەھرىر بۆلۈمدە بەزى يېڭى قائىد-ە - تۈزۈملەرنى ئورناتتىم. بۇنىڭ بىرى: «ژۇرنال سەھىپىسى ئالدىدا ھەرقانداق ئادەم ئاددىي ئاپتور سۈپىتىدە ئوخشاش! » دېگەندىن ئىبارەت. بۇ تۈزۈم ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، قەلىمى قېتىپ قالغان بەزى پېشقەدەملەر، چوڭلار ئىچىدىكى بەزى ھە-ۋەسكارلار ژۇرنال يۈزىدە كۆپ كۆرۈنمەي قالدى، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇلار چەتكە قېقىلدى. لېكىن مەن بۇنى «چەتكە قې-قىش» دەپ قارىمايمەن! چۈنكى، ئىجادىيەتتە ئېتىبار قىلغىلى، ئابرۇيغا، يۈزىگە قاراپ ئەسەر بېكىتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدا كىمنىڭ بىڭىسى بولسا، شۇ ئۆزۈپ كېتىۋېرىدۇ. لېكىن، بۇرۇن بىزدە ئاشۇنداق بىنورمال ھادىسىلەر بولغان. تونۇشلۇقى يوق ياشلارنىڭ تەھرىر بۆلۈمگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلىرى ئايلاپ - ئايلاپ يېتىپ قالىدىغان، لېكىن بەزى ئەسەرلەر تېخى ئاپتورنىڭ قولىدىن چىقماي تۇرۇپلا «پالانچىنىڭ، پوستانچىنىڭ» دەپ مۇد-

ـدەرىجىگە ئۇرۇنلاشتۇرۇلـىدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولدى. مەن بىرنەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا مۇنداق بىر شېئىرنى كۆرۈپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم. سىلەرمۇ ئاڭلاپ بېقىڭلار، ئاز ـ تولا بىر نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسە ئەجەب ئەمەس! — ھىدايەت سومكىـسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى، بۇ ھېلىقى كۈنى «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىدا قولغا چۈشكەن «مۇھەررىرگە سوئال» دېگەن شېئىر ئىدى. ھىدايەت شېئىرنى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئۇنـلۈك ئوقۇدى:

مۇھەررىر ئاكا، يوللايمىز سالام،
تېنىڭىز ساق، تۇرغانسىز ئامان!
ئىجاد ئىشقى ئۆرتىگەچ دىلنى،
يازدۇق نۇرغۇن ھېكايە، داستان!

لېكىن ئاكا، بىز يازغان ئەسەر،
«ناباب» كېلىپ، چىنىپ قالدىمۇ؟!
ئىشلىتىلمەي ئۇزاقتىن بېرى،
ساقمۇ ياكى سېسىپ قالدىمۇ؟!

يا بولمىسا، يېڭىدىن چەتنەپ،
كونا گەپنى سېتىپ قالدىمۇ؟!
ئىلگىرىكى ئىلھام «دۆلدۈلى»،
پاتقاقلارغا پېتىپ قالدىمۇ؟!

ياش بوغۇنلار يارىماس بولۇپ،
ئۇلارنى چاڭ بېسىپ قالدىمۇ؟!
يۈز ـ ئابرۇيى، نام ۋە مەرتىۋە،
ئەقلىڭىزنى كېسىپ قالدىمۇ؟!

— مېنىڭچە، بۇ شېئىرنى يولداشلار تەھلىل قىلىپ، ئويلىشىپ باقسا بولىدۇ. ژۇرنال پارتىيىنىڭ تەشۋىقات قورالى، كەڭ ئەدەبىياتچىلار ئاممىسىنىڭ ئىجادىيەت كۆرەك مۇنبىرى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ھەرگىزمۇ ئايرىم «يۇزلۇك» كىشىلەرنىڭ «تىللا قاقىدىغان دەرىخى» ياكى بىر - بىرىنى تالاشقا سالىدىغان بوكسچىلىق مەيدانىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ!...

زالنىڭ ئىمتاسلىقى تۇرۇپلا بۇزۇلدى، ئۇ يەر - بۇ يەردىن نارازى بولغان، غۇدۇرىغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى: «بۇنى قانداقمۇ مەسىلە تاپشۇرۇش دېگىلى بولىدۇ؟!» «ئۇ بىزگە ۋەز - نەسىھەت ئېيتىۋاتىدۇ!» «پوزىتسىيىسىنى توغرىلىسۇن!» ئارىدىن مادارا قىلغۇچىلارمۇ چىقتى: «ئاۋۋال دەيدىغاننى دەپ بولمىسۇنمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن باھا بەرسەكمۇ ئۈلگۈرىمىز!»...

شۇنداق قىلىپ، ھىدايەت مەسىلە تاپشۇرۇشنى يەنە داۋام قىلدى:

— ماڭا ئارتىلغان چوڭراق گۇناھنىڭ بىرى ئۆتكەن يىلى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو ئەدەبىياتى يالغۇز خەنزۇ ئەدەبىياتىمۇ؟» دېگەن ماقالە بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇ ماقالىنى ئۇزاق ۋاقىت ئويلىنىش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا 1983 - يىلى يازغانىدىم. شۇ يىلى 8 - ئايدا مېنى نەننىڭدە ئېچىلغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى» نىڭ مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ قىلدى، مەن بۇ ماقالىنى شۇ يەردە ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىنى ئالدىم. ماقالە بىرمۇنچە خەنزۇ پروفېسسور ۋە ئەدەبىياتشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، بېيجىڭ ۋە شاڭخەيدىن كەلگەن خۇ تاۋ، ۋاڭ فۇشىڭ قاتارلىق مەشھۇر تەتقىقاتچى، ئوبزورچىلار ماقالىدىكى ئاساسلىق كۆز قاراشلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، بەزى پايدىلىق پىكىرلەرنىمۇ بەردى. مەن قايتىپ كېلىپ يەنە ئىشلىدىم ۋە شۇ

ئاساستا ئۆتكەن يىلى ژۇرنالدا ئېلان قىلدىم. مەقسىتىم: مۇھا-
كىمە ۋە مۇنازىرە ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش. بۇ ھەق-
تە مەن ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى تۆۋەندىكىچە شەرھلەيمەن: بىرىنچى،
جۇڭگو ئەدەبىياتى ئەمەلىيەتتە ۋەتەن ئەدەبىياتى. ئۇنى جۇڭگودى-
كى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ياراتقان. مىللەتلەرنىڭ تۆھپىسى
گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسىنىڭ مۇناسىپ
ھەسسىسى بار. ئۇنى نوقۇل خەنزۇ ئەدەبىياتى، دەپ قاراش —
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس! ئىككىنچى، جۇڭگو ئەدەبىيات تارى-
خى جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان كۆپ مىل-
لەتلىك ئەدەبىيات ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەدە-
بىيات نامايەندىلىرى مۇۋاپىق كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. ئەگەر ئۇن-
داق بولمىسا، ئۇنى جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات تارىخى
دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر جۇڭگو ئەدەبىياتى كۆپ مىللەتلىك
خاراكتېرىنى ئالسا، مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىيدۇ، شەكلى خىلمۇ
خىللىشىدۇ، خەلقئارادىكى ئورنى ۋە تەسىرىمۇ كەڭ بولىدۇ.
ئۈچىنچى، جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىغا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىن لۇت-
پۇللا مۇتەللىپنى كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدىم. چۈنكى، لۇتپۇللا
مۇتەللىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى. ياپون باس-
قۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تېمىسىدىكى تۇنجى جەڭگىۋار
شېئىر — «جۇڭگو»نى 1938 - يىلى ۋەتەننىڭ غەربىي چېگرى-
سىدا ياشاۋاتقان ئون ئالتە ياشلىق لۇتپۇللا مۇتەللىپ يازغان.
ۋەھالەنكى، ئەينى ۋاقىتتا، گو مورو ياپونىيىگە چىقىپ كېتىپ،
تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئەي چىڭ پىزاژ لىرىكىسى
يېزىش بىلەن ھەپىلەشتى، زاڭ كېجا بولسا، جەمئىيەتتىكى ئىل-
لەتلەرنى قامچىلايدىغان ھەجۋىي شېئىرلارنى يازدى. لېكىن،
ھازىر بۇلار جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخى كىتابلىرىدا، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ

ئاسالىق ۋەكىللىرى، دەپ تونۇشتۇرۇلماقتا. مېنىڭچە، قاراڭ-
غۇ ئاسماندا تۇنجى قېتىم ئوتنى كىم ياققان بولسا، شۇ يول
باشلىغۇچى بولۇشقا مۇناسىپ بولۇشى كېرەك! مېنىڭ بۇ ماقالى-
دە ئالغا سۈرگەن تۆپكى ئىدىيە، ئەنە شۇ! ئەگەر بۇنى «مىللەت-
چىلىك خاھىشى بار، بۆلگۈنچىلىك قىلىۋاتىدۇ! » دەپ قارىلىدى-
غان بولسا، مېنىڭچە، بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كې-
يىن، 80 ـ يىللاردا يۈز بەرگەن ئەڭ چوڭ ناھەق دېلو بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ! ئەگەر بەزىلەر بۇنىڭغىمۇ پىسەنت قىلماي، مۇشۇ
ئۇسۇل بىلەن مېنى ئۇجۇقتۇرماقچى بولسا، بۇنىڭغىمۇ مەيلى.
مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئېسىگە بېلىنىسكىنىڭ مۇنۇ سۆزىنى سېلىپ
قويىمەن: «بارلىق تەنقىدچىلەر ئىچىدە، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ توغ-
را، ئەڭ تالانتلىقى — ۋاقىت! » دەرۋەقە، ھەممە ئادەم ۋاقىت-
نىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ، ۋاقىت — خالىس، ئادىل. ئۇ ھېچ
تەرەپكە يان باسمايدۇ. ئۇ راست بىلەن يالغاننى، ياخشى بىلەن
ياماننى، چىرايلىق بىلەن سەتنى، ئالىيجانابلىق بىلەن چاكىنى-
لىقنى پەرقلەندۈرىدۇ، ئايرىپ چىقىدۇ. تېخى يېقىنقى زامان
تارىخىمىزدا شۇنداق ئىش بولمىدىمۇ؟ يولداش ليۇ شاۋچى زىياد-
كەشلىككە ئۇچراپ، كەيفېڭ شەھىرىدە ناھەق ئۆلۈپ كېتىۋېدى،
ئون يىلدىن كېيىن، ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
تارىخ، ۋاقىت ئۇنىڭ ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ئىكەنلى-
كىنى قايتا مۇئەييەنلەشتۈردى. ۋەھالەنكى، كاڭ شېڭ ئۆلگەن
چاغدا، ناھايىتى داغدۇغا بولۇپ كەتكەنىدى، لېكىن ۋاقىت بۇ
خىل ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ئەھۋالنى تۈزەتتى، كاڭ
شېڭنىڭ كاتتا ماتەم مۇراسىمىدا ئوقۇلغان سەلتەنەتلىك تەزىيە
نۇتقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى-
دىن چىقىرىلدى! دېمەك، ھەرقانداق نەرسىگە ئەڭ ئاخىرى ھۆ-
كۈم قىلىدىغىنى — رەھىمسىز تارىخ ۋە خالىس ۋاقىت!

ھىدايەت جىم بولدى، قەغەزلىرىنى يىغىشتۇرۇپ سومكىغا

سالدى، بۇ ئۇنىڭ «مەسىلە تاپشۇرۇشۇم تۈگىدى» دېگەنلىكتىن بېشارەت ئىدى. باياتىندىن بېرى مۆگدەپ، گىرەم ـ سىرەم ئۇيقۇلۇقتا ئولتۇرغان ھېكمەت سوپى بىردىنلا ئۆندەرەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى. ئۇ يىغىننىڭ ئاخىرىنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى ئويلىدى، ئەگەر شۇ تاپتا، باشقىلارنى پىكىر بېرىشكە دەۋەت قىلسا، بېرىلىدىغان پىكىرلەر ھىدايەتنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرىدىغان تەنقىدىي گەپلەر بولماستىن، بەلكى بىر مەيدان مۇھاكىمە، مۇنازىرە تۈسىنى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ھىدايەتنىڭ ئەتىگەندىن بېرى سۆزلىگەن نەرسىلىرى شۇنىڭدىن بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ يىغىننى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، قويۇقنى ئۆزمەسلىك قارارىغا كەلدى:

— يولداش ھىدايەتنىڭ بۈگۈنكى مەسىلە تاپشۇرۇشى تەشكىلنىڭ كۈتكىنىدەك بولمىدى! — دېدى ئۇ دوق قىلغاندەك تەلەپپۇزدا، — ئۇنى مەسىلە تاپشۇردى دېگەندىن كۆرە، مەدداھلىق قىلدى، دېگەن تۈزۈك! ئۇ گەپ يورغىلىتىپ، ئۆزىنى ئاقلاپ، يولداشلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئالدى! ئەگەر ھىدايەت كاللىسىنى سىلكىمەي، مۇشۇنداق بىخۇدلۇق بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ! ئۇ تېخى بىرمۇنچە ئەجەللىك مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇردى. مەسىلەن، 1985 ـ يىلى جەنۇبقا بارغاندا قوزغىغان دىنىي غوۋغا قاتارلىقلار. مەن تەشكىلگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭ ئۆز مەسىلىلىرىگە سەمىمىي، ئەستايىدىل بولۇشىنى، روھىي دۇنياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سېسىق نەرسىلەرنى ئايانماي قېزىپ چىقىرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن! يىغىن تېخى تۈگىمىدى، داۋامىنى قاچان ئېچىشنى كېيىن ئۇقتۇرىمىز، ھازىر تامام!

# توققۇزىنچى باب

## دىلكەشلەر

### 1

كۈندە بىرنەچچە قېتىم ئىزدەپ يۈرۈپ كۆرۈشىدىغان ئۆلپەتلىك دۈشمەنلەر بولىدۇ، بۇنداقلار ئاغزىدا ھىجىيىپ تۇرۇپ، كۆڭلىدە سېنى جۆندەشنىڭ پىلانىنى قۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، يىلدا بىرەر قېتىم كۆرۈشەيدىغان سەمىمىي دوستلار بولىدۇ، بۇلار يۈز كۆرۈشمىسىمۇ، لېكىن ھەمىشە سېنى چىن يۈرىكىدىن ئەسلەيدۇ، سېغىنىدۇ، سېنىڭ غېمىڭنى يەيدۇ!

ۋاسىل ئەپەندى بىلەن ھىدايەت كېيىنكى تېپقا ياتىدىغان سەمىمىي دىلكەشلەردىن ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى چۈشىنەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى. ھايات ۋە كەسىپ توغرىسىدىكى مۇلاھىزە، قاراشلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا بىر يەردىن چىقاتتى.

يېقىندىن بۇيان، ھەر ئىككىسىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. بۇ ئارىلىقتا، ئۇلار يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىنىڭ غېمىدە بولدى، بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئەسلەشتى، سېغىندى، بىر - بىرى ئۈچۈن غايىبانە مەدەتكار بولۇشتى...

ھىدايەت بۈگۈن ئۇنى يوقلاپ كەلدى، ئۇ كەلگەندە ۋاسىل ئەپەندى كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭ، ئۇكام، كېلىڭ! — دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن ئېچىلىپ - يېيىلىپ، — تېخى بايىلا سىزنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتـ-

تىم، قانداق، ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ؟

ھىدايەت ئۇنىڭ ئورۇق، يۇمشاق قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— مەنمۇ ياخشى، — دېدى مەنىلىك قىلىپ، — لېكىن سىز بارمۇ؟

ۋاسىل ئەپەندى كۈمۈشتەك ئاقارغان شالاڭ چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ كۈلدى:

— مانا مەن بار، لېكىن مۇشۇ مىنۇتقىچە بار. كېيىنكى مىنۇتتا نېمە بولىدۇ، ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيەلمەيمەن! ئەگەر قولغا ئېلىپ كەتسىمۇ كېرەك يوق. يەنە يېرىم يىلدىن كېيىن، كۆپ بولسا بىر يىلدىن كېيىن، ئۆزلىرى پىكپەن قىلىمىز، ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، دەپ ئاۋارە بولىدۇ!

ئۇلار كۈلۈشتى، كۈلگەندىمۇ، چىن كۆڭۈلدىن چىقىرىپ دىلكەشلىك بىلەن كۈلۈشتى···

— بۈگۈن مەن سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن بىر قەھۋە دەملەپ بېرەي، — دېدى ۋاسىل ئەپەندى ۋە ئىشكاپتىن «مەكس» ماركىلىق قەھۋە قۇتىسى بىلەن چاقماق قەنت توشقۇزۇلغان قەندەلنى ئالدى.

— رەھمەت، ۋاسىل ئاكا، — دېدى ھىدايەت قەھۋەگە قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — مەن چاي ئىچەي، قەھۋەگە تازا كۆنەلمىدىم.

— كۆنۈڭ، ئىچىشنى ئۆگىنىڭ، — ۋاسىل ئەپەندى قەھۋە قۇتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە نېپىز قىرلىرىغا ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئىستاكانغا بال قوشۇقى بىلەن قەھۋە سېلىۋېتىپ داۋام قىلدى، — قەھۋە ياخشى نەرسە، ياۋروپالىقلار XVI ئەسىردىلا: بىز ئافرىقىدىن بىر گۆھەر تاپتۇق، ئۇ بولسىمۇ قەھۋە، دەپ ئېيتقان. ئۇ روھنى ئويغىتىدۇ، مېڭىنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. بالزاكنىڭ ھەر كۈنى ناشتىغا بىر ئىستاكان قەھۋە ئىچىۋېلىپ

ئاندىن يېزىش ئۇستىلىگە ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئوقۇغان بولغىيد-
تىڭىز؟
ئايال ساھىبخانا داستىخان راسلاپ كىردى. كۆركەم سەرەم-
جانلاشقان ئۈچ ئېغىزلىق بۇ ئۆيدە، ھازىر بوۋاي بىلەن مومايدىن
باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. يىگىتلەر ئۆيلىنىپ، قىزلار تالالىق
بولۇپ بولغانىدى. لېكىن، ئادەتتە بۇنداق تىمتاس كۆرۈنگىنى
بىلەن، شەنبە، يەكشەنبىلەردە بۇ ئۆي قايناق بازارغا ئايلىناتتى.
ئوغۇل - قىز، نەۋرە - چەۋرىلەر جەم بولۇپ، بوۋاي - مومايلار-
نى خۇشاللىقتا يايرىتىۋېتەتتى...
ۋاسىل ئەپەندىنىڭ ئايالى ئىككى يىل بۇرۇن پېنسىيىگە
چىققان، كەم سۆز، ئىچ كۆيەر ئايال ئىدى. ئۇ ھىدايەت بىلەن
قىسقىچە ئەھۋاللىشىپ، داستىخان راسلاپ قويۇپ چىقىپ كەت-
تى. ھىدايەت چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، ۋاسىل ئەپەندىنىڭ ئىش
ئۇستىلىدىكى بىرنەچچە پارچە خۇرۇم تاشلىق كىتابلارغا كۆز
يۈگۈرتتى ۋە قىزىقىپ سورىدى:
— بىر يەردىن كەلگەن يېڭى كىتابلار ئوخشىمامدۇ؟
ۋاسىل ئەپەندى كىتابلارنى قولىغا ئېلىپ، قانداقتۇر ئۆكۈن-
گەن، خۇرسىنغان تەلەپپۇزدا مۇنداق دېدى:
— ھەئە، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن تۈركىيەدىن كەلدى.
ھەممىسى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا
يېزىلغان كىتابلار، ئەسلىدە، بۇ كىتابلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۆشۈكى، مۇقەددەس زېمىنى بولغان شىن-
جاڭدا يېزىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بىزنىڭ شارائىتىمىز يار
بەرمىدى. 1963 - يىلى مەن يېزىۋاتقان مۇشۇ تېمىدىكى كىتابمۇ
زاكىسىدا تۇرۇپلا ئۇجۇقتى...
ۋاسىل ئەپەندى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ شۈكلەپ قالدى.
شۇ ھامان ھىدايەتنىڭ ئېسىگە چېخ سلوۋاكىيىلىك مەشھۇر
پېداگوگ ژان ئاموس كومېنىسكىنىڭ: «بىر دەۋردىكى قور-

قۇنچلۇق ئىشلار كېيىنكى دەۋر ئۈچۈن كۈلكىلىك بولىدۇ» دې-
گەن ھېكمەتلىك سۆزى كەلدى. راست، 1963 - يىلى يۈز
بەرگەن ئاشۇ ئىشنى ئويلىسا، ئادەمنىڭ كۈلگىسى كېلەتتى.

ئۇ چاغدا، ۋاسىل ئەپەندى بېيجىڭ سىفەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى
پۈتتۈرۈپ كېلىپ، شەرقىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم بىر ناھىيىسىدى-
كى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتاتتى. مەركەزنىڭ
«خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ باش لۇشيەنى توغرىسىدا
تەكلىپ» دېگەن ھۆججىتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ناھىيە-
لىك پارتكوم مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنى بىر يەرگە توپلاپ ئۆگى-
نىشكە ئۇيۇشتۇردى. ھەركىم ئۆزىنىڭ چۈشەنچە، تەسىراتلىرى-
نى سۆزلىدى، شۇ چاغدا ۋاسىل ئەپەندى يېتىم ئاقساقاللىق
قىلىپ، ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق بىر پىكىرنى
ئوتتۇرىغا قويدى: «مېنىڭچە، مەركەزنىڭ ھۆججىتىدە بەش پرىن-
سىپ قويۇلۇپتۇ، بۇنىڭغا يەنە بىرنى قوشۇپ ئالتە قىلىش كې-
رەك. يەنى، تىنچ بولۇش، ئىتتىپاق بولۇش دېگەن پرىنسىپنى
قوشايلى. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇرۇش تەكىتلىنىپ قالىدىكەن،
بىز كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ، بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ، ئۇ ئايمۇ، بۇ
ئايمۇ... ئۇرۇش ۋەھىمىسىدە خاتىرجەم بولالمايدىكەنمىز، بىزگە
تىنچلىق كېرەك ئەمەسمۇ؟ !» بار - يوق گەپ مانا شۇ بولدى،
ناھىيىلىك پارتكومدىكى كاللىسى قىزىپ كەتكەن بىرنەچچە ئادەم
ھودۇقۇپ، جىددىيلىشىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قال-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاسىل ئەپەندى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا
پۈتۈن بەدىنىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋالدى. ئەتىسىدىن باشلاپ، ھۆج-
جەت ئۆگىنىش بىر ياقتا قېلىپ، ۋاسىل ئەپەندىنى پىپەن،
كۈرەش قىلىش باشلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا «مەركەزگە قارشى
چىقتى» دېگەن چوڭ قالپاق كىيدۈرۈلگەنىدى. پىپەن، كۈرەش
يىغىنلىرىدا ئۇنىڭغا مۇنداق سوئاللار قويۇلدى:

— سېنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىڭ بەش پرىنسىپقا يەنە بىرنى

قوشۇشلا ئەمەس، بەلكى باشقا يەردە! شۇنى ئوچۇق ئېيت!؟
— سەن ھوقۇق تارتماقچى!
ۋاسىل ئەپەندى پىيەن يىغىنلىرىنىڭ كۆپ ۋە شىددەتلىكىدىن ھالسىراپ قالدى، ئاخىر قانداق سوئال سورىسا، شۇنداق جاۋاب بىلەن قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولدى:
— سەن زادى ھوقۇق تارتماقچىمۇ - ئەمەسمۇ؟!
— شۇنداق، مەكتەپنىڭ ھوقۇقىنى تارتماقچىدىم…
— يالغان! سېنىڭ نەپسىڭ بۇنىڭ بىلەن قانمايدۇ، راستىڭنى ئېيت!؟
— بىرەر گوڭشېنىڭ ھوقۇقىنى تارتماقچىدىم…
— ئەسلىي مەقسىتىڭ ئۇ ئەمەس، راست گەپ قىل!؟
— ناھىيىنىڭ ھوقۇقىنى تارتماقچىدىم…
— يالغۇز بۇلا ئەمەس، يەنە بار! ئېيت؟!…
— ياق، ھەممىسى شۇ… ھازىر مېنىڭ پىشىم قىرىققا باردى، مەكتەپنىڭ ھوقۇقىنى بىر - ئىككى يىلدا تارتسام، گوڭشېنىڭ ھوقۇقىنى ئىككى - ئۈچ يىلدا تارتسام، ناھىيىنىڭ ھوقۇقىنى ئۈچ - تۆت يىلدا تارتسام، ھوقۇقنىڭ راھىتىنى بەش - ئالتە يىل كۆرسەم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلمەمدىمەن، ھەممىسى توگەيدۇ!…
— يالغان، سەن ئۆلمەيسەن! سېنىڭ قارا نىيىتىڭ بۇنىڭدىنمۇ چوڭ! يۈرىكىڭنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ھارام نىيەتنى ئېيت!
— راستىمنى ئېيتسام، خەلقئاراغا رەئىس بولماقچىدىم…
— ھەببەللى، راستى شۇ!…
— رەئىس بولۇپ نېمە ئىش قىلماقچىدىڭ!؟
— ئالدى بىلەن مەكتەپنىڭ مۇدىرىنى خىزمەتتىن بوشىتىپ، ساتىراشخانىغا چۇشۇرەتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ قولى يۇمشاق. ئاندىن ئىلمىي مۇدىرنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ، ماگىزىنغا

قوياتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئاغزى يۇمشاق، ئابلا كاشالنى ئۆزۈمگە مۇھاپىزەتچى قىلاتتىم، چۈنكى ئۇ ماڭا سادىق. ئىمىن شالدامنى ئۆزۈمگە كاتىپ قىلاتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ قەلىمى چىرايلىق... شۇجى بىلەن ھاكىمنى بولسا، يەنىمۇ يۇقىرى ئۆستۈرەتتىم، چۈنكى ئۇلار ئاكتىپ، دوپپىسىنى ئەكەل دېسە، كاللىسىنى كېسىپ كېلەلەيدۇ!...

شۇنداق قىلىپ، ۋاسىل ئەپەندىنىڭ تەقدىرى بىر ھەپتە ئىچىدە ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئەڭ يىراق، نامرات بىر ئەترىتىگە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە چۈشۈرۈلگەنىدى...

— ۋاسىل ئاكا، شۇ چاغدا يازغان ئەسىرىڭىزنىڭ بىرەر پارچە كوپپىيىسىمۇ قالمىغانمۇ؟ — سورىدى ھىدايەت خىيالدىن سەگىپ.

— مېنى ئەترەتكە چۈشۈرۈشتىن بۇرۇن، ئۆيىنى ئاختۇرۇپ، ئەرەختەن - پەرەختەن قىلىۋەتكەن، — دېدى ۋاسىل ئەپەندى ئويچان ھالدا، — بىرەر ۋاراق قەغەزنىمۇ قالدۇرماي كۆيدۈرۈپ، مۇسادىرە قىلغان!... بولدى، قويۇڭا، بۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئەسلەپ نېمە قىلىمىز؟!

— ئۇنداق دېمەڭ، ۋاسىل ئاكا، ئەسلەپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق. چۈنكى بۇنداق ئىشلار يىراق ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالدىمىكىن، دېسەك، ھازىر يەنە يۈز بېرىۋاتامدۇ؟! كۈلكىلىك، بىمەنە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر ھەممە دەۋردە تېپىلىدىكەن!

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ۋاسىل ئەپەندى قولىدىكى پىيالىنى ئاستا شىرەگە قويۇپ، — بىزنىڭ ھازىرقى بەزى ئىشلىرىمىز خۇددى قەشقەرنىڭ ھېيتگاھ مەيدانىدا ساما ئويۇشتۇرغاندەك بولۇۋاتىدۇ. ئادەملەر گىرەلىشىپ، ئالدىن تەق بولىدۇ، ناغرىنىڭ چوكىسى «گۇم» قىلىپ ئۇرۇلۇپ، سۇناي «تات» قىلغان

هامان، ھەممە ئادەم ساماغا چۇشۇپ كېتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ سەنئەت ئىشلىرىغا توغرا كەلگەن بىلەن، سىياسىي ئىشلارغا ھەرگىز توغرا كەلمەيدۇ. لېكىن، بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز ھەمىشە قەيەردىن ناغرا، سۇنايىنىڭ ئاۋازى كېلەركىن، دەپ قۇ-لاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ تۇرۇشىدۇ، كىچىككىنە شەپە ئاڭلانغان ھامان خۇددى پاسىق سۆڭەكلەر ئىچىدىن ئۆمىلەپ چىققان قۇرت-قوڭغۇزلاردەك ھەرىكەتكە چۇشۇپ كېتىدۇ! مەن ئۆتكەن-دە، بەزى ئادەملەرگە: مىللىتىمىز تېخى پىشمىغان، ساپاسى تۆۋەن مىللەت، دېسەم، تازا قوبۇل قىلىپ كېتەلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، مىللىتىمىزنىڭ سۈپىتى تۆۋەن، مەنىۋى قاتلىمى نا-چار! مېنىڭچە، روناق تاپىدىغان بىر مىللەت ئۆز ئىچىدىن چىق-قان ئانچىكىم ئادەملەرنىمۇ ماختاپ، كۆتۈرۈپ، شان - شۆھرەت-لىك ئۇلۇغ ئادەملەرگە ئايلاندۇرالايدۇ، جاھالەت ئىچىدە قالغان مىللەت بولسا، ئۆز ئىچىدىن چىققان ئۇلۇغ، شان - شۆھرەتلىك ئادەملەرنى چۆكۈرۈپ، قىزغىنىپ، پۇچەكلەشتۇرۇۋېتىدۇ! خۇددى شۇنىڭدەك، پىتنە - پاسات، غەيۋەت - شىكايەت، كۆرەل-مەسلىك، ھەسەتخورلۇق، چېقىمچىلىق، سۇخەنچىلىك، بىر - بىرىگە ئورا كولاش قاتارلىق قەبىھ روھىي ئىللەتلەر بىزنىڭ ئارىمىزدا ۋابا مىكروبىدەك كېزىپ، مىللىتىمىزگە ۋەھىمە سې-لىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى بەزى ئادەملەرنى قاقاقلاپ كۈلە-لەيدىغان ئىككى پۇتلۇق ھايۋان دېسە، ئېغىر كەتمەيدۇ! چۈنكى ۋىجدانىنى، ئار- نومۇسىنى، مېھىر - شەپقىتىنى يوقاتقان ئادەم ھايۋاندىنمۇ بەتتەر بولىدۇ! مەن سىزگە بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي: بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاشپىزىغا: «دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن نەرسىدىن بىر تەخسە سەي قورۇپ بەر!» دەپتۇ. ئاشپەز بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ سەينى يېتىپ كۆرۈپ، بۇ شېرىن، مەززىلىك سەينىڭ پۇتۇنلەي تىلدىن قورۇل-غانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. يەنە بىر كۈنى پادىشاھ ئاشپىزىغا:

«بۇ قېتىم دۇنيادىكى ئەڭ ئاچچىق نەرسىدىن بىر تەخسە سەي قورۇپ بەر!» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئاشپەز يەنە بەجا كەلتۈرۈپتۇ. پادىشاھ تېتىپ كۆرۈپ، بۇنىڭمۇ ئوخشاشلا تىلدىن قورۇلغانلىقىـ
نى بىلىپتۇ. پادىشاھ غەزەپكە كېلىپتۇ. ئاشپىزى گويا ئۆزىنى كولدۇرلىتىپ، مەسخىرە قىلغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. دەرھال جاللات چاقىرىپ، ئاشپەزنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئاشپەز پادىـ
شاھتىن ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنى سوراپتۇ. پادىشاھ رازى بوپتۇ. ئاشپەز مۇنداق دەپتۇ: «ئەي كەرەملىك شاھ! ماڭا بىرىنـ
چى قېتىم: دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن نەرسىدىن سەي قورۇ، دېـ
دىڭ. مەن تەلىپىڭنى بەجا كەلتۈرۈپ، جانۋارلارنىڭ تىلىـ
نى قورۇپ بەردىم. ئىككىنچى قېتىم: دۇنيادىكى ئەڭ ئاچچىق نەرسىدىن سەي قورۇپ بەر، دېدىڭ. مەن يەنە تەلىپىڭنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئادەمنىڭ تىلىنى سەي قىلىپ قورۇپ بەردىم. بۇ ئىشتا مېنىڭ ھېچقانداق سەۋەنلىكىم ياكى يامان نىيىتىم يوق. مەن ساڭا ئېيتسام، دۇنيادا شېرىن ۋە پاكلىقتا جانۋارلار-
نىڭ تىلىغا: ئاچچىق ۋە ناپاكلىقتا ئادەمزاتنىڭ تىلىغا يېتىدىغىنى يوق! ئوڭ قول ۋەزىرىڭ ئېسىڭدىدۇر؟ سېنىڭ شاھلىق تەختىڭ گۇللىنىپ، ئابرۇيۇڭ ئۈستۈن ۋاقىتتا، ئۇ سېنى ئاسمانغا كۆتۈـ
رۈپ، پەيغەمبەرلىك ئورنىغا چىقىرىشقا تاس قالدى، ئۇ نادان، قارا يۈرەك ئىدى، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوردا سەردارىنىڭ ئۆزىدىن ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ھەـ
سەت قىلدى، يالغاندىن پىتنە ـ ئىغۋا توقۇپ، ساڭا چاقتى، سەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا قىل قالدىڭ، لېكىن ئۇرۇش باشلىـ
نىپ قېلىپ، ۋەزىرىڭ قارا نىيىتى ئەمەلگە ئاشمىدى، سەردار ئۇرۇشتا پىداكارلىق قىلدى، ساڭا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلىـ
دى، لېكىن ئوڭ قول ۋەزىر سېنىڭ شاھلىق تاجۇ تەختىڭنى گۇمران بولىدۇ دەپ ئويلاپ، رەقىبلىرىڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، ساڭا خائىنلىق قىلدى. مەن مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ،

دۇنيانى بۇزىدىغان نەرسىنىڭمۇ تىل، تۈزىدىغان نەرسىنىڭمۇ تىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم…» پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاش-پەزگە قايىل بوپتۇ ۋە ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، نۇرغۇن ئالتۇن ئىنئام قىلىپتۇ!…

ھازىر، بىزدىمۇ ئاشۇ نادان، قارا يۈرەك ۋەزىردەك ئادەملەر ئاز ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىنكاسىنى، پىتنە - پاساتلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلاپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىدىغان «پادىشاھلار»مۇ يوق ئە-مەس! — ۋاسىل ئەپەندى دېمىنى راسلاپ بىر ئاز تۇرۇۋالدى، چاي-دىن بىر ئوتلام قۇيۇپ، ۋەزمىن، ئىشەنچلىك ئاۋازدا يەنە داۋام قىلدى، — لېكىن، ھاياتتىكى كۆڭۈلسىزلىك، ئوڭۇشسىزلىق پەقەت تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ھەرگىز ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، بارلىق كۆڭۈلسىز، ئوڭۇش-سىزلىقلارنى چوقۇم يەڭگىلى بولىدۇ. ھايات يالغۇز مەشھۇر ئەسەر يېزىش، مال - دۇنيا توپلاش، ھوقۇق تۇتۇش ئەمەس، بەلكى سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشتىن ئىبارەت. ئادەم ھاياتنى سۆيۈشى ۋە ھايات تەرىپىدىن سۆيۈلۈشى كېرەك!

ھىدايەت ۋاسىل ئەپەندىنىڭ ئۈمىدۋار، كەڭ قورساقلىقى-دىن، مۇتەپەككۇرلارغا خاس چوڭقۇر، يارقىن پىكىرلىرىدىن تەسىرلەنگەن، قايىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ كۈنلەردە بې-شىغا كەلگەن ناھەقچىلىكلەرنى ئويلاپ، يۈرىكى پۇچىلىناتتى، ھاياتتىن بىزار بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق كۆڭۈلسىز، دىششۋارچى-لىقلارنى، بىھۇدە غەم - ئەندىشىلەرنى پەيدا قىلىۋاتقان ئالىلىكى-لەرنى تىللايتتى، قارغايتتى:

— بىزنىڭ ئىچىمىزدە شۇنداق زەھەردىن تۆرەلگەن، ئىچى-تېشى زەھەر بىلەن تولغان ئادەملەر باركى، — دېدى ئۇ چىشلىرى-نى غۇچۇرلىتىپ، — ئۇلار باشقىلارنىڭ ھاياتنى سۆيۈشىگە، ھاياتنىڭمۇ ئۇلارنى سۆيۈشىگە يول قويمايدۇ!…

شۇنداق، بۇ دۇنيادا بەزى ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ زەھەردىن

تۆرەلگەن، سەن ئۇنىڭ كۆزۈڭدىن دەرھال يوقىلىشىنى ھەرقانچە ئارزۇ قىلساڭمۇ، لېكىن ئۇ غېمىدە يوق ياشاۋېرىدۇ، مۆرىتى كەلسە، يەنە زەھىرىنى چېچىپ تۇرۇۋېرىدۇ. چۈنكى ئاللا ئىگەم ئۇنىڭغىمۇ ساڭا ئوخشاشلا ياشاش ھوقۇقىنى بەرگەن، تەبىئەت ئۇنىمۇ ئۆز نېمەتلىرى بىلەن تەمىنلىگەن. بەزىدە مۇنداق ئادەملەرنىڭ بولمىغىنىدىن بولغىنىمۇ ياخشى. چۈنكى سەن شۇنىڭ بىلەن سەگەك بولىسەن، شۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىش يولىدا ئالغا باسىسەن. تۇرمۇشنىڭ لەززىتى بىلەن بىللە كۈلپىتىنىمۇ تېتىيسەن!...

— دۇنيادا خىلمۇ خىل ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دۇنيا قىزىق، ھىدايەت! — دېدى ۋاسىل ئەپەندى ئاق ئارىلىغان، ئۆسكەلەڭ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — تۇرمۇشنىڭ قىزىقىمۇ شۇيەردە! لېكىن مەن بىرنەرسىگە ھەيران، ھازىر ئادەملەر بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلار بىر - بىرىنى چۈشىنىپ بىرگە ئۆتەلەيدۇيۇ، لېكىن بىز ئادەم تۇرۇپ بىر - بىرىمىزنى چۈشىنەلمەي يۈرىمىز. شۇ تۈپەيلىدىن، تۇرمۇشىمىزدا كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بېرىپ، ئەقىل - ئىدراكىمىزنى، جاسارىتىمىزنى ئۇپرىتىۋاتىدۇ. بىلگەن ۋە كۆرگەنلىرىمدىن ئويلاپ قارىسام، بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش! نادانلىقنىڭ ئۆزى جاھالەت، تۇرغان - پۈتكىنى گۇناھ! شۇڭا، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ داۋاسى يوق! نادان — بالا ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسىنى ئويلايدۇ، ياشلىقىدا — جانانىنى ئويلايدۇ، قېرىغاندا بولسا، بالىلىرىنى ئويلايدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزى توغرىسىدا ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ! مەسىلەن، مەرۇپ ئىلياسنىڭ قىلىۋاتقىنى شۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ قېتىم سىزنىڭمۇ، مېنىڭمۇ بېشىمغا كەلگەن ئىشلار شۇنىڭ قولى بىلەن بولۇۋاتىدۇ. ئۇ مەندىن ئۆچ ئالماقچى، ھېساب ئالماقچى! سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا چۈشەنمىگۈدەك، ئەپۇ قىلالمىغۇدەك ھېچ

ئىش يوق. بار دېيىلسە، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ئىنسا-
نىي ھېسسىياتنى تەلۋىلىك بىلەن دەپسەندە قىلغان ئاشۇ ئون
يىللىق بالايىئاپەت ۋاقتىدىكى ئىشلار...

## 2

ۋاسىل ئەپەندى ئون يەتتە ياش ۋاقتىدىلا، ئۈچ ۋىلايەت
ئىنقىلابى قوشۇنىدا مىناميوتچى بولدى. ئۇنىڭ شۇنداق كىچىك
تۇرۇپ مىناميوتچى بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبمۇ قىزىق ئىدى.
بىرى، ئۇنىڭ يېشى ھەم بويىنىڭ كىچىكلىكى ئىدى. مىلتىق
ياكى قىلىچ ئاسسا، يەرگە سۆرىلىپ قالاتتى. يەنە بىرى، ئۇنىڭ
ئاز - تولا ساۋاتلىق بولغانلىقى ئىدى. ئۇ چاغدا، ئوقى توققۇز
يۈز يىگىرمە مېتىرغا بارىدىغان يېڭى تىپتىكى مىناميوتنىڭ ئارد-
لىق ئۆلچىمىنى ئونلۇق كەسىر بويىچە ئۆلچەيتتى. ۋاسىل تەق-
سىم قىلىنغان ئەترەتتە ئۇنىڭدىن باشقا ئونلۇق كەسىر بىلىدىغان
ئادەم يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ شىخو جېڭىدە ئادەمنىڭ
بېلىگە چىقىدىغان پاتقاق سازلىقتا مىناميوت بىلەن شىددەتلىك
جەڭ قىلدى. ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن قەھرد-
مانلار قاتارىدا، بۇ شاكىچىك مىناميوتچىمۇ «باھادىرلىق مېدا-
لى» غا ئېرىشتى...

ئۇ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرىغىچە ئالدىنقى سەپتە يۈرگەن بولسى-
مۇ، ئاۋۋال ئۆزىنىڭ چەبدەس، قورقماسلىقى، ئاندىن قالسا،
تەلىيىنىڭ ئوڭ، پېشانىسىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن جەڭلەردە ئامان
قالدى. ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئۇنىڭ بىلىمگە
بولغان تەشنالىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ئوقۇتتى ۋە كېيىنرەك
بېيجىڭ سىفەن ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتتى. ئوقۇشتىن كېيىن،
چەت - ياقىلاردا يۈرۈپ، ھەرخىل سەرگۈزەشتىلەرنى بېشىدىن
كەچۈرگەن بولسىمۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەت يەنە ئۇنى ئۇنتۇپ قال-

مىدى. 1964 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ھېلىقى «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» كە چۈشۈرۈلگەن يەردىن قايتۇرۇپ كېلىپ، تەنقىد-قات خىزمىتىگە قويدى. لېكىن ئۇزۇنغا قالماي، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئۇنى يەنە ئۆز دولقۇنىدا غەرق قىلدى. ئۇمۇ «كونا داشقال» ، «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقى» دېگەن بەتنامىلار بى-لەن كۈرەش قىلىندى، كالا قوتانلىرىغا سولاندى...

1970 ـ يىل يازدا، ئۇ جىمىسار ناھىيىسىگە ئورمىغا چىق-تى. شۇ يەردە تۇنجى قېتىم مەرۇپ ئىلياس بىلەن يۈز كۆرۈ-شۈپ، تونۇشتى. بۇ چاغدا، ھەر ئىككىسى ئوخشاش تەقدىرلىك «گېزەندە»لەر ئىدى. ئۇلارنىڭ يېتىپ ـ قوپۇشى، چاي ـ تامىقى بىللە بولدى. بىر كۈنى چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا، تۆت ـ بەشەيلەن ئېرىق بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدە ئولتۇ-رۇپ، پاراڭغا چۈشتى. ھەر خىل چاقچاق، قىزىق گەپلەر بول-دى. ئارىدىن بىرى، ۋاسىل ئەپەندىنى لەتىپە ئېيتىپ بېرىشكە قىستىدى، چۈنكى ئۇ ھەمىشە لەتىپە ئېيتىپ كىشىلەرنى كۇلدۇ-رۇپ ئوينايتتى. ۋاسىل ئەپەندى بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر، نەسىر-دىن ئەپەندى، سەلەي چاققان ياكى موللازەيدىن توغرىسىدا ئېيت-ماي، قانداقتۇر ئەتراپىدا، كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بىمەنە، كۈل-كىلىك ئىشلار توغرىسىدا ئېيتىشقا باشلىدى.

— بىر دېھقانىنىڭ دۈيجاڭدا ئۆچى بار ئىكەن، — دەپ باشلىدى ئۇ لەتىپىسىنى، — ئۇ ھەرقانداق يىغىن بولسا، دۈيجاڭنىڭ سۆز-لىرىدىن قۇسۇر تېپىش ئۈچۈنلا ئالا قويماي قاتنىشىدىكەن، لې-كىن ئۆزى سۆزلىمەيدىكەن، قۇلىقى دىڭ ئىكەن. بىر كۈنى دۈيجاڭ ئەزالارغا قايناپ: «بىز كاللىمىزدىكى شەخسىيەتچىلىك-نى، خۇسۇسلۇقنى ئورۇس سوپۇنى بىلەن پاك ـ پاكىز يۇيۇپ تاشلىشىمىز لازىم!» دەپتىكەن، ھېلىقى دېھقان دەرھال ئورنى-دىن سەكرەپ تۇرۇپ: «دۈيجاڭ، چوڭ خاتالاشتىڭىز! كاللىدى-كى خۇسۇسلۇقنى نېمە ئۈچۈن بېيجىڭ ياكى شاڭخەينىڭ سوپۇنىدا

يۈماي، ئورۇس سوپۇندا يۇيىدىكەنمىز؟! ئورۇس سوپۇنى دېگەن شيۇجېڭجۇيى ئەمەسمۇ؟» دەپ تەمتىرىتىپ قويۇپتۇ...

قىزغىن كۈلكە كۆتۈرۈلدى، كۈلكە ئىچىدە ۋاسىل ئەپەندى ئاشۇنداق لەتىپىلەردىن يەنە بىرنەچچىنى ئېيتتى. ھەممەيلەن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئېغىر ھارغىنلىقنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇپ، شوخ ۋە يەڭگىل بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت مەرۇپ ئىلياسنىڭلا چىرايى تۈتۈق، قىياپىتى سۇرلۇك ئىدى. لەتىپىلەر ئۇنىڭغا ياقمىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇنداق مەسخىرە قىلىش — ئەمەلىيەتتە، ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قىلىنغان ھۇجۇم ئىدى.

— ھەي، مەرۇپ، سەن كۈلكە - چاقچاق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى ۋاسىل ئەپەندى ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، — ئەگەر بىلمىسەڭ، قىرائەتخانىغا بېرىپ، لۇغەتتىن «ك» ھەرپى بىلەن «چ» ھەرپىنى كۆرۈپ كەلگىن! بولمىسا، ساڭا قىزىق لەتىپىلەر ھارام كەتكۇدەك!

— سەنمۇ بىلىپ قوي، ۋاسىل! — دېدى مەرۇپ ئىلياس جىددىي ئەلپازدا، — چىرايلىق ئىدىشنىڭ ئىچىگە قاچىلانغىنى ھەسەلمۇ - زەھەرمۇ؟!

— ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سەن تەكشۈرۈپ تېپىۋال، — دېدى ۋاسىل ئەپەندى سەۋرلىك بىلەن يەنە چۈشەندۈرۈپ، — بىلەمسەن، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى يىغلىيالايدۇ، لېكىن، كۈلۈش پەقەت ئىنسانغىلا خاس خىسلەت! كۈلكە بىلەن بەدەننىمۇ، روھنىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ. مەن ساڭا بىر رىۋايەت ئېيتىپ بېرەي: چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، بىر ۋىلايەتنىڭ دوتىيى غەم قىلغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ. كېسىلى پات - پات قوزغىلىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ مەلۇم بىر يۇرتتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كېسىلى تۇتۇپ قاپتۇ. يەرلىك ئەمەلدارلار داڭلىق بىر تېۋىپنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ.

تېۋىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتقاندىن كېيىن: «جانابلىرى، خۇن كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپلا» دەپتۇ. دوتەي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، كۆڭلىدە: بۇنىڭ نەرى داڭلىق تېۋىپ بولسۇن، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدىكەن، دەپ ئويلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر قېتىم شۇ گەپ ئېسىگە كەلسە، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كېسىلى ئاشۇ كۈلكىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئاستا - ئاستا ساقىيىپ كېتىپتۇ...

ئاڭلىدىڭمۇ، مەرۇپ؟ لەتىپە - يۇمۇرلارمۇ كېسەل داۋالىيالايدۇ، كىشىگە ئەقىل ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ، ئادەمنى زوقلاندۇرىدۇ، كۆڭلىنى كۆتۈرىدۇ...

مەرۇپ ئىلياس ھېچنېمە دېيەلمەي، لەت بولدى، لېكىن شۇ كۈنىلا نىيىتىنى بۇزۇپ ۋاسىل ئەپەندىنى تەشكىلگە چاقتى، بىرنى ئون قىلىپ كۆپتۈردى. غەزىپى ئۆرلىگەن «دىكتاتورا ئەترىتى» ۋاسىل ئەپەندىنى سوراققا تارتىپ، دۇمبالىدى ۋە «ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ھاقارەتلىگەن ئاغزىڭ شۇمۇ» دەپ، سۇغا ئۇۋۇتىلغان ئۇۋاق لازىنى ئاغزىدىن قۇيۇۋەتتى. ۋاسىل ئەپەندى ئىككى كۈنگىچە قان سىيىپ، ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇچىنچى كۈنى زورلۇق بىلەن يەنە ئىشقا ھەيدەپ چىقىلدى...

ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ۋاسىل ئەپەندى بىلەن ھېلىقى سۆگەت سايىسىدە لەتىپە ئاڭلىغان ئۈچ كىشى جىن - ئالۋاستىلارنىڭ قىياپىتىدە غەلىتە ياسىنىپ، يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، مەرۇپ ئىلياس تەرەتكە بارىدىغان يەردە ماراپ ياتتى. بىر چاغدا ئۇ، يېرىم يالىڭاچ تەرەتكە چىققاندا، باسماداپ تۇتۇۋالدى ۋە ئېڭىزلىقتا پۇتىدىن سۆرەپ يۈرۈپ، ئاللا - توۋىسىنى كۆرسەتتى، «سۇبھانالللا» بىلەن «توۋا»نى يۈز قېتىم دېگۈزدى...

مەرۇپ ئىلياس بۇ ئىشلارنىڭمۇ ۋاسىل ئەپەندى ئويناۋاتقان

ئويۇن ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇ نۆۋەت تەشكىللىگە چېقىش-
قا جۈرئەت قىلالمىدى، پۈتۈن ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ لېۋىنى
چىشلەپ قالدى...

## 3

— ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىنىم، — دېدى ۋاسىل
ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇرۇنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىرمۇ
ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، داۋىد[1]پادىشاھنىڭ بىرىل-
يانت كۆزلۈك ئۈزۈكىگىمۇ «ھەممە ئۆتۈپ كېتىدۇ» دېگەن مى-
سىر يېزىقى پۈتۈلگەنىكەن. ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئادىل ھۆكۈم-
دار ھەممىمىزنىڭ ئۈستىدىن ئاخىرقى ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ.
ۋاقىت — تارىختا ئوخشاشلا رەھىمسىز، ئادىل پادىشاھتەك خا-
لىس! بايرون ۋاقىتنى: «سەن بىزنىڭ خاتا تونۇشلىرىمىزنى
تۈزىتەلەيسەن، ھەقىقەتنى، مۇھەببەتنى سىنىيالايسەن، سەن
بىردىنبىر دانىشمەنسەن!» دەپ توغرا مەدھىيىلىگەن! مەن ھا-
زىر بىرنەرسىگە خۇشال، ھىدايەت! مۇبادا، شۇ كۈنلەردە تۇرمى-
گە كىرىپ كەتسەممۇ ياكى تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم
يوق. ۋاقىتنىڭ ئەنە شۇ ئۈزلۈكسىز ئېقىنىدا، مىللىي ئەدەبىيا-
تىمىز روناق تېپىۋاتىدۇ، گۈللەۋاتىدۇ، ئىزباسارلىرىمىز يۈز-
لەپ، مىڭلاپ يېتىشىۋاتىدۇ! — ۋاسىل ئەپەندى بارغانسېرى ھايا-
جانلاندى، كۆزلىرى چاقناپ، يۈزلىرىدىكى تىلىم - تىلىم قو-
رۇقلارمۇ تارتىشىپ، پارقىراپ كەتتى، ئۇ قولىنى ئارقىغا تۇ-
تۇپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، —
ئارىستوتېلنىڭ تۆت يۈز شاگىرتى بار ئىدى. ئۇلار «ئاقامىيە»
دېگەن يەردە تۇراتتى. ھازىرقى «ئاكادېمىيە» سۆزى ئەنە شۇنىڭ-

---

[1] داۋىد — قەدىمكى جوھۇتلارنىڭ پادىشاھى.

دىن كەلگەن. ئارىستوتېل جان ئۈزۈش ئالدىدا، شاگىرتلىرى ئۇنىڭدىن: «ئۇستاز، بىزگە ئاخىرقى قېتىم ئېيتىدىغان سۆزدىڭىز بارمۇ؟» دېگەندە، ئارىستوتېل: «ئويلاپ قارىسام، سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە بىر ئېغىز سۆزۈم قاپتۇ، ئېسىڭلاردا بولسۇن: ئايىغى چىقمايدىغان سۇنىڭ بويىدىن ماكان تۇتماڭلار!» دەپلا جان ئۈزۈپتۇ. شاگىرتلار ئۇزۇن ۋاقىت مۇتالىئە قىلىپ، ئۇستازى ئېيتقان بۇ ئاخىرقى سۆزنىڭ مەنىسى: «تارىخنى ئۈزۈپ قويماڭلار، ئىشىڭلار توختام سۇدەك تۇرۇپ قالمىسۇن، ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانلارنى ئاسراڭلار...» دېگەنلەر ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ...

مەن ئويلاپ قارىسام، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى خۇددى تارىم دەرياسىغا ئوخشىشىدۇ. مەن تارىم دەرياسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىمۇ ئاجايىپ بىر سىر، مۆجىزە بارلىقىنى بايقىغان. ئۇ، تۇرۇپلا يوقىلىپ كېتىدۇ، قۇمغا سىڭىپ كۆز ئالدىڭدىن غايىب بولىدۇ. لېكىن يەنە بىر يەرلەرگە بېرىپ قارىساڭ، ئاياغ ئاستىڭدىن لۆممىدە پەيدا بولۇپ، ئۈزۈلمەي ئېقىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزمۇ ئاشۇنداق بولدى. بىر قارىساڭ، ئاللىقانداق سىياسىي ھەرىكەتلەر تۇپەيلىدىن يوقىلىپ، تۈگىگەندەك، يەنە بىر قارىساڭ، ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىزباسارلىرى پەيدا بولۇپ، قولنى قولغا تۇتۇپ كېلىۋاتقاندەك. ھازىر راستىنلا ئاجايىپ ئىقتىدارلىق ياشلار چىقىۋاتىدۇ، پروزىدىمۇ، شېئىرىيەتتىمۇ، ئوبزوردىمۇ شۇنداق. بەزى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، ھاياجاندىن تەنلىرىم سىمابتەك ئېرىپ كېتىدۇ. سىلەرگە ئاپىرىن، سىلەرگە قۇللۇق دەيمەن! مەن بۇرۇن ئىشەنگەن، ھازىرمۇ ئىشىنىمەن: بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئانچە - مۇنچە سوغۇق قوللارنىڭ تېگىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ، ئۇنى ئاخىرغىچە گۈللەپ - ياشنىتىدىغان ئىزباسارلىرىمىز تۇمەنمىڭ! تاڭ دەۋرىنىڭ شائىرى چىڭ زىڭاڭ «يۇجۇ راۋىقىغا چىققاندا قىلغان ئويلار» دېگەن شېئىرىدا:

«ئالدىمدا كۆرمىدىم قەدىمكىلەرنى،
كەينىمگە قارىسام كېلەر ئادەم يوق.
ئويلىسام بەرىكەتلىك، چەكسىز دۇنيانى،
پىغانىم ئۆرلەيدۇ ھەممىدىن ئارتۇق.»

دەپ، تارىخنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىدىن ئەپسۇس چەككەنىدى. لېكىن بىز چىڭ زىئاڭنىڭ روھىنى خۇشال قىلدۇق! ئالدىمىزغا قارىساق، ئۆتۈپ كەتكەنلەر بار، كەينىمىزگە قارىساق، كېلىۋاتقانلار بار!...

شۇ چاغدا، ئايال ساھىبخانا تاماق ئەكىردى، ۋاسىل ئەپەندىمۇ ھاياجان ۋە تەسىراتلىرىنى بېسىپ سۆزدىن توختىدى، ھىدايەت بىلەن ئىككىسىنىڭ ئالدىغا بىر چىنىدىن قورۇما شورپا قويۇلدى.

— كەيپىڭىز قانداق، بىرەر رومكىدىن ئىچەرمىز، — دېدى ۋاسىل ئەپەندى ۋە ئىشكاپ تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئۆمەر ھەييامنىڭ مۇنۇ رۇبائىيسىنى پەس، يېقىملىق ئاۋازدا ئوقۇپ قويدى:

«تېپىلسا ئىككى جام مەينى قولغا ئال،
ھەرقانداق دەۋردە ئىچكىن بىمالال.
كېرەك ئەمەس ئاخىر يارانقۇچىغا،
نە سەندەك بۇرۇت ۋە مەندەك ساقال!»

— ئىچسەك ئىچتۇق، — دېدى ھىدايەت قولىدىكى تاماكىنى كۈلدانغا مىجىپ تۇرۇپ، — لېكىن، ۋاسىل ئاكا، سىز تېخى ئۆزىڭىز توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىدىڭىز، سىرتتا گەپ تولا، مەن بۇگۈن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىغىلى كەلگەنىدىم.

ۋاسىل ئەپەندى ئىككى رومكىغا ھاراق تولدۇردى، بىرنى

ھىدايەتكە بېرىۋېتىپ مۇنداق دېدى:
— سىرتتىكى پىتنە - پاساتلارنى مەنمۇ ئاڭلىدىم: «قولغا ئاپتۇ»، «خىزمەتتىن ھەيدەپتۇ» دېگەندەك گەپلەر. لېكىن، مانا مەن ئالدىڭىزدا تۇرۇپتۇمەنغۇ؟ بەزى ئادەملەر نېمىدەپ تارقاتسا تارقاتىمامدۇ؟ ئۇلار ئاتام زاماندىن تارتىپ سۆزلەپ كېلىۋاتىدۇ! قاچان ئۇلارنىڭ زۇۋانى ئۇچۇپ باققان؟! راست، ئىدارىدە بەزى گەپ - سۆزلەر بولدى، يۇقىرىدىكى ئايرىم ئادەملەر جىددىي «يولىيورۇق» لارنىمۇ بېرىپتۇ. مېنى ھازىرچە خىزمەتتىن توختىتىپ، ئويلىنىشقا قويدى. لېكىن مەن تەشكىلگە ئۆز پىكرىمنى ئېيتىپ قويدۇم. مېنىڭ تۆۋەنگە بارغاندا سۆزلىگەن بىرنەچچە قېتىملىق سۆزلىرىمنىڭ شۇ يەردە ئېلىنغان ئۈنئالغۇ لېنتىسى بار. ئۇنى ئالدۇرۇپ تەكشۈرسىلا، ھەق - ناھەق مانا مەن دەپلا چىقىدۇ. مەن ھېچ يەردە پارتىيىگە، خەلققە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلمىدىم. لېكىن بەزى غەرەزگۆي ئادەملەر سۆزلىرىمنىڭ ئۇيەر - بۇيېرىنى يۇلۇۋېلىپ، ئۆزلىرىچە بۇرمىلاپ، كۆپتۈرۈپ، ماڭا قانداقتۇر سىياسىي قالپاقلارنى كىيدۈرۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ! لېكىن مەن پارتىيىگە، تەشكىلگە ئىشىنىمەن! ھەقىقەتنى ھېچكىم يوشۇرۇپ قالالمايدۇ! ئۇ خۇددى ھەرقانداق ئادەم قۇياش نۇرىنى يانچۇقىغا سالالمايدىغانلىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش!
— لېكىن، ۋاسىل ئاكا، بەزى ۋاقىتلاردا ھەقىقەتكە يەتكۈچە بەل سۇنۇپ كېتىدىغان ئىشلار بولىدىكەن! — دېدى ھىدايەت قولىدىكى رومكىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ.
ۋاسىل ئەپەندى بۇ گەپكە بىرنەرسە دېمىدى، چۈنكى ئۇ ھەقىقەتنىڭ سۇنمىسىمۇ ئېگىلىدىغانلىقىنى، ئالتۇندەك ئېغىر بولغاچقا، ھايات ئېقىنىنىڭ ئاستىغا چۆكۈۋالىدىغانلىقىنى، سەپسەتىنىڭ بولسا، يەڭگىللىكتىن ھەممە يەردە تېزەكتەك لەيلەپ يۈرىدىغانلىقىنى ئۆزۈن يىللىق ئەمەلىيەتتىن چوڭقۇر چۈشىنەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي

مۇناسىۋەتلەرنى ئاياغ ئاستى قىلغان ئون يىللىق بالايىئاپەتتىن كېيىن، نورمال ئادەمگەرچىلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى...

ئۇلار تاماق يېگەچ يەنە ئىچتى، ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىر ـ بىرىنى ئىلهاملاندۇرىدىغان، ئۈمىدلەندۈرىدىغان سەمىمىي سۆزلەر ئىدى...

## 4

تۇرمۇشتىكى ئارتىسلار سەنئەتتىكى ئارتىسلاردىن ئۇستا ۋە ئەقىللىق كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار كىچىكىدىن شۇنى ئۆگىنىدۇ، مەشىق قىلىدۇ، ھەمىشە شۇ رولنى ئوينايدۇ. بۇنداق ئارتىسلىق ئۇلارنىڭ قېنىغا، جېنىغا سىڭىپ كەتكەن!...

لېكىن، بەزىدە ئۇلارنىڭمۇ چاندۇرۇپ قويىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. خۇددى سەھنىدىكى ئارتىسلارنىڭ يالغان ساقىلى چۈشۈپ كەتكەندەك ياكى يادلىۋالغان سۆزلىرىنىڭ ئايرىم جۈملىلىرى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك، تۇرمۇشتىكى ئارتىسلارنىڭمۇ شۇنچە مەخپىي، سىرلىق ھەرىكەتلىرى تۇيۇقسىز چۈشۈپ كەتكەن «يالغان ساقال» دەك بەزىدە ئاشكارا بولۇپ قالىدۇ...

ھېكمەت سوپى بىلەن ئەدھەمنىڭ «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىدا ئۆتكۈزگەن بىر مەخپىي سۆھبىتى كۈتۈلمىگەندە يېرىم ـ يارتا ئاشكارا بولۇپ قالدى.

تۈنۈگۈن گۈگۈم چۈشۈشكە يېقىن، شۆھرەت خوتۇنىنى قولتۇقلاپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇلار غەربىي يولدىكى بىر كىنوخانىدا فرانسىيىنىڭ «يولۋاس ئېغىزىدىن قۇتۇلۇش» دېگەن كومېدىيىلىك فىلىمىنى كۆرمەكچىدى. ئۇلارنىڭ يولى «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. ئۇلار دەل شۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، نوقۇت رەڭلىك «سانتانا» دىن ھېكمەت سوپى بىلەن

ئەدھەم چۈشۈپ، ئۈدۈل «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىغا كىرىپ
كەتتى. شۆھرەتنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇ ھېكمەت سوپى-
نىڭ ئەدھەم بىلەن بىللە بۇ يەرگە كېلىشىنى باشقىچىرەك تەسەۋ-
ۋۇر قىلدى.

— خوتۇن، سەپەر ئۆزگەردى، — دېدى ئۇ ئايالىنىڭ بىلە-
كىدىن تارتىپ، — يۈرۈڭ، «جەننەت ھۈزۈرىنى سۈرىدىغان»
ماۋۇ قەھۋەخانىغا كىرىپ باقايلى.

— نېمىشقا؟ — ئايالى تەئەججۈپ بىلەن سورىدى.

— كىنونى مۇشۇ يەردە كۆرىدىغاندەك قىلىمىز! — دېدى
شۆھرەت ئۇنى يېتىلەپ، — قالغان گەپنى كېيىن ئاڭلاي-
سىز!...

شۆھرەتنىڭ ئايالى گاڭگىراش ئىچىدە قەھۋەخانىغا كىردى،
كىرىپلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ۋاللىدە بىر دۇنيا ئېچىلغاندەك بول-
دى. ئۇ قىزىقىپ، ھەۋەسلىنىپ، تۆت تەرەپكە ئالاق - جالاق
قاراشقا باشلىدى. شۆھرەتنىڭ بولسا، خىيالى باشقا ئىدى. ئۇ
ئەتراپقا بويۇنداپ، سىنچىلاپ قاراپ، ھېكمەت سوپى بىلەن ئەد-
ھەمنى ئىزدىدى، لېكىن ئۇلار كۆرۈنمىدى. شۆھرەتنىڭ خىيال-
غا ئۆتكەنكى «خىلۋەت ماكان» كەلدى ۋە دەرھال شۇ تەرەپكە
بېرىپ، ئىشىكنى قىيا ئاچتى، دېگەندەك ئۇلار شۇ يەردە ئىدى.
گۇڭگا چىراغ نۇرىدا ھېكمەت سوپى بىلەن ئەدھەم شىرما بىلەن
توسۇلغان ساپادا گەۋدىسىنى ئىشىك تەرەپكە قىيا قىلىپ ئولتۇ-
راتتى. بۇ ئۆيگە تاق كىرىشكە بولمايتتى، جەزمەن يىگىت بىلەن
قىز شىرما بىلەن ئايرىلغان ساپا ۋە ئۈستەللەردە خالىي ئولتۇرۇ-
شى كېرەك ئىدى. شۆھرەت ئارقىغا ياندى. خوتۇنىنىڭ يېنىغا
كېلىپ ئۇنىڭ قولتۇقىغا گىرە سالدى ۋە خۇددى يېڭى تونۇشقان
مۇھەببەتداشلاردەك ئىرماش - چىرماش بولۇپ ھېلىقى ئۆيگە
كىردى. ھېكمەت سوپى بىلەن ئەدھەم ئۇلارنى كۆرمىدى، ئەر-
خوتۇن ئىككىسى دەل ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئول-

تۇردى. ئۇلارنى ئوتتۇردىكى يىپەك شىرما ئايرىپ، بىر ـ بىرىگە زادى كۆرسەتمەيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى ئۆزئارا پاراڭلىشىۋاتقاندەكلا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شۆھرەت ئايالى بىلەن قەھۋە، گازلىق سۇ ئىچكەچ، تىمتاس ئولتۇرۇپ يېنىدى. كىملەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— جەنۇبتىن كەلگەن ھېلىقى ئىسىمسىز خەت تازا پۇت تىرەپ تۇرالمايۋاتىدۇ، بۇ توغرىدا چىن شۇجىنىڭ پىكرى باشقىچە. ئۇ: «ئىسىمسىز خەتنى ئىناۋەتكە ئالغىلى بولمايدۇ!» دەپ ھىدايەتنى ئاقلاۋاتىدۇ. شۇڭا، ھىدايەتنىڭمۇ مەسىلە تاپشۇرۇشتىكى پوزىتسىيىسى ياخشى ئەمەس!...

بۇ، ھېكمەت سوپىنىڭ بوغۇق، چۈشكۈن ئاۋازى ئىدى.

— ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ ئۇنى مۇشۇ قېتىم ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىسەك، كېيىن تېخىمۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىدۇ!...

بۇ، ئەدھەمنىڭ مىسكىن، ئاداۋەتلىك ئاۋازى ئىدى.

— «قۇشقاچ يېگەن مۇشۇك كەپتەرنىمۇ يەيدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ ئىشقا قول تىققانىكەنمىز، ئەمدى ئاخىرىغا ئاچىقمىساق بولمايدۇ! تۈنۈگۈن مەرۇپ ئاقساقال بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ كىشى: «چىڭ تۇتۇڭلار، ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن پايدىلىق، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار!» دەپ يەنە تاپىلىدى. بۇ ئىشنى ھەقدادىغا يەتكۈزمىسەك، ئاقساقالنىڭ لەۋزى يەردە قالىدۇ!... ئەدھەم، ئەمدى سىز يەنە بىر ھەرىكەتلىنىڭ، مېنىڭچە، ئىمزا چېكىلگەن خەتنىمۇ قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ...

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، ھېكمەت ئاكا... ئەتراپىمىزدا ئىككى ـ ئۈچ ئادەم بار... ئوتقا دېسەك، ئوتقا؛ سۇغا دېسەك، سۇغا كىرىدۇ. پەقەت...

— «پەقەت» نېمە؟

— پەقەت بىرىنى مەملىكەتلىك جەمئىيەتكە، ئىككىسىنى شۆبە جەمئىيەتكە ئەزا قىلساق...

— بۇ ئوڭايغۇ! كىم ـ كىملەر ئۇ؟
— ئۇلارنىڭ بىرى…
شۇ يەرگە كەلگەندە شۆھرەت ئاڭلىيالماي قالدى، قۇلىقىنى شىرمىنىڭ يېپەك پەردىسىگە شۇنچە يېقىن تۇتسىمۇ ئاڭلانمىدى، ئەدھەم ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن كۇسۇلداپ سۆزلەۋاتاتتى…
— ھەي… شەرتى تازا تـوشمايدىغانلار ئىكەن ـ دە! … خەير… كېرەك يوق، ھازىرچە توشمىسا، كېيىنچە توشۇپ قالار… پەقەت بۇ قېتىمقى ئىشتا بىزگە ساداقەت كۆرسەتەلىسىلا…
— چاتاق يوق…
— ئۇنداق بولسا، بىر قولىڭىزدا ئانكىتنى بېرىپ… بىر قولىڭىزدا…
— … مۇبادا، بۇ ئىش سېزىلىپ قېلىپ، تەشكىلدىن تەكشۈرۈلىدىغان بولۇپ قالسىچۇ؟…
— خاتىرجەم بولۇڭ… تەشكىل دېگەن ئۆزىمىزغۇ…
كېيىنكى گەپلەر ئېنىق ئاڭلانمىدى، ئەمدى ئۇلار مالاچلىتىپ بىر نەرسە يېيىشكە چۈشتى، ئاۋازىدىن خېلى قىزىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۆھرەتكە يۇقىرىقى گەپلەرنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى. ئۇ يېقىندىن بېرى ھىدايەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنىڭ مەنبەسىنى، سەۋەبىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بولغۇسى ئىشلارنىڭ سالمىقىنى خېلى چۈشىنىپ، مۆلچەرلەپ بولغاندى. لېكىن، ئۇ بۇگۈن كىچىكرەك بىر ئۇنئالغۇ ئەكېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى لېنتىغا ئېلىۋالالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان چەكتى. ئۇلار ھەرقانداق ۋاقىتتا بۇگۇنكى سۆزلىرىدىن يېنىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى شۆھرەتنىڭ يوشۇرۇن ئاڭلاپ قالغانلىقتىن باشقا نەق دەلىلى يوق ئىدى. ئۈچىنچى بىر گۇۋاھچى بولمىغان ئىشلاردا، دەۋاگەر ئاسانلا لەت بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار بولاتتى. ئەگەر ئۇ خوتۇنىنى گۇۋاھچىلىققا تارتسىچۇ؟ بۇمۇ

ئاقمايتتى. چۈنكى، ئۇلار بىر ئائىلىنىڭ ئادىمى، مەنپەئىتى بىر ئەر - خوتۇنلار - دە!...

شۆھرەت «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇل ھىدايەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇنىڭغا بايا بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە ئېيتىپ بەردى.

— بۇ سۈيىقەستنى ئەمدى مەن جەمئىيەتكە يايىمەن! — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ، — پارتىيە ئەزاسى، پارتىيىنىڭ كادىرى تۇرۇپ، شۇنداق رەزىل ئويۇننى ئوينامدۇ!؟

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، شۆھرەت! — دېدى ھىدايەت ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن، — دۇنيادا ئادەم بېشىغا كېلىدىغان ئەڭ خۇشاللىق نەرسە توي، ئەڭ قايغۇلۇق نەرسە ئۆلۈم! قالغىنى بولسا، تۇرمۇشتا بولىدىغان ئادەتتىكى ئاتلىق - تۇرۇم، ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەردىن ئىبارەت! ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان پىتنە - پاسات، تۆھمەتلىرىگە مەنمۇ دەسلەپتە چىدىيالمىغانىدىم. كېيىن ۋاسىل ئەپەندى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇ ئادەمدىن ماڭىمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى تۇتالايدىغان، ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئىش قىلىدىغان، ئالەمچە ناھەقچىلىكلەر بولسىمۇ، پارتىيە بىلەن تەشكىلگە ئىشىنىدىغان بىر خىل ئۈمىدۋارلىق بىلەن جاسارەت يۇقتى. بۇ ئىشنى ئالدىراپ سىرتقا يايساڭ، بايا ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك نەق پاكىت بولمىغاچقا، ۋاقتى كەلگەندە، تەشكىل ۋە ئامما ئالدىدا سەن ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىڭ مۇمكىن.

— ئەمىسە، «نېمە قىلساڭ قىل» دەپ قولىمىزنى قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرامدۇق؟!

— قارا، شۆھرەت، كېچىسى ماڭغان يىگىتنىڭ، كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى كوتا، دېگەن گەپ بار. خۇددى شۇنىڭدەك، تۇرمۇشتىكى بارلىق رەزىل، ھارام ئىشلارنىڭمۇ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. پەقەت روھىي پاكلىق، نىيەتنىڭ خالىسلىقىلا ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇلار ئويۇننى ئاخىرغىچە ئويناپ

باقسۇن، يېرىم يولدا توختاپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭمۇ كۆڭلى ئۇند-
مايدۇ، باشقىلارمۇ تېگى - تەكتىنى چۈشىنەلمەيدۇ، ئوبرازىنى
تولۇق كۆرسىتەلمەي قالىدۇ! ئەگەر بەك سۆزلىگۈك كېلىپ
كەتسە، چىن شۇجىغا ئېيتىپ قويساڭ بولىدۇ.

ھىدايەتنىڭ گەپلىرى شۆھرەتنى قايىل قىلدى، ئۇمۇ غەزى-
پىنى ئىچىگە يۇتتى. لېكىن، شۆھرەت كەتكەندىن كېيىن،
ھىدايەت بۇ ئىشلارنى ئۇزاق ئويلاندى، ئويلاپ يېتىپ ئۇيقۇسى
قاچتى. ئەسلىدە ئۇ، شۆھرەتنىڭ زۇۋاندارازلىقىدىن ئېھتىيات
قىلغانىدى. ئاڭلىغان گەپلەرنى ئۇدۇل كەلگەن يەردە يېيىۋېرىپ،
ئاخىرىنى يىغىشتۇرالمايدىغان بىر ئىش چىقسا، ئىدارىنىڭ ئۇمۇ-
مىي ئىشى ئۈچۈن پايدىسىز ئىدى. شۇڭا، ئۇ شۆھرەتنى قايىل
قىلىش ئۈچۈنلا، ئۆزىنى بېسىپ، ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتقان بول-
سىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئەدھەمنىڭ ئىشلىرىدىن يۈرىكى پۇچىلىنى-
ۋاتاتتى.

ئەدھەم ئۆتكەندىمۇ شۇنداق قىلغان. ھىدايەت ئۇ ئىشلارنى
ئويلىسا، ھەم كۈلىدۇ، ھەم غەزەپلىنىدۇ. ئەدھەم تەھرىر بۆ-
لۇمگە يۆتكىلىپ كېلىپ بىر يىل بولمايلا، تەھرىر بۆلۈم مۇدىرى
بىلەن دەسلەپ يوشۇرۇن، كېيىن ئاشكارا ئېلىشقانىدى. ھىدايەت
ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دەۋانى كۆپ سورىغاچقا،
ئىشنىڭ تېگى - تەكتىدىن خەۋەردار ئىدى. بۆلۈم مۇدىرى شې-
ئىرلارغا مەسئۇل ئىدى. ئەدھەم دەسلەپ ئۇنىڭ «ھازىرچە تۇ-
رۇپ تۇرسۇن» ياكى «قايتا ئويلىشىپ باقايلى» دەپ مەۋھۇم
تەستىق سالغان شېئىرلىرىنى ئۇدۇللا ھېكمەت سوپىنىڭ ئالدىغا
ئەكىرىپ، كېلىشتۈرۈپ چاقتى، ئۇنى «بەدىئىي دىتسىز»لىقتا
ئەيىبلىدى، ئارقىدىن ھېكمەت سوپىنىڭ باش لىڭشىتىشىنى ئې-
لىپ، «رەھبەرلىك تەستىقلىدى» دەپ ئېلان قىلىۋەردى. بۆلۈم
مۇدىرىمۇ دەردىنى ئىچىدە بىلىپ قالدى… ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئەدھەمدە ئۆزى ياقتۇرمايدىغان ياكى ئاداۋىتى بار، ئۆچەكىشىپ

قالغان ئادەملەرنى كەمسىتىش، چۆكۈرۈش، ئابرۇيىنى تۆكۈش
جەھەتتە خېلى پىشقان ماھارەت بار ئىدى. بۇ جەھەتتە، ئۇ
مەدداھلارنىڭ مۇبالىغىچىلىك ئۇسۇلىنى قوللىناتتى. رەقىبىنىڭ
بىرەر ئەيىبىنى، سەۋەنلىكىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنى كۆپتۈرەتتى،
بولۇشىغا مۇبالىغە قىلاتتى. بۇمۇ خۇددى چاشقاننىڭ كىچىككىنە
يوچۇقنى تېپىۋېلىپ، تاتىلاپ يوغىناتقانلىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش
ئىدى. شۇنداق قىلىۋېرىپ، ئاخىر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى شۇ
تەرەپكە بۇراشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇمۇ بىر تالانت. تالانت بولغاندىمۇ،
ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئالاھىدە تالانت
ئىدى. ئەگەر سەن بوي - تۇرقى كېلىشكەن، ئەقىل - ھوشى
جايىدا بىر ئادەمنى توغرىدىن توغرىلا: «سەت، قوپال، دۆت»
دېسەڭ، ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، ئەكسى ھالدا، كىشىلەر سېنىڭ
نىيىتىڭدىن ئوڭايلا گۇمانلىنىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭ كىشىلەر-
نىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان ئادەتتىكى ئەيىبلىرىنى تېپىۋېلىپ،
مەسىلەن، بوينىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ياكى ئاغزىنىڭ يوغانلىقىنى
ۋە ياكى پۇتىنىڭ ئازراق مايماقلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، «قاراڭلار،
ئۇنىڭ ھاڭگىت بوينىغا؛ قاراڭلار، ئۇنىڭ كالاچتەك ئاغزىغا؛
قاراڭلار، ئۇنىڭ ئاچىماق پۇتىغا!...» دەپ بولۇشىغا كۆپتۈر-
سەڭ، مۇبالىغە قىلساڭ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە سۆزلەۋەرسەڭ، ئۇ
ھالدا كىشىلەر ساڭا ئىشىنىدۇ، رەقىبىڭگە دىققەت قىلىشقا باش-
لايدۇ. شۇنداق قىلىپ، رەقىبىڭنىڭ بۇرۇنقى ئوبرازى كىشىلەر-
نىڭ نەزىرىدە، ئاستا - ئاستا خۇنۇكلىشىدۇ! بۇ دۇنيادا ئەيىبى
يوق كىم بار؟!...

مانا بۇ، ئەدھەمنىڭ ئۆز رەقىبىنى ئەپلەيدىغان ئەپچىل چا-
رىسى! ئۇ مانا شۇ چارە بىلەن تەھرىر بۆلۈم مۇدىرىنى كاردىن
چىقارغانىدى. دەسلەپ ئۇنىڭ جىسمانىيىتىدىكى كىچىككىنە ئەيد-
بىنى — دوقا بېشىنى تۇتۇۋېلىپ، «ئەقىل تۇرمايدىغان سالما
باش، دۆڭ پېشانە» دەپ مۇبالىغە قىلدى. بۇ سۇپەتلەر ئاستا -

ئاستا كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا كۆپەيدى. كېيىن ئۇنىڭ روھىيىتىدى-
كى ئازراق بوشاڭلىقنى تۇتۇۋېلىپ، «لاتا قاسقاس» ، «سولاش»
دەپ ھەجۋىيلەشتۇرۇپ، بولۇشىغا داۋراڭ سالدى. بۇ گەپلەر
ئاخىر بېرىپ سىرتتىكى ئاپتورلارغىچە تارقىلىپ كەتتى…
شۇنداق قىلىپ، بۆلۇم مۇدىرى ھەم جىسمانىي، ھەم روھىي
جەھەتتە قاتمۇ قات ھۇجۇمغا ئۇچراپ، ئۇزاققا قالماي تەھرىر
بۆلۇمدىن خۇددى پىۋا شىشىسىنىڭ ئاغزىدىكى پۇرۇپكىدەك ئۇ-
چۇپ كەتكەندى…

# ئونىنچى باب

## غـۇلـغـۇلا

### 1

ئەدھەمگە ئالەمچە خۇشاللىق ياغدى.

ئۇنىڭ «قـان ـ تـەر بىلەن سـۇغىرىلغان» ھېلىقى ئەسە- رى — «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» قاتمۇ قات توسقۇنلۇقلارنى يېرىپ، ئاخىر دۇنياغا كۆز ئاچتى. كىتابنىڭ نەشرگە بېرىلىپ، جەمئىيەتكە تارقالغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەممە ئۆتكەللەرگە مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كاتتا ئەجرى سىڭدى. شۇڭا، بىرى كەم ئىككى يۈز بەتلىك بۇ كىتاب نەشرىياتنىڭ تارىخىدا رېكورت ياراتقان تېزلىك بىلەن نەشردىن چىقتى. كىتاب ئۇرۇمچىدە تار- قالغان كۈنى ئەدھەم ئىككى نۇسخا سېتىۋېلىپ، بىرىنى مەرۇپ ئاقساقالغا، بىرىنى ھېكمەت سوپىغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تەق- دىم قىلغانىدى.

بۈگۈن ئۇ، قەلەم ھەققىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنى تول- غىنىپ تۇرۇپ مەرۇپ ئاقساقالغا ئاجراتتى ۋە سىماۋى رەڭلىك سارجىدىن بىر كىيىملىك ئېلىپ، بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭ ئەجرى- نى ياندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن، كىتاب توغرىسىدىكى پىكرى- نى ئاڭلاپ بېقىش نىيىتىدە، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— كايىپسىز، ئەدھەم···، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال سار- جىنى ئېلىۋېتىپ تەكەللۇپ بىلەن، — دېمەككىم، كايىپسىز···

— بۇ تېخى ھېچ گەپ ئەمەس، ئاقساقال، — دېدى ئەدھەم-
مۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەكەللۇپ كۆرسىتىپ، — ئەگەر سىزنىڭ
ياردىمىڭىز بولمىغان بولسا، بۇ كىتاب ھەرگىزمۇ يورۇقلۇققا
چىقالمايتتى، سىزگە قانچە قىلسام ئەرزىيدۇ، ئاقساقال.

ئۇلار بىر - بىرىنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ، ساپادا يانمۇ يان
ئولتۇردى، نېپىز قىرلىق جانان پىيالىلەردە زەپەر سىلىنغان
چاينى ئىچىپ ھۇزۇرلاندى. نېرى - بېرى پاراڭلاردىن كېيىن،
ئەدھەم پەيتنى توغرىلاپ ئاستا سورىدى:

— ئاقساقال، كىتابنى كۆرۈپ بېقىشقا ۋاقتىڭىز يەتتىمۇ؟

— كۆردۈم، توغرا - توغرا، دېمەككىم، سىزنى تەبرىكلەي-
مەن! — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئۆندەرىگەندەك، — كۆرمەم-
دىمەن، سىز بەرگەن كۈنى كېچىسى ئۇخلىماي كۆرۈپ چىق-
تىم... دېمەككىم، ياخشى يېزىپسىز، ئاپىرىن... بارىكال-
لا! ... دېمەككىم...

ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقى چىرايىدىكى سوغۇق ھېجىيىش
بىلەن ئاۋازىدىكى ھودۇقۇشتىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لې-
كىن، ئۇ كۆرمىدى ئەمەس، كۆردى، بىر يۈز توقسان توققۇز
بەتلىك كىتابنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ۋاراقلاپ باقتى،
ئۇيەر - بۇ يەرگە كۆزمۇ يۈگۈرتتى، ئەمما كاللىسى ئېلىشىپ
كەتتى، قانداقتۇر «مودېرنىزم، سېھرىي رېئالىزم، ئېستېتىكا،
سېرىق مەدەنىيەت، كۆك مەدەنىيەت...» دېگەندەك غەلىتە گەپ-
لەرگە ئۇنىڭ ئەقىل ئىشلەتكۈسى كەلمىدى. شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي، ئۇ ھەدەپ كىتابنى ماختاۋاتاتتى:

— دېمەككىم، يېڭى گەپلەر كۆپ ئىكەن، يېڭى ئىشلارنى
يېزىپسىز، دېمەككىم، سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئۇلۇغ ئادەملەر
ھامان كىشىلەر قەلبىدىن ئۆچمەيدۇ... دېمەككىم، سىزنىڭمۇ پات
ئارىدا ئۇلۇغ ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشىڭىزغا ئىشىنىمەن! ...

— رەھمەت، مەرۇپ ئاكا، قوللىغانلىقىڭىزغا، ئىشەنچ-

ڭىزگە كۆپ رەھمەت، مەنمۇ ھەرگىز سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى يەردە قويمايمەن! — دېدى ئەدھەم ھاياجانلىق، تەسىرلىك ئاۋاز-دا، — مىللىتىمىزنىڭ پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بار، ئەجداد-لىرىمىز مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە يىگىرمە يەتتە پەرد-لىك «مايىترى سىمىت» دېگەن دىرامىنى ئويناپ چىققان. مەن XX ئەسىرنىڭ ئەۋلادى تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارنى قىلمى-سام بولامدۇ؟! مەندە غەيرەت، ئىرادە، كۈچ - قۇۋۋەت بار. لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، ئاقساقال، سىزگە ئوخشاش مۇستەھكەم، ئالىيجاناب ئارقا تىرەك بولمىسا بولمايدۇ، سىز يۆلەپ تۇرسىڭىزلا، ئاسماندىكى يۇلتۇزنىمۇ ئالالايمەن!

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەدھەم، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئۇنىڭغا پىشاڭ قىستۇرۇپ، — دېمەككىم، سىزنى يۆلەپ تۇ-رۇشلا ئەمەس، يۆلەپ چىقىرىش مۇددىئايىم بار. ئۇ چاغدا ھەممە ئىش ئۆز قولىڭىزدىن كېلىدۇ، دېمەككىم، ئۆزىڭىز خان، ئۆزد-ڭىز بەگ بولىسىز!...

ئەدھەمنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، مەرۇپ ئاقساقال ئۇنىڭغا ھەم كىتاب توغرىسىدا، ھەم كەلگۈسى ئىستىقبال توغرىسىدا يېتەرلىك مەدەت ۋە بېشارەت بەرگەنىدى. بولۇپمۇ، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ كىتاب توغرىسىدىكى كۆز قارىشى، باھاسى مۇھىم ئىدى. چۈنكى كىتاب تارقىلىپ ھەپتە ئۆتمەيلا ئىدارىدە، جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغالدى، ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش تۇپەيلى-دىن، بەزى ئىنكاسلار ئەدھەمنى چۆچۈتۈپ قويغانىدى...

شۆھرەت ئىدارىدە ئوچۇقتىن ئوچۇق:

— ئەدھەمنىڭ كىتابىنىڭ چارەك قىسمى يارىماس، ئۈچتىن ئىككى قىسمى بىمەنە، قۇرۇق گەپ ئىكەن! — دەپ يۈردى.

نەشرىياتنىڭ مۇھەررىرى مۆمىن قاسىم بولسا:

— كىتابنىڭ ئىدىيىسى ساغلام ئەمەس، بىر مۇنچە كۆزقا-راشلار غەرب بۇرژۇئازىيىسىدىن ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن

زىيانلىق نەرسىلەر! — دەپ چۇقان كۆتۈردى.

ئەدھەم ئۆزىمۇ ئۇ يەر - بۇ يەرنى تىڭتىڭلاپ، بىرنەچچەيلەنىڭ ئوبزور يېزىپ تەنقىد قىلماقچى بولغانلىقىنىمۇ ئاڭلىدى. ئەگەر بۇ ئىشلار راستتىنلا ۋۇجۇدقا چىقىدىغان بولسا، ئەدھەمنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا مۇقەررەر تەسىر يەتكۈزەتتى. لېكىن، ئۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بايىقى سۆزلىرىدىن ئۆزىگە كۈچلۈك مەدەت تاپتى، كىتابى توغرىسىدىمۇ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. چۈنكى مەرۇپ ئاقساقال ماختىغانىكەن، باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ تىللاشقا چىشى پاتمايدۇ، ئۇنىڭ توخۇسىنى تاخ، مۈشۈكىنى پەش دېيەلمەيدۇ!... ئەمدى ئۇ ھېكمەت سوپى بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇنىڭمۇ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى، ئەگەر تومۇرى راۋۇرۇس سوقمىسا، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭمۇ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ قويۇش نىيىتىگە كەلدى.

## 2

شۆھرەت بىلەن مۆمىن قاسىم مۇختەرنىڭ ئۆيىدە تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. شۆھرەت بۇرۇنراق كەلدى، مەقسىتى، «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» توغرىسىدا مۇختەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىدى. مۆمىن قاسىممۇ كېلىپلا ئۆز مۇددىئاسىنى ئوچۇق ئېيتتى: ئەگەر مۇختەر رازى بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» توغرىسىدا ئوبزور يازماقچىدى. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ تەبىئىي ھالدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— مۇختەر، بۇنى سىزمۇ ئوقۇغانسىز؟ — دېدى مۆمىن قاسىم يانچۇقىدىن «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» دېگەن كىتابنى ئېلىپ، — مەن ئۆز ۋاقتىدىلا نەشر قىلىشقا قوشۇلمىغانىدىم.

لېكىن ھوقۇقىنىڭ كۈچى ئۈستۈن كەلدى. مانا، جەمئىيەتكىمۇ تارقالدى، تارقىلىپلا بىرمۇنچە يامان تەسىر پەيدا قىلدى. بىر-نەچچە كۈندىن بېرى، ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرى نەشرىياتقا كېلىپ، كىتابتا قالايمىقاندىلىشىپ كەتكەن بىرمۇنچە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە بىزدىن ئىزاھات سوراۋاتىدۇ. مانا قاراڭلار، — دېدى ئۇ كىتابنىڭ قىرىق توققۇزىنچى بېتىدىكى قىزىل قەلەم بىلەن سىزىلغان يەرنى ئوقۇپ، — «مودېرنىزمچىلار ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى ئىدېئولوگىيەسىگە ۋە روھىغا ۋەكىللىك قىلماقتا، ئۇلار كەلگۈسى يېڭى دۇنيانىڭ يېڭى قىياپىتىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقىسىغا ۋەكىللىك قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىگە تېخىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ!…» بۇ نېمىدېگەن بىمەنىلىك؟! ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ئىدېئولوگىيەسىگە مودېرنىزم ۋەكىللىك قىلسا، رېئالىزم، رومانتىزم دېگەنلەر نەگە بارىدۇ؟!

— ئۇنىڭ چاۋابىنىمۇ ئۆزى بېرىپتۇغۇ، — دېدى شۆھرەت كىتابنىڭ ئاتمىش ئۈچىنچى بېتىنى ئېچىپ ئوقۇپ، — مانا قاراڭلار، «رېئالىزم پەقەت مودېرنىزم بىلەنلا بىر - بىرىگە ماس كېلىدۇ، رېئالىزمنىڭ ئۆزىنى سوتسىيالىستىك رېئالىزم، تەنقىدىي رېئالىزم، ئىنقىلابىي رېئالىزم دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ!…» دەپتۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەمدى ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېرىنى ئىجتىمائىي تۈزۈم نۇقتىسىدىن ئايرىمايدىغان ئوخشايمىز! — شۆھرەت مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى.

— ياق، ئۇ ئەدھەمنىڭ كۆز قارىشى! — دېدى مۆمىن قاسىم جىددىي ھالدا، — بىر دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئايرىشتا، ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن ئىبارەت بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىدىن تارتىپ، ھازىرقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتكە قەدەر تارىخ يۈز يىلدىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئاددىي بىر

پاكىت. گوركىينىڭ «ئانا»، ماۋدۈننىڭ «تۈن يانغاندا»، لۈت-پۈللا مۇتەللىپىنىڭ «يىللارغا جاۋاب» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىن-قىلابىي رېئالىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت بولماي نېمە؟ مودېر-نىزم پەقەت XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا غەرب دۇنياسىدا مەيدانغا كەلگەن چوڭ بىر ئېقىم. مودېرنىزمنىڭ ھەر خىل قاتلاملىرى بار: ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى مودېرنىزمچىلار بار، مېنىڭ-چە، ئۇلارنى ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەت-تىكى مودېرنىزمچىلارنىمۇ ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ. لېكىن بىر خىل تۈپ ئىدىيە سىستېمىسىدىكى مودېرنىزمچىلارنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كەلگىلى بولمايدۇ. سەنئەت جەھەتتە، ئۇلار ئىجادىيەت-نى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بۇزۇپ، قانداقتۇر تەتۈر مەدەنىيەت، تەتۈر سەنئەت دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنى ئوقۇپ بىزار بولمىدۇقمۇ؟! مودېر-نىزم يەنە ئىدىيە، مەزمۇن جەھەتتە كىشىلىك ھاياتقا، ئىنسان-يەتكە، ئىستىقبالغا ۋە بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قارىتا ئۈمىد-سىزلىكنى، ئىنكارچىلىقنى، ھۆكۈمەتسىزلىكنى، شۇنداقلا ئى-دېئالىزمنى، سىرلىق دۇنيا قاراشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن دۇنيا قاراشنى، كىشىلىك قاراشنى ۋە قىممەت قارىشىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كەلسەك، بىزنىڭ رېئاللى-قىمىز، جەمئىيىتىمىز نېمە بولىدۇ؟ — مۆمىن قاسىم چايدىن بىر ئوتلىدى، تاماكا ئىسىدىن ساپسېرىق بولۇپ كەتكەن بارماقلى-رى بىلەن سوقىچاق بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ، يەنە داۋاملاشتۇر-دى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راۋان، پىكرىنىڭ ئىزچىللىقىدىن قارىغان-دا، نەچچە كۈندىن بېرى خېلى ئىزدەنگەن ۋە ئويلانغاندەك قىلات-تى، — غەرب مودېرنىزمىنىڭ ئېقىملىرى قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا بىر تۈپ نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ، ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ، ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. كاپىتالىزم

دۇنياسى ئادەم بىلەن جەمئىيەتنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدۇ.
بۇنداق ئىپادىلەش شۇ دەۋر ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما، سەن
ئۇنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ ئەكەلسەڭ، بىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىيا-
لىستىك دۆلىتىمىزدىكى سوتسىيالىزم رېئاللىقىدىمۇ ئادەم بىلەن
ئادەم ھەرگىز بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمەيدىغان، ھەرقانداق
جەمئىيەت، ھەرقانداق ھاكىمىيەت بىلەن قارىمۇ قارشى ھالەتتە
تۇرىدۇ، دېگەنلىك بولمامدۇ؟ ئىككى كۈندىن بېرى، نۇرغۇن
نەرسىلەرنى ئويلىدىم، ئەسلىدىم. چەت ئەلنىڭ ھەممىمىز كۆر-
گەن «كاساندىرا كۆۋرۈكى» دېگەن بىر كىنوسى بار. مېنىڭچە،
بۇ كىنودا سىمۋولىزملىق ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ،
غەرب جەمئىيىتىدىكى ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ
قارشىلىق، ئادەمگە بولغان بېسىم پاش قىلىنغان. ئەگەر بۇ
نەرسە دۆلىتىمىزگە يۆتكەپ كېلىنسە، ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟
ئىجتىمائىي ئالدىنقى شەرت ئوخشاشمىغاچقا، يۆتكەپ كېلىنسە،
تىغ ئۇچى ئاپئاشكارا ھالدا سوتسىيالىزمغا قارىتىلىپ قالى-
دۇ!… بۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! چۈنكى ھەرقان-
داق جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى، تۈزۈمىنى قوغداشقا
ھەقلىق! لېكىن مەن بۇنىڭلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى
قاتماللاشتۇرۇپ، چەت ئەلنىڭكىنى ئۆگىنىش، قوبۇل قىلىشنى
چەتكە قاقماقچى ئەمەسمەن! مېنىڭچە، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەت-
لەرنىڭ مەدەنىيىتىدىكى كېرەكلىك نەرسىلەرنى، ھازىرقى زامان
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مېۋىسىنى ئاكتىپ قوبۇل
قىلىش كېرەك. پەقەت دەۋرىمىز، مىللىتىمىز قوبۇل قىلالماي-
دىغان زىيانلىق نەرسىلەرنى مۇقەددەس نەرسە، دەپ يېپىشىۋالمى-
ساقلا بولدى!

مۇختەر خېلىدىن بېرى ئۈنچىقماي، كۆزىنى خىيالەن يۇمۇپ
ئولتۇردى. مۆمىن قاسىم بىلەن شۆھرەتنىڭ پىكىرلىرىگە زەن
قويدى، مۇھاكىمە قىلدى، تەھلىل يۈرگۈزدى. بىرنەچچە كۈن-

دىن بېرى ئۇنىڭمۇ خىيالى ئاشۇ كىتابتا ئىدى، كىتابنى بىر
ئەمەس، ئىككى نۆۋەت ئوقۇدى، ئايرىم ئابزاسلارنى بولسا، ئۆزى
بىلىدىغان نەزەرىيىگە، بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئەمەلىيەتكە سې-
لىشتۇرۇپ، قايتا - قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزدى، مۇلاھىزە قىلى-
غانسېرى ئۇنىڭدىكى يوچۇقلار كېڭىيىپ، ھەق - ناھەق ئايدىڭ-
لاشقاندەك بولدى. ئۇ، كىتابنىڭ بىر يۈز قىرىق يەتتىنچى
بېتىدىكى: «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز سېرىق توپا مەدەنىيىتى. بۇ
خىل مەدەنىيەت ھالاك بولۇش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىزنىڭ تراگېدى-
يىمىز — دەۋرنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىمىزدا. ھالاكەتتىن قۇتۇ-
لۇش ئۈچۈن، غەربنىڭ كۆك مەدەنىيىتىنى ئەكېلىش كېرەك.
ئاشۇ كۆك مەدەنىيەتلا جۇڭگونىڭ قاغجىراپ كەتكەن سېرىق توپى-
سىغا ھۆل - يېغىن ياغدۇرالايدۇ!» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇغاندا،
غەربنى ماختاپ، ئەجدادلارنى تىللايدىغان، چەت ئەلگە چوقۇنۇپ،
دۆلەتنىڭ غۇرۇرىنى كەمسىتىدىغان بۇنداق مىللىي ئىنكارچىلىق
روھتىن قاتتىق يىرگەندى، نەپرەتلەندى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدا ئەدھەمنىڭ بىردەم گىدەيگەن، كۆرەڭ قىياپىتى؛ بىردەم
شۇمشەيگەن، بىچارە ھالىتى گەۋدىلەنگەندەك بولدى. مۇختەر
ئۇنىڭ كىتابىدىكى كىشىلەرنى غۇلغۇلىغا سالغان بىرمۇنچە كۆز
قاراش، نەزەرىيىلەرنىڭ ئۇنىڭ كەشپىياتى بولماستىن، بەلكى
چەت ئەل ۋە جۇڭگونىڭ ھەرخىل كىتاب، ژۇرناللىرىدىن تېرىش-
تۇرۇپ، كۆچۈرۈۋالغان «چوڭ گەپلەر» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلى-
دى. چۈنكى، ئۇ بۇنداق «چوڭ گەپلەر»نى بۇرۇنمۇ قەيەردىدۇر
كۆرگەندەك، ئاڭلىغاندەك قىلاتتى. ئەدھەمنىڭ دەل مۇشۇنداق
بىر ۋاقىتتا — نۇرغۇن ئىدىيە ۋە نەزەرىيە مەسىلىلىرى كىشىلەر-
نى قايمۇقتۇرۇپ يۈرۈۋاتقان چالغۇش بىر ۋاقىتتا — مۇنداق بىر
كىتابنى ئوتتۇرىغا ئېتىشى ياخشى نىيەتتىن ئەمەس ئىدى. ھېچ-
بولمىغاندا، ئىجادىيەتچىلەرنى، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلى-
رىنى، ئوبزورچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ، ئىدىيىسىنى چەلەڭگۇش
قىلىۋېتەتتى...

شۆھرەت بىلەن مۆمىن قاسىم شۈكلەپ قالدى، چاي ئىد-
چىپ، تاماكا چېكىپ، مۇختەرنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ
ئولتۇرۇشاتتى. مۇختەرمۇ شۇنى سەزدى بولغاي، گەۋدىسىنى
سەل - پەل رۇسلاپ، ئىككى تەرىپىگە قىمدىنىپ قويۇپ ۋەزمىن
ئاۋازدا سۆز باشلىدى:

— مۇبادا، خاتا نەرسىلەر قاچانكىن بىر پىكىر ئىقىمىغا
ئايلىنىپ قالىدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق بولىدۇ! بىر-
نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىجادىيەتتىمۇ، نەزەرىيىدىمۇ غەلىتە ئىشلار
بولۇۋاتىدۇ! بەزىلەر بۇنى «ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنىڭ بەس -
مۇنازىرىسى» دەيدۇ. مېنىڭچە، ئوخشاشمىغان پىكىرلەرنىڭ
بەس - مۇنازىرىسى كونكرېت ئىجادىيەتتىن ھالقىغان ھالدا بول-
مايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا، روسىيىدە نىكراسوۋنىڭ «رۇس ئاياللىرى»
ناملىق داستانى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە بولغان. داستاندا، بىر
ئايالنىڭ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان دىكابرىست ئېرىنى يوق-
لىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۈز كۆرۈشكەن چاغ-
دىكى كۆرۈنۈشى مۇنداق يېزىلغان: «ئۇ ئېرىنى كۆرۈش بىلەنلا
يۈكۈندى - دە، ئېرىنى قۇچاقلاشنىڭ ئورنىغا، ئاۋۋال ئۇنىڭ
پۇتىدىكى تۆمۈر كىشەننى ئېلىپ لېۋىگە مەھكەم باستى...» دوس-
تويېۋسكى بۇنداق يېزىشنى: «ھەقىقىي، چىن ئەمەس، ئايال
كىشەننى سۆيمەستىن، ئاۋۋال مۇقەررەر ھالدا ئېرىنى سۆيۈشى
كېرەك ئىدى» دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتنىڭ چىنلى-
قىغا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان قاراش ۋە چۈشەنچە پەيدا بول-
غان. ئايال نېمە ئۈچۈن كىشەننى سۆيىدۇ؟ بۇنداق يېزىش چىن
ئەمەسمۇ؟! ئەسلىدە، ئۇنىڭ كىشەننى سۆيۈشىنىڭ چوڭقۇر مە-
نىسى بار. ئۇ خورلۇق ۋە جاپا - مۇشەققەتنىڭ سىمۋولىنى
مۇستەبىتلىككە قارشى كۈرەشتىكى باتۇرانە روھنىڭ سىمۋولىغا
ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. نىكراسوۋ مانا شۇنداق
يۈزەكى ھەقىقەت ئارقىلىق، ماھىيەتلىك ھەقىقەتنى كۆرسەتكەن!

دېمەك، ھەرقانداق بەس ـ مۇنازىرىنىڭ ئوبيېكتى، دائىرىسى بولۇشى كېرەك. بايا، مودېرنىزم توغرىسىدا ئېيتتىڭلار. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھازىر مودېرنىزمنىڭ ئىككى چوڭ تېمىسى بار: بىرى، جىنس، يەنە بىرى، ئۆلۈم! ئۇلار: جىنس — ياشاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە ھېس تۇيغۇسى؛ ئۆلۈم — ھاياتلىقنىڭ نىشانى ۋە يۇقىرى مەنزىلى، دەپ قارايدۇ! ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى ئاشۇنداق بولغاچقا، يېزىلغان ئەسەرلەرمۇ پۈتۈنلەي چۈشكۈن، خۇنۇك ۋە جىنسىي ئاچارچىلىق، جىنسىي ئازاب، ئىپتىدائىي ھەۋەسلەر بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئەسەر- لەر قانچە سىرلىق، غەلىتە، پاسكىنا، بىمەنە بولسا، شۇنچە ياخشى بولار ئىمىش! يېقىندا، خېلى ئاتاقلىق ژۇرناللارغا بېسىل- غان بەزى ئەسەرلەرنى كۆرۈپ باقتىم. بىرىدە، چىۋىننىڭ سەك- رەپ ئوينىشىنى، نېمىلەرنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى شۇنداق ئىشتىياق بىلەن تەسۋىرلەپ كېتىپتۇ. يەنە بىرىدە، باش پېرسوناژنىڭ چوڭ تەرەت قىلغۇسى كەلگەنلىكىنى، بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى، ئاندىن ئۇنىڭ بىر خىلۋەت يەرنى تېپىپ چوڭ تەرەت قىلغانلىقىنى، تەرەت قىلىپ بولۇپ، ئۆزى- نىڭ نىجاستىگە ئالايتەن قاراپ، ئۇنىڭ ھالىتىنىڭ، رەڭگى- نىڭ قانداقلىقىنى كۆرگەنلىكىنى بىر بەتتىن ئارتۇق سەھىپىدە ئىنچىكە تەسۋىرلىگەن! بۇلارنى ئوقۇسا، ئادەمنىڭ ئىچى ئېلىش- مامدۇ؟!

— ئۇنداقتا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە چوڭ تەرەت قىلىش ئەھۋا- لىنى يازغىلى بولمامدۇ؟ — سورىدى شۆھرەت ئالدىراپ، — يېيىش، ئىچىشنى يازغاندىن كېيىن، چىقىرىشمۇ بولۇش كېرەك ـ دە!

— يازغىلى بولمايدۇ ئەمەس، ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مۇختەر، — بۇ يەردىكى گەپ: چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىش ھەرگىزمۇ ئىجتىمائىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى

فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە! ئۇنى يېزىشتىكى مەقسەت، چوڭ تە-
رەت قىلىۋاتقاندا، ئاشۇ ئادەم قانداق روھىي ھالەتتە بولدى ياكى
بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، پائالىيىتى بىلەن قانداق
مۇناسىۋىتى بار؟ دېگەنلەرنى چۈشەندۈرۈش بولۇشى كېرەك. لې-
كىن ھازىر بىزدىكى چاتاق: ئادەملەردىكى فىزىئولوگىيىلىك،
بىئولوگىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن قىپيالىڭاچ جىنسىي ئەسەبىيلە-
كىنى ئىپادىلەشنى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشنىڭ ئور-
نىغا دەسسەتكەنلىكتە! مۇنداق كېتىۋەرسە، ئەدەبىياتنىڭ تەربىيە-
لەش رولى تۇگۇل، ئېستېتىكىلىق رولى توغرىسىدىمۇ ئېغىز
ئاچقىلى بولمايدۇ! ئەدەبىيات گۈزەل نەرسە. شۇڭا، ئەسەرلەرمۇ
كىشىلەرگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلىشى كېرەك. ئادەملەرمۇ
پاكىز، رەتلىك كىيىملەر بىلەن بىر ـ بىرىگە گۈزەل كۆرۈنىدۇ.
ئاپتورمۇ ئۆز ئەسىرىنى كىتابخانلارنىڭ ئالدىغا قىپيالىڭاچ ھالدا
ئەمەس، ھەتتا پاسكىنا، كىر كىيىملەر بىلەنمۇ ئەمەس، بەلكى
رەتلىك، چىرايلىق كىيىملەر بىلەن كىيىندۈرۈپ ئاچىقىشى
كېرەك!

— بۇ گەپ جايىدا بولدى! — دېدى شۆھرەت تەسىرلى-
نىپ، — ھەقىقەتەنمۇ گۈزەللىكنى سۆيۈش — ئىنسانلارنىڭ
تۇغما تەبىئىتى. ھازىرقى زامان ئادەملىرىلا ئەمەس، بەلكى ئىپ-
تىدائىي ئادەملەرمۇ گۈزەللىكنى سۆيگەن. ئارخېئولوگىيە ئالىم-
لىرى قەدىمكى ئۆڭكۈرلەردىن قېزىپ چىققان ھەرخىل تۇرمۇش
بۇيۇملىرى ئارقىلىق، تاش قورال دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭمۇ گۈ-
زەل زىبۇزىننەتلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.
ئەگەر ئىنسانلار ھازىر بەزىلەر قىزىقىپ كەتكەن ئىپتىدائىي ھە-
ۋەس بىلەن ھايۋان تەبىئىتىنى — گۈزەللىك دەپ قارىسا، ئۇ
چاغدا ئىنسانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكسىز يۈرىدىغان ئىپتىدائىي،
ياۋايى ھالەتتىن بۈگۈنكىدەك مەدەنىيەتلىك، زامانىۋى ھالەتكە
كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ! مېنىڭچە،

ئادەمدە ئەقىل بولمىغان بولسا، مەدەنىيەت بارلىققا كەلمەيتتى، مەدەنىيەت بولمىغان بولسا، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت پەرقلەنـ-مەيتتى! كىشىلەرنى مەدەنىيەتكە ئۈندەيدىغان ئەنە شۇ بەدىئىي گۈزەللىك كىشىلەرگە كېرەكلىك، شېرىن مەنىۋى ئوزۇق بېرىـ-شى كېرەك!

ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە ئەنە شۇنداق قىزغىن، ئەركىن - ئازادە پاراڭلاشتى. ئەدەھەمنىڭ كىتابىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزلىـ-رىنىڭ ئەدەبىيات ۋە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي، پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى، سىردىشىش ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىگە يول ئاچتى. شۇنداق قىلىپ، مۇختەر بىلەن مۆمىن قاسىم بىرلىكتە «ئەدەبىـ-يات ۋە زوقلىنىش» نى ئوبيېكتىپ باھالايدىغان بىر ئوبزور يازـ-ماقچى بولدى. ئاخىرىدا، بىر - ئىككى رومكىدىن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ھىدايەت توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدى.

— ئاڭلىسام، ھىدايەتنى تېخىچە «ئېسىپ قويغان» ئوخشايـ-سىلەر، — دېدى مۇختەر نارازى بولغاندەك قىياپەتتە، — ئۇنىڭ ھېلىقى ماقالىسىنى ھەرقانچە كوچىلىسىمۇ، سىياسىي جەھەتتە قۇسۇر تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ ھەقتە مەن مۇھاكىمە خاراكتېرلىك بىر ماقالە يېزىۋاتىمەن، ئەگەر ئۇنى ئاشۇ ماقالىسى ئۈچۈنلا خىزمەتتىن توختىتىپ قويغان بولسا، بەك ئۇۋال بوپتۇ!...

— بۇ ئىشتا چوڭ بىر ئويۇن ئوينىلىۋاتىدۇ، مۇختەر! — دېدى شۆھرەت زەردە بىلەن، بۇ ھەقتە گەپ بولسىلا ئۇنىڭ قېنى قىزىپ، ۋىجدانى ئازابلىناتتى، — ھازىر ئۇنىڭ ماقالىسىلا ئەـ-مەس، ئائىلە تۇرمۇشى، سىياسىي ھاياتىمۇ ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتىـ-دۇ. بۇ ھۇجۇم ئايرىم ئادەملەر تەرىپىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق، ھىيلىگەرلىك بىلەن تەشكىللىنىۋاتىدۇ! گەرچە ھازىرقى سىياـ-سىي ۋەزىيەتتىن ئۇلار ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن پايدىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەن ئىشىنىمەن، بۇ ئويۇن ئاخىر شەرمەندىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ!

مۆمىن قاسىم ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىچىدە شۆھرەتكە قارىدى:

— بۇ قانداق گەپ؟ تەنقىدلەيدىغان، تۈتىدىغان نەرسە ھەممەيلەننىڭ قولىدا ئاپئاشكارا تۇرسا، ئەدھەم بىلەن ھېسابلاشماي، ھىدايەتكە ئېسىلىۋالغىنى نېمىسى! بۇ، سۈنى لېيىتىپ بېلىق تۇتقانلىق ئەمەسمۇ؟!

مۇختەر مىيىقىدا كۈلدى:

— شۇنىڭ ئۈچۈن، شۆھرەت بۇنى «ئويۇن» دەۋاتمامدۇ؟! ئويۇن ئىكەن، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە ساختا، توقۇلغان نەرسىلەر بولىدۇ، ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسىمۇ، ئاخىرقى يېشىمىمۇ بولىدۇ!

— ئەدھەم ھازىر ئۆزىگە پۇختا غوجا تاپ سىلىۋالدى، — دېدى شۆھرەت مەنىلىك قىلىپ، — بۇ غوجا تام ئۇنى خېلى كۈچلۈك بوران - چاپقۇندىنمۇ قوغدايدىغان ئوخشايدۇ!...

مۇختەر ئۇنى قۇۋۋەتلىگەندەك، بېشىنى لىڭشىتىپ بىر خىل قىياسىي خىيال بىلەن مۇنداق دېدى:

— مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، ئەدھەم ھازىر كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ ناھايىتى تېز ئۆرلەۋاتقان بىر چولپان بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، بەلكىم بىر كۈنلەر كېلىپ، ئۇ يەنە كۆزدىن ناھايىتى تېز يوقىلىدىغان ئاقار يۇلتۇز بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن!...

## 3

مەرۇپ ئاقساقال لۆم - لۆم كارىۋاتتا سوزۇلۇپ يېتىپ، نەچچە كۈندىن بېرى يىغىلىپ قالغان گېزىتلەرنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئالتە بەتلىك گېزىتنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر - ئىككى مىنۇتلا كېتەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن بىرىنچى بەتتىكى چوڭ ماۋزۇ-

لارغا كۆز يۈگۈرتەتتى، دىققەتنى تارتقۇدەك چوڭ گەپ بولمىسا، كېيىنكى بەتلەرگە كۆچەتتى، ئەلۋەتتە، بۇ بەتلەردە سىياسەتكە، ۋەزىيەتكە تەئەللۇق چوڭ ئىشلار بولمايتتى، قانداقتۇر پالانچى ناھىيە ئېرىق ـ ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى قىلدى، پۇستانچى يېزا ئورمان بەلۋېغى بەرپا قىلدى... دېگەندەك مەرۇپ ئاقساقالنىڭ پايدا ـ زىيان مەنپەئىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئادەتتىكى خەۋەر- لەر بولاتتى. لېكىن، بۈگۈن «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىكى بىر خەۋەر بىلەن «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى قىسقا بىر ماقالە ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قالدى. ئۇ كۆزەينىكىنى ئۆرىدەپ قو- يۇپ، كەچلىك گېزىتىكى: «ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن تەشكىل- لەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكى شەھىرىمىزگە زىيارەتكە كەلدى» دېگەن خەۋەرگە دەرھال كۆز يۈگۈرتتى: «چېگدۇ شەھەرلىك ھايۋانات باغچىسىدىكى ئەتىۋارلىق ھايۋانلاردىن تەشكىللەنگەن ‹ ۋەكىللەر ئۆمىكى › تۈنۈگۈن كەچتە شەھىرىمىزگە يېتىپ كەلدى. بۇ ‹ ئۆ- مەك › نىڭ ئەزالىرى مۇشۇكېيىق، پاۋىيان مايمۇنى، ماندىرىل مايمۇنى، شاتۇتى، تۇتى قاغىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ئەتىۋارلىق ھايۋانلار يېقىندا شەھەرلىك ھايۋانات باغ- چىسىدا ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. بۇ ‹ ئۆ- مەك › شەھىرىمىزدە بۇ يىل ياز بويى ‹ زىيارەت › تە بولىدۇ. » بۇ خەۋەر مەرۇپ ئاقساقالنى خېلى قىزىقتۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرى- دە ھەۋەس، چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا قىلدى. لېكىن «شىنجاڭ گېزىتى» دىكى بىر ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان: «... بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۇرۇشكە قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقا- تىدىكى ساغلام بولمىغان خاھىشقا قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئەستايىدىل تەرتىپكە سالاي- لى...» دېگەن سىياسىي چاقىرىق ئۇنى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم ئويلاندۇرۇپ قويدى. خۇشاللىقى — ۋاسىل ئەپەندى بىلەن ھىدا- يەتنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ ئاشكارا دەستىكىگە

ئىگە بولغانلىقى ئىدى. گېزىت — پارتىيىنىڭ تىلى ۋە ئاۋازى! شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭدىكى ھەربىر جۈملە سۆز پۇختا ئاساسقا ئىگە بولىدۇ ۋە جەزمەن ئەمەلىيلىشىدۇ! ئەمدى ئۇلار نەگە قا-چاركىن؟! بىچارىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي!...

لېكىن، ئۇ يەنە جىددىي ئويلىنىپ قالدى. ئەدھەمنىڭ كى-تابى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كۆندىلەڭ تۇراتتى. بۇھەقتىكى غۇلغۇلا بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. ئەگەر بۇنىڭغا توقماق ئۇرۇلىدىغان بولسا، توقماقنىڭ چوڭ ئۇچى ئالدى بىلەن مەرۇپ ئاقساقالغا تېگەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟! ئەگەر چوڭراق بىرەر سورۇن-دا كىتاب توغرىسىدا گەپ بولۇپ قالسا، ئۇ نېمىدەپ ئاقلاشنىمۇ بىلمەيتتى، ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى، زور چىدام بىلەن كىتابنى باشتىن - ئاخىر ئوقۇپمۇ باقتى، لېكىن يەنە ئەقلى يەتمىدى، بۇنىڭدىكى غەلىتە، سىرلىق سۆزلەر پۈتۈنلەي كاللى-سىنى ئىلەشتۇرۇۋەتتى...

ئۇ، سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى، تەرەت كەشىنى شىپىرلى-تىپ مېھمانخانىغا چىقتى، تېلېفوننىڭ يېنىغا كېلىپ، تۇرۇپكى-غا قولىنى ئۇزىتىۋېدى، تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

— ۋەي - ۋەي، دېمەككىم، مەن شۇ... — دېدى ئۇ ئېچىلىپ، — قارىڭا، بۇ كارامەتنى! مەن سىزگە تېلېفون بې-رەي، دەپ تۇرۇۋېدىم، دېمەككىم، ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىگە خۇدا سالغىنى... بولىدۇ، مەن بار، دېمەككىم، دەرھال كېلىڭ!

ھېكمەت سوپى ئۇنىڭ ئۆيدە بار - يوقلۇقىنى بىلىش ئۈچۈن تېلېفون بەرگەنىدى. مەرۇپ ئاقسال تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ، مېھمانخانىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. خىيالىدا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ پىلانىنى سوقۇ-ۋاتاتتى.

چارەك سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي ھېكمەت سوپى تەرلەپ -

پىشىپ يېتىپ كەلدى. ئىيۇلنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتتەك ئىسسىق ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە يېلىنجاپ تۇراتتى.

— ئىشلار قانداقراق؟ — سورىدى مەرۇپ ئاقساقال ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا، — دېمەككىم، ھىدايەتنى بىر تەرەپ قىلدىڭىزمۇ؟

— نەدىكىنى؟! — دېدى ھېكمەت سوپى غاز پېيىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچتە ئۆزىنى يەلپۈپ تۇرۇپ، — مەن سىزنى شۇ ئىش بىلەن ئىزدىگەنىدىم. ھىدايەتنىڭ مەسىلىسى ئۈستىدە خېلى كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەييارلانغانىدى، بىرنەچچە ئادەم ئىمزا قويغان پاش قىلىش ماتېرىيالىمۇ قولىمىزغا چۈشكەن. لېكىن، چىن شۇجى بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپ قويۇۋاتىدۇ. «ئاۋۋال ئادەم تەشكىللەپ تەكشۈرەيلى، ئاندىن خۇلاسە چىقىرىمىز!» دەپ تۇرۇۋالدى. يەنە كېلىپ، ھازىر ئىدارىدە، جەمئىيەتتە ئەدھەمنىڭ كىتابى ئۈستىدە غۇلغۇلا كۆپىيىپ كەتتى، تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى مەسئۇللارمۇ بۇنىڭغا دىققەت قىلىۋېتىپتۇ...

— ئۇ كىتابتا زادى قانچىلىك مەسىلە بار؟ — ئالدىراپ سورىدى مەرۇپ ئاقساقال، — دېمەككىم، سىياسىي جەھەتتە زادى چاتاق بارمۇ، يوق؟!

— ئەگەر تەھلىل قىلىپ، پرىنسىپقا كۆتۈرسە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا بېرىپ تاقىشىدۇ!

— ئەگەر پرىنسىپقا كۆتۈرمىسىچۇ؟

— ئوخشاش.

— بۇ قانداق گەپ؟ دېمەككىم...

— بەربىر تەھلىل قىلىپ شۇ يەرگە ئاپىرىدىغان گەپ-دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە «بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش» قاتتىق تەكىتلىنىۋاتامدۇ؟!

— ھەي!...، — مەرۇپ ئاقساقال ئورنىدىن تۇرۇپ

كەتتى، — دېمەككىم، ئەدھەم بۇ ئاۋارىچىلىكنى نەدىن تاپتى ـ ھە؟ ! ھەي···

— مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىم، ئاقساقال، — دېدى ھېكمەت سوپى خاتىرجەم ھالدا، — ئەسلىدە، ئۇ دراما يازىدىغان ئادەم، نېمە ئۇچۇندۇر تۇرۇپلا نەزەرىيىۋى كىتاب يېزىشقا قىزىقىپ قاپتۇ، شۇڭا، ئۆزى يازغان بىرمۇنچە نەزەرىيىۋى مەسىلەلەرنىڭ تىگى ـ تەكتىنى تازا ئۇقمايدىكەن، چەتنىڭ، ئىچكىرىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللىرىدىكى كۆزقاراش، نەزەرىيىلەرنى ئۆزىنىڭ پىكرى قىلىپ يېزىۋېرىپتۇ. ئېھتىمال، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدىكى بىر ئىسلاھاتچىغا ئايلانغۇسى كەلگەن بولسا كېرەك! مېنىڭچە، بۇ ئىشنىڭمۇ كارى چاغلىق···

— قانداق؟ — مەرۇپ ئاقساقال چىپپىدە توختاپ، ھېكمەت سوپىنىڭ ئاغزىغا قارىدى، — دېمەككىم، بىرەر ئامال بارمۇ؟ ···

ھېكمەت سوپى بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، مەرۇپ ئاقساقال تەقەززا بولغانسېرى ئالدىرىماي، تاماكىسىنى بىرنەچچە قېتىم شورىۋېلىپ ئاندىن سۆزىنى باشلىدى:

— خەنزۇلاردا: «باشتا يولۋاس بېشى، ئاخىرىدا يىلان قۇيرۇقى» دېگەن بىر گەپ بار. بىزنىڭ قايسىبىر ھەرىكەتلىرىمىز ئاشۇنداق بولمىغان؟ ! 1981 ـ يىلىدىكى «كۆلپەتلىك مۇھەببەت» دېگەن كىنو توغرىسىدىكى تەنقىدمۇ ئۇياقتىن باشلىنىپ، بۇياقتىن توختاپ قالدى، كېيىن تېخى ئاپتور ئاشكارا ماقالە يېزىپ ئۆزىنى ئاقلىدى. 1983 ـ يىلىدىكى «مەنىۋى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭمۇ دەسلەپكى ھەيۋىسى قالتىس ئىدى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي، ئۇنىڭمۇ يېلى چىقىپ، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى «يىگىرمە يەتتە كۈنلۈك ھەرىكەت» بولۇپ قالمىدىمۇ؟ ! ···

بۇ گەپلەر مەرۇپ ئاقساقالنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكەن نېر-

ۋىلىرىنى سەل ـ پەل بوشاتتى، كۆز ئالدىدىن بۇرۇنقى ئىشلار ئۆتتى. راست، ئۆتكەنكى ئىشلارنىڭ قايسىبىرى «گۇلدۇرى بار، يامغۇرى يوق» بولمىغان! چاقىرىق، ھەرىكەتلەندۇرۇشلەرنىڭ ھەيۋىسى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۇرگەنىدى، لېكىن ئاخىرى قۇمغا سۇ سەپكەندەك شىپپىدە سىڭىپ، يوقىلىپ كەتتى. بۇ قېتىمقىسىنىمۇ شۇنداق بولمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ! ؟ جۇڭ- گولۇق «ئاممىۋى ھەرىكەت» دېگەن بۇ تەلۋىلىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتقانمۇ؟! «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مېنى نېمە كويلارغا سالمىدى؟!...

— كېسىپ ئېيتىمەنكى، — دېدى ھېكمەت سوپى تېخىمۇ جانلىنىپ، — زىيالىيلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدىغان بۇ ھەرىكەتنىڭ- مۇ ئۆمرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ! بىز ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى نېمىنى پىپەن قىلدۇق؟! جۇڭگودا ئىككى مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن قېرى فېئودالىزمنى ئەمەس، ئىككى يۈز يىلغا يەتمەيدى- غان گۆدەك بۇرژۇئازىيىنى پىپەن قىلدۇق! بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ئادەم بىلمەمدۇ؟!

— لېكىن، بۇ ھەرىكەت پۈتۈنلەي توختاپ كەتسىمۇ بولماي- دۇ، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال بىردىنلا باشقىچە خىيالغا كې- لىپ، بايا ئۇ، ھېكمەت سوپى سۆزلەۋاتقاندا، كۆڭلىدە بىرمۇنچە ھېساب ـ كىتابنى قىلىپ بولغانىدى، — دېمەككىم، بىز ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە پايدىسىز تەرتىپىنى توسۇپ، پايدىلىق تەرىپىدىن نەپ ئېلىشىمىز كېرەك!

ھېكمەت سوپى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى دەماللىققا چۈشىنەلمە- دى، كىرپىكلىرى دىردىيىپ تۇرىدىغان كۆكۈچ كۆزلىرىنى پار- قىرىتىپ، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تەكەببۇرانە قىياپىتىگە قارىغىنى- چە تۇرۇپ قالدى.

— دېمەككىم، ۋاسىل بىلەن ھىدايەتنى، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال قولىنى شىلتىپ، — مۇشۇ شەرق شامىلىدىن پايدىلە-

نىپ، ئۇزۇل - كېسىل قەد كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش كېرەك! ۋاسىلىنىڭ زەھەرلىك سۆزلىرى بىلەن شېئىرلىرىنى، ھىدايەتنىڭ ھېلىقى يارىماس ماقالىسىنى بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ نۇقتىسى قىلىپ سېسىتىش كېرەك! ئەدھەمنى بولسا، دېمەككىم، بارلىق ئامال بىلەن قوغداپ قالمىساق بولمايدۇ، ئۇ بىزگە كېرەك ئادەم. بايا سىز ئۇنىڭ كىتابى توغرىسىدا بەزىلەر ماقالە يېزىۋېتىپتۇ، دېدىڭىز. دېمەككىم، بۇنداق ماقالىنى ژۇرنالغا يولاتماسلىق كېرەك. ژۇرنالنى ئۆزىڭىز چىڭ تۇتۇڭ، دېمەككىم، بۇنىڭغا چىن شۇجىيىڭىز ئارىلىشالمايدۇ، ئۇ پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىڭىزدىكى ئىش! ماقالىلەر قامال قىلىنىسىلا، جامائەت پىكرى، ئاممىنىڭ ساداسى دېگەنلەر يوقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى بولسا، بىر تەرەپ قىلىش ئوڭاي!...

ھېكمەت سوپى ھەممىنى چۈشەندى. چۈشەندىيۇ، ئۆزىنىڭ يەنە ئوت ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. دۇنيادا يولىيورۇق بېرىشتىن، نەسىھەتگۇيلۇقتىن ئاسان ئىش يوق. بۇنداق قىلىش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىشلەش، ئۈلگە بولۇش ئانچە ئاسان ئەمەس، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ! يېقىندىن بېرى، ئۇ ھىدايەتنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئاشۇنداق ئىشلارغا دۇچ كەلدى. چىن شۇجى بىر قېتىملىق يىغىندا ئۇنى تەمتىرەتتى، تەرلەتتى، ھەتتا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. يىغىنغا قاتناشقان باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولالمىدى. ئۇ، بىرنەچچە قېتىم يەككە - يېگانە ھالدا «كۈرەش» قىلىپ، ھالىدىن كەتكەن ۋاقىتلارمۇ بولدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئاما ئىچىدىمۇ ئۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرىدى، بىرنەچچە قېتىملىق تەنقىد يىغىنلىرىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك ئېچىلمىدى. ئەھۋال شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەرۇپ ئاقساقال بۈگۈن يەنە ئۇنىڭغا يېڭى «ۋەزىپە» تاپشۇرۇۋاتىدۇ! ئىجرا قىلماي دېسە، ئۇ چوڭ ئىشەنچتىن مەھ-

ـرۇم قالىدۇ، ئىجرا قىلاي دېسە، قاتمۇ قات ئوتنىڭ ئىچىدە كۆيىدۇ!... ۋاي خۇدايىمەي، بۇ دۇنيادا ياشاش نېمىدېگەن تەس ـ ھە!...

تەڭرىدىن ئاۋاز: ياشاش تەس ئەمەس، ئادەم بولۇش تەس! ھەي ئادەم، ھارام نىيەتتىن، گۇناھكەبىردىن يىراق بول، مەنمەنلىكنى ئۆزۈڭدىن تەرك ئەت! مۇنداق بىر ھېكمەت ئېسىڭدە بولسۇن: ھەمىشە ئۆزىنى مەرۋايىتقا ئوخشاتقان ئادەم كۆمۈلۈپ قېلىشتىن قايغۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ، ھامان ئۆزىنى كۆرسىتىشكە، ئۆزىنى پەردازلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ يولدا ئۇ، ئەقىل ـ ھوشىنى يوقىتىشتىن، ۋىجدانىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدۇ!

ھەي ئىنسان، سەن ئۆزۈڭنى تۇپراق دېگىن، كىشىلەر سېنى دەسسەپ يول ئاچسۇن. بۇ دۇنيادا، قانائەت قىلغانلار ئەزىز بولىدۇ، تەمە قىلغانلار خار بولىدۇ!

# ئون بىرىنچى باب

## ئۇ ۋە مەن

### 1

بۇ بىر قىستۇرما، مۇشۇ قىستۇرمىنى يېزىش پۇرسىتىگە يەتكۈچە بەكمۇ تىت ـ تىت بولدۇم، . ئېھتىمال، ھىدايەتمۇ ماڭا ئوخشاشلا تىت ـ تىت بولغاندۇر. چۈنكى ئۇ مېنىڭ بىر گۇۋاھچى ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ!

دۇنيادا ئېتىقادسىز ئادەم بولمايدۇ. لېكىن ئادەم ھاياتىدا مەلۇم ئېتىقادقا ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئېرىشىدۇ، ئۆز خاھىشى بويىچە يېتىپ بارىدۇ. چۈنكى ئېتىقاد ئەركىن نەرسە! بىرىنى زورلاپ ئېتىقادقا ئەكىرىشكىمۇ، ئېتىقادتىن قايتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ئېتىقاد ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئاستا ـ ئاستا، بىلىنەر ـ بىلىنمەس سىڭىپ كىرىپ، ئاخىر شۇنداق زور بىر سېھرىي كۈچ بولۇپ شەكىللىنىدۇكى، سەن ئۇنى پىچاق بىلەن شىلىپمۇ، بومبا بىلەن پارتلىتىپمۇ چىقىرالمايسەن!...

لېكىن، ئېتىقاد بىلەن رېئاللىق ھامان توقۇنۇشۇپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىرى، سۇبيېكتىپ؛ بىرى، ئوبيېكتىپ نەرسە!...

1985 ـ يىلى ئۆرۈك پىشىشقىدا، مەن ھىدايەتنى قەشقەرگە ئەكەلدىم. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى، بۇ قەدىمىي، گۈزەل شەھەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

مىلادىيىنىڭ 940 ـ يىلىدىن باشلاپ، قاراخانىلارنىڭ تەخ-

تىگاھى بولغان بۇ قەدىمىي شەھەر ئۆزىنىڭ كۆركەم ۋە ئاۋاتلىقى بىلەن ھىدايەتكە ياقتى. شەھەرنىڭ ئەمگەكچان، ھىممەتلىك خەلقى، ساپ، قۇرغاق ھاۋاسى، ئوتتۇرا ئەسىر تۈسىنى يوقاتمىغان قايناق بازىرى، ئارقا - ئارقىدىن پىشىپ، تۆكمە بولۇۋاتقان ھەرخىل مېۋىسى، ھەمىشە دىلكەشلىك، ئۈلپەتچىلىك بىلەن جازلىنىپ تۇرىدىغان چايخانىسى... ھەممىسى، ھەممىسى ئۇنى ئۆزىدگە تارتتى، تەسىرلەندۇردى، ھاياجانلاندۇردى. ئۇ قەشقەرنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدىغان ھېيتگاھ جامەسىنى زىيارەت قىلغاندا، مىلادىيە 1558 - يىلى بەرپا بولغان بۇ سەلتەنەتلىك مەسچىتنىڭ تارىخىغا قىزىقتى. ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدە، قىرىق - ئەللىك مىڭ ئادەم توپلىشىپ ناماز ئوقۇيدىغان كاتتا، ھەشەمەتلىك بۇ جاي ئەينى ۋاقىتتىكى ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سەنئەت ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ يارقىن نامايەندىسى ئىدى...

ھىدايەتنىڭ ھەممە نەرسىنى كۆرگۈسى، بىلگۈسى كېلەتتى، مەن ئۇنى ھەزرەتتىكى ئاپاق خوجا مازىرىغىمۇ ئاچىقتىم. XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىنا بولغان بۇ مازار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىككە ئىگە گۈزەل بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىسى، ئويمىچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق ماھارىتىنىڭ گۈل تاجىسى ئىدى.

ھىدايەت ھەممىنى — مازارنىڭ سىرتىدىكى خۇددى ئاسمان پارچىسىدەك كۆپكۆك يالتىراپ تۇرىدىغان «شەربەتكۆل» دىن تارتىپ، كايىۋانلىق مەسچىت، خانىقا، مەدرىسە ۋە يېشىل گۈمبەزنىڭ ئايرىم جايلىرىغا يېزىلغان ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس يېزىقىدىكى ھېكمەتلىك سۆزلەرگىچە ئۇجۇر - بۇجۇرىنى قويماي كۆردى، سورىدى، ئويلىدى ۋە خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى يازدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، مەن ئۇنى يەنە ئوپالدىكى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ زىيارەتگاھىغا ئاچىقتىم. بۇ چاغدا، ئالىمنىڭ مەقبەرىسى قايتىدىن رېمونت قىلىنىۋاتاتتى. ھىدايەت بۇ يەرنى تېخىمۇ قىزغىن

ھېسسىيات ۋە ھۆرمەت بىلەن كۆردى، تاۋاب قىلدى. ئالىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتقان «مەھمۇدىيە مەدرىسە»نىڭ ئورنىدىكى سېرىق توپىلىق دۆڭلۈككە چىقىپ، چوڭقۇر خىيال سۈردى، ئەتراپتىكى قاقاس تاغلارغا، تاغ باغرىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۈك - باراقسان يېزا - كەنتلەرگە ھېرىسمەنلىك بىلەن ئۇزاق تىكىلدى، شۇنداق ئېگىز تاغ ئۈستىدە ئەسىرلەردىن بېرى ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇرغان خىسلەتلىك نۇرۇز بۇلاقنىڭ تاتلىق، مۇزدەك سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىپ ھۇزۇرلاندى. بۇلاقنىڭ ئەتراپىنى مەزمۇت يىلتىزلىرى بىلەن قارماپ، كۆككە بوي سوزغان باراقسان شاخلىرى بىلەن ئۇنى ئاسراپ، ھىمايە قىلىپ ياتقان ھەيۋەتلىك «ھاي - ھاي تېرەك»نىڭ ئاستىدا سوزۇلۇپ يېتىپ سەگىدىدى. ئۇ تەبىئەتنىڭ مۇنداق ئاجايىپ مۆجىزىسىگە، ھىممىتى ۋە ساخاۋىتىگە قايىل بولۇپ، تەسىرلىنىپ ئۇزاقىچە ھاياجىنىنى باسالمىدى. ئالىمنىڭ مەقبەرىسى قاتۇرۇلغان ئۆيگە كىرگەندە، ئۇنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى. گەجخا قىلىنغان تاملارغا، ئويما نەقىشلىك لىمگە، جەگىلەرگە ئاجايىپ پاساھەتلىك شېئىرلار، ھېكمەتلىك سۆزلەر يېزىلغانىدى. ھىدايەت ھەممىسىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئاخىرىدا تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا شېئىر بىلەن بىر ئابزاس سۆزنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈۋالدى:

«جىسمى ئادەم گوياكى بىر دىۋاردۇر،
مەرىپەت دىۋار ئىچرە گۈلزاردۇر.»

«دانالار — ۋاقىتنى شەرىئەت ۋە پەنگە بېغىشلايدۇ. نادانلار — پىتنە - پاسات، ئۇيقۇ ۋە جېدەلگە بېغىشلايدۇ!»...

ئاردىن ھەپتە ئۆتكەندە، بىز تۇمەن بويىغا چىقتۇق. تۇمەن دەرياسى بويىدىكى تاللىقنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، ھىدايەت ماڭا مۇنداق گەپلەرنى دېدى:

— دوستۇم، ئۆزۈم ئۇيغۇر تۇرۇقلۇق، قەشقەرنى كۆرمەي كەتكەن بولسام، ئارماندا قالار ئىكەنمەن! قەشقەر ئېسىل يۇرت ئىكەن، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بىرمۇنچە ئالەمشۇمۇل زاتلىرىمىزنى مۇشۇ يۇرت تۇغقان، مانا مۇشۇ ئەزىم دەريانىڭ سۈيى ئۇلارنى كۆكلىتىپ چوڭ قىلغان! بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنىمىز، قەشقەر بىلەنمۇ پەخىرلىنىمىز، قەشقەر ئېلىمىزنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ قەدىمىي، مەشھۇر شەھىرى بولۇشقا مۇناسىپ! لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش، دوستۇم، ئۇ ھەرگىزمۇ كەلگۈسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ! يۈرىكىمدىكىنى ئېيتسام، قەشقەردىن كۆڭلۈم قالغان، نەپرەتلەنگەن يەرلىرىممۇ بولدى. ھېيتگاھ جامەسى، ئاپاق خوجا مازىرى قاتارلىق يەرلەر ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ، ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ شانلىق يادنامىسى، بۇ ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك خەلقىمىزگە مەنسۇپ! لېكىن ئۇ ھازىر نادانلىقنى، جاھالەتنى قوغداپ، تەرغىب قىلىدىغان قورغان بولۇپ قاپتۇ. قەشقەرنى قارماپ ياتقان دىنىي مۇتەئەسسىپلىكنىڭ مۇنداق جاھىل، تەلۋىلىكى مېنى ھەيران قالدۇردى، ئازابلاندۇردى. بىرنەچچە كۈندىن بېرى، مەن كۆپ ئويلىدىم. ھازىر بىزدىكى پاجىئە مىللىي ئاڭنىڭ ئورنىغا دىنىي ئاڭنى، مىللىي غۇرۇرنىڭ ئورنىغا دىنىي غۇرۇرنى دەسسەتكەنلىكىمىزدىن بولۇۋاتىدۇ. بىز قاچانغىچە دىنىم ئىسلام، مىللىتىم مۇسۇلمان دەپ يۈرىمىز؟! قاچانغىچە ئابۇنەسىر كاسانىنىڭ بۆشۈكىدە ئەللەيلىنىپ يېتىۋېرىمىز؟! ئۆملە - تېخىچە قىردىن ئاشالمايۋاتقىنىمىزغا بىزنىڭ نادانلىقىمىز، ساۋاتسىزلىقىمىز سەۋەب ئەمەسمۇ؟!...

ھىدايەت قاتتىق بىر ئۇھسىنىپ، جىم بولۇپ قالدى.

ئۇ ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭ سۆزىدىكى چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن چاقىرىق مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ھەرقانداق بىر ۋىجدان-

لىق كىشىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراققا مۇھەببىتى،
ھۆرمىتى بولىدۇ. مەن قەشقەرلىق، مۇشۇ قەدىمىي ئەزىز يۇرتتا
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەرقاچان بۇ يۇرتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى
ساقلاش بۇرچۇم بار! لېكىن ھىدايەت ئېيتقاندەك، بۇ يەردىكى
جاھالەت، مۇتەئەسسىپلىك ۋە روھىي قۇللۇق مېنىڭمۇ ئىچىمنى
پۇشۇرىدۇ، زاماندىشلارنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ تەقدىر، ئىستىقبالىنى
ئويلاپ قاتتىق ئازابلىنىمەن! بۇ يەردە شەرىئەت بىلەن تەرىقەت
ئارىلىشىپ كەتكەن، بىرمۇنچە ياخشى، نورمال دىنىي ئەقىدىلەر
ئۆزىنى «ئەۋلىيا، ئەنبىيا» دەپ ئاتىۋالغان بەزى چالا موللىلار
تەرىپىدىن خالىغانچە شەرھلىنىپ، خۇددى يىلانغا پۇت چىقىرىپ
قويغاندەك غەلىتە ئۆزگىرىپ كەتكەن، بۈگۈنكى كۈندە، ئىسلام
دىنى ئۆزى پەيدا بولغان ئەرەب يېرىم ئارىلىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ
مۇقەددەس جايى مەككە - مەدىنىدە زامانغا لايىق تەرەققىي قى-
لىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئەركىن ئەقىدىگە، ئۇلارنىڭ ئى-
لىم - پەن، ھۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى بىر خىل
مەنىۋى دەۋەتكە ئايلانغان بولسا، بۇ يەردە — مېنىڭ بۇ ئانا
يۇرتۇمدا — ئۇنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي، جاھىل تەرەپلىرى ئەۋج
ئېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئالغا بېسىش يولىدىكى روھىي چۈشەككە
ئايلانماقتا، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئۆرپ - ئادەتلىرى-
گىچە سىڭىپ، كېڭىيىپ ھەر خىل «قائىدە - نىزام» لارنىڭ
كۆزگە كۆرۈنمەس جاھىل يىپلىرى بىلەن ئۇلارنى بوغماقتا،
قىينىماقتا...
شۇ پەيتتە، كۆز ئالدىمدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئاپاق
خوجا مازىرىغا چىققان ۋاقىتتىكى كىچىككىنە بىر ئىش غىل -
پال ئۆتتى. بىز مازارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، ئاقپىجە رومال
ئارتىۋالغان بىرمۇنچە ئاياللار بىلەن قېرى - چۈرىلەرنىڭ مازار
ئەتراپىدا دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ، يىغلىشىپ، تېۋىنىپ، نېمىلەر-
نىدۇر تەلەپ قىلىپ، مازارغا تەلپۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگە-

نىدۇق، شۇ ئارىلىقتا، ئاتمىش ياشتىن ھالقىغان دېھقان سۇپەت بىر ئادەم ئون نەچچە ياشلىق ئوغلىنى يېتىلەپ كېلىپ، دەسلەپ مازارنىڭ يېشىل سىرلىق خىشلىرىغا يۈزىنى ياقتى، پىچىرلاپ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى، كېيىن ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ شەنىگە ئۇزۇندىن - ئۇزاق تىلاۋەت قىلدى، ئارقىدىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆلگىنىگە ئىككى يۈز توقسان ئۈچ يىل بولغان سوغۇق مۇردىغا يىغلاپ تۇرۇپ:

دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە دەۋا بولغۇچى ئۆزۈڭ،
ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلغۇچى ئۆزۈڭ!

دېگەندەك قەسىدىلەرنى ئۈنلۈك ئوقۇپ دۇئا قىلدى. شۇ چاغدا، ئوغلى ھاڭۋاقتىلىق قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرمىۋېدى، ھېلىقى ئادەم ئۇنى دۆشكەلەپ، دۇئا قىلىشقا، مازار ئىچىدىكى ئۆلۈك زاتتىن بەخت - سائادىتىنى تىلەشكە مەجبۇرلىدى. بالىمۇ دادى- سىغا ئوخشاشلا قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، بېشىنى گىلدىڭشىتىپ ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇدى...

بىز بۇ ئىشلارنى يېقىن يەردە تۇرۇپ كۆزەتكەنىدۇق، ھېلى- قى ئادەم كەتكەندىن كېيىن، ھىدايەت چوڭقۇر بىر خۇرسىنىش بىلەن:

— دوستۇم، كۆردۈڭمۇ؟ بىزدىكى جاھالەت ۋابا ئىلاھىدەك ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يۇقۇپ كېتىۋاتىدۇ! بۇ ئادەم ئۆزى چوقۇنۇ- ۋاتقان ئاشۇ «زات»نىڭ كىملىكىنى بىلمەمدىغاندۇر؟ ئۇ ئاشۇ ئادەمنىڭ ئاتا - بوۋا، ئەجدادىنى قانلىق باستۇرغان، ئىلىم - پەن، مەرىپەتنى خانىۋەيران قىلىپ، كىشىلەرنى جاھالەت، تەر- كىدۇنيالىق يولىغا باشلىغان قانخور، ئەشەددىي سوپىزم تەرغىبات- چىسى ئاپاق خوجا ئەمەسمۇ؟! بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ نادانلىقى، روھىي قۇللۇقى يەتمىگەندەك، ئەمدى گۆدەك بالىسىنىمۇ ئاشۇن-

داق بىر جاھالەت پىرىگە چوقۇندۇرۇپ، نادانلىق ۋە قۇللۇق گىردابىغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ! — دەپ ئېچىنغانىدى.
بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەمۇ ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ: قوشنا مەھەللىمىزدىكى بىر مەسچىت ئەينى ۋاقىتتا گىلەمچىلىك كارخانىسى قىلىنىپ، ئۇ يەردە مەھەللىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىنىڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن ئوقۇشسىز قالغان ئۆسمۈرلەر ئىشلەيتتى. بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئۇلار خېلى قەد كۆتۈرۈپ، چىقىش يولى تېپىۋالغانىدى. لېكىن دىنىي سىياسەتنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بەزى دىنىي مۇتەئەسسىپلەر قوزغىلىپ، بۇ يەرنى قايتۇرۇۋالماقچى بوپتۇ. مەن بىر كۈنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ دەل ماجىرانىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدىم. ئۆزىنى «مەسچىت قوۋمى» دەپ ئاتىۋالغان بىر توپ كىشىلەر كارخانىنىڭ دەستىگاھلىرىنى چېقىپ، يېرىمى پۈتكەن گىلەملەرنى كېسىپ، چەيلەپ، يىگىرمە - ئوتتۇزدەك شاگىرت قىز - ئوغۇللارنى قوغلاپ سىرتقا چىقىرىۋەتكەنىدى. بىرنەچچە ئوقۇمۇشلۇق، ھالال نىيەت ئادەملەر ھېلىقى «مەسچىت قوۋمى»غا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى پەيلىدىن ياندۇرماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى. كىم ئارىغا چۈشسە، شۇنىڭغا ئۇششۇك ھەريدەك قاتتىق تېگەتتى. مەن ھېلىقى سەبىي، گۆدەك بالىلارغا، ۋەيران بولغان گىلەم ۋە دەستىگاھلارغا قاراپ چىداپ تۇرالمىدىم. ئاخىر ئارىغا قىستۇرۇلۇپ كىرىپ، «مەسچىت قوۋمى»نىڭ ئىچىدىكى ۋارقىراپ - جارقىراپ يۈرگەن بىرىگە مۇنداق دېدىم:
— ئاخۇنۇم، بۇ مەھەللىدە بىر ئەمەس، بەنە ئىككى مەسچىت بار ئىكەن، جامائەت ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، كۆكۈل كەڭ بولسىلا شۇنىڭغا سىغىپ كېتەر. بۇ مەسچىت ئۆز ۋاقتىدا كارخانا قىلىنىپ، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ئىشسىز پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپتۇ. بۇمۇ چوڭ ساۋابلىق ئىش! ئەمدى ھەربىرلىرى بۇ

يەرنى تارتىۋېلىشىلىرى، ماۋۇ بالىلار ئىشسىز قالامدۇ؟! بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ جىگەر - باغرى! ئەگەر ئۇلار بىكارچىلىقتىن ناشايان ئىشلارغا ئارىلىشىپ، يامان يولغا مېڭىپ قالسا، ھەربىرلىرىگىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟!...

بىرنەچچەيلەن ماڭا ھۇرپىيىپ كېلىشتى. مەسخىرىلىك، ئاھانەتلىك تىللار تەرەپ - تەرەپتىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

— نەدىن كەلگەن مەدداھ ماۋۇ؟

— رېھىم قەندەلىنىڭ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ھېلىقى «زىيانداش[1]» ئوغلى بولمامدۇ؟!

— ئۇيغۇر بولغىنى بىلەن ئىمانى سۇس نېمىكەن!

— خۇدايىم بەرسە، پەيغەمبەر غىلىڭ قىلالماپتۇ، دېگەن گەپ بار، ساڭا نېمە يوق!؟

— قۇلىقىغا ۋارقىراپ، ئاغزىغا تۇكۇرۇش كېرەك!

— بالىلارغا ئىچىڭ ئاغرىسا، ئۆزۈڭ بېشىنى سىلىۋال!

— مەسچىت بىزنىڭ!

— قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى!

......

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىشقا ھېچكىم ئارا تۇرالمىدى، كارخانا ۋەيران بولدى، ئۇستا - شاگىرتلار پىتىراپ كەتتى. مەن شۇ كۈنى تۈن بويى ئۇخلىيالمىدىم، كۆز ئالدىمدىن ھېلىقى «مەسچىت قوۋمى»لىرىنىڭ مۇدھىش تەلەتى، ئىشسىز قالغان بالىلارنىڭ ئۇمچەرىگەن، مەيۇس چىرايلىرى بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇلار نېمىدېگەن باغرى تاش، بەتنىيەت ئادەملەر - ھە؟! ئۇلار كىچىككىنە بىر ئىماملىق، مەزىنلىك ھوقۇقىنى، ئالىقانچىلىك يەردىكى نامازخانلىق ئورنىنى تالىشىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى بىلەن ھېسابلاشمىدى، ئۇلار ئاشۇ مەسچىتتە

---

① زىيانداش — زىيالىينى دېمەكچى.

ئۇلتۇرۇپ نېمە قىلماقچى؟! ئاللانى ياد ئەتمەكچىمىش، ئاللاغا سېغىنماقچىمىش، دۇئا ـ تىلاۋەت، ھەمدۇسانا بىلەن ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرمەكچىمىش! ئەگەر ئاللا ھەقىقەتەنمۇ ھىممەتلىك، ئادىل ۋە غېرىبپەرۋەر بولسا، جەزمەن ئۇلارنىڭ ئىچى بىلەن تېشىنىڭ، ئاغزى بىلەن دىلىنىڭ ھەرگىز ئوخشاشمايدىغانلىقىنى، ساۋابلىق ئىشلارنى دەپسەندە قىلىپ، گۇناھلىق ئىشلارغا يول قويغانلىقىنى كۆرىدۇ، بىلىدۇ ۋە ئاخىر قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاغا تارتىدۇ!...

ئۈچ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، مۇنداق ئىشنىڭ ئۆزۈم چوڭ بولغان مەھەللىدە قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن. بۇ قېتىم بۇ ئىشنىڭ شاھىتى ھىدايەت بولدى. بىزنىڭ ئۆيگە يېقىن يەردىكى كونا، ۋەيرانە بىر مەسچىتنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋاقتىدا، مەھەللىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئۆز تەۋەسىگە قوشۇپ، ئىككى ئېغىزلىق سىنىپ سالغانىدى. تۇيۇقسىز بۇ زېمىننىڭ ھەقدارىسى چىقىپ قالدى. مەھەللىمىزدە ئەزھەر ئىشان ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىدى. يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان، ئۆچكە ساقال، ياغاق يۈز، لەش چىراي بۇ ئادەمنى مەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا كۆرگەنىدىم. ئاڭلىشىمچە، ئۇ كۆپ ۋاقتىنى چەت يېزىلاردا ۋە چوڭ ـ چوڭ مازارلاردا ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇ يەردە بىرمۇنچە مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بار ئىكەن. شۇ كۈنلەردە بۇ ئادەم ئەرەبىستاندىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇچرىغانلا ئادەمگە:

— بۇ يەرگە ئۆز ۋاقتىدا تاغام مەسچىت سالغان، زېمىن بىزنىڭ! مەكتەپ بۇنى قانۇنسىز ئىگىلىۋالدى، مەن بۇ يەرگە قايتىدىن مەسچىت سالدۇرىمەن، مانا، تاغامنىڭ ماڭا ھاۋالە قىلىپ يازغان خېتى. ئۇ ئون مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئەۋەتىپتۇ،

بۇ پۇل بىلەن مەھەللىمىزدە يەنە بىر يېڭى مەسچىت قەد كۆتۈر-
دۇ! — دەپ يۇردى.

ئۇنىڭ ئاغزى بېسىلماي ۋالاقشىپ يۇرۇشى بىلەن خېلى كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەييارلاندى. بىر توپ كىشىلەر ئىك-كى - ئۈچ قېتىم مەكتەپكە بېسىپ كىرىپ، بىر يۈز يىگىرمە بالا ئوقۇيدىغان ھېلىقى ئىككى سىنىپنىڭ ئورنىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مەكتەپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلەپ كەتتى...

بىر كۈنى كەچقۇرۇن، مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەس-چىتكە ھەممە جامائەت توپلىنىشقا باشلىدى، ھىدايەت تىڭتىڭلاپ يۈرۈپ، بۈگۈن بۇ يەردە ئەزھەر ئىشاننىڭ يەنە ۋەز ئېيتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ مەسچىتكە كىردۇق. جامائەت كۆپ ئىدى، مەھەللىنىڭ پېشقەدەم تەقۋادارلىرى، ئى-مام، مەزىنلىرى مېھرابنىڭ ئالدىدىكى گىلەم ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. بېشىغا مىسقالى داكىدىن يوغان سەللە ئورىغان، ئۈچىسىغا ئاق شايى يەكتەك كىيىۋالغان ئەزھەرئىشان قۇتبىگە چىقىپ، خىرگەي ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئي مۆمىنلەر، ۋاقىپ بولۇڭلاركى، «سالاتۇمەسئۇدى»[①]
دېگەن كىتابتا: ئۆلگەن كىشىنىڭ پېشانىسى تەرلىسە، كۆزىدىن ياش ئاقسا، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كاتتا بولسا، بۇ خۇدانىڭ رەھمە-تىگە دالالەت بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بەشىرىسى كۆك ياكى قارا بولسا، ئاغزىدىن كۆپۈك چىقسا، بۇ خۇدانىڭ ئازابىغا دالالەت بېرىدۇ، بۇ ئىمانسىزلىقنىڭ بەلگىسى، دېيىلگەن! بىز ھېچقاي-سىمىز ئىمانسىز كېتىشنى، خۇدانىڭ ئازابىغا ئۇچراشنى خالى-مايمىز! پەيغەمبىرىمىزدەك بۇ دۇنياغا پاك كېلىپ، پاك كېتىش-

---

① «سالاتۇمەسئۇدى» — «ناماز ۋە روزىلارنىڭ بايانى».

نى ئاللادىن تىلەيمىز! بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىشتا ئاللانى ياد ئېتىشىمىز، ئاللانىڭ بىز بەندىلەرگە نازىل قىلىپ چۈشۈرگەن كالامى — قۇرئانى شېرىپنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلىشىمىز لازىم. قۇرئانى كەرىمدە: «ئاللانىڭ مەسچىتلىرىنى پەقەت ئاللانىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىق قىلغان كىشىلا بىنا قىلىپ ياسىيالايدۇ» دېيىلىدۇ. ھەدىس كالامىدىمۇ: «ھەرقانداق كىشى خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مەسچىت سالسا، ئاللاتائالا ئۇل كىشى ئۈچۈن جەننەتتە ئالىي ئىمارەتلەرنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن بىنا قىلىپ بېرىدۇ، كونا مەسچىتلەرنى تەئمىر قىلىپ بەرسىمۇ ئۇنىڭغا جەننەت ئۆيلىرىدىن بېرىدۇ» دېيىلگەن...

ئەزھەر ئىشان خېلى ناتىق ئىكەن، ئۇنىڭ ئاللانى شېپى كەلتۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرى، قۇرئاندىن، ھەدىستىن جاي - جايىدا كەلتۈرۈپ نەقىل ئالغان ئۈزۈندىلىرى جامائەت ئىچىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقان مەسچىت ياساش، مەكتەپ ئىگىلىۋالغان يەرنى تارتىۋېلىش، جامائەت مەدەتكار بولۇش، بىر ياقىدىن باش چىقىرىش توغرىسىدىكى ۋەز- نەسىھەتلىرىمۇ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىگە ياقتى، ئۇلار بىر - بىرىگە باش لىڭشىتىپ، ئېڭەك قېقىشىپ، ئەزھەر ئىشاننى ماقۇللىدى. ئەگەر يىغىلىش مۇشۇ پېتى تارقىلىپ كېتىدىغان بولسا، ئەتىلىككە مەكتەپ بىلەن بۇلار ئوتتۇرىسىدا چوڭراق بىر ماجىرانىڭ چىقىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. ھىدايەت ماڭا سوئال نەزىرىدە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر خىل جىددىيلىك، بىسەرەمجانلىق چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ئاستا ئورنۇمدىن تۇردۇم، بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن ئۇلارنىڭ ئازراق بىسىنى ياندۇرۇش نىيىتىدە مۇنداق دېدىم:

— جامائەت، ئاتا - بوۋىمىز: «ھىممىتى بارنىڭ قىممىتى بار» دەپ ياخشى ئېيتقان. كونا مەسچىتنىڭ ئورنىغا سېلىنغان

سىنىپتا ئۆزىمىزنىڭ بالىلىرى، جىگەر پارىسى ئوقۇۋاتىدۇ. بىلىم ئېلىشمۇ پەيغەمبىرىمىز ئېيتقاندەك، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە پەرز! ئەگەر بىز ئۇ يەرنى تارتىۋېلىپ، مەسچىت سالىمىز دېسەك، ئالدى بىلەن شۇ بالىلىرىمىزغا ئۇۋال بولمامدۇ؟! ئۇلار نەگە بېرىپ ئوقۇيدۇ؟!...

بىرنەچچىسى مېنىڭ سۆزۈمنى قېقىۋەتتى:

— نەگە بېرىپ ئوقۇسا ئوقۇمامدۇ!

— يېڭى مەكتەپ بولمىسا، كونا مەكتەپ بار!

— ئاشۇ مەسچىتنىڭ ئۆزىدە قارىيخانا ئاچىمىز!

— بىزگە ئىمان كېرەك!

— بىزگە مەسچىت كېرەك!

......

بىردىنلا ئۇلارنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى، قارىسام، ھىدايەت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ھېلىقى گەپدانلارغا بىگىزدەك قادالغانىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ھەقىقەتەنمۇ ئادەم ھېيىققۇدەك بىر خىل ئۆتكۈر، سۇرلۇك نۇر چاچراپ تۇراتتى. ئۇ ئېچىنغان، خۇرسىنغان، ئەلەملىك بىر ئاۋازدا ھەممەيلەنگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك جامائەت، ئاللانىڭ قۇرئانىدا، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدە، يالغۇز مەسچىت ياساشنىلا دېمىگەن، بەلكى يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، مەكتەپ ئېچىشنىمۇ ساۋاب ۋە ساخاۋەتلىك ئىشلار قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ساخاۋەت — باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش دېمەكتۇر. ئۇ ئىنسانىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى نام، ياخشى سۇپەت قالدۇرۇشىنىڭ ئاساسى. مەن ئىككى كۈندىن بېرى، بۇ مەھەللىنى كۆپ ئايلاندىم، ئالتە يۈز يەتمىش چامدام كېلىدىغان بىر كوچىدا ئىككى مەسچىت بار ئىكەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، بىر مەسچىتكە قىرىق ئادەم توشمىسا، جۈمە نامىزىنى ئوقۇش راۋا بولمايدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق،

بىر يۈز يىگىرمە بالىنى ئوقۇشسىز قالدۇرۇپ، يەنە ئۇچىنچى بىر مەسچىتنى سېلىشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرىيىتى باردۇر؟! ھەربىرلىرى ھەدىسىنىڭ ئاتمىش ئۇچىنچى بېتىنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىشسىلا. ئۇنىڭدا پەيغەمبىرىمىز: «مەسچىتنىڭ ئارىلىقى قانچە يىراق بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇغانلارنىڭ ئېرىشىدىغان ساۋابى شۇنچە چوڭ بولىدۇ» دېگەن. مەن ھەربىرلىرىدىن كۆپرەك ساۋابلىق ئىش قىلىشنى، ئۆز بالىلىرىمىزنىڭ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئۈستىدە ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن!

مەسچىت سۈكۈتكە چۆمدى، نۇرغۇن ئادەملەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ھىدايەتنىڭ ئەدەپ بىلەن ئېيتىلغان ئىلتىجالىق سۆزلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى... ئەزھەر ئىشاننىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. خۇنسىز يۈزى خۇددى ياماقچىنىڭ قارا گۈل بىلەن موم رېڭى سىڭىپ كەتكەن بەدرەڭ قوللىرىدەك پۈرۈشۈپ، سەتلىشىپ كەتتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقاللىرىنى تىترەتكىنىچە:

— ھەي پاسىق بەندە، ئۇ دۇنيالىقىڭنى ئويلا! — دېگەن گەپنىلا قىلالىدى. لېكىن بۇ گەپكىمۇ ھىدايەت ناھايىتى ھازىر جاۋابلىق بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— ماڭا يەنە بىر دۇنيانىڭ لازىمى يوق، تەقسىر، مۇشۇ دۇنيامۇ يېتىپ ئاشىدۇ!...

ئەزھەر ئىشاننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى قارىداپ كەتتى. بىز لىككىدە ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، مەسچىتتىن چىقىپ كەتتۇق...

بىر قىسىم ئادەملەر يەنىلا جاھىللىق بىلەن نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇلار مەكتەپكە ئۈسۈپ كىرىپ، بالىلارنى سىنىپتىن قوغلاپ چىقاردى. لېكىن بۇزۇپ - چېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇ كۈنى ھىدايەت يېرىم كۈن يوقىلىپ كەتتى. كەچتە ئۆيگە

ناھايىتى كەيپسىز، چاچقۇن ھالدا كەلدى. نەگە بارغانلىقىنى سورىۋېدىم، ئۆزىنى تۇتالماي قايناپ كەتتى:

— نەگە باراتتىم، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بىلەن سۆزلە-شىپ باقاي دەپ مائارىپ ئىدارىسى بىلەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى-گە باردىم. توۋا، كادىرلىرىمىز نېمىدېگەن يۈرەكسىز بولۇپ كەتكەن - ھە؟! بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ياخشىسى بىر غېرىچ، يامانلىرى بىر سويام ئىكەن، جىق پەرق قالماپتۇ! بۇ ئىشنى توسۇشلار، نادانلىق ھۆكۈمرانلىق قىلمىسۇن، دېسەم، بىر - بىرىگە ئىتتىرىپ، ھەممىسى باش تارتىۋاتىدۇ. تېخى ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسى، شەھەرلىك سوت بىر نەرسە دېسۇن، دەپ زىددىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىۋاتىدۇ! مائارىپ ئىدارىسى نېمىشقا ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ؟! بىر يۈز يىگىرمە ئوقۇغۇچىنىڭ ئىشى ئۇلارغا مۇناسىۋەتسىزمۇ؟! خۇددى «ئېشەك تەخىيگە ئىگە بول-مىغاندەك» بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇلار ئۆز بالىلىرىغا ئىگە بولمىسا بولامدۇ؟! نېمىدىن قورقىدۇ؟! سىياسەت ئېنىققۇ؟!

ھىدايەتنىڭ راستتىنلا ئاچچىقى كەلگەن، ئىچى پۇشقانىدى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم:

— دوستۇم، ئۇنچە چېچىلما! بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى تازا بىلمەيسەن. بۇ يەردە دىنىي مەسىلە بەك سەزگۈر، يىگىنىنىڭ ئۇچى تەگسىلا پارتلايدىغان ئىشلار بار. شۇڭا، كادىرلارمۇ ئالدى-راپ - تېنەپ بىر نەرسە دېيىشتىن، چېقىلىشتىن قورقىدۇ! ئۇلار تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن، زىددىيەتنى ئىتتىرىدىغانلا يەر بولسا، ئىتتىرىۋېرىدۇ. قانداق قىلىمىز، ئەمەلدار دېگەن دارۋاز-غا ئوخشىشىدىكەن، ئۇنىڭ ئەمىلى ئۆسكەنسېرى، يۇقىرى ئۆرلە-گەن دارۋازغا ئوخشاش بىردەم ئالدىغا، بىردەم ئارقىغا مېڭىپ، تەمكىنلىشىپ قالىدىكەن، ئالدىراپ ئۆزىنى ئۇپراتمايدىكەن...

ئاخىر، ھىدايەت بۇ ئىشنى ئۆزى ھەل قىلىش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئەپ-

لىك بىر چارە تېپىش كېرەك ئىدى. ئۇ بىر ـ ئىككى كۈن بەكمۇ جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ كەتتى. يالغۇز ئولتۇرۇپ، بىر نەرسىلەرنى ئويلايتتى، پىلان قىلاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇ بىردىنلا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ قالدى. چايدىن كېيىن، مېنى باشلاپ مەكتەپكە كىردى. مەكتەپنىڭ مۇدىرى بىلەن بىللە ھېلى-قى ئىككى سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ سۆھ-بەت يىغىنى ئاچتى. ئون ۋە ئون ئىككى ياش ئارىلىقىدىكى بۇ ئوماق بالىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشقا قىزىقاتتى. خۇددى ئۇچۇرما بولغان تورغاي، تۇمۇچۇقلاردەك ھاياتقا ئىنتىلەتتى، ھايات سىر-لىرىنى بىلىشكە تەلپۈنەتتى. مەكتەپ ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك ئاند-سى، سىنىپ ئۇلارنىڭ ئىللىق بۆشۈكىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلار مەكتەپ مۇدىرىدىن، ئوقۇتقۇچىلاردىن ۋە بىزدىن نېمىنىدۇر كۈتكەندەك كىچىككىنە نۇرلۇق، سەبىي كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، تەلمۈرۈپ قارايتتى. دەسلەپ مەكتەپ مۇدىرى ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ساۋاقداشلار، دەرسىڭلارنى خاتىرجەم ئوقۇپ تۇرۇڭلار، بىز دوكلات يېزىپ، ئەھۋالنى يۇقىرىغا ئىنكاس قىلدۇق، مۇنا-سىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ئادەم كېلىپ جامائەتكە خىزمەت ئىشلە-مەكچى. مەسىلە چىرايلىق ھەل بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

ئارقىدىن ھىدايەت بىرمۇنچە تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ئۇلار-نى روھلاندۇردى:

— كىچىك دوستلار، خۇراپاتلىقتا، مۇتەئەسسىپلىكتە قار-شى بىردىنبىر دورا — بىلىم! ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە بۇ ۋابا ئىلاھىنى ئىنسان ئېڭىدىن چىقىرىپ تاشلىيالمايدۇ! بىز ھەمىشە ئاتا ـ ئانىمىز قويغان «ئەمەت، سەمەت، مەمەت» دېگەن ئىسىم بىلەنلا پەخىرلىنىپ، مەست بولۇپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم. بىز بۇ تەبىئىي ۋە ئەنئەنىۋى ئىسىملاردىن باشقا، «ئالىم»، «يازغۇچى»، «ئىنژېنېر» دېگەندەك شەرەپلىك،

پەخىرلىك ئىسىملارغىمۇ ئىگە بولۇشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىزگە بىلىم ئالىدىغان، تەربىيىلىنىدىغان مەكتەپ، سىنىپ كې- رەك. ئۇ بولمىسا، ئوقۇشقا، پەللىمۇ پەللە يۇقىرى ئۆرلەشكە ئىمكانىيەت بولماي قالىدۇ. شۇڭا، بىز مەكتىپىمىزنى، سىنى- پىمىزنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى يۈز بېرىدىغان بۇزغۇنچىلىقلار- دىن قوغدىشىمىز، ئۇنى ھەرقانداق غەيرىي بوران - چاپقۇنلاردىن ساقلاپ قېلىشىمىز ·لازىم!...

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئويلى- غان ئويلىرىنى، قۇرغان پىلانلىرىنى ئوقۇغۇچىلارغا ئېيتتى. ئۇنىڭ ئەقىل ۋە ئىدراك بىلەن تاپقان پىلانى ئوقۇغۇچىلارغىمۇ، مەكتەپ مۇدىرىغىمۇ ياردى. ئىش مۇشۇ بويىچە بولسا، ھەقىقە- تەن كاۋاپمۇ كۆيمەيتتى، زىخمۇ كۆيمەيتتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن دەل چۈش ۋاقتىدا، مۆلچەرلەنگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئەزھەر ئىشان باشچىلىقىدىكى بىر توپ ئادەم نۇرغۇن تەربىيە - نەسىھەتلەرگە پىسەنت قىلماي، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، مەكتەپكە بېسىپ كىردى. ئۇلار ئو- قۇغۇچىلارنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشقا قايتقان ۋاقتىدىن پايدىلى- نىپ، سىنىپنى بۇزۇپ چاقماقچىدى. لېكىن ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇنداق تۇيۇقسىز تەلۋىلىككە قارشى ئالللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. دىجورنىلىقتا تۇرغان ئىككى ئوقۇغۇچى ۋەدە بويىچە مەكتەپ سەيناسىدىكى كاداڭ رېدىگە ئېسىلغان داڭنى قاتتىق ئۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە ھېلىقى ئىككى سىنىپتا ئوقۇيدىغان بىر يۈز يىگىرمە بالا ئۆي - ئۆيلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، مەكتەپكە توپلاندى. ئۇلار خۇددى بىرى قوماندا بەرگەندەك چەب- دەسلىك بىلەن قول تۇتۇشۇپ، گىرە بولۇپ، سىنىپنىڭ ئالدىدا سەپراس بولۇپ تۇردى ۋە قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازدا:

— دادىلار، ئاكىلار، بىز ئوقۇيمىز، بىزگە مەكتەپ كېرەك. ئەگەر سىنىپىمىزنى تارتىۋالماقچى بولساڭلار، ئاۋۋال

بىزنى دەسسەپ - يانجىپ، ئاندىن بۇ يەرنى بۇزۇۋڭلار! — دەپ چۇرقىراشتى.

تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ غەلىتە مۆجىزىدىن كەتمەن - گۈرجەك كۆتۈرگەن ھېلىقى جامائەت مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بايىقى غالجىر ھەيۋىسى، مۇدھىش چىرايى بىردىنلا ئاللىقاياقلارغا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەيرانلىق، تەئەججۇپ ئىگىلىدى. چۈنكى، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا قول تۇتۇشۇپ، گىرە بولۇپ، ئوماق چىرايلىرىنى ئۇمچەرتىپ، چىچەن كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، چۇرقىرىشىپ تۇرغان بۇ نارەسىدىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتى، يۈرەك پارىسى ياكى بىر تۇغقان قېرىندىشى، ياكى قولۇم - قوشنا، ئەل - ئاغىنىسىنىڭ بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقىنى ئىدى.

ئەزھەر ئىشاننىڭ كۆزى چەكچىيىپ، ساقاللىرى تىترىدى، غەزەپ ۋە ئەلەمدىن يۈزىدىكى ئۇششاق قوڭۇر داغلارمۇ كۆپۈپ، كېڭىيىپ، يۈندى چاچقاندەك سەتلىشىپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلىدىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي، كەتمەننىڭ سېپىغا دىيەنگىنىچە جىممىدە تۇراتتى. قارىماققا، ئۇ جىم تۇرغان بىلەن لېكىن چىشلىرىنىڭ غۇچۇرلاپ، جاغ سۆڭەكلىرىنىڭ تومپىيىپ چىقىشىدىن، يۈڭلۈق، قاتمال قوللىرىنىڭ سېزىلەرلىك تىترىشىدىن ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، ئىچ - ئىچىدىن خۇن كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

ئۇ چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى، قورساقنى بوشىتىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋالغۇدەك بىرەر چوڭ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھەممىسى غەرەز ئۇقمايدىغان گۆدەك باللار ئىدى. ئۇلارغا نېمە دېگۈلۈك! ئەگەر بىرەرىنى تىللىساڭ ياكى تاك قىلىپ قويساڭ، ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، پۈتمەس - تۈگىمەس دەردۇ بالاغا قالىسەن!...

جامائەت بوشىشىپ، سالپىيىپ، بىر - بىرلەپ ئارقىغا

ياندى. ئەڭ ئاخىرقى ئۈچ - تۆت چاپارمەنلەرمۇ لېۋىنى چىشلەپ، بېشىنى ساڭگىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ھىدايەت پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلغان بۇ جىددىي «جەڭ» ناھايىتى ئوڭۇشـ
لۇق، غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

ھېلىقى زېمىننىڭ ھەقدارىسى مەن، دەپ ئوتتۇرىغا چىققان ئەزھەر ئىشانمۇ تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتتى. كېيىن ئاڭلىساق، «ئوردام»①غا كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە، قىزغىن «ئوردام سەيلىسى» باشلانغانىدى. بۇنى ئاڭلاپ ھىدايەتنىڭمۇ ئۇ يەرگە بارغۇسى كەلدى.

— سەن ئۇ يەرنى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر كۈنى مەندىن.

— كۆرگەن، بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل بۇرۇن، دادام بىلەن بىللە بارغان...

— ۋاي - ۋۇي... بۇرۇنقى گەپ ئىكەن، ئاداش. ئون ئىككى يىلدىن بېرى ئۇ يەردىمۇ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغاندۇر، — دېدى ئۇ قىزىقىپ، — بارايلى، دوستۇم، مەن ئۇ يەر ھەققىدە تارىخىي ماتېرىياللاردىن ئاز - تولا ئوقۇغانىدىم. مىڭ ئاڭلىغاندىن، بىر كۆرگەن ئەلا. كىم بىلىدۇ، ئېتىقادىم ئۆزگىرىپ، تېخى باشقىچە ئادەم بولۇپ قالامدىمەن تېخى!...

شۇنداق قىلىپ، ئوردامغا بېرىش قارارىغا كەلدۇق. 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يېڭىشەھەرگە چىقتۇق. ئۇ يەردىن بىر ھارۋىنى كىرا قىلىپ، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھاراپ يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان ئوردام چۆللۈكىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق.

ئەتراپ قاقاس چۆل، كۈن ئىسسىق، يول ئازابلىق ئىدى.

---

① ئوردام — تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان تاۋاپگاھ. بۇ يەرگە مىلادىيە 998 - يىلى ئىسلام ئېچىش جېڭىدە شېھىت بولغان سەيدئەلى ئارسلانخاننىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان.

ئەگەر كۆڭۈللۈك پاراڭ بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزمىسەك، باش
ئۈستىمىزدە ئوتلۇق شاردەك يېنىپ تۇرغان قۇياش خۇددى بىر
يەرگە مىخلاپ قويغاندەك مىدىرلىماي، بىزنى زېرىكتۈرەتتى،
قىينايتتى. قىزغىن پاراڭ بىلەن كۈننىڭ غەربكە قىيسايغانلىقى-
نى تۇيماي قالدۇق. لېكىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى پاراڭلىرىمىز
تۈگەپ قالاي دېگەنىدى. خەلقئارا ۋەزىيەتتىن باشلانغان گېپىمىز-
نىڭ ئاخىرى قەشقەردىكى ھېيتقا مەسچىت ۋەقەسىدە تۈگىدى.
ئەمدى كۆز ئالدىمىزدىكى «ئوردام» توغرىسىدا سۆزلىشىشلا قال-
غانىدى. مەن ئۆز ۋاقتىدا كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى؛ ھىدايەت
ماتېرىيالدىن ئوقۇغانلىرىنى قوشۇپ سۆزلەشسەكمۇ، پارىڭىمىز
يەنە ئۈزۈلغا بارمىدى...

ھارۋا غىچىرلاپ ماڭماقتا. ئاغزىدىن كۆپۈك بۇغجىغان قىر-
چاڭغۇ ئات قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ، بېزەڭ چىۋىنلەرنى قو-
رۇيتتى، پات - پات پۇشقۇرۇپ قويۇپ، پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ
كېتىۋاتاتتى.

ھىدايەت ئىسسىقتىن ئېزىلىپ، مۈگدەپ ئولتۇراتتى. ھار-
غىنلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، لەۋلىرى گېزەرگەنىدى.
مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدىم. پۈتۈن يەر قۇياش
تەپتىدە ھۆپۆلدەپ قىزىپ كەتكەنىدى. چەكسىز قۇملۇقتىن كۆتۈ-
رۈلگەن سەراب يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى قۇم بارخانلىرى
ئارىسىدا كۆۋەجەپ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان ئوت دەرياسىدەك
كۆرۈنەتتى...

بىز ئىككىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئوردامغا كەلدۇق.
كېلىۋاتقان - كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ يەر خۇددى
بىر دەريا ئېقىپ كىرىپ، يەنە بىر دەريا ئېقىپ چىقىۋاتقاندەك
ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئەتراپ قۇم — پۈتۈنسۈرۈك بىر قۇم
دۇنياسى، كىشىنى چۆچۈتىدىغان سۈرلۈك ھەم قايناق قۇم دۇنيا-
سى ئىدى. ھەددى - ھېسابسىز قۇم دۆۋىلىرى ئادەم ئايىغىدا

خۇددى دەريادەك شىرقىراپ ئاقاتتى.

قىزىق، تەبىئەت ئەجەب سىرلىق ـ ھە؟! بۇ كەڭ، قاقاس قۇملۇق خۇددى قۇياشنىڭ ھەمراھىدەك ئوت ـ ئاتەشكە ئايلانغانىدى...

بىز كەچكە يېقىن، لاي پەشتاقلىق بىر مەسچىتنىڭ يېنىدىكى باجگىرلار سالغان ئاددىيغىنە كېسەك ئۆيدىن ئىككى كىشىلىك ئورۇن تاپتۇق. داق يەرگە بىر پارچە بورا سېلىنغان بۇ ئۆي قاراڭغۇ ۋە دىمىق بولسىمۇ، ھەر ھالدا بىز ئۈچۈن ئوبدان پاناھلىق ئىدى. بىز ئۇ كۈنى سامسا بىلەن قورسىقىمىزنى تويدۇرۇپ يېتىپ قالدۇق. يول ئازابىدىن سەيلە ـ تاماشا قىلغۇدەك ھەپسىلە قالمىغانىدى.

ئەتىسى كۈن بىلەن تەڭ ئويغىنىپ سىرتقا چىقتۇق. قۇم دۇنياسى جانلىنىپ، قايناپ كەتكەنىدى. بىز قۇم دۆۋىلىرى ئۈستىدە خۇددى تۆگىدەك «شىپ ـ شىپ» مېڭىپ، ئەتراپنى ئايلاندۇق...

بۇ يەردە «ئالتۇنرەۋزەم»، «سۇلتۇنۇم»، «قاراتەلپەك»، «ئاقلەنگەر» دەپ ئاتىلىدىغان تاۋاپخانىلار، قارا لاي ۋە كېسەك بىلەن ئۆرۈپ ـ سوقۇپ ياسالغان مەسچىت، خانىقا، كاخانەم[1] قاتارلىق ئىستىغبارخانىلار بار ئىدى. تاۋاپخانىلاردىكى چوڭ ـ كىچىك قەبرىلەر ياغاچ ۋادەك ئىچىگە ئېلىنغان، ئۈستىگە نۇرغۇن تۇغ ـ شەددىلەر قادالغانىدى. كاخانەم ئىچىدە بولسا، «ئالتۇن داش» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ داش قازان بار ئىدى. سەيلە مەزگىلىدە، ئۇنىڭغا يوغان ـ يوغان كالا ـ قوتاز گۆشلىرىدىن تارتىپ، ئۆششاق ـ چۈششەك توخۇ ـ چۈجىلەرنىڭ گۆشلىرىگىچە تاشلىناتتى ۋە گۈرۈچ، قوناق، بۇغدايغىچە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، نەچچە

---

① كاخانەم ــ نەزىر قىلىدىغان جاي.

يۈز ئادەمگە يەتكۈدەك شىلەن[1] قايناۋاتاتتى...

تاۋاپچىلار، ھۆپپىگەرلەر، سەيلىچى ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىكلەر خۇددى ئۇۋىسىغا سۇ كىرگەن چۈمۈلىلەردەك قىم - قىم، باش - ئايىغى يوق ئىدى. ئالىيجانابلىق سايىۋەنلەرنى تارتىۋالغان ئوقەتچىلەر خۇددى شەھەردىكىدەكلا جانلىق، چەبدەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بەس - بەستە خېرىدار چاقىرىپ توۋلىغان ياڭراق ئاۋازلىرى ئادەملەردىن ھالقىپ، چەكسىز قۇملارغا سىڭىپ كېتەتتى...

بىز ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر خانىقانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. ئۇ يەرگە نۇرغۇن ئادەم توپلاشقانىدى. خانىقانىڭ ئىچىدىن سوپى - ئىشانلارنىڭ «ھۇئاللا» دەپ جەرە سالغان ئاۋازى گۈرۈلدەپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

ياز خوۋلۇقى گۈلىستان،
قىش خوۋلۇقى زىمىستان.
بۇ ئالەمگە ئىشەنمە —
بارار جايىڭ گۆرىستان.

*　　*

ئۇ شۇل تونىنى كىيەر بولساڭ،
ياقاسى، يەڭلىرى يوقتۇر.
ئۇ شۇل ئۆيگە كىرەر بولساڭ،
ئىشىكى يا تۈڭلۈكى يوقتۇر...
لائىلاھا... ئىللالىلا... ھە... ھۇم...

---

[1] شىلەن — خانىقالاردا كىشىلەر ئەكەلگەن ھەرخىل گۆش ۋە ئاشلىقلارنى سېلىپ ئېتىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاش.

بىزمۇ قىستىلىپ يۈرۈپ خانىقانىڭ ئىچىگە كىردۇق. جەرە سېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بېشىغا شەيدايى دوپپا، ئۇچىسىغا كىرتىك ياقىلىق ئۇزۇن خەسە كۆڭلەك كىيگەن بىرى ئېگىز سۇپىغا چىقىپ ئەمرىمەرۇپ قىلىشقا باشلىدى. بىز ئۇنى بىر قاراپلا تونۇدۇق. ياغاق يۈزلىرىدىن توپا ئۆرلەپ، چوكمە ئورا كۆزلىرى قىزىرىپ، سۇرلۇك توس ئالغان بۇ ئادەم ئەزھەر ئىشان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چاچ - ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈپ، تەركىدۇنيالىقتىن خۇدىنى يوقاتقان بىرنەچچە مۇرىت - مۇخلىسلار بېشىغا كولا، ئۇستىگە ھەر خىل رەڭدى - بەدەل كىيىملەرنى كىيىۋالغان ھالدا قول باغلاپ تۇرۇشاتتى. ئەزھەر ئىشان ئەمرىمەرۇپنى مۇنداق باشلىدى:

— ھەزرىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەسىيەتلىرى بۇدۇركى، ھەي، ئەلى! ھەركىم ياتىدىغان ۋاقتىدا بۇ بەش ئىشنى قىلمىغۇچە ياتمىغايلار: بىرىنچىسى ئولكى، ئاللاتائالانىڭ يولىدا پېقىر - مىسكىنلەرگە سەدىقە بېرىپ، خۇشنۇد قىلمىغۇنچە ياتمىغايلار: ئىككىنچىسى ئولكى، كالامۇللانى بىر نۆۋەت تامام قىلمىغۇنچە ياتمىغايلار؛ ئۈچىنچىسى ئولكى، بېھىشنى سېتىۋالمىغۇنچە ياتمىغايلار؛ تۆتىنچىسى ئولكى، مەككىنى تاۋاپ قىلمىغۇنچە ياتمىغايلار؛ بەشىنچىسى ئولكى، رەقىبلەرنى خۇشنۇد قىلمىغۇنچە ياتمىغايلار!

ھەزرىتى ئەلى سورىدىلەركى، ئى روسۇلىللا، كىمدە تاقەتدۇر ۋە كىمدۇر كىم ياتقىچە ئارىلىقتا مۇنچە ئىشلارنى بەجا كەلتۈرگەي؟

جانابىي پەيغەمبەر ئەيتتىلەركى، ھەي، ئەلى! بەندە مۆمىن ياتار ۋاقتىدا، «سۈرە پاتىھە» نى تۆت مەرتىۋە ئوقۇپ ياتسا، گوياكى تۆت مىڭ پېقىر ۋە مىسكىنلەرگە سەدىقە بەرگەندەك بولغاي؛ ھەركىم ياتىدىغان ۋاقتىدا «سۈرە ئىخلاس» نى ئۈچ مەرتىۋە ئوقۇپ ياتسا، كالامۇللانى بىر قېتىم تامام قىلغاندەك بول-

غاي؛ ھەركىم ياتىدىغان ۋاقتىدا، ئون مەرتىۋە «دۇرۇت»نى ئوقۇپ ياتسا، بېھىشنى سېتىۋالغاندەك بولغاي؛ ھەركىم ياتىدىغان ۋاقتىدا، «كېلىمەتەمجىت»نى تۆت مەرتىۋە ئوقۇپ ياتسا، مەككىنى تاۋاپ قىلغاندەك بولغاي؛ ھەركىم ياتىدىغان ۋاقتىدا، ئون مەرتىۋە «ئاللاھۇمە مەغپۇرلى»نى ئوقۇپ ياتسا، بارلىق رەقىبلەرنى خۇشنۇد قىلغاي! ... ھەربىر مۆمىن بەندە بۇ ۋەسىيەتنى بەجا كەلتۈرسە ۋە ئۆزگە ۋەدە قىلسا، شۇ بەندىنىڭ گۇناھى مانا مۇشۇ قۇملارنىڭ ھۇدۇدىدەك كۆپ، سايلارنىڭ تېشىدەك ئېغىر بولسىمۇ، ھەق سۇبھاناللا ئۆز پەزلىتى ۋە كەرىمى بىلەن ئەپۇ قىلغاي. ھەممە دۇشمەنلىرى دوست بولغاي، مۇشكۈلى ئاسان بولغاي ھەم بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋمى - قېرىنداشلىرى بىلەن بېھىشكە كىرگەي! ...

ئەمرىمەرۇپ خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى، ئاغزى بېسىلماي سۆزلەۋەرگەچكە، ئەزھەر ئىشاننىڭ ئېڭەكلىرى خالتىلىشىپ، جاۋغايلىرى كۆپۈكلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ ھالەتتىمۇ ئۇ يەنە توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۇلۇغ مازارلارنى يوقلاش، سېغىنىش ۋە ئۇلار يولىدا خەير - ئېھسان قىلىشنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى. بىز شۇ چاغدا، توپ ئارىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتۇق...

بۇ يەرنىڭ كەچلىك مەنزىرىسى يەنە باشقىچە بولاتتى. كۈندۈزى قۇياش تەپتىدىن ئوتتەك قىزىغان قۇم دۆۋىلىرى كەچتە ئاستا - ئاستا سالقىنلايتتى. بىر كۈنلۈك جىددىي مەشغۇلاتتىن ھارغان، دىمىققان ئادەملەر كەچتە ئەنە شۇ سالقىن، يۇمشاق قۇملارغا باغرىنى يېقىپ راھەتلىنەتتى. شۇ يەردە ئېغىناپ يېتىپ، ئاي كۆتۈرۈلگەن تىنىق ئاسمانغا، ھېسابسىز شام - چىراغ نۇرلىرى بىلەن خۇددى يۇلتۇز كۆچۈپ چۈشكەندەك جىمىرلاپ تۇرغان چەكسىز قۇملۇققا قاراپ، شېرىن - شېكەر سۆھبەتلەرنى قۇرۇشاتتى. بۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ كۆپرەكى، ئۆزلىرى باغرىنى

يېقىپ ياتقان مانا شۇ پايانسىز، ئۆلۈك قۇملۇقنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە بولاتتى. بىز مۇنداق سۆھبەتلەرنىڭ بىرنەچچىسىگە شېرىك بولدۇق. يېشى يەتمىشتىن ھالقىغان كۆپ-نى كۆرگەن پېشقەدەم دېھقانلار، ئانچە - مۇنچە ساۋاتى بار ھۈنەرۋەن - كاسىپلار بۇ قۇملۇقنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا نۇرغۇن قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەردى. بىز بۇنىڭدىن «ئوردام» توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋالدۇق...

تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان ئوردام — ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 998 - يىلىدىن ھازىرغىچە بولغان مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ئۆزىنىڭ ئىسلام ئېچىش يولىدا شېھىت بولغان ئاتا - بوۋىلىرىنى تەرك ئەتمەي ئەسلەپ، خاتىرىلەپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى تاۋاپگاھى ئىدى. بۇ يەرگە ھەر يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيىدا نەچچە ئون مىڭلىغان ئادەم داقا - دۇمباق چېلىپ، تۇغ - ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ، ھەشەم - دەرەم بىلەن كېلەتتى ۋە بىر ھەپتىدەك سەيلە - تاماشا قىلىپ قايتاتتى.

«ئوردام» ئەسلىدە، ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەنئەنىۋى تاۋاپگاھ ۋە تارىخىي مۇقەددەس جاي بولسىمۇ، لېكىن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ جاينىڭ بەرپا بولۇشى ۋە بۇ يەردە شېھىت بولغان سەيدئەلى ئارسلانخان توغرىسىدا خىلمۇ خىل ئەپسانە - رىۋايەتلەر پەيدا بولغانىدى. بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلەتتى:

قاراخانىلار پادىشاھى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى سەيدئەلى ئارسلانخان مىلادىيە 998 - يىلى «قۇمشىھىدان»①دا، خوتەن بۇددىست قوشۇنى ۋە نۇختى رىشىد قوشۇنلىرى بىلەن بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ قىلىدۇ، لېكىن جەڭدە سەيدئەلى ئارسلانخانغا تىغ ئۆتمەيدۇ. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان خوتەن بۇددىست-

---

① قۇمشىھىدان — ھازىرقى ئوردام مازىرى جايلاشقان يەر.

لىرىنىڭ خانى خالخال ماچىن ۋە چىكالور ئۆز قوشۇنلىرىغا:
— كىمكى سەيدئەلى ئارسلانخاننىڭ تىغ ئۆتمەسلىك سىرىنى بىلىپ كەلسە، ئۇ كىشىگە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ! مەنسەپدار بولسا، بەگلەرنىڭ بېگى بولىدۇ، پۇقرا بولسا، دارخان[1] بولىدۇ! — دەپ جاكارلايدۇ.
شۇ چاغدا قوشۇن ئىچىدىن ئۇج ئىسىملىك بىرى ئالدىغا چىقىپ:
— بۇ سىرنى مەن بىلىپ كېلىمەن! — دەپ ۋەدە بېرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەقى - تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ، ئىسلام قوشۇنى ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالىدۇ ۋە ئۇ يەردە يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر سەيدئەلى ئارسلانخاننىڭ چېدىر بارگاھىدا مۇلازىم بولۇۋالىدۇ. بىر كۈنى سەيدئەلى ئارسلانخان مېھمانخانىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە يېقىن كىشىلىرىگە ئۆتكەن قېتىملىق جەڭلەرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا ھىيلىگەر ئۇج ئارسلانخان پادىشاھنى نۇرغۇن چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاپ، ئاخىرىدا:
— كەرەملىك شاھىم، ئۆزلىرىگە زادىلا تىغ ئۆتمەيدىكەن، بۇ قانداق خاسىيەت؟ — دەپ سورايدۇ.
— ماڭا ئادەتتە تىغ، ئوق ئۆتمەيدۇ! — دەيدۇ شاھ پەرۋاسىزلىق بىلەن، — لېكىن، نامازغا تۇرغىنىمدا، پۈتۈن بەدىنىم قوغۇشۇندەك ئېرىيدۇ، ئۇ چاغدا تىغ ئەمەس يېكەن تەگسىمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ!
سەيدئەلى ئارسلانخاننىڭ مۇبارەك ئاغزىدىن بۇ سىرنى ئاڭلىغان ئۇج شۇ كېچىسى خوتەن بۇددىست قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى خالخالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، سىرنى ئاشكارىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ھوشۇر ئېيىنىڭ

[1] دارخان — ھوقۇقى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس قالىدىغان ئادەم.

ئونىنچى كۈنى ناماز بامدات ۋاقتى بىلەن سەيدئەلى ئارسلانخان
ناماز ئوقۇۋاتقان جايغا باستۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا، مۇسۇلمان
قوشۇنلار سەپ - سەپ بولۇپ نامازغا تۇرغان ۋە «سۈننەت» نى
ئادا قىلىپ بولۇپ، «پەرز» نى باشلىغانىدى. لېكىن ئىمامئاخۇ-
نۇم ئەسلىدە، قۇرئاندىكى ئەڭ قىسقا سۈرە «ئىنناھ ئەھتەينا»
نى ئوقۇماقچى بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئازغىنىپ، ئۇزۇن سۈرە
«ئىنناھ پەتەھنا» نى ئوقۇپ سالىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلانغان بۇد-
دىست قوشۇنلىرى مەسچىتكە باستۇرۇپ كىرىپ، ئىسلام قوشۇن-
لىرىنى قىرىشقا باشلايدۇ، سۈرە ئوقۇلۇپ «ۋەكافا بىللاھى شې-
ھىدا مۇھەممىدۇن روسۇلىللا» دېگەن يەرگە يەتكەندە، سەيدئەلى
ئارسلانخاننىڭ مۇبارەك بېشىغىمۇ تىغ ئۇرۇلىدۇ. باش تەندىن
جۇدا بولىدۇ. لېكىن شۇ ھامان باشتىن: «بېشىمنى ئېتىمنىڭ
غانجۇغىسىغا بەند قىلىپ، شەمشىرىمنى ئاغزىمغا چىشلىتىپ قو-
يۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز كېلىدۇ. بۇ سىرلىق ئاۋازنى ئاڭلىغان
ساھابىلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدۇ. ئارغىماق بىردىنلا چاپ-
چىپ، بۇددىست قوشۇنلىرى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىدۇ ۋە كۆزنى
يۇمۇپ - ئاچقۇچە نۇرغۇن بۇددىستلارنى سۈر - توقاي قىلىپ
قىرىپ تاشلايدۇ...

كۆپ ئۆتمەي بۇ يەرگە سەيدئەلى ئارسلانخاننىڭ تاغىسى
ھەسەن بۇغراخان باشلىق ئىسلام قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىدۇ.
بىراق «قۇمشېھىدان» دا ئۆلۈپ ياتقان مۇسۇلمانلار بىلەن بۇد-
دىستلارنىڭ جەسىتىنى ئايرىيالمايدۇ. ئىسلام لەشكەرلىرى ھە-
سەن بۇغراخان غازىغا ئىلتىجا قىلىپ:

— ئەي پادىشاھىئالەم، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتىنى ئايرى-
ۋېلىشىمىز ئۈچۈن، شېھىتلار ھەققىدە بىر دۇئا قىلغايلا، بىز
ئامىن دېسەك، ئېھتىمالغا يېقىنكى، ھەزرەتلىرىنىڭ دۇئا بەرد-
كاتىدىن شېھىتلارنى كۇپپارلاردىن ئايرىۋېلىشىمىز ئوڭاي بول-
غاي! — دەيدۇ. ھەزرىتى ھەسەن بۇغراخان يالاڭۋاش بولۇپ،

كۆزلىرىنى كۆككە تىكىپ، قول ئېچىپ خۇداغا ئىلتىجا قىلىدۇ. قالغان مۇسۇلمانلارمۇ «ئامىن!» دەپ دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ. شۇ چاغدا، ئاجايىپ بىر هادىسە يۈز بېرىدۇ: ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ، قاتتىق بوران كۆتۈرۈلىدۇ، بىر هازادىن كېيىن بوران پەسىيىپ، جاهان قايتىدىن يورۇيدۇ، قارىسا، شېهىتلارنىڭ جەستى ئوڭدا، يۈزى ئاق ۋە نۇرانە؛ كۇپپارلارنىڭ جەستى دۈمدە، يۈزى قارا ۋە خۇنۈك كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شېهىتلارنىڭ جەستىنى بىر يەرگە توپلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن قۇم ياغىدۇ. كىشىلەر بۇ ئوپچە لەھەتنى «ئالتۇنرەۋزەم» دەپ ئاتايدۇ... كېيىن، سەيدئەلى ئارسلانخان ۋە ئوردام توغرىسىدا مۇنداق بېيىت ـ نەزمىلەر پەيدا بولىدۇ:

ئاتاسى شاهىمەرداندۇر،
ئاناسى نۇرئالانۇر خان.
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
سەئىد ئارسلاندۇر خان.

مەن قەلەندەر شاهى مەن،
ئالەم ماڭا ۋەيراندۇر.
پايتەختى گۈل خېنىم،
ئوردام قەلەندەر خاندۇر.

يۇقىرىقىلار ئەلۋەتتە ھەقىقىي، چىن نەرسىلەر ئەمەس. ئۇ، نەچچە يۈز يىل بۇرۇنقى نادان خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ساددا ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى، شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ خىلمۇ خىل رېئال زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى چوڭقۇر خىياللىرىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈن بىز تۇرغان مۇشۇ قاقاس

چۆلنى، يىراق - يىراقلاردا كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىنى بىزنىڭ ئاشۇ جاپاكەش ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا ماكان قىلغان، بۇ يەرگە ئۇلارنىڭ مۇھەببەت بىلەن نەپرىتى، خۇشاللىق بىلەن قايغۇسى، دەرد - ھەسرىتى بىلەن ئارزۇ - ئىستىكى كۆمۈلگەن، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تۆككەن ھېساب-سىز قان - تەرى بىلەن ئالغا ئىنتىلىش يولىدا باسقان جاپالىق ئىزلىرى قالغان...

دۇنيادا، ئېتىقاد - ئەقىدىدىن كۈچلۈك ۋە جاھىل نەرسە بولمىسا كېرەك! يىل بويى تىرىكچىلىك يولىدا جاپا چېكىدىغان مۇشۇ ئادەملەرنى شۇنچە ئۇزاق يوللاردىن مانا مۇشۇ گىياھسىز قۇم دۇنياسىغا، ئىسسىقنىڭ، ئۇسسۇزلۇقنىڭ، غېرىبلىقنىڭ دەردىنى تارتىدىغان قاقاس چۆللۈككە ئەنە شۇ ئېتىقاد سۆرەپ كېلىۋاتامدۇ؟! ئېتىقاد ئۇلارنى جاپا ئۈستىگە جاپا چەكتۈرۈۋاتا-مامدۇ؟! ھەتتا بەزىلەر بېلىگە ئاق باغلاپ كېلىپ، ئۆزلىرى كۆرمىگەن، بىلمىگەن غايىبانە ئادەملەر ئۈچۈن مىڭ يىلدىن بېرى ھازا تۇتۇۋاتىدۇ! توۋا، بىزنىڭ بۇ ئادەملىرىمىز نېمىدېگەن ئىچ كۆيەر، چىداملىق - ھە؟!...

ھىدايەتنىڭ قاتتىق ئىچى پۇشتى:

— ئەگەر بىز مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، ئۆزىمىز XX ئەسىردە بولساقمۇ، روھىمىز X ئەسىردە ياشايدىكەن! — دېدى ئۇ خورسىنىپ، — جاھان نەگە كېتىد-ۋاتىدۇ، بىز نەدە تۇرۇۋاتىمىز!؟...

ھىدايەتنىڭ ئۆكۈنۈشى، خورسىنىشى يوللۇق ئىدى. ئادەم-لىرىمىز، بولۇپمۇ ئەۋلادلىرىمىز ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، ئەقىل - پاراستىنى ۋە ئىشەنچ - ئېتىقادىنى مانا شۇ چەكسىز قۇملارغا بىھۇدە ئاققۇزۇپ سىڭدۈرۈۋاتاتتى...

كەچقۇرۇن بىز كۈتۈلمىگەن بىر ئىشقا يولۇقتۇق. خانىقانىڭ ئالدىدىن كېتىۋېتىپ، بىر دېھقاننىڭ ئۆز قىزىنى

ئەزھەر ئىشاندىن دۇئا ئالدۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالدۇق. يۈزىگە رومال ئارتىلغان، چاچلىرى ئۇششاق ئۆرۈلگەن غۇنچە بويلۇق قىز ئۆزىنى سىرتقا تارتىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. دادىسى ئۇنى ھەدەپ خانىقانىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ، دۈشكەلەيتتى. شۇ ئارىلىقتا، خانىقادىن ئىككى ئايال بىلەن بىر ئەر كىشى چىقىپ، قىزنى كۆتۈر ـ كۆتۈر قىلىپ ئەكىرىپ كەتتى. بىز قىزنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدۇق. راستىنى ئېيتقاندا، ھەر ئىككىمىز بۇ ئىشقا ئەقىل يەتكۈزەلمەي، گاڭگىراپ قالغاندۇق. XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىـ ـرىدىمۇ ئادەمنى دۇئاغا ئالدىغان مۇنداق جاھالەتنىڭ بولۇشى خىيالىمىزغا كەلمىگەنىدى. ھەيرانلىقتىن ھىدايەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، مېنىڭمۇ تىلىم تامىقىمغا چاپلىشىپ قالدى. بىز شۇ ھالەتتە بىر ـ بىرىمىزگە جىممىدە قاراپ، ئىچىمىزدە ئازاب چېكىپ تۇرۇپ قالدۇق. بىر ھازادىن كېيىن، ھىدايەت ئېسىگە كېلىپ، بىر گەپنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى:

— قۇتۇلدۇرايلى، قۇتۇلدۇرايلى، جەزمەن قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى!

مەنمۇ شۇ نىيەتتە ئىدىم. بىز دەرھال ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدۇق. ئادەم كۆپ يەردە يامان ئىشلارمۇ بولغاندەك، ياخشى ئىشلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بەلكىم ياخشى، ساۋابلىق ئىشـ ـلارنى قىلىدىغان ئادەملەر كۆپرەك بولىدۇ. بىز ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە بىرنەچچە ھەمراھ تاپتۇق. بۇلار يېزىدىن كەلگەن ئاق كۆڭۈل، بېجىرىم ياشلار، شەھەردىن چىققان ھالال نىيەتلىك ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ئىدى. ھەممىسى ئەھۋالنى ئۇقۇپ، قىزغا ئېچىنىدى، ئۇنىڭ باغرى تاش دادىسىغا، ياۋۇز نىيەتلىك ئەزھەر ئىشانغا قاتتىق نەپرەتلەندى...

بىز قىسقىلا مەسلىھەتتىن كېيىن، كەچتە خانىقا ئىچىدە تۇيۇقسىز غوۋغا كۆتۈرۈش، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىزنى

ئېلىپ قېچىش پىلانىنى تۈزدۇق. غوۋغا كۆتۈرۈشنىڭ سەۋەبلىرىمۇ تېپىلدى. تۈنۈگۈن كەچتە، ئەزھەر ئىشاننىڭ ئىككى مۇرىتى قۇم دۆۋىسىنىڭ دالدىسىدا نەشە چېكىپ، ئارقىدىن ئىككى ئايالنى بوزەك قىلماقچى بولغاندا، مۇشۇ ياشلار سېزىپ قېلىپ، ئۇلارنى قوغلىۋەتكەنىكەن. بۈگۈن شۇ ئىشنى باھانىداپ، خانىقادا غوۋغا كۆتۈرمەكچى ۋە ھېلىقى ئىككى مۇرىتنى جازالاتقۇزماقچى بولۇشتى. بىز بۇ ئارىلىقتا، قىزنىڭ خانىقادىكى بىر ھۇجرىغا يالغۇز سولىنىپ، سىرتىدىن قۇلۇپلانغانلىقىنى، ھۇجرىنىڭ ئۇستىدە خېلى يوغان تۈڭلۈكى بارلىقىنى بىلىۋالدۇق.

چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت باشلاندى. تەبىئەتمۇ خۇددى بىزگە ماسلاشماقچى بولغاندەك بىردىنلا ئۆزگىرىپ، شامال كۆتۈرۈلدى. پايانسىز چۆل ھۇۋۇلداپ كەتتى. ئاسمان چاڭ - توزان بىلەن پۈتۈنلەي مانانلاشتى. بىرنەچچە يەردە قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ غەلدى - غەشتىلەرنى كۆككە ئاتتى. كېيىن قۇم قوزغالدى، ئۇ شامال يۆنىلىشىنى بويلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى. يىراقتىن قارىغان كىشىگە ئۇ گويا كۆنپېتىش تەرەپكە قاراپ چايقىلىۋاتقان دېڭىزغا، يېنىك ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان ئەزىم دەرياغا ئوخشايتتى.

بىز ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئىش باشلىدۇق. بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى ئالتە ئادەم تۈنۈگۈنكى ھېلىقى ئىككى ئايالنى تېپىپ، خانىقادا تۇيۇقسىز غوۋغا كۆتۈردى. قىزغىن جەرە سېلىۋاتقان ئەزھەر ئىشان بىلەن مۇرىت - مۇخلىسلىرى ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى، خانىقاغا توپلانغان بىر قىسىم ئادەملەرمۇ «بۇ مۇقەددەس زېمىندا يۈز بەرگەن ناشايان ئىشلار»نى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلەندى، ئۆرتۆپە بولۇشتى. شۇ چاغدا، ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى ئۈچ ئادەم — مەن، ھىدايەت ۋە ياش بىر دېھقان خانىقانىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆگزىگە يامىشىپ چىقتۇق ۋە ھېلىقى ھۇجرىنىڭ تۈڭلۈكىدىن ئارغامچا تاشلاپ، قىزنى تارتىپ چىقاردۇق. قىز دەسلەپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي

قالدى، كېيىن بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى چۈشەنگەندىن كېيىن، خۇشاللىقىدىن بىزگە ئېسىلىپ، كۆز يېشى قىلدى. ئەمدى بۇ يەردە كۆپ تۇرغىلى بولمايتتى.

— سىلەر دەرھال قېچىڭلار! — دېدى ھېلىقى دېھقان يىگىت، — مەن خانىقاغا كىرىپ، سىلەر ئۇزاپ كەتكۇچە جېدەلنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ تۇراي. ئەڭ ياخشىسى، يېڭىسار تەرەپ بىلەن مېڭىڭلار، ئۇ تەرەپتە سۇ كۆپرەك، لەنگەرگە يېتىۋالساڭلار ھېچ نەرسىدىن قىينالمايسىلەر، يول ئۇستىدە پاناھلىنىپ ياتقۇدەك مازار، گۇمبەزلەرمۇ بار...

بىز قاچتۇق. نادانلىق، جاھالەت ئەۋج ئالغان، كىشىلەرنى تەركىدۇنيالىق بىلەن مەنىۋى گادايلىق گىردابىغا باشلايدىغان بۇ چەكسىز قۇم دۇنياسىدىن يىراقلاپ قاچتۇق. ئارقىمىزدا بىلىپ بولماس قىيقاس - چۇقانلارغا تولغان سىرلىق چۆل بىلەن ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ھايات شامىدەك سۇس پىلدىرلاپ تۇرغان چىراغ نۇرلىرىلا قالدى...

شامالمۇ گۇركىرە - گۇركىرە ئاخىر ھاردى، ئوت - چۆپلەرنىڭ چايقىلىشى، توپا - تۇمانلارنىڭ مالىمانچىلىقى پەسەيدى، قۇملارنىڭ شىرقىراپ، قىيان بولۇپ ئېقىشى توختىدى. ئادەملەرنىڭ قۇلىقىمۇ بىزار قىلغۇچى ھۇۋۇلاشتىن ئارام تاپتى، جاھان خۇددى قايناپ توختىغان قازاندەك تىنچىپ قالدى...

بىز تۈن ھەسسىدىن ئاشقۇچە جېدەللەپ يول يۈردۇق. بارا-بارا ھالىمىز قالمىدى، پۇتلار تېلىپ، لاكاسلاپ قالدۇق. ئاخىر ئەتراپنى ئىنزدەشتۇرۇپ، ئوڭ تەرىپىمىزدە — يولدىن ئىككى يۈز قەدەم نېرىدا چوڭ بىر گۇمبەزنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. گۇمبەزنىڭ ئۈستى ھەرخىل تۇغ - ئەلەم، شەددە ۋە ھايۋانلارنىڭ قۇرۇق سۆڭەكلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن بادرالارغا ئېسىپ قويغان قوچقارنىڭ كاللىسى بىلەن ئاتنىڭ يوغان بېشى كىشىنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك سۇرلۇك كۆرۈنەتتى...

بىز قولچىراغنىڭ ياردىمى بىلەن قىينالمايلا، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىردۇق. كونىلار گۈمبەزنى «ئەڭ تىنچ ۋە مۇقەددەس ئورۇن» دەپ قارايدۇ. دېگەندەك گۈمبەزنىڭ ئىچى تىنچ ۋە پاكىز ئىدى، بىزدىن بۇرۇنمۇ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ پاناھلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۈچىمىز ئۈچ بۇلۇڭغا سوزۇلدۇق. ھىدايەت يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتى، بىرئازدىن كېيىن، مەنمۇ لايدەك بوشىشىپ، ئۇيقۇغا كەتتىم…

كۆزۈمنى ئاچسام، گۈمبەزنىڭ يوچۇقلىرىدىن يورۇق چۈشۈپتۇ. بىردىنلا ھېلىقى قىزغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇ بىر بۇلۇڭدا قورقۇپ، مۈگدىنىپ ئولتۇراتتى. قورۇپ كەتكەن ئادەم ئۈستىخانلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە دىردىيىپ، ئۈششاق قۇرت - قوڭغۇزلار مىدىرلاپ يۈرگەن گۈمبەز ئىچى سۈرلۈك، تىنچ ۋە سالقىن ئىدى. قىزنىڭ چىرايىدىن تېخىچە تونۇگۇنكى قورقۇنچ، ۋەھىمە ھەم سەسكىنىش كەتمىگەنىدى. قاپقارا چوڭ كۆزلىرى يەنىلا بۆرىدىن ئۈركۈپ كەتكەن قوزىدەك، ئالاقزادىلىك بىلەن چۆچۈپ قارايتتى، قان تەپچىرەپ تۇرغان ئۇماق، بېجىرىم چىرايىدىن خۇددى ئانىسىدىن ئازغىنىپ، چۆل - جەزىرىدە تېنەپ قالغان بوتىلاقتەك مىسكىنلىك، ناتىۋانلىق ۋە قانداقتۇر تەلمۈرۈش چىقىپ تۇراتتى…

ھىدايەتمۇ ئويغاندى، قىزغا قاراپ، ئىچ ئاغرىتقاندەك مەيۈسلۈك بىلەن ئۇھ تارتىپ قويدى. بىز چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ھەمراھلىرىمىز يوللۇق تۇتقان بىر قاپاق سۇ بىلەن بىرنەچچە نان ۋە سامسىلاردا ناشتا قىلدۇق. شۇ چاغدا ھىدايەت قىزدىن بىرىنچى سوئالنى سورىدى:

— سىڭلىم، ئىسمىڭىز نېمە؟

— تۇخان…

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئانار پىششىقىدا ئون سەككىزگە كىرىمەن…

ئۇنىڭدىن كېيىنكى گەپلەر قىزنىڭ ئىچىنىشلىق ھېكايىسىـ
گە ئايلاندى:

تۇخاننىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇگەي ئانىنىڭ قولىغا
قالغانىكەن، دادىسى سېيىتقارى يەكەن ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە
كاسىپلىق قىلىدىكەن. دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك، تەقۋا ئادەم
ئىكەن. بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن، ئەزھەر ئىشان جاھان كېزىپ
يۈرۈپ، يەكەن ناھىيىسىگە كېلىپتۇ، تۇخاننىڭ دادىسى ئۇنىڭغا
قول بېرىپ، مۇرىت بوپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەزھەر ئىشان
ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئىككى قېتىم مېھمان بولۇپ كېلىپتۇ. شۇ
چاغدا، بۇ ئاچ بۆرىنىڭ كۆزى ئەمدىلا رەسىدە بولغان ناتىۋان
قىزغا چۈشۈپتۇ، ئەزھەر ئىشان قايتىش ۋاقتىدا، سېيىتقارىغا:
بۇ يىل ئوردام سەيلىسىگە چوقۇم بېرىشنى، تۇخاننىمۇ بىللە
ئالغاچ بېرىپ، جاھان كۆرسىتىپ كېلىشنى تاپىلاپ، شۇم نىيىد-
تىدىن ئاز ـ تولا بېشارەت بېرىپتۇ. قالغان ئىشنى ئۇنىڭ يەكەنـ
دىكى سادىق غالچا مۇرىتلىرى ئۈستىگە ئېلىپ، سېيىتقارىنى
قىزىنى «دۇئا ئېلىش» قا كۆندۈرۈپتۇ...

— مانا، ئاڭلىدىڭمۇ، دوستۇم، — دېدى ھىدايەت تۇخاننىڭ
شىكايىتىدىن كېيىن، — ئەجدادلىرىمىزنىڭ قېنى ئاققان مۇقەد-
دەس يەرلەر بۇگۈنكى كۈندە، ئۆزىنى ئاشۇ ئىسلامنىڭ ۋارىسى،
پېشۋاسى دەپ ئاتىۋالغان ئەزھەر ئىشاندەك ئادەملەرنىڭ ناپاك
ۋۇجۇدىدىن ئاققان ئىپلاس يۇندىلار بىلەن بۇلغىنىۋېتىپتۇ! ئى-
سىت ـ ئىسىت!... نادان خەلقىمىزنىڭ ئەقىدىسىگە ئىسىت!...

ناشتىدىن كېيىن يولنى داۋاملاشتۇرالىدۇق. ئۇچىلىمىز-
نىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ، ئۇششاق ـ ئۇششاق سۇلۇق ئىششىقلار
پەيدا بولۇپ قالغانىدى، كۈن يانغىچە مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ،
ھاۋا سۆرۈنلەشكەندىن كېيىن يولغا چىقىدىغان بولدۇق. كېچىدە
قورقۇنچ ھەم ۋەھىمە بىلەن ئۇخلىيالىغان تۇخان ناشتىدىن كې-
يىن لەپپىدە ئۇيقۇغا كەتتى. ھىدايەت چاپىنىنى قاتلاپ، ئۇنىڭ

بېشىغا قويۇپ بەردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئۇيقۇسى ئانا باغرىدا يېتىپ ئۇخلاۋاتقاندەك شېرىن ھەم خاتىرجەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ خۇددى چۈشىدە دوستلىرى بىلەن باغ ئارىلاپ، كېپىنەك تۇتۇپ ئويناۋاتقاندەك چىرايىنى بىر چىرايلىق قىلىقلاندۇرۇپ، يېنىك پۇشۇلداپ ياتاتتى...

مەن قايتا ئۇخلىيالمىدىم، ھىدايەتمۇ كۆزىنى يىرىم يۇمۇپ، خىيال بىلەن ياتاتتى. بۇ سورلۇك گۇمبەز ئىچىدە تۆت - بەش سائەت ۋاقىتنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزدۇق. شۇ ئارىلىقتا تۇخانمۇ ئويغاندى، قېنىپ ئۇخلىغان ئۇيقۇدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، يۈزى ئانار چېچىكىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىزگە يەر ئاستىدىن ھايا ۋە تارتىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ، بېشىدىكى ياغلىقنى، پۇرلەشكەن كۆڭلىكىنى تۈزەشتۈردى...

بىز سائەت ئۈچ بىلەن يەنە يولغا چۈشتۇق. پىلانىمىز: شۇ ماڭغانچە قەشقەرگە كىرىش ۋە ئۇ يەردىن تۇخاننى ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇش ئىدى...

لېكىن، قەشقەرگە كېلىپ، يەكەننىڭ ئاپتوبۇس بېلىتىنى ئالغاندا، تۇخاننىڭ كۆزىدە ياش داۋالغۇپ، يۈرىكىدىن ھەسرەت-لىك پىغان كۆتۈرۈلدى:

— جېنىم ئاكىلار، مەن ئۆيگە قايتالمايمەن، دادام مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، مەن سىلەرگە مەڭگۈ سىڭىل بولاي!...

بىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ تۇرۇپ قالدۇق. تۇخاننىڭ دېگىنى راست ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟...

بىزنى قىيىن بىر سوئال قىيناۋاتاتتى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر تۇخاننى ۋاقىتىنچە بىزنىڭ ئۆيدە ساقلاپ تۇرماقچى بولدۇق. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىملىق كۈلكە يېيىلدى. كۆزلىرىدىن بەختلىك، ھاياجانلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاچچىق كۆز يېشى تاراملاپ تۆكۈلدى.

تۇخانغا دادامۇ، ئانامۇ ئامراق چىقىپ قالدى. ئۇ بەكمۇ

ئايىغى يەڭگىل، ئىسسىق چىراي، ئوڭلۇق قىز ئىدى...
ھەش - پەش دېگۈچە يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھىدايەتنىڭ قايتىش ۋاقتى يېقىنلاشقانسېرى، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ خىيالچان بولۇپ قالدى. بەزى كۈنلىرى ئۇنىڭ تۇخاننى يىراقتىن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئاخىر بىر كۈنى پوسۇقتىدا سورىدىم:
— ئاداش، نىيىتىڭ بۇزۇلۇۋاتامدۇ، نېمە؟ تۇخاننى ئوغرىلىقچە مارايدىغان بولۇپ قاپسەنغۇ؟
ئۇمۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:
—راستىنى ئېيتسام، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ، دوستۇم. قارىساڭ، بىر ئوبدانلا قىز، يۈزىدە تاتۇقى، بويىدا ئۇلىقى يوق! نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تەقدىرى بۇنداق كاج؟! ياكى ئۇ، بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلار بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك بەخت - ھالاۋەتتىن ھۇزۇرلىنىشقا تېگىشلىك ئەمەسمۇ؟! ئەگەر بىز بولمىغان بولساق، ئۇ ئاللىقاچان بۆرىگە يەم بولۇپ كېتەتتى...
— خوش، ئەمىسە قانداق قىلاي دەيسەن؟
— ئۇرۇمچىگە ئەكېتەي دەيمەن!...
ھىدايەت شۇ كۈنلەردە بويتاق ئىدى. خوتۇنى تۇنجى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كېتىپ، تېخى بۇ يەرگە كېلىشنىڭ ئالدىدىلا يىل نەزىرسىنى بەرگەنىدى.
— لېكىن، ئاداش، ئىچ ئاغرىتىش مۇھەببەت ئەمەس جۇمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — مۇھەببەت ماتېماتىكا ياكى فىزىكا ئىلمى ئەمەس. ئۇ ھېچقاچان دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلمايدۇ. ئۇنىڭ «ھېسسىيات» ئاتلىق مۇقەددەس بىر قانۇنىيىتى بار!
— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ھىدايەت يان بېرىپ، لېكىن يەنە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇردى، — مېنىڭچە، ھېسسىياتنى ئاستا-ئاستا تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگىلى بولار. كونىلاردا: «خۇش

چىراي — يېرىم دۆلەت» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئاشۇ مەسۇم، خۇش چىرايىلا بولسا، بىر ئائىلىنى ئىللىتىشقا يېتەر دەپ ئويلايمەن!...

ياشلىق دەۋرىدە، ھەممە ئادەم ئاجايىپ رومانتىك، غايىۋى چۈشلەرنى كۆرىدۇ. لېكىن، ئۇ، چۈش پېتى قېلىۋېرىدۇ، رېئاللىق ھامان ئۆزىنىڭ بىلگىنى بويىچە كىشىلەرنى ئۆز ئالىقىنىدا ئوينىتىدۇ!... ھىدايەتمۇ شۇنداق بولدى. ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ كىچىككىنە قانۇنىي رەسمىيەتنى بېجىرىپلا، تۇخاننى ئېلىپ ئۇرۇمچىگە كەتتى... مەن بىر ئايدىن كېيىن قايتتىم. ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئىككىنچى كۈنى ھىدايەتنى يوقلاپ باردىم. قارىسام، ئۇلار بىر ئوبدان ئۆي تۇتۇۋاپتۇ!...

*　　　　　　*

قىستۇرما مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئەقىللىق كىتابخانلىرىمىز بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بەلكىم يېقىندا ھىدايەتنىڭ ئۇستىگە ئارتىلغان «خوتۇن ئوغرىسى»، «دىنىي ماجىرا تۇغدۇرغان» دېگەندەك گەپلەرنىڭ تېگىگە يەتكەندۇر! بار - يوق ئەھۋال شۇ! بۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار: سېنىڭ ھەممە كىشىلەرگە ياخشى بولالىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، پەقەت ھەقىقەت ئالدىدا ياخشى بولالىساڭلا بولدى!...

يۇقىرىقى ئىشلار ھىدايەتنىڭ تۆھپىسىمۇ ياكى گۇناھىمۇ؟! بۇنىڭغا ئادىل كىتابخانلار ئۆزى ھۆكۈم قىلسا بولار!...

# ئون ئىككىنچى باب

# كۈتۈلمىگەن ئىشلار

## 1

«لەقەم ئاسماندىن چۈشىدۇ، گەپ بازاردىن چىقىدۇ» دېگەن-
دەك، كوچا - كويلاردا يەنە ھىدايەت توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر
پەيدا بولۇشقا باشلىدى. لېكىن بۇ قېتىمقى گەپ ئۇنىڭ ئورنىنى،
شان - شۆھرىتىنى ئاشۇرىدىغان تاتلىق گەپلەر ئىدى...

ئۇنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلدى، ھېلىقى باش - ئاخىرى
يوق مەسىلە تاپشۇرۇشلارمۇ شىپپىدە توختاپ قالدى. چۈنكى،
ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ۋە سىناق ئۇنىڭ ئاق ۋە پاك ئىكەنلى-
كىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇنى بىرمۇنچە جەھەتلەردە جىددىي
ئەيىبلىگەن ھېلىقى ئىسىملىك ۋە ئىسىمسىز خەتلەرنىڭمۇ ئاخىر
ئىگە - چاقىسى چىقماي، ھارام بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن
ھىدايەتنىڭ تەشكىل ۋە كىشىلەر ئالدىدىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ
كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

يېقىندىن بېرى، يۇقىرىدىن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسىنى ياشلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بى-
لەن تەڭ، ھىدايەتنىڭ نام - شەرىپىمۇ چوڭ - كىچىك سورۇن-
لاردا تىلغا ئېلىنىپ قالدى. بەزىلەر ئۇنى «يۆتكەپ ئۆستۈرىدى-
كەن» دېسە، يەنە بەزىلەر «ئىدارىنىڭ ئۆزىگە ئۆستۈرىدىكەن»
دېگەندەك مىش - مىش گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشتى. مىش -

مىشىنىڭ چىقمىغىنى ياخشى، چىققانىكەن، جەزمەن ئۇنىڭ بىر ئاساسى بولىدۇ!

دەرۋەقە، بۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى، بۇ مەسىلە ھەقىقەتەن-مۇ پارتگۇرۇپپىنىڭ يىغىنىدا قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ بىردىنبىر تەشەببۇسچىسى چىن شۇجى ئىدى. چىن شۇجى يىغىندا ھىدايەتنى ماختىدى ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىدىغان ئىقتىدارلىق ياش كادىرلار قاتارىغا كىرگۈزۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىرگە بىرىنچى بولۇپ يەنە ھېكمەت سوپى قارشى چىقتى:

— چىن شۇجى، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى ئۇ دوق قىلغاندەك، — ھىدايەت سىز ئېيتقاندەك، ئۇنچىلىك گۈزەل، ئېۋەنسىزلەردىن ئەمەس. ئۇنىڭغا ھازىرقى ئورنىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ!...

— ھېكمەت سوپى، مەن سىزگە ئېيتسام، ھىدايەتنى سىزگە باشقىلار بەك سەت كۆرسىتىۋەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى چىن شۇجى تەبىئىي ئېغىر - بېسىقلىقى بىلەن، — سىز مۇنداق بىر تەمسىلنى ئاڭلىغانمۇ؟ بىر كۈنى بىر ئادەمگە شەيتان يولۇقۇپ قاپتۇ، قارىسا بۇ شەيتان شۇنداق چىرايلىق، ئۇماق كۆرۈنگۈ-دەك. بۇ ئادەم ھەيران بولۇپ: «ۋاي، سەنمۇ چىرايلىق ئىكەن-سەنغۇ، سېنى خەقلەر كۆزى چىرتاق، بۇرنى پۇچۇق، ئاغزى مايماق، دەپ تەرىپلەيتتى» دەپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان كۈلۈپ كېتىپ: «ۋاي ئەخمەق، مېنى ئاشۇنداق تەرىپلەپ يازغان قەلەم مېنىڭ رەقىبلىرىمنىڭ قولىدا ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. بۇنى چۈشەنگەنسىز؟!

ھېكمەت سوپى لېۋىنى چىشلەپ قالدى، چىن شۇجىنى بې-سىپ چۈشكۈدەك بىر نەرسە دېيەلمىدى. شۇ كۈنكى يىغىن ھىدا-يەتنى «ئۇچىنچى سەپ» كادىرلار قاتارىغا قوشۇش بىلەن ئاخىرلاشتى.

«تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەندەك، مانا شۇ ئىش تېزلا

ئاشكارىلاندى، دەسلەپ ئىدارە ئىچىگە، كېيىن سىرتقا تارقالدى...

بۇ خەۋەر يەنە ئالدى بىلەن ئەدھەمنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خۇددى «بۇرۇنقا خاپا بولسام، ساقال چىقتى» دېگەندەكلا ئىش ئىدى. شۇ كۈنلەردە، ئۇمۇ خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى. ئۆتكەنكى بىر مەزگىللىك ۋەسۋەسىچىلىك دەسلەپ ئۇنى روھىي جەھەتتە خېلى جىددىيلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا بىر تال موييىنىمۇ تەۋرىتەلمەي ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ «ئەدەبىيات ۋە زوقلىنىش» دېگەن ھېلىقى ئەسىرى ئۈستىدىكى غۇلغۇلا قانداق تېز ۋە شىددەتلىك باشلانغان بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ۋە شەپپىدە توختاپ قالدى. مۆمىن قاسىم بىلەن مۇختەرنىڭ يازغان بىر پارچە ماقالىسىمۇ ھېكمەت سوپى تەرىپىدىن «تىنچ ۋە ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتىگە پايدىسىز» دېگەن ئۇلۇغ گەپلەر بىلەن قايتۇرۇۋېتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئەدھەم ئۆز بېشىغا چۈشكەن بۇ «پالاكەت»تىن ناھايىتى تېزلا قۇتۇلدى، بۇنى ئۇ مەرۇپ ئاقساقال بىلەن ھېكمەت سوپىنىڭ شاپائىتى، دەپ بىلىپ، ئۇلارغا ئېيتىدىغان رەھمەت-تەشەككۈرىنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەسسىلەپ ياندۇرۇش ئۈچۈن، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىگە تۈگۈپ قويدى.

تۇرمۇش ئەمدىلا ئىزىغا چۈشۈپ، كۈنلەر ئىشقى-مۇھەببەت پاراغىتى بىلەن ئۆتۈۋاتقان كۆڭۈللۈك بىر پەيتتە، ھىدايەت توغرىسىدىكى بايىقى «شۇم» خەۋەرنىڭ تۇساتتىن ئوتتۇرىغا چىقىشى ئەدھەمنى راستتىنلا يەنە پاراكەندە قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى، ھىدايەتنى ئىلىندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆمۈچۈكتەك توقۇغان شۇنچە مۇستەھكەم، سىرلىق تورلىرى قېنى؟! ئۇ ھېچنېمىگە دال بولماي، چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتىمۇ؟ ئۇنىڭ شۇنچە «ئەجىر» سىڭدۈرۈپ قىلغان بىرمۇنچە خۇپىيانە ئىشلىرى ھىدايەتنى غۇلىتىش تۈگۈل، ئەمدى

كېلىپ ئۆنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان «شوتا» بولۇپ قالدىمۇ؟ ! تووۋا، بۇ تەلۋە تەقدىرنىڭ تېگىگە يېتىش راستىتىنلا تەس ئىكەن - دە! ؟...

ئالا كۆڭۈل ئادەمنىڭ كۆڭلى زادىلا تىنچ ئۆتمەيدۇ! ئەدھەمنىڭ تەقدىرگە تەن بەرگۈسى كەلمىدى. ئۇ جاھىللىق بىلەن يەنە بىر يېڭى ئىشنى پىلانلىدى...

*                *

شەنبە كۈنى كەچتە كەلگەن بۇ تۆت مېھماننىڭ تۇيۇقسىز تەشرىپىدىن ھىدايەت ئەجەبلىنىپ كەتمىدى. ئۇلارنى ئەدھەم باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆمەر ئىسمىلىك پاكار، دوغىلاق بىرى قايسىبىر سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تەمبۇرچىسى ھەم قىزىقچىسى ئىدى. قالغان ئىككىسى ئەدھەمنىڭ «كەچلىك گېزىت» بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا ئىشلەيدىغان ئۇلپەتلىرى بولۇپ، ھىدايەتكىمۇ تونۇشلۇق ئىدى.

— ئالدىنراق خەۋەر بېرىپ قويساڭ بوپتىكەن، ئەدھەم، — دېدى ھىدايەت ئۇلارنى كىچىككىنە مېھمانخانىسىغا باشلاۋېتىپ، — ئۆمەرغۇ بۇرۇن بىر - ئىككى قېتىم كەلگەن، لېكىن ماۋۇ ئاغىنىلەرنىڭ تۇنجى كېلىشى ئەمەسمۇ؟

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئاداش، ھەممىمىز ئۆز، — دېدى ئەدھەم ھىدايەتنىڭ دولىسىغا قېقىپ، — بۈگۈن سېنى «قارا باستى» قىلغۇمىز كەلدى، ئۆمەرنىڭ راسا بىر پەيزىنى كۆرەيلى، دېدۇق.

— ياخشى بوپتۇ. قېنى - قېنى يۇقىرى ئۆتۈڭلار!

تۇخان پايپېتەك بولۇپ داستىخان راسلىدى، سىنچايدىن كېيىن خونچىلاپ ھالۋا ئەكىردى، ئارقىدىن قايماق چاي قىلدى. ئۇلار تازا مەززە قىلىپ چاي ئىچىۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن مېھماندىن

يەنە ئىككىسى كەلدى. ئۇلار شۆھرەت بىلەن ناددىر ئىدى.
ھىدايەت ئۇلارنىمۇ قىزغىن قارشى ئالدى:
— كېلىڭلار، كېلىڭلار! «ئۆزى كەلگەن مېھمان خۇدايى
مېھمان» دېگەن شۇ!
مېھمانلار ئۆزئارا قول ئېلىشتى، ئەھۋال سوراشتى. بۇنىڭ
ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان ئادەملەر يوق ئىدى،
ھېچبولمىغاندا، نامىشەرىپلىرى بولسىمۇ بىر - بىرى ئۇچۇن
تونۇشلۇق ئىدى. لېكىن بۇ يەردە شۆھرەتنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا
بولۇپ قېلىشى ئەدھەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى. گەرچە
ئۇلار ھىدايەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېقىندىن بېرى بىرنەچچە
قېتىم سىردىشىپ، كۆڭۈللىرىدىكى چىگىشلەرنى يېشىۋەتكەن
بولسىمۇ، لېكىن ئەدھەم ھامان ئۇنى كۆزىگە تىكەن، يولىغا
يېكەن، دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك يوقىلى-
شىنى، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن بولسا، ئىشىنى پۈتتۈرۈپ،
ئۆزىگە كاشىلا قىلماي، يولىغا راۋان بولۇشىنى كۈتۈپ جىم
ئولتۇردى. لېكىن شۆھرەت كېتىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ
خاتىرجەم ھالدا كاستۇمى بىلەن دوپپىسىنى كىيىم ئاسقۇغا ئىلدى
ۋە ئورۇندۇقنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا سۈرۈپ:
— بۈگۈن راستىنلا شېكەر شەنبە بولىدىغان بولدى - دە!
تەمبۇرىڭىز بىلەن ناخشىڭىزنى ئاڭلىمىغانغا خېلى بوپتىكەن،
تامىقىمىزدا قالغۇدەك بىر پەيزى قىلىپ بېرەرسىز! — دەپ
بەخىرامان ئولتۇردى.
ئەدھەم شۇ چاغدىلا، خۇددى «مېھمان مېھماندىن قىزغىنى-
دۇ» دېگەندەك بىر كەيپىياتتا شۆھرەتكە يەر ئاستىدىن گۆلىيىپ
قاراپ قويۇپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى ۋە گەپ - سۆزدە چاندۇر-
ماسلىققا تىرىشتى.
ھىدايەتنىڭ كىچىككىنە مېھمانخانىسى خالىس مېھمانلار بى-
لەن تولغانىدى. ئۆزۈلمەي چېكىلىۋاتقان ھەر خىل تاماكىنىڭ

ئارىلاشما ئىسسى ئوچۇق دېرىزىدىن چىقىشقا ئۈلگۈرمەي، ئۆينىڭ ئۈستىدە بىر قەۋەت كۆكۈچ پەردە ھاسىل قىلغانىدى. مېھمانلار تېخى «ئېنى كەڭ تاۋاردەك ئېچىلىش» باسقۇچىغا يەتمىگەچكە، ھەركىم ئۆز يېنىدىكىلەر بىلەن كالتە - كالتە پاراڭلىشىش ۋە چوڭقۇرراق تونۇشۇش قەدىمىنى بېسىۋاتاتتى…

چاي داستىخىنى يىغىشتۇرۇلدى، ئاشخانىدىن قازان كاۋىپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كەلدى. شۇ چاغدا، ئەدھەم ھىدايەتنى سىرتقى ئۆيگە ئاچىقىپ، بايا ئۆزى ئەكەلگەن بىر قارا سومكىنى ئاچتى. ئۇنىڭدا پىشۇرۇلغان بىر توخۇ بىلەن ئىككى بوتۇلكا ھاراق بار ئىدى.

— بۇ قىلىقىڭ بولماپتۇ، ئەدھەم…، — ھىدايەتنىڭ سەل ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇۋېدى، ئەدھەم دەرھال گەپنى ئەپقېچىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساشقا باشلىدى:

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاداش، «چاقىرمىغان مېھمان قېرى قىزدىنمۇ يامان» دېگەن گەپ بار. ئەسلىدە بۇلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەكچىدى، ئويلاپ قارىسام، ئايال كىشى يوق ئۆيدە مېھمان كۈتۈش تەس ئىكەن. يەنە كېلىپ، سەنمۇ يېقىندىن بېرى قاتتىق ئىشلەپ چارچاپ كەتتىڭ، بىردەم - يېرىمدەم بولسىمۇ ناخشا، ساز ئاڭلاپ كۆڭلىنى ئاچسۇن دېدىم…

نېمە دېگۈلۈك؟ ھىدايەت ھېچنېمە دېيەلمىدى، خەقنىڭ بۇنداق ياخشى كۆڭلىگە يەنە نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟!

داستىخانغا سوغۇق، ئىسسىق بولۇپ، بىرنەچچە خىل سەيلەر تىزىلدى. ھىدايەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشكاپىدىكى چاقچۇق بوتۇلكىلىق «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى»دىن بىرنى ئېلىپ، ئىككى رومكا بىلەن شۆھرەتنىڭ ئالدىغا قويدى:

— شۆھرەت، بۈگۈنكى ساقىيلىقنى سەن قىل، ئاداش، مەن سىلەرگە چايچىلىق قىلاي!

شۆھرەت تۈنجى قەدەھنىڭ بىرىنى ئۆزى ئېلىپ، يەنە بىرىنى ھىدايەتكە تۇتتى:

— ئەمىسە، ئاغىنىلەر، بۈگۈن كۆرۈكىمىز يېشىلگۈدەك بىر ئىچەيلى، ئېسىڭلاردا بولسۇن، ھاراقكەشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۈچ: بىرىنچىسى، كۆڭلى نازۇك؛ ئىككىنچىسى، يۈزى قېلىن؛ ئۈچىنچىسى، گېپى ئىناۋەتسىز! شۇڭا، رومكا ئۈستىدە قاتتىق - يىرىك گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، مۇبادا قىلىنىپ قالسا، ئىناۋەتسىز، قېنى ئەمىسە، گەپ تامام، ھاراقكەشلەرنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچتۇق، خوشە!...

ھىدايەت رومكىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزرە ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— ئاغىنىلەر، بۈگۈن پېقىرنى ياد ئېتىپ كەلگەنلىكىڭلار ئۈچۈن، ھەممىڭلارغا رەھمەت! ئۆيىمىز كىچىك بولسىمۇ، كۆڭلىمىز كەڭ، شۇڭا ئۆينى كىچىك كۆرمەي...

ئۆمەر دەرھال گەپنى ئەپقېچىپ، چاقچاقنى باشلىۋەتتى:

— تاپقان پۇلىڭىزغا ئۆي سالماي، قوتان سېلىۋەرگەندىن كېيىن ئۆي كىچىك بولماتتى، ئەمىسە! ۋەي...

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، چۈنكى، ھىدايەتنىڭ لەقىمى موزاي ئىدى.

نادىر كۈلكىسىنى توختىتىپ، ھىدايەتكە ئارا بولۇش ئۈچۈن، ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇۋېدى، ئۆمەر چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى:

— شاماڭنى چايناپ ئولتۇرۇۋەر، مۇز يەپ چىشىنى كولايدىغان غۇلجىلىق! ھە، ساڭا نېمە دەز كەتتى؟ — دېدى ئۇ، ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرنىمۇ «كۆڭلى قالمىسۇن» دېگەندەك سۇۋارى سوقۇپ، — قىغىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نان يەيدىغان تۇرپانلىق! سەنمۇ تىلىڭنى چاينىما، چىۋىنىنى زەنجىردە باغلاپ، يولۋاس كەلدى، پوش - پوش دەيدىغان قەشقەرلىق! ۋەي...

ئۇلار تازا ئېچىلىپ، ئىشتىياق بىلەن كۈلۈشتى. ئۆمەرنىڭ

ھە دېگەندىلا چاقچاقىقا كىرىشىپ، باشقىلارنى غىدىقلىشى ئولتۇ-
رۇشنىڭ كەيپىنى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. رومكا ئارقا ـ ئارقىدىن
ئۈچ قېتىم ئايلاندى، ھەممەيلەننىڭ قانلىرى قىزىدى، كىچىك
تىللىرى چىقىپ، ئوتتۇرىدىكى تارتىنىش، قورۇنۇشلارمۇ لەپپىدە
ـدە كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. شۆھرەت تۆتىنچى رومكىنى قۇيۇۋاتقاندا،
ئەدھەم غىلجىڭلىق قىلدى:
— بولدى، ئەمدى ماڭا هاراق قۇيما، ئاداش!
— هاراقنى ساڭا قۇيمىدىم، رومكىغا قۇيۇۋاتىمەن! —
دېدى شۆھرەت ۋە دەل شۇ رومكىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ زورلى-
دى، — ئىچ، ئاداش، ئىچ! تېخى يۈرىكىمىز چىلىشىپ، ئۆپكى-
مىز لەيلىگۈدەك هالغا يەتمىدۇق.
— بولدى، ئىچمەيمەن! — ئەدھەم قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن
رومكىنى توستى.
— نېمىشقا ئىچمەيسەن، هۆرمەتلىك يازغۇچى؟! — دېدى
شۆھرەتمۇ چىڭ تۇرۇپ.
— ئاداش، ئاشقازىنىم ئاغرىق...
— بولدى زورلىماڭ، ساقىي، — دېدى ئۆمەر ۋە ئەدھەمنى-
مۇ كېلىشتۇرۇپ بىر سوقتى، — ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا خام
شىلىمدا چاپلىغان دازىباۋلارنى تولا يەپ، ئاشقازىنىنى كاردىن
چىقارغان نېمە! ۋەي...
يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئەدھەم
ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.
كۈلكە ـ چاقچاقلار شۇ يوسۇندا يەنە بىرئاز داۋام قىلدى،
كېيىن، بىرنەچچەيلەننىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆمەر تەمبۇرنى قولىغا
ئالدى. ئۇ، ھەدېگەندىلا تەمبۇرنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان «ئە-
جەم»گە ئىشق بىلەن مەرغۇللىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى. تەمبۇر
شۇنداق بوزلاپ سايرىدىكى، قاتار سىملارغا ئۇرۇلۇۋاتقان ناخۇن
تەمبۇر سىمىغا ئەمەس، گويا تىڭشىغۇچىلارنىڭ يۈرىكىدىكى سەز-

گۈر نېرىپ تالالىرىغا تېگىۋاتقاندەك، كىشىلەرنى ھاياجانغا، لەر-زىگە سالدى. ئۇ «ئەجەم»نىڭ ئاخىرىنى مۇڭلۇق ھەم يېقىملىق ناخشىغا ئۇلاپ كەتتى:

پىراق ئوتىدا پەرۋانە،
كۆيەر مەستانە - مەستانە.
گۈزەل ھۆسنىڭگە ئى دىلبەر،
بولاي قۇربانە - قۇربانە.

باھار كەلگەن كەبى باغقا،
كۈلۈپ بۈلبۈل قونۇر شاخقا.
نە بولغاي بىر كېلىپ كەتسەڭ،
يۈرۈپ سەيلانە - سەيلانە.

نەۋائى ئىزىدىن مىسكىن،
كۆرەي دەپ مەيدە يار ئەكسىن،
ساپالىنى ئېلىپ قولغا،
كېزەر مەيخانە - مەيخانە!
......

ھەرقانداق ھاراق داستىخىنىدىكى سۆھبەت ئاخىر بېرىپ، شۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ خىزمىتى، كەسپى ۋە قىزىقىشى ئۈس-تىدىكى گەپلەرگە بېرىپ تاقالماي قالمايدۇ. ئەگەر سىز سودى-گەرلەر بىلەن ئولتۇرسىڭىز، شەكسىزكى، پۈتۈن گەپ - سۆز سودا - سېتىق ئۈستىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن توشىدۇ. ئەگەر سىز شوپۇرلار بىلەن ئولتۇرسىڭىز، قانداقتۇر يول، ماشىنا ۋە شە-ھەر- شەھەرلەردىكى غەلىتە، قىزىق ئىشلار توغرىسىدىكى پاراڭ-لارنى ئاڭلاپ ھەيران قالىسىز؛ ئەگەر تامچى ياكى ياغاچچى بىلەن

ئولتۇرسىڭىز، تەبىئىي هالدا كاتتا ـ كاتتا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىسىز. مۇبادا، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئاللىقانداق ئۆتۈپ كەتكەن مەكتەپ هاياتى ئىچىدە كۆرۈپ، قانداقتۇر «يۇمشاق پەن، قاتتىق پەن» دېگەندەك زامانىۋى ئاتالغۇلار بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز...

بۇگۈنكى سورۇنمۇ بۇ ئەنئەنىۋى ئادەتتىن چەتتە قالمىدى. گەپ ـ سۆزلەر ئاستا ـ ئاستا مەركەزلىشىپ، بۇ يەردىكى ھەممەيلەن ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئەدەبىيات، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى شېئىرىيەت ئۈستىگە كېلىپ توختىدى.

— ھازىر بىزدە شائىر دېگەن ئەتىيازدىكى چۈمۈلىدەك لۈمۈلدەپ كەتتى، — دېدى كىمدۇر بىرى ناھايىتى بىزارلىق بىلەن، — ئۇلاردىن بىرەر مىڭىنى ئۇلۇغ ئوكيانغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتسىمۇ، يەنە شائىر ئازلىق قىلمايدۇ!

بۇ گەپنى «كەچلىك گېزىت» تە ئىشلەيدىغان ئىگىز بويلۇق، چۇپۇر باش يىگىت دەرھال قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى:

— توغرا ئېيتتىڭىز، ھەربىر دەۋردە شائىر كۆپىيىپ كېتىدىغان شۇنداق چاغلار بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئاڭلىشىمچە، نەۋائى زامانىدىمۇ شۇنداق بولغانىكەن، بۇ ھەقتە قىزىق بىر لەتىپە ئاڭلىدىم: نەۋائى بىر كۈنى ئۆيىدە بىرنەچچە قەلەمداشلىرى بىلەن بەھىس قىلىۋاتقانىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ھەمىشە نەۋائىنىڭ زىتىغا تېگىپ تۇرىدىغان بى نايى ئىسىملىك بىر شائىرمۇ بار ئىكەن. نەۋائى گەپ ئارىسىدا مۇنداق دەپتۇ: «ھازىر شائىر دېگەن شۇنداق كۆپىيىپ كەتتىكى، پۇتۇمنى سوزسام بىر شائىرنىڭ كۆتىگە تېگىدۇ» . بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بى نايى دەرھال ھازىر جاۋابلىق بىلەن: «شۇنداق، نەۋائى ھەزرەتلىرى، پۇتلىرىنى يىغسىلىرىمۇ يەنە بىر شائىرنىڭ كۆتىگە تېگىدۇ!» دەپتۇ...

«چۇپۇر باش» نىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرى خېلى قىزىقىش پەيدا قىلدى:

— نەۋائى ئەسلىدە بى نايىنى سوقماقچىكەن ـ دە!
— لېكىن، بى نايىمۇ بوش كەلمەپتۇ!
— گەپتە بوش كەلمىگەن بىلەن، شېئىردا چاغلىق ـ دە!
— شۇنداق، گەپ شېئىردا! — دەپ سۆزگە ئارىلاشتى
ھىدايەت، — مېنىڭچە، بىزدە شائىر جىق ئەمەس، بەلكى يامان
شېئىرلار جىق. ھازىر كىشىلەردە ھەقىقەتەنمۇ شېئىردىن زېرد-
كىش، بىزار بولۇش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋە-
بى، ياخشى شېئىرلارنىڭ ئاز بولۇۋاتقانلىقىدا! خەلقىمىز ئەزەل-
دىن ياخشى شېئىرلارنى سۆيۈپ ئوقۇغان، ھېلىمۇ ئوقۇيدۇ،
بىرەر ياخشى شېئىر چىقىش بىلەنلا كىشىلەرنىڭ ئۇنى يادلىۋالى-
دىغانلىقىنى، ناخشا قىلىپ ئوقۇيدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلى-
مىز. مېنىڭچە، شېئىر دېگەن ئالىيجاناب يۈرەكتىن چىققان
ئالىيجاناب غايە، ئۇ شائىرنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنىڭ بايانى،
ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى پەقەت يۈرەك بىلەنلا ھېس قىلغىلى
بولىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ شائىرى بەي جۈيىنىڭ سۆزى
بىلەن ئېيتقاندا، شېئىر گۈزەل بىر مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ،
«ھېسسىيات — يىلتىز، تىل — مايسا، ئاھاڭ — چېچەك،
مەنە — مېۋىدۇر.»
شېئىرىيەت توغرىسىدا گەپ بولسىلا ئەدھەم ئولتۇرالمايد-
تى. ئۇنىڭ بۇ توغرىدا ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە «نەزەرىيىلىك
قاراش»لىرى بار ئىدى. ھىدايەتنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ئۇمۇ
قوللىرىنى ھاۋادا ئوينىتىپ، ئالمان ـ تالمان گەپكە كىرىشتى:
— دۇنيادا ئەقىللىق ھەم دۆت كىشىلەر مەۋجۇت. بۇ تۇغما
ئوخشاشماسلىق. ياخشى شېئىر تالانتلىق ئادەملەردىن چىقىدۇ.
تالانت دېگىنىمىز، شائىرلاردىكى تۇغما ئەقىلنىڭ جۇش ئۇرۇپ
چىقىشى! شائىر قەدىمدىن كەلگەن گۆدەك دانىشمەن، شۇنداقلا،
كېلەچەكتىن كەلگەن ئەقىللىق ساراڭ! شېئىر ئەنە شۇ شائىر-

نىڭ دۇنياغا تىكىلىشى ۋە دۇنيانىڭ شائىرغا تىكىلىشىدىن تۇغۇلغان سەبىي بوۋاق! ...

— پاھ - پاھ - پاھ! ... ، — ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتىپ، تامىقىنى چاكىلداتتى، — ئەدھەم ئاداش، سېنىڭ بۇ «نەزەرىيە»لىرىڭ خېلى باھاسى قىممەت رومانتىك «نەزەرىيە»لەر ئىكەن! سېنىڭ گېپىڭچە بولغاندا، شېئىر يازىدىغانلارنىڭ ھەممىسى چىدشى ئوخشىمامدۇ؟

نادىر دەرھال لوقما سالدى:

— راست، بولمىسا، بوۋاقنى قانداق تۇغىدۇ؟!

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى، ئەدھەم ئۇلارنىڭ خۇپسەنلىكىدىن كايىپ، بىرنەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن سائىتىگە قاراپ توختاپ قالدى. چۈنكى، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئەگەر پاراڭ مۇشۇ پېتى كېتىۋەرسە، ئايىغى چىقماي، بارغانسېرى زىغىرلاپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئۇ، دەرھال پاراڭنىڭ تېمىسىنى بۇراپ، ئۆز مۇددىئاسىغا يېقىنلاشتۇرماقچى بولدى:

— ئاغىنىلەر، مەن قەدىرلىك ساھىبخانىمىز ھىدايەت بىلەن بىر قەدەھ سوقۇشتۇرماقچىمەن، — دېدى ئۇ بىر رومكا ھاراقنى ئېلىپ، — بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، لېكىن مەنىلىك: يېقىن كەلگۈسىدە، قەدىناس بۇرادىرىمىز ھىدايەتنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونۇپ، مەرتىۋىسى ئۆرلىمەكچى. مەن بۇ قەدەھنى ئۇنىڭ ئاشۇ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن كۆتۈرىمەن!

ئۆمەر ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بارىكاللا ئېيتتى:

— تېخىمۇ ئۆرلەڭ، ھىدايەت، مەرتىۋىڭىز زىيادە بولسۇن!

— دېگىنىڭىز كېلەر... ، — ھىدايەتنىڭ مەستخۇش كۆزلىرى پۇرۇشۇپ كەتتى، — لېكىن بۇ قانچىلىك گەپ؟ ماڭا شۇ مەرتىۋىنى كىم، قاچان بېرىدىكەن؟! ھەي... ماڭا قەلەم كېرەك، ئىجادىيەت كېرەك... بىلەمسىز... پەقەت ئىجادىيەتلا بىز

ياشاۋاتقان زېمىننى چەكسىز كېڭەيتىدۇ، چەكسىز گۈزەل قىلىدۇ... ئەمەل دېگەن ئايالغا ئوخشىشىدىغان نەرسە... قانچىلىك چىرايلىق، گۈزەل بولسا، شۇنچىلىك كۆپ تالاش بولىدۇ... قېنى شۇ ئەمەل؟ ماڭا بېرەمدىكەن؟!...، — ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ كىنايىلىك جىلمايدى.

— ساڭا بېرىدۇ، ھىدايەت، بېرىمىز دەۋاتىدۇ! — دېدى ئەدھەم ئەستايىدىل قىياپەتتە، — ساڭا بەرمەي كىمگە بېرىدۇ؟ تەبىئىي قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن بولسىمۇ، ئەمدى ئايلىنىپ ساڭا كەلدى. لېكىن، دوستۇم، مېنىڭ سەندىن سورايدىغان بىرلا سوئالىم بار: ھوقۇقنى ئالغاندىن كېيىن قانداق قىلىسەن؟

— قېنى، شۇ ھوقۇق قولۇمغا كەلسۇنچۇ! — دېدى ھىدايەت قولىنى سىلكىپ، — بەزىلەرنى ئەرشئەلاغا چىقىرىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ... بەزىلەرنىڭ كۆتىگە تېپىمەن! سەن دانىشمەنلەرنىڭ «تۈلكىنىڭ سوئالىغا خورازنىڭ جاۋابى بار» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟!...، — ھىدايەت سەل قىزىشتى، ھاراقنىڭ كۈچىمۇ ياكى ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىغا كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەشكە باشلىدى، — ھوقۇق نېمە ئىشلارنى قىلمايدۇ؟! ھوقۇق ئۈچۈن بۇ دۇنيادا نېمە ئىشلار بولمىدى؟! جۇڭگونىڭ بەش مىڭ يىللىق تارىخى ھوقۇق ئۈچۈن ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ كۈرەش قىلىش تارىخى ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ئېلىشىش تارىخى! ئۇ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ، ئۇ كېلىپ بۇنى قەستلەيدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ئاغدۇرىدۇ! بىز بىر - بىرىمىز بىلەن كۈرەش قىلىمىز، دەپ ئالدىراپ - تېنەپ يۈرۈپ، پەن - تېخنىكىنى، ئىجادىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا چولىمىز تەگمىدى. ۋەھالەنكى، ياۋروپالىقلار، ئامېرىكىلىقلار، ياپونىيەلىكلەر تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئۇنىڭ سىرىنى ئېچىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن شانلىق تۆھپىلەرنى ياراتتى. بىزچۇ؟! بىزنىڭ كۈنىمىز مانا مۇشۇنداق: بىر - بىرىمىزنىڭ پېيىنى قىر-

قىش، بىر - بىرىمىزگە تۇزاق قۇرۇش، بىر - بىرىمىزنى بوغۇش! شۇنداق... بۇ شۇنداق جاھان!... قېنى خوشە، ئىچىشتۇق... شۆھرەت، ھاراق قۇي... ھوقۇق ئۇچۇن ئىچىمىز!...

ھىدايەت خېلى قىزىپ قالغانىدى. بايىقى گەپلەردىن كېيىن كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئورنىدا راۋۇرۇس ئولتۇرالماي قالدى. شۆھرەت ئۇنىڭ گەپلىرىگە سەل ھەيران بولدى، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن سۆزىنىڭ ۋەزنىگە، ئورامىغا دىققەت قىلاتتى. ۋەھالەنكى، بايىقى سۆزىدە بولسا، قورساق كۆپۈكىمۇ، تەنىمۇ، ھەتتا سىياسىي گالۋاڭلىقمۇ بار ئىدى. ئېھتىمال، ئەدھەمنىڭ سوئالى بىلەن ئۇنىڭ كونا يارىسى ئېچىشقاندۇر، ئېھتىمال، ھاراق بىلەن پىغانى ئۆرلەپ قالغاندۇر... شۆھرەت ئەمدىكى رومكىنى ئۇنىڭغا بەرمەي، ئەدھەمگە تۇتتى. ئۇ بايا ئەدھەمنىڭ ھىدايەتتىن سورىغان ھېلىقى سوئالىدىن بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلغانىدەك بولدىيۇ، لېكىن يەنە «ئېھتىمال ئەدھەم ئۆز تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، دەرھال ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەكچى بولدى:

— دوستۇم، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، ھىدايەتنىڭ كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. ئۆمەر ھەييام ئېيتقانىدەك: «بۇ دۇنيادا گۇناھ قىلمىغان كىم بار» دەيسەن؟

ئەدھەمنىڭ سەل ئاچچىقى كەلدى، ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى بىرەر ئىشتا گۇناھ قىلغان، دەپ ھېسابلىمايتتى، ھەمىشە ئۆزىنى ئاسماندىن زېمىنگىچە توغرا دەپ قارايتتى، شۇڭا، ئاغزىغا كەلگەن يوغان بىر گەپ بىلەن شۆھرەتنىڭ دەككىسىنى بەرمەكچى بولدىيۇ، لېكىن يەنە تىلىنى تىيدى. شۆھرەتنىڭ ئاشۇنداق ئويلىغانلىقىنى بىر ھېسابتا ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق، دەپ چۈشەندى...

## 2

گۈلجان بىر سائەت كېچىكىپ كەلدى. ئەدھەمنىڭ تاقىتى تاق بولدى، قېيىداپ كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن بىر ھەپتىدىن بېرى كۆرمىگەچكە، يەنە سىخىنىش ئوتى يەڭدى. كۈتە - كۈتە، ئاخىر سائەت سەككىزدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتى.

— ساقلىتىپ قويدۇم، ئەدھەم، كەچۈرۈڭ، — دېدى گۈلجان ناينىاقشىپ كەلگەن پېتى.

ئەدھەم ئاچچىقلىنىپ تۇرسىمۇ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىرايىغا يەنە كۈلكە يۈگۈرتتى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، گۈلجان، ئاشىقلار ئۈچۈن بۇمۇ بىر ئىرادە تاۋلايدىغان سىناق ئىكەن...

— خوش، نېمە گەپ ئىدى؟ — دېدى ئۇ ئەدھەمگە پەرۋاسىزلا قاراپ، — تېلېفوندا مۇھىم گېپىم بار، دېۋىدىڭىز، ئاڭلاشقا مەن تەييار!

— ئاۋۋال ئۆيگە بارايلى...

— ئۆيدە نېمە بار؟ ئىسسىقتا دىمىقىپ...

— بۈگۈن مەن سىزنى ئۆيدە كۈتمەكچى، گۈلجانىم، ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ قويغان.

— ئەمىسە كەتتۇق...

ئۇلار ھايال بولمايلا ئۆيگە كەلدى. ئەدھەم مېھمانخانا بىلەن ياتاق ئۆينى ئەتىگەندىن بېرى شۇنچە تازىلاپ بېسىقتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا ئايال كىشىنىڭ يوقلۇقى چېنىپ تۇراتتى. گۈلجان تۆت تەرەپكە قاراپ، ئاغزىنى پۈرۈشتۈردى:

— ھەي... سىلەر ئەر خەقلەر يوغان گەپ قىلغان بىلەن ئايالدىن ئايرىلساڭلار ھالىڭلارغا ۋاي! قارىڭا بۇ ئۆيىڭىزنى، بوران ئۇچۇپ تۇرىدۇ!...

— شۇ ئەمەسمۇ؟ — ئەدھەم قاقشاپلا كەتتى، — بۇ ئۆينى

سىز ئۇچۇن بىكار قىلغانىدىم، گۈلجان. لېكىن مانا ـ ئەنە دەپ ئارقىغا سۈرەۋاتىسىز، ھېچ چۈشىنەلمىدىم، ھەر ئىككىمىز يالغۇز ئۆيدە ھۇۋقۇشتەك ياشاۋاتىمىز. كاككۇك بىلەن زەينەپمۇ بۇنچە قىينالمىغان بولغىيتتى... — ئۇ يۇمىلاق شىرەگە داستىخان راسلاپ گۈلجاننى ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىقىنىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، بىچارە قىياپەتتە سۆزىنى داۋام قىلدى، — گۈلجان، ئەمدى بىز بۇنداق مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىنى توختىتايلى. مۇساپە ئۇزىراپ كەتسە، ئادەم چارچاپ قالىدىكەن. ئەمدى توي قىلىپ ئائىلىنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى!

— نېمىگە ئالدىرايسىز، ئەدھەم؟ — گۈلجان يەنىلا پەرۋاسىز ئىدى، — «توي — مۇھەببەتنىڭ قەبرىسى» دېگەن مەشھۇر سۆزنى ئاڭلىمىغانمۇسىز؟ مەنمۇ، سىزمۇ بۇ قەبرىدىن ئاران قۇتۇلۇپ چىققان. ئەمدى بىر مەزگىل ئائىلىنىڭ ئەمەس، ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرەيلى. مېنىڭ يەنە نۇرغۇن پىلانلىرىم بار، بىز تېخى تۇخۇمدىن چىقمىغان چۈجە. ئۆزىمىز تۇغۇلغان ئالىقانچىلىك يەردىن باشقا ھېچ يەرنى كۆرمىدۇق. قۇدۇقتا چۈشكەن بىچارە پاقىدەك، دۇنيانىڭ ھەممىسى مۇشۇ، دەپ يۈرۈۋەرسەك بولماس. ھازىر ھۆكۈمەتمۇ ئىشىكنى ئېچىۋەتتى، ئاۋۋال چەت ئەلگە چىقىپ جاھان كۆرەيلى. پارىژدەك، نيۇ يوركتەك، ئىستانبۇلدەك جەننەتلەرنى كېزىپ، ئۇ يەردىكى ئەركىن ـ ئازادە، بەخت ـ پاراغەتلىك ھاياتنىڭ تەمىنى بىزمۇ تېتىپ باقايلى. بۇگۈن سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام، مەن چەت ئەلگە چىقمىغۇچە توي قىلمايمەن، دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئەھدە قىلغان!

ئەدھەم سەل جىددىيلەشتى، گويا گۈلجان قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، بىر خىل بىئاراملىق بىلەن ئالدىراپ مۇنداق دېدى:

— گۈلجان، ئۆزىڭىز كۆرمىگەن چەت ئەللەرنى ئۇنچە ئار-

زۇلاپ كەتمەك! ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي، شائىر زەلىلىنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار: «باشقا ئەلدە مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ پادىشاھلىقنى قولغا كەلتۈرسەڭمۇ، ھامان دىلى سۇنۇق بۇلبۇلدەك غۇربەتچىلىكتە ئۆتىسەن، ئۆز يۇرتۇڭنىڭ پىراقىدا ئۆرتىنىسەن! ئۆزگە يۇرتتا پادىشاھنىڭ نېمەت بىلەن تولغان داستىخىنىدىن ئالغان ھەربىر تال قەنت - گېزەك — سەن ئۈچۈن زەنجىر - كىشەن بولىدۇ!»

گۇلجان قويۇق سۈرمە تارتىلغان يوغان كۆزلىرىنى يېقىملىق سۈزۈپ دومسايدى، كېيىن نازلانغاندەك، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي!… قاچانقى گەپنى قىلىپ يۈرىدىغانسىز، ئەدھەم؟! — دېدى ئۇ مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ئەگەر بۇ گەپنى ھىدايەتنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بولسام، ئانچە ھەيران بولمايدىتىم، لېكىن سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاپ ھەيران بولۇۋاتىمەن! سىزمۇ خۇددى بىر كېچىدىلا، بۇلبۇلدىن قاغىغا ئايلانغان سېھىرگەردەك، XX ئەسىرنىڭ زامانىۋى تۇرمۇشىدا ياشاۋېتىپ، XVII ئەسىرنىڭ جاھالىتىدە ئۆتكەن بىر مۇتەئەسسىپنىڭ گېپىنى تۇمار قىلىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟! كاللىڭىزنى سىلكىۋېتىڭ، بولمىسا، ئىككىمىزنىڭ بېشى بىر قازانغا سىغماي قالىدۇ!

ئاخىرقى سۆز ئەدھەمگە قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى، ئۇ گۇلجاددىن ئايرىلىپ ياشاشنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن گۇلجاندىن ئايرىلىش — ھاياتتىن ئايرىلىش بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، دەرھال پەدىنى ئۆزگەرتىپ، خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى:

— بولدى - بولدى، قاپاق تۇرمەك، ئاپئېقىم، يۈزىڭىزگە قورۇق چۈشۈپ كەتمىسۇن! «كۈلكە ئاپتاپتۇر، ئۇ ئىنسان يۈزدىكى قىشنى ھەيدەيدۇ». بۇ سۆز قالتىسمىكەن، كىم ئېيتقانلىقىنى بىلەمسىز؟

— يوقسۇ، — گۈلجان قىپقىزىل كالپۇكلىرىنى دوردايـ
تىپ، تۇمشۇقىنى ئۈچلىدى، — مەن سىزگە ئوخشاش ئۇنداق ئەقىللىق ئەمەس!

— ئەمىسە كۈلۈڭ، شۇ ئەقلىمدىن ئازراق بېرەي! — دېدى ئەدھەم ۋە گۈلجاننىڭ بوينىغا گىرە سالدى، گۈلجان شېتىلىلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى.

ئۆزىنى ھەمىشە ئەقىللىق، تاپقۇر ھېسابلايدىغان ئەدھەم نېمە ئۈچۈندۇر بۇگۈن گۈلجاننىڭ ئاغزىدىكى بىلەن كۆڭلىدىكىنى پەرق ئېتەلمەي، كولدۇرلاپ يۈرەتتى. ئېھتىمال ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغان مەجنۇنلارچە ياخشى كۆرۈش ئۇنى شۇ كويغا سالغاندۇر! دېمىسىمۇ، ئۇ گۈلجان ھەققىدە ھەرقانداق يامان خىيالدا بولۇشنى ھەرگىز ئۆزىگە راۋا كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ غىلجىڭلىقىنى ئەركىلەش، دومسىيىشىنى نازلىنىش دەپ چۈشىـ
نەتتى. گۈلجانمۇ يا ئۇنىڭدىن ئۆزۈلمەي، يا چىڭراق باغلانماي، مۆتىدىل ھالەتتىكى شىرشىم مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇ جەھەتتە، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ھېسابى بار ئىدى...

ئاياللار ئومۇمەن ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان ئەرلەرنىڭ كۆپـ
لۈكىدىن خۇشال بولىدۇ، ماختىنىدۇ. گۈلجانمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئەدھەمدەك ساراڭلارچە ياخشى كۆرىدىغان بېجىرىم بىر يىگىتنىڭ بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى، تۇرمۇشىدىكى مەنىۋى يۆلەنچۈك، زۆرۈر تېپىلسا، ھەرقانداق ئىشقا سېلىشقا بولىدىغان يارامىلىق كوزىر، دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ، ئەدھەم بۇ سىناقتىن يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئۆتكەنىدى. ئەڭ دەسلەپ گۈلجان ئەدھەمنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، يار ـ يۆلىكى بىلەن ناخشا مۇسابىقىسىدە دەرىجىگە ئېرىشىپ، بېيجىڭغا بېرىش شان ـ شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گۈلجان مانا شۇ ئەدھەمنىڭ قولى ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى رەقىبىدىن تۇيدۇرماي ئۆچ ئالدى.

هازىر ئۇ مانا شۇ رەقىبى خانقىز يەتتە يىل ئەجىر سىڭدۇرۇپ تۇتقان ئۆيدە خۇددى خانىشتەك، ئەدھەمنى ئۆزىگە تەلمۇرتۇپ، كۆزىگە قارىتىپ ئولتۇرامدۇ؟!...

خىيال قىلىۋېدى، ئېسىگە كەلدىمۇ قانداق، گۈلجان تۇيۇقسىز خانقىزنى سوراپ قالدى:

— قەدىناسىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن، كۆرۈشۈپ تۇرامسىز؟

ئەدھەم خۇددى بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك، قولىنى سىلىكىدى:

— قويۇڭا، ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى بۇ دۇنيادا ئەمەس، ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەرمىز! لېكىن بالامنى كۆرەي دېۋىدىم، كۆرسەتمىدى...

— تۇغۇپتىمۇ؟ — گۈلجان ھولۇقۇپ سورىدى.

— ھەئە، ئوغۇل تۇغۇپتۇ! — ئەدھەمنىڭ ئاۋازى خېلى كۆتۈرەڭگۈ چىقتى.

گۈلجاننىڭ ناله گۈلىدەك رەڭدار يۈزى ئالىپاساق بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاياللارغا خاس بىر خىل قىزغىنىش ئوتى ئۆرتىگەنىدى. ئۇمۇ تۇغۇشنى، ئانا بولۇشنى خالايتتى. لېكىن كاج تەقدىر ئۇنىڭغا بۇنداق ئازاب ۋە خۇشاللىقنى نېسىپ قىلمىغانىدى...

— ئىسمىنى نېمە قويۇپتۇ! — گۈلجان ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئانچىكىمغىنا سوراپ قويدى.

— ئىگەمىيار...، — ئەدھەمنىڭ ئاۋازى غەلىتە ۋە زەئىپ چىقتى.

گۈلجان قانداقتۇر بىر قىزىقىش بىلەن ئاستا پىچىرلىدى:

— قىزىق... مەنىلىك ـ ھە...

— بولدى، بۇنداق گەپلەرنى قويۇڭا! — دېدى ئەدھەم گۈلجاننىڭ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، — ئۆزىمىزنىڭ

گېپىنى قىلايلى، بالا دېگەن نېمىتى؟ ئەمدى سىز گېزەكلەپ تۇغۇپ بېرەرسىز.
ئىككىسى بىر پەس جىم بولدى، گۈلجان بىرمۇنچە تەكەل-لۇپلاردىن كېيىن، داستىخانغا قول سوزدى. يېمەك - ئىچمەك مول ئىدى. توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپى، ئۆپكە - ھېسىپ، تۇچ، بەلىش، شاكىلات، ئىرىس قاتارلىقلار تەخسە - تەخسىلەردە پەۋەس ئىدى. ئۇسسۇزلۇق ئۇچۇن كۇكاكۇلا بىلەن ئاپېلسىن سۈيى ئىستاكانلارغا توشقۇزۇلدى. گۇلجان ھەممىنى ئاز - ئاز-دىن تېتىپ كۆردى ۋە ئاخىرىدا «جۇڭگو قىزىل ئۇزۇم ھارىقى» دىن ئىككى رومكا ئىچىۋېتىپ، ئەدھەمدىن سورىدى:
— ھىدايەتنى ئۆستۈرەمدىكەن؟ شۇنداق گەپ ئاڭلايمەنغۇ!
— نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — دېدى ئەدھەم ھەرە چاققاندەك ئەندىكىپ.
— ئىشقىلىپ، ئاڭلىدىم، — دېدى گۇلجان قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، — قايسىبىر سورۇندا سىلەرنىڭ ساھەڭلەردىكى بىرى ئۇنى شالىنى چاچرىتىپ ماختاپ كەتتى...
ئەدھەم قولىدىكى قىرلىق رومكىنى بىراقلا ئىچىۋېتىپ، ئېغىر پۇشۇلدىدى ۋە ئاغزىدىكى توخۇ گۆشىنى قوۋۇزلىرىدا ئاي-لاندۇرۇپ تۇرۇپ:
— بۇگۇن سىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىمنىڭ بىرى شۇ ئىدى، گۇلجان، — دېدى جىددىي قىياپەتتە، — ئاڭلىغان گېپى-ڭىز راست، ھازىر بەزى ئادەملەر ھىدايەتنى يۇقىرى - تۆۋەندە ماختاپ، بازارغا سېلىپ، بىزنىڭ بېشىمىزغا دەسسەتمەكچى بو-لۇۋاتىدۇ. «ئالۋاستى بوش كەلگەننى باسىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئەگەر بىز چىڭ تۇرمىساق، ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى ئىشقا ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن. يېقىندا ئىدارە رەھبەرلىكىگە، تەشۋىقات بۆ-لۇم بىلەن تەشكىلات بۆلۇمىگە «پارتلاتقۇچ» خاراكتېرلىك بىر پاش قىلىش ماتېرىيالى يوللاندى. مېنىڭچە، بۇ كۇچلۇك ئەكس

سادا قوزغايدۇ. ھىدايەتنى چوقۇم سىياسىي جەھەتتە قەد كۆتۈر-
گۈزمەيدۇ! ئەمدى ئۇنىڭ تۇرمۇش ئىستىلىغا ئائىت بىر نەرسە
كېرەك. بۇ ئىككى ماتېرىيال بىرلەشسە، ئۇ ئۇزۇل - كېسىل
تۈگىشىدۇ. بۇ ماتېرىيالنى سىز تەييارلايسىز...

— مەن؟! — ھەيرانلىقتىن گۈلجاننىڭ كۆزلىرى چەكچە-
يىپ كەتتى.

— شۇنداق، سىز! — دېدى ئەدھەم ئاستا ئۇنىڭ قولىنى
تۇتۇپ، — ئۆتكەندە، مەن خانقىزنى قوغلىۋەتكەندە، ئۇ بۇ ئۆي-
دىن چىقىپ، بىر مەزگىل ھىدايەتنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. خەۋىرى-
ڭىز بار، ھىدايەت مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئارقىسىدا كۆيۈپ-
پىشىپ يۈرگەن. بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەزمەن مەسىلە
يۈز بەردى. سىز بۇنى ھىدايەتنىڭ خوتۇنى تۇخان ئارقىلىق ئىگە-
لەيسىز، ئۇ ساۋاتسىز، سەھرالىق. ئازراق قېقىتىپ، يۈرىكىگە
قول سالسىڭىز، چوقۇم ئەيۋەشكە كېلىدۇ...

— ھاھ - ھاھ - ھاھ! ...، — كۈتۈلمىگەندە گۈلجان
قاھ - قاھ ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئەدھەم نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، كۆزلىرىنى پارقىرى-
تىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

گۈلجان ئۆينى بىر پىرقىرىۋېتىپ، ئەدھەمنىڭ ئۇدۇلىغا
كېلىپ توختىدى ۋە بىر خىل بىزارلىق تۈيغۇ بىلەن مۇنداق
دېدى:

— بۇ ئىشقا مېنى خاتا تاللاپسىز، ئەدھەم! ئۇلارنىڭ ئوتتۇ-
رىسىدا نېمە ئىشلار بولسا بولمامدۇ؟! ئۇنىڭغا ئۈچىنچى بىر
شەخسنىڭ ئارىلىششىغا نېمە ھەققى بار!؟ مۇشۇ كۇنلەردىمۇ
«ئىستىلى مەسىلە» دېگەن گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش كۈلكىلىك
ئەمەسمۇ؟ سىزدە زامانىۋى ئاڭ دېگەن نەرسە بەكمۇ كەمچىل
ئىكەن. 80 - يىللاردىكى ياشلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تولىمۇ
ئەپسۇسلىنارلىق ئىش! قەدىرلىك مۇھەببەتدىشىم! سىز زاما-

نىۋى ئاڭىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەمسىز؟ زامانىۋى ئالىي ئالدى بىلەن سىز بايا ئېيتقان ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي، مەدەنىيەتكە ئوت ئېچىش، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ئېكەندىن ئىبارەت! شۇنداق بولغاندا، كىشىلەردە ئەركىنلىك ئېڭى، مۇستەقىللىق ئېڭى تۇرغۇزۇلىدۇ! ئاندىن ئىنساننىڭ قەدىر- قىممىتى بولىدۇ!...

ئەدھەمنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. ئۆزئالدىدا تال چىۋىقتەك تولغىنىپ تۇرغان چىرايلىق، خۇش پىچىم بۇ چوكاننىڭ «زامانىۋى قىياپىتى» بىلەن «زامانىۋى ئېڭى» ئۇنىڭغا ياقتى، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ھەۋەس، قىزىقىش ۋە ئەقىدىلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتتى...

شۇنداق قىلىپ، ھىدايەتنىڭ «تۇرمۇش ئىستىلى» توغرىسىدىكى ماتېرىيال گۈلجاننىڭ بىرلا گېپى بىلەن يوققا چىقتى. ئەدھەممۇ ئامالسىز قالدى، ئەمدى ئۇ بارلىق ئۈمىدىنى ئاشۇ سىياسىي ماتېرىيالغا باغلىدى...

ئىككىسى يەپ - ئىچىپ، مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. بىر چاغدا، گۈلجان سائەتكە قاراپلا، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئەمدى مەن قايتاي، ئەدھەم، — دېدى ياغلىقىنى چېكىلەپ تۇرۇپ، — سائەت ئون ئىككىدىن ئېشىپتۇ...

— قونۇپ قېلىڭ، تۇمۇچۇقۇم، — دېدى ئەدھەم ھاراقتىن قىسىلغان كۆزلىرىنى ئېچىپ، — بۇمۇ ئۆز ئۆيىڭىزغۇ؟

— كېيىن... بىراقلا چىقماس بولۇپ قونارمەن...، — گۈلجان خۇمار كۆزلىرىنى ھەييارلىق بىلەن ئويناتتى.

لېكىن ئۇنىڭغا قايتىش نېسىپ بولمىدى. سىرتتا شارقىراپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

— مانا بۇ ئاسمان خۇداسىنىڭ بىزگە قىلغان شاپائىتى، گۈلجانىم، قېنى ئەمىسە، ياتتۇق...

ئۇ گۈلجاننى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ئالدى...

ئۇلار يېشىندى، يۇمشاق ئورۇنغا كىردى، قايسىسىدۇر ئاستا قولىنى سوزۇپ، چىراغنىڭ يىپىنى تارتتى. بىلەكلەر گىرەلەشتى، قانداقتۇر شىۋىرلاشقان، پىخىلدىغان، چوكۇلدىغان، نازغىغان ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك بولدى...

## 3

مەرۇپ ئاقساقال بۇگۇن ئىشتىن بەكمۇ خامۇش قايتىپ كەلدى، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، چىرايىدىن مۇز ياغاتتى. كەچلىك تاماقنىمۇ يېمەي، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئارامخۇدا يېتىپ بىر پەس ئارام ئېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئارام ئالالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىدىن - ھېلىغا ھامۇت كەنجىنىڭ نەۋقىران گەۋدىسى پەيدا بولاتتى، قۇلاق تۇۋىدە ئۇنىڭ ئۆتكۇر، ۋەزمىن سۆزلىرى قايتا جاراڭلىغاندەك بولاتتى. بۇگۇن چۈشتىن كېيىنكى پارتىيە يىغىنىدا ھامۇت كەنجى خۇددى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان پارتىيىمىزنىڭ قولىدا ناھايىتى چوڭ ھوقۇق بار. بۇ ھوقۇقنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا ئىشلىتىشكىمۇ، شەخسىي پايدا كۆزلەش يولىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. بىز ھازىر ئۇلۇغ بىر ئىسلاھات دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز ئاڭلىق، مەقسەتلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى. بۇ جەرياندا، سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى قايتا بىلىشىمىز يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىدا مۇرەككەپ ئامىللار مەۋجۇت، چوڭ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشتە يېڭى ئەھۋاللار ۋە يېڭى مەسىلىلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، بېيىش يولىغا مېڭىش تەشەببۇس قىلىنغان ھامان، «ۋەھىمە» دەپ قارىلىپ كەلگەن پۇل بىردىنلا «پەرىشتە» بولۇپ

قالدى. مېنىڭچە، بۇ كەڭ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن توغرا، ئۇلارنىڭ بېيىشى يوللۇق. لېكىن پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىر-لىرىغا نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە نىسبەتەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ناتوغرا ئۇسۇللار بىلەن بېيىشىنى توغرا، يوللۇق دېگىلى بولمايدۇ! مېنىڭچە، بىز كوممۇنىستلار، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى تەج-رىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تەجرىبە بىلەن ئىدراك، ئىنساپ بىلەن نەپ، ئادەم بىلەن پۇل، پاكلىق بىلەن بۇلغىنىش، قىس-مەنلىك بىلەن ئومۇمىيلىق، جىمجىتلىق بىلەن تەرەققىيات ئوت-تۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم!...

بۇ سۆزلەر نېمە ئۈچۈندۇر مەرۇپ ئاقساقالنى ئويلاندۇرۇپ قويدى، خۇددى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتىلغاندەك، كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى. ھامۇت كەنجىمۇ سۆزلەۋېتىپ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا قارىدى، بىر قېتىم ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ، خۇددى قارىمۇ قارشى زەرەتلەر بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندەك ئوت چاقناپ كەتتى...

«خۇنپەر!... مېنى مەسخىرە قىلغاندەك قارىدىيا؟! — ئەلەم بىلەن شىۋىرلىدى مەرۇپ ئاقساقال، — توختا، ئۇنىڭ قارىشىدا بىر گەپ بار! بىرەر ماتېرىيالغا ئىگە بولۇپ قالدىمۇ-يا؟! دېمەككىم، ھېلىقى زىرە... خام سۇرۇپ... بىرەر يەردىن چاتىقى چىقىپ قالمىغاندۇر؟... ۋاي - ۋۇي، نېمە ئەنسىرەش! دېمەككىم، قانۇننىڭ سىرتىدا ئىش قىلمىدىم، قانۇننىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، قولۇم يەتكەن ئىشلارنى قىلدىم! دېمەككىم...»

ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، قانداقتۇر چۈچۈش، خۇدۇكسىنىشلەر بىلەن بىئارام بولاتتى، بىئارام بولغانسېرى، ھامۇت كەنجىنى غايىبانە تىللاپ، قارغايتتى...

ئۇلار ئىككىسى كونا خىزمەتداشلاردىن ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇن، ھامۇت كەنجى مەرۇپ ئاقساقالدىن بىر دەرىجە ئۇستۇن تۇرىدىغان رەھبەرىي كادىر ئىدى. ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا تارتىپ چىقىرىلدى. بۇنىڭغىمۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ «ئاتوم بومبىسى» سەۋەب بولدى. ئۇ بىر كۈنى پۈتۈن ئىدارىدىكىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھەيۋەتلىك بىر چوڭ خەتلىك گېزىت يازدى. ئۇنىڭ ئىسمى: «ماۋ جۇشىنى پارچىلىغان يېڭى جىنايەت» ئىدى. ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىدىكىلەر بىلەن ئاكتىپلار جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە يۇقىرىغا تېلېفون بەردى، دوكلات يوللىدى. ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىدى: ھامۇت كەنجى يازغان بىر پارچە ماتېرىيالدا «ماۋ جۇشى» دېگەن مۇقەددەس ئىسىمدىكى «شى» بوغۇمىنى ئالدىنقى قۇرغا سىغدۇرالماي، ئىككىنچى قۇرنىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. بۇنى مەرۇپ ئاقساقال بايقىۋېلىپ، دەرھال «ئىت يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، ماۋ جۇشىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر» دەپ ھېلىقى «يىمىرىش خاراكتېرلىك» چوڭ خەتلىك گېزىتنى يازغانىدى...

ئۇ چاغلاردا، كاللىسى قىزىپ، نېرۋىسى قوداڭشىغان ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە، بۇ ھەقىقەتەنمۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەت ئىدى. ھامۇت كەنجى شۇ «جىنايىتى» بىلەن تارتىپ چىقىرىلدى، ھالىدىن كەتكۈچە تەنقىد، كۈرەش قىلىندى. كېيىن سىياسەتلەر ئوڭشىلىپ، كادىرلار يەنە «ھەل قىلغۇچ ئامىل»غا ئايلانغان چاغدا، مەرۇپ ئاقساقال ئىدارىنىڭ باشلىقى، ھامۇت كەنجى بولسا، شۇ ئىدارىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغانىدى...

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ خىيالى ھېكمەت سوپىنىڭ ئاغمىخانىدەك يورغىلاپ كىرىشى بىلەن بۇزۇلدى. ئىككىيلەن قىزغىن سالاملاشتى، شېرىن سۆزلەر بىلەن ھال - ئەھۋال سوراشتى.

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق، ھېكمەت سوپى؟
— ئەھۋالىم چاتاق، ئاقساقال...
— نېمە بولدى؟ دېمەككىم، بېشىڭىزغا كۈن چۈشمىگەندۇر؟...
— كۈن چۈشىسىغۇ ياخشى ئىدى، ئاقساقال، «كۆيدۈرسىمۇ كۈن ياخشى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھېكمەت سوپى ۋە ئەزمىلىك بىلەن ھال ئېيتىشقا باشلىدى، — بىزگە خۇدايىم چىن شۇجىدەك بىر چىپپىلغاق مۈشۈكنى بېرىپتىكەن، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىپ، ئىشلىگىلى قويماپۋاتىدۇ، ئاقساقال، مانا قا- رىمامسىز، ئۆتكەندە، ھىدايەتنى ئۈستۈرمەن، دەپ بېشىغا ئې- لىپ كۆتۈردى، يېقىندا ئۇنىڭ ئۈستىدە تەشكىلگە بىر پارچە پاش قىلىش ماتېرىيالى كېلىۋېدى، يەنە ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋاتىدۇ!
— قانداق ماتېرىيال ئىكەن؟ — مەرۇپ ئاقساقال قىزىقىپ سورىدى.
— مانا، كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن كۆپەيتىپ بېسىلغان بىر نۇسخىنى چىقىرىپ.
مەرۇپ ئاقساقال تۆت يۈز گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى تاقاپ، ماتېرىيالغا كۆز يۈگۈرتتى. ماتېرىيال مۇنداق گەپلەر بىلەن باش- لانغانىدى: «... ھىدايەت قاۋۇلدا قىلچىمۇ رەھبەر بولۇش سالا- ھىيىتى يوق! ئۇ ئۇچىغا چىققان ئاداۋەتچى، قىساسخور! روھىي دۇنياسى خۇنۇك، پۇرسەتپەرەس! بۇنىڭ پولاتتەك دەلىلى: 1987 - يىل 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى شەنبە ئاخشىمى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا، ئەگەر ھوقۇقنى قولۇمغا ئالسام مۇنداق قىلىمەن دېگەن...» ماتېرىيالنىڭ داۋامى ھىدايەتنىڭ شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشتا، ئەدھەمنىڭ سوئالى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرمۇنچە پىكىرلەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسى بىلەن تولغانىدى. بولۇپ- مۇ، ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ بەش مىڭ يىللىق تارىخى ۋە چەت ئەللىك-

لەر توغرىسىدىكى سۆزلىرى ھەددىدىن زىيادە پرىنسىپقا كۆتۈرۈ-
لۈپ، ئۇنى ۋەتەن سۆيمەيدىغان، چەت ئەلگە چوقۇنغۇچى چاكىنا
ئادەم دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ماتېرىيالىنىڭ ئاخىرىغا
ئەدھەم ئىمزا قويۇپ، ئۆمەر تەمبۇرچى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسى-
سى بىلەن «كەچلىك گېزىت» نە ئىشلەيدىغان ھېلىقى ئۇلپەتلى-
رىنى گۇۋاھچىلىققا تارتقانىدى. قارىماققا، ماتېرىيالنىڭ ۋەزنى
ئېغىر، مۇقامى ئۇستۇن ئىدى. ھېكمەت سوپى بۇنداق بىر «مۇ-
ھىم» ماتېرىيالنىڭ دەل ۋاقتىدا ئۇۋۇدىن چىقىرىلغانلىقىغا بەكمۇ
خۇشال ئىدى. چۈنكى، چىن شۈجىنىڭ مۇددىئاسى ئىشقا ئې-
شىپ، ھىدايەت ئۆستۈرۈلىدىغان بولسا، شۈبھىسىزكى، ھېك-
مەت سوپى تەختتىن چۈشەتتى، ئۇنىڭ ئورنىغا ھىدايەت چىقاتتى.
شۇڭا، ھىدايەتنى چەتلەشتۈرۈش ئەمەلىيەتتە ھېكمەت سوپىنىڭ
ئۆز ئورنىنى قوغداش ئۈچۈن ئىدى.
— چىن شۈجى بۇنىڭ يەنە نېمىسىدىن قۇسۇر تاپتى؟ —
دېدى مەرۇپ ئاقساقال كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، — دېمەككىم،
ماتېرىيالنىڭ ۋاقىت ـ سائىتى ئېنىق، پاكىتلىرى دەل، ئىسپات-
چىلارمۇ تەخ ئىكەنغۇ؟
— ھەي... گىجىنىڭ ئادەم نېمە دېمەكچىدى، — دېدى ھېك-
مەت سوپى ساقالسىز گۆشلۈك يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — نېمە
دەيدۇ دەڭ: ھىدايەت ھازىر جىددىي تاللاشتىكى ئادەمگە ئايلاندى،
بىز ئەمدى ئۇنى تېخىمۇ چىڭ تۇتمىساق بولمايدۇ، دەيدۇ. بولمى-
سا، باشقىلار تارتىپ كېتىدىكەن، تۇرمۇشتىكى راست بىلەن
يالغاننىڭ، ھەق بىلەن ناھەقنىڭ ھامان ئوبيېكتىپ ئۆلچىمى
بولىدىكەن... ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ قېتىمقى ماتېرىيال قانداقتۇر
كۆرەلمەسلىكنىڭ، ھەسەتخورلۇقنىڭ مەھسۇلى ئىمىش، بەزى-
لەرنىڭ «دەرەخ بولمىسا، ئەمەن ئەتىۋار بولىدۇ»غان بىر خىل
شارائىتنى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئىمىش!...
— كاساپەتنىڭ تەھلىلىنى قارا، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال

كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قايىل بولۇپ، — دېمەككىم، ھىدايەت ئۇنى سېھىرلىۋاپتۇ. مۇنداق بولسۇن، چىن شۇجىغا گاۋ ئاقساقالنىڭ ئۆزىنى سالايلى، ئۇنىڭدىن تەپ تارتىدۇ، ئاغزىدىكى ھورنىمۇ زايە قىلمايدۇ. سىز ماڭا ئازراق ماتېرىيال تەييارلاپ بېرىڭ، دېمەككىم، ماتېرىيالنىڭ نۇقتىسى، سىياسەتتىكى سولچىللىق، رەھبەرلىكتىكى ھاكىممۇتلەقلىق، مىللىي كادىرلارنى چەتكە قېقىش قاتارلىقلار بولسۇن. دېمەككىم، مەن شۇنى دەستەك قىلىپ، گاۋ ئاقساقال بىلەن سۆزلىشىمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، بوراننىڭ گۇركىرىشىگە تاغ تەۋرەپ كەتمەيدۇ!

ھېكمەت سوپىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك ياكى پېشكەللىككە ئۇچرىسا، خۇددى تالادا دەشنام يېگەن كىچىك بالا دادىسىغا كىرىپ دادخورلۇق ئېيتقاندەك، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھال ئېيتاتتى، مەدەت تىلەيتتى. مەرۇپ ئاقساقالمۇ ئۆز لايىقىدىكى گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، تەسەللى بېرەتتى، بەزىدە ئايرىم ئەمەلىي ئىشلار بىلەن ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلاپ، ھاجىتىنى راۋا قىلىپ قوياتتى. شۇڭا، ھېكمەت سوپىمۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بۇيرۇقىغا تەييار تۇراتتى. ئىشقىلىپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى مەرۇپ ئاقساقال ئېيتقاندەك «بىرەر پايدىسى تەگمىسە، چىۋىننىمۇ بەدىنىگە قوندۇرمايدىغان» مۇناسىۋەت ئىدى.

— ئەمدى سىزگە بىر مەسلىھەت، ھېكمەت سوپى، دېمەككىم...

— مەن تەييار، — دېدى ھېكمەت سوپى بويىنىنى مەرۇپ ئاقساقال تەرەپكە ئېگىپ.

— دېمەككىم، بىزدىكى ھامۇت كەنجىنىڭ ئوغلىنى تونۇمسىز؟

— ئادىلنى دەيسىزغۇ، ئەلۋەتتە تونۇيمەن، ئۇ بىزنىڭ ئايالنىڭ مەكتىپىدە ئەمەسمۇ؟

— دەل ئۆزى شۇ... دېمەككىم، ئۇنى بىر ئىشقا قىزىقتۇ-
رۇپ، دەۋەت قىلماقچىمەن، بۇنىڭغا سىز ئوتتۇرىغا چىققىنىڭىز
ياخشى، دېمەككىم، ئايالىڭىز شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئۇنى سىز
گەپكە كىرگۈزەلەيسىز...

— قانداق گەپكە؟

— مۇنداق... دېمەككىم، مېنىڭ مەقسىتىم...

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى، ئۇ بۇگۈن هامۇت كەنجىنىڭ يىغىندا قىلغان گەپلىرىنى، بۇ هەقتىكى ئۆزىنىڭ گۇمان، قىياسلىرىنى ۋە باياتىندىن بېرى كۆڭلىدە ئويلىغان پىلانلىرىنى هېكمەت سوپىغا بىرمۇ بىر ئېيتتى. هېكمەت سوپى باش لىڭشىتىپ ئاڭلىدى ۋە ئاخىر ئۇنىڭ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ تۈزگەن پىلانىنىڭ ناهايىتى ئاقىلانە بولغانلىقىنى ماختاپ، بۇ ئىشنى دەرهال بېجىرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئەمدى ئۇلار بايىقى كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ، خۇشال - خۇراملىق بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

# مەھلىيانىڭ كۆز يېشى

## 1

ئاددي، ناتىۋان تۇرمۇش ئىچىدە ئۆسكەن قىزلار گۆدەك، پاك كېلىدۇ، ئۇلار ھاياتقا ھەممىشە ئەنە شۇ گۆدەك ۋە پاكلىقى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇيۇقسىز، لېكىن شىددەت-لىك ئېيتىلغان سۆيگۈ خىتابىنى ئاڭلىغاندا، ھاياتتىكى ھەممە نەرسىنى مۇھەببەت ۋە ۋاپا دەپ بىلىدۇ!

مەھلىيا شۇنداق بولدى. سالمان ئۇنىڭغا سۆيگۈ - مۇھەببەت توغرىسىدىكى بىر تاغار كۆچۈرمە گەپلەرنى ئېيتىپ، ئايلاندۇرۇپ يۈرگەندە، ئۇ، سالمانغا پۈتكۈل ئەسل - ۋەسلىنى مەجنۇن كەبى ئاتىۋەتتى، لېكىن كېچە - كۈندۈز پايدا ۋە مەنپەئەت بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرگەن سالماننىڭ قارام ۋە ياۋۇز يۈرىكى گۆدەك قىزنىڭ ۋاپا ۋە ئەقىدىسىگە پىسەنت قىلمىدى، ئۇ خۇددى يەمنى يەپ، تۇزاققا چۈشمەي قاچقان ھۇۋقۇشتەك، مەھلىيانىڭ ئاماند-تىنى ئېلىپلا ئۇنىڭدىن يىراقلىششقا باشلىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن زەربە شۇ يېشىغىچە كىشىلىك ھاياتنىڭ پەقەت پۇراقلىق گۈللىرى-نىلا پۇراپ، ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك قوينىدا خىرامان ئويناپ يۈرگەن قىز ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد بولدى. دەرد — ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى شوخ ۋە نازاكەتلىك خۇلقىنى، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئوتلۇق بېقىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتى-

ۋەتتى. ئۇ خىيالچان، مۇڭلۇق بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ، بەدىنىـ
دىكى فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش سېزىلگەندىن كېيىن، ئۇ
تېخىمۇ جىمىغۇر، يىغلاڭغۇ ۋە كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان
ھالغا يەتتى. بۇ ئىشلار سالمان ئۇچۇن پەرۋايى پەلەك ئىدى.
ئۇ مەھلىيانى بۇرۇنقىدەك ئىزدەپ بارمىدى، ئۆزى ئىزدەپ كەلـ
سە، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا ئەھۋال سوراپ، ئالدىراشلىقىنى باھانە
قىلدى، لېكىن بەزى كۈنلىرى ئەيش ـ ئىشرىتى جايىدا بولماي
قالغاندا، خۇددى ئامىتى كەلمىگەن ئوۋچىدەك، يەنە ياغلىما گەپـ
لەر بىلەن مەھلىيانىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاپ، شەھۋانىي نەپسىـ
نى قاندۇرۇپ يۈردى. بىچارە قىز ئۇنىڭ يا سۆيۈشىنى، يا
سۆيمەسلىكىنى بىلەلمەي، ئوتنىڭ تېشىدا پۇچىلىنىپ يۈرەتتى.
لېكىن بىر نەرسە ئۇنىڭ قەلبىگە ئايان ئىدى: سالماننىڭ يۈزىدىـ
كى ھەمىشە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەبەسسۇم ئەمدى ئۇنىڭغا يالغان
ھېجىيىشتەكلا تۇيۇلاتتى...

ئۇ سالماننى بىر ھەپتىدىن بېرى ھېچ يەردە ئۇچرىتالمىدى،
«كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىغا بىرنەچچە قېتىم كەلدى، ھەممىـ
سى بىر ئېغىزدىن: «بايا چىقىپ كەتكەن» دېگەن گەپنىلا قىلـ
دى. ئۇنىڭ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، بىر يەرلەردە مۆكۈنۈپ يۈرگەنلىـ
كى ئېنىق ئىدى.

مەھلىيانىڭ بۇگۈن پىغانى ئۆرلىدى، غەيرىتى قوزغالدى،
ئۇنىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولدى، ھەممە ئەھۋالنى باشلىق دادىسىغا
ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەش قارارىغا كەلدى.

خۇداغا شۈكرى، ئۇ كەلگەندە مەرۇپ ئاقساقال بىلەن زىيا-
خان ئۆيدە بار ئىدى. مەرۇپ ئاقساقال ئازراق ساقسىز بولۇپ
قالغاچقا، بۇگۈن ئىشقا بارماي، زىياخانغا ئۆزىنى كۈتكۈزۈپ
ياتقانىدى. مەھلىيا ئۆيگە كىردى ۋە ئۆز ـ ئۆزىدىن خۇدۇكسىـ
رەپ، ئەتراپقا سىرلىق قاراپ قويدى. ئۇ، بىر چاغدا بىھوشلۇقـ
تىن تۇنەپ قالغان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكەندە، نېمە

ئۇچۇندۇر تېنى شۈركۈنۈپ، يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ كەتتى.
— كېلىڭ، قىزىم، كېلىڭ! — زىياخان ئۇنى ئىللىق كۈتۈۋالدى، قولىدىن يېتىلەپ مېھمانخانىغا ئەكىردى ۋە شۇنداق ئۇماق، چىرايلىق قىزنىڭ سولغۇن، مىسكىن چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىغاندەك بولدى.
ھايال ئۆتمەي مېھمانخانىغا مەرۇپ ئاقساقالمۇ كىردى. ئۇ ئۈستىگە قارا مەخمەل ياقىلىق ئۇزۇن ئۇخلاش كىيىمى كىيىۋال-غانىدى.
— كېلىپ قاپسىز، قىزچاق، — ئۇ ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ، مەھلىياغا سوغۇقلا قاراپ قويدى.
— ھەئە، ھەربىرلىرىنى يوقلاپ...، — دېدى مەھلىيا ۋە يەرگە قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى.
مەرۇپ ئاقساقال سالمان بىلەن مەھلىيانىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلەتتى، ئۇنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئۈچ كۈن بۇ-رۇن سالماندىن ئاڭلىغانىدى.
شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ، بۇ كاتتا ئائىلىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەكچى بولغان بۇ قىزنى تىللىغۇ-سى، قارغىغۇسى كېلىپ، كىچىك تىللىرى لوپۇلداپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، مەھلىيا ئۆزىنى زەمزەم سۈيىدە يۇسىمۇ گۇناھى تۈگىمەيدىغان ناپاك قىز ئىدى. ئۇ تونۇگۇندىن بېرى، بۇ ئىش-نىڭ چارىسىنى قىلىش توغرىسىدا ئاز - تولا ئويلاپ قويغانىدى. شۇڭا، خوتۇنىنى چاي تەييارلاشقا چىقىرىۋېتىپ، ئۆزى خالىي سۆزلەشمەكچى بولدى.
— خوش، دېمەككىم... ئاتا - ئانىڭىز كىم بولىدۇ؟ — سورىدى مەرۇپ ئاقساقال ئاۋازىغا سىرلىق تۈس بېرىپ.
مەھلىيا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى:
— دادام ئۈچ يىل بۇرۇن كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەت-كەن... ئانام باسما زاۋۇتىدا ئىشچى...

«ھىم… دېمەككىم، بۇ بىر يېتىم ئوغلاق ئىكەن، پۇلغا ئېھتىياجى باردەك قىلىدۇ… دېمەككىم، ئىشىنىڭ كۆزى ئېچىلدى…»

مەرۇپ ئاقساقال ھەممە ئىشنى بىلسىمۇ، يەنە خۇپسەنلىك بىلەن مەھلىيادىن كوچىلاپ سوراشقا باشلىدى:

— سالمان بىلەن قانداق تونۇشقانىدىڭىز؟ دېمەككىم، مۇناسىۋىتىڭلار قاچان باشلانغان؟

مەھلىيا سالمان بىلەن بولغان تونۇشۇش جەريانىنى قىسقىچە سۆزلەپ، ئاخىرىدا:

— بىز بىر - بىرىمىزنى سەمىمىي ياخشى كۆرۈشكەن، مەن ھازىرمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايمەن!…، — دېدى يىغلامسىراپ.

«كاساپەت… مەككىنىڭ يولىدىكى رودۇپايدەك چاپلىشامدۇ نېمە؟! دېمەككىم، مېكىيانىنىڭ ئوي - خىيالى بىر سىقىم تېرىق…»

— ھازىرچۇ، ھازىرقى مۇناسىۋىتىڭلار قانداقراق؟ دېمەككىم، ئۇچرىشىپ تۇرامسىلەر؟

شۇ گەپ بىلەن مەھلىيا پاڭگىدە يېرىلدى، يۈرىكىدىكى دەردلىرىنىڭ ھەممىسى — ھامىلدار بولۇپ قالغانلىقىنى، سالماننىڭ توي قىلىمىز دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىندىن بېرى ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئىش مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۆزىنىڭ تەقدىرى خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتتى. ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، گەجگىسىگىچە قىزىرىپ، ئىزا - ئەلەمدىن تەرلەپ كەتتى.

— قىزىم، سىز بەكمۇ ئېغىر بەختسىزلىككە يولۇقۇپسىز، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال بىردىنلا تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ ھېسداشلىق بىلەن، — دېمەككىم، مەن سىزگە ئېچىنىمەن. سالمان گەرچە مېنىڭ ئوغلۇم بولسىمۇ، ئۇ قارا يۈرەك، تەلۋە،

دېمەككىم، ئۇنىڭدىن ئادەم بالىسىغا ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئۇنى بىزنىڭ كۆمۈر كاندا ئىشلەيدىغان بىر تۇغقىنىمىز بېقىپ چوڭ قىلغاچقا، ئۇ كىچىكىدىنلا قارام، لۈكچەك چوڭ بولغان. دېمەك-كىم، ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلغان تەقدىردىمۇ، پۈتۈن ھاياتىڭىز تاياق - توقماق، قايغۇ - ئەلەم ئىچىدە ئۆتىدۇ، ھازىر-قىدىنمۇ ئېغىر دەردكە مۇپتىلا بولىسىز! ئۇنىڭ تۇنجى خوتۇنى شاھنۇرمۇ شۇنداق ئەدەپلىك، ئوماق قىز ئىدى، دېمەككىم، سالمان ئاشۇ مىجەزى بىلەن ئۇنىڭمۇ ياشلىق ھاياتىنى نابۇت قىلدى. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنىڭ خۇي - پەيلىنى ياسىۋالغىلى بولمايدىكەن. دېمەككىم، ئۇ ئادەم بىلەن چىقىشالمايدىغان ئىت خۇيلۇق بالا! مەن ئۇنى يېقىندا چەرچەنگە ئەۋەتىۋېتىمەن، دېمەككىم، ئۇ ئاشۇ يىراق چۆللۈكتە بىرنەچچە يىل تۇرۇپ، ئادەم بولۇپ كەلمىسە بولمايدۇ. بەلكىم سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەرگە بېرىشنى يا خالايسىز، يا خالىمايسىز. ئەڭ ياخشىسى، سىز تاشقا تۇخۇمنى ئۇرماڭ!...

مەھلىيا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ غىققىدىلا بولۇپ قالدى. مە-رۇپ ئاقساقال ئۇنى مۇزنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ تازا ئوبدان يەلپۈ-ۋاتاتتى...

— مۇھەببەتلىشىش — ھەرگىزمۇ كەلگەنلا يەردە ئوينىلىدى-غان ئويۇن ئەمەس، قىزىم، — دېدى ئۇ يەنە شۇنداق سىپايىلىك بىلەن كۆيۈنگەن قىياپەتتە، — دېمەككىم، ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆ-مۈرلۈك تەقدىرداش بولىدىغان يېقىن، مېھرىبان جورا تېپىش-تۇر! سىز تېخى ياش، ئىستىقبالىڭىز ئالدىڭىزدا، دېمەككىم، سىز يەڭگىللەپ، تۇرمۇشقا باشقىدىن نەزەر تاشلاڭ! مەن سىزنى سانجى دوختۇرخانىسىدىكى بىر تونۇشۇمغا تونۇشتۇرۇپ، خەت يېزىپ بېرەي، دېمەككىم، يەڭ ئىچىدىلا ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتەي-لى! مانا ماۋۇ پۇلنى... ، — ئۇ يېنىدىن يۈز يۈەنلىكتىن بەشنى چىقىرىپ، مەھلىيانىڭ ئالدىغا قويدى، — دېمەككىم، ئوبدان

ئوز ۆقلىنىپ، جىسمىڭىزنىمۆ، روھىڭىزنىمۆ ئەسلىگە كەلتۆرۆ-
ۋېلىڭ...

مەھلىيانىڭ پۆتۆن بەدىنىگە يىغا ئولاشتى، ئۆ بېشىنى كۆتۆ-
رۆپ، مەرۆپ ئاقساقالغا قانداقتۆر سوغۆق بىر ئىچكى تۆيغۆ
ئارىلاشقان تەئەججۆپ بىلەن ئۆزاق قارىدى. ئۆنىڭ چىرايىنى
ئۆمچەيتىپ، كۆزلىرىنى مۆلدۆرلەتكەن بۆ قاراشلىرىدىن مەرۆپ
ئاقساقالنى ئازراق بولسىمۆ، ئىنساپ - دىيانەتكە دالالەت قىلماق-
چى بولغانلىقى چىقىپ تۆراتتى. لېكىن مەرۆپ ئاقساقالنىڭ
يۆرىكىدىكى تەكەببۆرلۆق، ئاۋازىدىكى كۆرەڭلىك، كۆزىدىكى
مەككارلىق قىلچە سۆسلاشمىغانىدى.

— رەھمەت، مەرۆپ تاغا، — دېدى مەھلىيا لىككىدە ئورنى-
دىن تۆرۆپ، — مەن ئويلىشىپ باقاي، لېكىن مۆھەببىتىم
يولىدا ھەرقانداق ئازاب چېكىشكە رازىمەن! — ئۆ ئارقىغا بۆرۆ-
لۆۋېدى، مەرۆپ ئاقساقال دەرھال پۆلنى ئۆنىڭ ئېىسىگە سالدى:

— قىزىم، پۆلنى ئۆنتۆپ قالدىڭىز، ئېلىۋېلىڭ!

مەھلىيا ئارقىغا بۆرۆلدى، لېكىن پۆلغا قارىمىدى، بەلكى
مەرۆپ ئاقساقالنىڭ كۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ تۆرۆپ مۆنداق
دېدى:

— تاغا، دۆنيادا پۆلدىن ئارتۆق نەرسىلەرمۆ بار!...

ئۆ كىچىك، لېكىن ۋەزمىن قەدەملىرى بىلەن ئۆيدىن چى-
قىپ كەتتى.

قۆياش يىراق تاغ ئۆستىگە باش قويغانىدى. ئۆنىڭ گۆنەپشە
رەڭ شولىسى تۆنۆگۆن ياغقان يامغۆرنىڭ توختام سۆلىرىدا جى-
مىرلاپ تۆراتتى...

تالاغا چىقىپلا مەھلىيانى يەنە غېرىبلىق باستى. ئۆ تۆرۆپلا
ئۆزىنى خورلانغاندەك، مازاق قىلىنغاندەك ھېس قىلدى. ئۆنىڭ
قىزارغان چاناقلىرىدىن ئۆزۆلمەي ياش تامچىلىرى ئاقتى، بۆ
تامچىلار بىر - بىرىنى قوغلاپ، يۆزىدىن دومىلاپ چۆشتى - دە،

ئاستىنقى لېۋىنىڭ چېتىدىكى زىنىخىغا بېرىپ سىڭىپ كەتتى…
ئۇ مەرۇپ ئاقساقالدىن شۇنى كۇتكەنمىدى؟ ! ئۇزاق يىل
پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن، ھەق ـ ناھەق بىلەن ئاق ـ
قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، ئۆزىنى تۆتىنىڭ بولمىسمۇ، ئالتى-
نىڭ بىرى، دەپ ھېسابلايدىغان بىر رەھبىري كادىرنىڭ ئۆز
پۇشتىدىن تامغان ئوغلى تۇپەيلى دەردكە مۇپتىلا بولغان ناتىۋان
قىزغا بەرگەن تەسەللىسى شۇ بولدىمۇ؟ ! … مەھلىيا ئۇنىڭدىن
قانداق قىزغىن ئۇمىد، يۇكسەك تىلەكلەرنى كۇتكەنىدى ـ
ھە؟ ! …
ئالتۇن دەپ ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقان نەرسىسىنىڭ بىردىنلا
دات يېگەن مىسقا، شۇڭقار دەپ بىلگەن نەرسىسىنىڭ بىردىنلا
پاخشە كەپتەرگە ئايلىنىپ قېلىشى بىچارە قىزنى قاتتىق ئازابلاي-
دۇردى…
ئاھ خۇدا! سېنىڭ ياراتقان ئادەملىرىڭنىڭ ھەممىسى شۇن-
داقمۇ؟ ! ياخشى ئادەملىرىڭ قېنى؟ ! ئۇلار نەدە؟ ! …
تەڭرىدىن ئاۋاز: ئۇلار بار، ئۇلار بولغانلىقى ئۇچۇن، بۇ
دۇنيا گۇزەللىككە، ساخاۋەتكە، ھىممەتكە تولغان. گەرچە ئۇلار
ئازدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھاياتتا تۇتقان ئورنى كەڭ،
سالمىقى ئېغىر! شۇنداق بولغانلىقى ئۇچۇن، بۇ دۇنيا قاراڭغۇ-
لۇقتىن يورۇقلۇققا، بەتنىيەتتىن مەدەنىيەتكە، قاباھەتتىن گۇ-
زەللىككە قاراپ راۋاجلانغان، ياخشىلىق، چىنلىق، گۇزەللىك
قۇدرەت تاپقان!
ئەي، مىسكىن قىزىم، مەن ئىنسانلارغا شۇنداق پۇتمەس ـ
تۇگىمەس بىر كۇچ بەرگەن. بۇ كۇچ سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردىكى
ئىرادە! مەن سىلەرنى كۆپرەك ئازاب ئىچىدە ياشاشقا دەۋەت
قىلغان. تۇيۇقسىز كەلگەن بەخت ياكى شاد ـ خۇراملىقمۇ ۋاقىت-
لىق بولىدۇ، بەلكى ئۇ يېڭى بىر ئازابنىڭ باشلىنىشى بولۇشى
مۇمكىن. سىلەر ھەمىشە ئازاب بىلەن ئېلىشىسىلەر ۋە شۇ ئېلى-

شىش جەريانىدا، سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردا كۈچلۈك ئىرادە پەيدا بولىدۇ! ھەي، ئىنسان، ئازابتىن قورقۇپ، بەختكە مەست بو-لۇپ كەتمە! ...

## 2

سالمان خۇددى خامان ۋاقتىدا كېچە ـ كۈندۈز خامان موم-سىنى ئايلىنىدىغان قىرچاڭغۇ ئات، ئېشەكلەردەك ھەمىشە ئايال-لارنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، ئەگىپ يۈرەتتى. يېقىندىن بېرى، ئۇ كىشىلەر ئاڭلىسا ھەم كۈلگۈدەك، ھەم ھەيران قالغۇدەك غەلىتە بىر قىلىقنى چىقاردى: كىچىككىنە بوش ۋاقتى بولسىلا، شەھەردىكى داڭلىق مۇنچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۇنچىدىن چىق-قان قىز ـ چوكانلارنى كۆرەك قىلاتتى، تاماشا قىلاتتى. بۇ ئىشنى ئۇ تېخى كىشىلەرگە زوقلىنىپ تۇرۇپ: «ھەي نادانلار، بىلەمسىلەر؟ ئايال دېگەننى يېڭى مۇنچىدىن چىققان ۋاقتىدا كۆر-گەندىنمۇ ھۇزۇر ئىش بارمۇ؟ مۇنداق چاغدا، ئۇ خەقنىڭ چاچلى-رى يالتىراپ، تېرىلىرى پارقىراپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلى-رى ئويناپ، بەدەنلىرى يەڭگىپ شۇنداق ھالەتكە كېلىدۇكى، بەئەينى جەننەتتىكى ھۆرلەرنى كۆرگەندەك بولىسەن. ئادەمنىڭ يۈرىكى ياشىرىدۇ! ...»

ئۇ بۈگۈن ئاتايىن «بوغدا كۆلى» مۇنچىسىغا باردى، مۇنچا ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىقتا كىرگەن ـ چىققانلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ دەرۋازا ئۇدۇلىدىكى بىر كۆلەڭگە يەرگە كېلىپ، خۇددى بىرىنى ساقلاۋاتقان قىياپەتتە «كۆرەك قوبۇل قىلىش»قا باشلىدى.

كۆرەكتىن بىرىنچى بولۇپ، لەيلىقازاقتەك ئېگىز بويلۇق، ئورۇق بىر چوكان ئۆتتى. ئۇنىڭ يېشى تېخى ئوتتۇزغا بارمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئورۇقلۇقتىن تېرىلىرى تارتىشىپ، شىداق

بولۇپ كەتكەن يۈزى ئۈنى ئوتتۇرا ياشلىق ئايال سىياقىغا كىرگۈ-
زۈۋەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا
نەمخۇش چاچلىرى كۈن نۇرىدا يالتىراپ، ئۇنىڭ بەستى ـ بويىغا
باشقىچە ھۆسن قوشقانىدى.

«بىچارە، تەمبۇرنىڭ دەستىسىدەك داقى ئىكەنغۇ! ئىتتىك
پىچاقتا پەشلىسە، بىر چۆچۈرىلىك گۆش چىقمايدۇ! لېكىن كا-
ساپەتنىڭ كــۆكسى خېلى جــايىدىغۇ؟ يــالغان ئەمچەك سېلىۋال-
دىمۇ ـ يا؟ بۇنداق شەللەگزىدە ئۈنچىلىك ئەمچەك نېمە ئىش
قىلسۇن؟...» سالمان مەسخىرىۋازلىق بىلەن جىلمايدى.

سەل ئۆتۈپ، بوي ـ تۇرقى ئېرغايدەك چىرايلىق، ياش بىر
چوكان چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن قارىسىمۇ، ياندىن
قارىسىمۇ مەيدىسى ئاشتاختىدەك تۈپتۈز كۆرۈنەتتى. سالمان ئۇ-
نىڭ چىرايىغا، فىگۇرىسىغا قىزىقتىيۇ، لېكىن كۆكسىگە قاراپ
كۆڭلى يېرىم بولدى. ھەي!... كۆكسى دېگەنمۇ ئايال خەق
ئۈچۈن چوڭ بىر زىننەت ئىكەن ـ دە! كۆكسى يوق ئايالنى ئايال
دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ ھەرگىزمۇ ئەرلەرنىڭ ھەۋەس ـ ئىشتىياقى-
نى قوزغىيالمايدۇ!...

«كۆرەك» شۇ تەرىقىدە يېرىم سائەتتەك داۋام قىلدى. سال-
مان ئېرىنمەي، ياش قىزلارنىمۇ، قېرى خوتۇنلارنىمۇ كۆز ئۆڭى-
دىن ئۆتكۈزدى، بەزىلەرگە قىزىقتى، ھەۋەسلەندى، كۆڭلىگە
پۈكۈپ قويدى، بەزىلەرگە بولسا، ئۆزىچە «داقى»، «پەتەك»،
«گۇمبەز» دېگەندەك ئەيىبلەرنى قويۇپ، تېزلا خاتىرىسىدىن چى-
قىرىۋەتتى. ئۇ ئەمدى قايتاي دەپ تۇرۇشىغا، بۇدۇر چاچلىرىنى
سىلكىتىپ، كالتە يەڭ، بەل پۇرمە كۆڭلەك بىلەن پۈتۈن بەدىنى-
نىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال
دەرۋازىدىن چىقىپ قالدى. ئۇنىڭ نازۇك، چىرايلىق يۈزى ئاق
ھەم سۈزۈك، دانىمۇدانە تېرىلگەن قېشى ئىنچىكە ھەم قاپقارا
ئىدى. شۇ تۇرقىدا، ئۇنىڭدا خۇددى زەرگەرنىڭ قولىدىن يېڭى

چىققان ئالتۇن جابدۇقتەك بىر خىل جىلۋىدارلىق بار ئىدى.
ئايال ئەتراپقا خۇشبۇي ئەتىر بىلەن گۇل پۇرىقىدەك يۇز ماي
ھىدىنى چاچرىتىپ، سالمانىنىڭ ئالدىدىن تاراقلاپ ئۆتۈپ كەتتى.
سالمان ئۇنىڭغا كىرپىك قاقماي، خېلى ۋاقىتقىچە شۆلگىيىنى
يۇتۇپ قاراپ قالدى، بۇ ئايال ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كىمدۇر بىرد-
نىڭ غىل - پال قىياپىتىنى كەلتۇرگەندى. ھە... ئېسىگە
كەلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلگىنى سابىق قېينانىسى رىسالەت
ئىدى، كاساپەت، ئەجەبمۇ ئوخشىشىدىكەن - ھە! قىل ئۇياق،
قىل بۇياق ئەمەس، شۇمۇ - يا؟!...

شۇ خىيال بىلەن ئۇ تۇنجى خوتۇنى شاھنۇرنى ۋە ئۇنىڭ
ئانىسى رىسالەتنى ئەسلەپ كەتتى...

سالمان شاھنۇر بىلەن 1981 - يىلى توي قىلدى، ئۇلارنىڭ
تويى شۇ يىللاردىكى شەھەر تارىخىغا يېزىلغۇدەك كاتتا، ھەشەمەت-
لىك بولغانىدى، قىزنى كۆچۈرۇش ئۇچۇنلا «خانتاجى»،
«بېنس» ماركىلىق ئالىي پىكاپلاردىنلا ئون نەچچىسى ئىشقا سې-
لىنىدى. ئەڭ ئالدىدا ماڭغان «نىسان» ماركىلىق بولكىۋاينىڭ
ئارقا ئىشىكى ئارقىلىق، توي كۆچۈرۇش كۆرۇنۇشلىرىنى تېلې-
ۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئۇچ ئادىمى ئۇزلۇكسىز سىنئالغۇغا ئې-
لىپ ماڭدى، ھەممە يېرى قىزىل دۇخاۋا، دۇردۇنلار بىلەن
بېزەلگەن بىر قارا ماشىنىدا سازەندىلەر بىردەم ناغرا - سۇناي
بىلەن شادىيانىگە، بىردەم گارمون، گىتار بىلەن جاز مۇزىكىلى-
رىغا چاڭ كەلتۇرۇپ چالاتتى، بىرنەچچە يىگىتلەر ئۇلارغا ماسلى-
شىپ ناخشا توۋلايتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى. قىز كۆچۈرۇش
ئۇچۇن تەييارلانغان بۇ ئالاھىدە، زامانىۋى «كارۋان» ئۇرۇمچى-
نىڭ ئاساسلىق ئاۋات كوچىلىرىنى ھەشەم - دەرەم بىلەن ئايلى-
نىپ، كىشىلەرنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك داغدۇغا قىلغانىدى. لې-
كىن ئۇلارنىڭ شېرىن ھاياتى ئۇزۇنغا بارماي بۇزۇلدى. بۇنىڭغا
سالمانىنىڭ قېينانىسى رىسالەتكە يامان نىيەتتە بولغانلىقى ئاساسي

سەۋەب بولدى. رىسالەت تېخى قىرىق ياشقا بارمىغان، بەدەنلىرى
چىڭ، ئەپتى - ئۆڭىدىن ياشلىق جۇلاسى كەتمىگەن، ئوچۇق،
خۇشخۇي چوكان ئىدى. بىر قېتىم سالمان ئۇنى ماشىنىغا چىقىد-
رىپ قويمەن، دەپ بەدەنلىرىنى تۇتتى ۋە ھەيران قالدى: كاسا-
پەت، مېغىزدەك چىڭ ئىكەن - ھە؟! — دەپ ئويلىدى ئۇ
تامىقىنى چېكىپ، — قىزى بولسا ياخشى ئۇيۇمىغان لەڭپۇڭنىڭ
ئۆزى!... كونىلارنىڭ: «قىزدىن ئارتۇق جۇۋان بار، ئاتتىن
ئارتۇق غۇنان» دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن - دە!... سالماننىڭ
بۇ خىيالى قېينانىسى بىلەن ئۇچىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە يامان
نىيەتكە ئايلاندى. بۇ كۇنى قېيناتىسى خىزمەت بىلەن سىرتقا
چىقىپ كەتكەچكە، ئۆيدە رىسالەت يالغۇز ئىدى. سالمان بېزەڭ-
لىك بىلەن ئولتۇرۇپ قېينانىسىغا تاماق ئەتكۈزۈپ يېدى، ئارقى-
دىن ئۆزى ئىشكاپتىن ھاراق ئېلىپ ئىچتى، كېيىن مەستلىككە
يۆلەپ بىئەدەپ چاقچاقلارنى قىلىشقا باشلىدى، رىسالەت دەسلەپ
ھاراقنىڭ كۈچى، دەپ كۆڭلىگە ئالمىدى، كېيىن غىلجىڭلىق
سەل ھەددىدىن ئېشىشقا باشلىغاندا، كۈيئوغلىنى چىرايلىق گەپ
بىلەن ئەدەپكە چاقىردى. لېكىن سالمان بۇنى «ناز قىلىۋاتىدۇ»
دەپ بىلىپ، بىردىنلا ھۇجۇمغا ئۆتتى، قېينانىسىنى چىڭ قۇچاق-
لىۋېلىپ سۆيدى ۋە كارىۋاتقا باستى، شۇ چاغدا رىسالەت ئۇنىڭ
ھايۋان مىجەزىنى چۈشىنىپ، قاتتىق بىر كاچات سالدى ۋە:
«كۆزۈمدىن يوقال، ئىپلاس!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى... ئۈچ كۈن-
دىن كېيىن، رىسالەت قىزىنى چاقىرىپ كېلىپ، سالماندىن
ئاجراشتۇرۇۋېلىش نىيىتىنى ئېيتتى. بۇ گەپ شاھنۇرغىمۇ ماي-
دەك ياقتى. چۈنكى، ئۇ شۇ كۈنلەردە، سالماندىن بۇرنى -
قۇلىقىغىچە تويغانىدى. ئۇ سالماننىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە ئويلاي-
دىغىنى، كۆرىدىغىنى، سۆزلىشىدىغىنى بىگانە ئاياللار ئىكەنلى-
كىنى، شۇنىڭغا قارىماي ئۆزىنى قاتتىق كۈنلەپ، يوغانراق نەپەس
ئېلىشقىمۇ ئىمكانىيەت بەرمەيۋاتقانلىقىنى، قېيناتىسى مەرۇپ

ئاقساقالمۇ ئوغلىنىڭ بۇ «تۆمۈر ئىنتىزام»لىرىنى قوللاپ: «ئا-
يال دېگەننىڭ شەيتىنى يامان، قاشا مۇستەھكەم بولمىسا، قورۇغا
لالما ئىتلار كىرىۋالىدۇ!» دەپ تېخىمۇ قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىد-
ۋالغانلىقىنى ئويلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن بوغۇلدى ۋە ئانىسىنىڭ
قوينىغا بېشىنى تىقىپ، كۆكسى ـ قارنى بوشىغۇدەك يىغ-
لىدى…

شۇنداق قىلىپ، شەھەر تارىخىغا يېزىلغۇدەك كاتتا ئۆتكەن
بۇ توينىڭ قىزنىقى بىر يىلغا قالماي يوقىلىپ، ئۇلار رىسالەتنىڭ
قاتتىق تۇرۇشى بىلەن ئاجراشتى…

سالمان شۇلارنى ئويلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئەزەل-
دىن كۆز قىرى چۈشكەن ئايالنى ھەر باب بىلەن قولغا كەلتۈرمەي
قويمايتتى. لېكىن سابىق قېيىنانىسى رىسالەت ئۇنىڭ قولىغا
چۈشمىدى. چۈشمەك تۇگۇل، كۆزىدىن ئوت چاقناتقۇدەك كاچات
ئۇرۇپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇ ئەلەم ھازىرغىچە ئۇنىڭ
يۈرىكىدە ئۆچمەس بىر داغ بولۇپ كېلىۋاتاتتى…

«خەير… ئۆتكەن ئىشتىن چۈش ياخشى! — دەپ ئۆز ـ
ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ مۈنچىدىن كېتىۋېتىپ، — دانالار: ‹ئاتال-
مىغان مۈشتۈكنى قوينۇڭغا سال!› دەپ بىكار ئېيتمىغان…»

سالمان ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم سەمىمىيلىك بىلەن ئۆزىگە
تەسەللى بەردى.

3

بۇ ئائىلىدە پەقەت زىياخانلا سالماندىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ
كۈندىن ـ كۈنگە بەڭۋاش، چېچىلاڭغۇ ۋە بەتخەج بولۇپ كېتىۋا-
تاتتى. ئارىلاشقان ئادەملىرىمۇ ھەرەڭ ـ سەرەڭ، قىلغان ئىشلى-
رى سىرلىق…

بولۇپمۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى ئۇجمە كۆڭۈللۈكى

ئانىغا ياقمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئوغلى بۇنداق بەڭۋاش، ھەم-
دەم خىياللىق بىلەن كېتىۋەرسە، تۇرمۇش ھامان بىر كۈنى
جازالىماي قويمايتتى. چۈنكى، بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم، ياخشىلىق-
نىڭمۇ، يامانلىقنىڭمۇ ھېسابى بولىدۇ. خۇدانىڭ ئارغامچىسى
ئۇزۇن بولغان بىلەن ھامان بىر كۈنى يىغماي قويمايدۇ! بۇ
ياۋاش، ئىچ كۆيەر ئانىنىڭ كۆز ئالدىدىن نېمە ئىشلار ئۆتمىدى؟
بېشىنى ئىچىگە تىقىپ جىم يۈرگەن بىلەن سالمانىنىڭ ھەممە
ئىشلىرىنى كۆڭۈل خاتىرىسىگە پۈتۈپ قويدى. ئۇنىڭ شۇنداق
ئەدەپلىك، چىرايلىق شاھنۇرنى بىر يىلغا قالماي قويۇۋەتكەنلىكى
ھازىرغىچە ئانىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدۇ؛ ماۋۇ ئوماق، يې-
قىملىق مەھلىيانىمۇ تېخى يېقىندىلا تاپقان، بىرنەچچە ئاي
بولار - بولماي، ئۇنىڭدىنمۇ سوۋۇپ، ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇ،
بىچارە قىزنىڭ ئەپتى - ئۆڭى بوۋلەكچە، بىر ئىش باردەك
قىلىدۇ... ئەمدى يەنە بىرنى ئارقىغا ساپتۇ، چاچلىرى قوڭۇر،
كۆزلىرى كۆك، كېچىسى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك يېنىپ تۇرىدۇ،
كەچكىچە ئۆينىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، «لۇشاڭ» دېگەن بىرنېمىنى
كۆرگىنى كۆرگەن!... يەنە ھېلىقى يۈزلىرىنى چاڭچىلىكەشتەك
بوياپ، ھېسىپتەك ئىشتاننى كىيىپ نايناقشىپ يۈرىدىغان قەلەم-
قاش چوكانچۇ تېخى... ۋاي خۇدايىم!... ئوغۇل بالىنى نەس
باسىدىغان چاغدا ئەتراپىغا ئايال‌لار ئولىشىدۇ، دەيدىغان، سالمان-
نى راستتىنلا نەس باسارمۇ؟!...
زىياخان بىر - ئىككى قېتىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىش
ئۈچۈن ئاغزىنى ئەمدى ئېچىۋېدى، سالمان قولىنى سىلكىپ:
«جاھانىنىڭ ئىشلىرىنى چۈشەنمەيسەن، ئانا، نامىزىڭنى ئوقۇ!»
دەپ قېقىۋەتتى. دادا بولغان ئادەممۇ بالىسىغا تۈزۈكرەك گەپ
قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى يان بېسىپ: «خوتۇن، ئوغلۇڭ
چوڭ بولسا يىگىتلىكىڭنى ئالىدۇ، قىز چوڭ بولسا جۇۋانلىقىڭ-
نى، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ھازىر ئوغلۇڭنىڭ ئەقلى

توشتى، ئۆز يولىنى تېپىپ ماڭالايدۇ!» دەپ تېخىمۇ خورىكىنى ئۆستۈرۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، سالمانىنىڭ كۈنلىرى مانا شۇ «پۇل، ئايال، ئويۇن» دېگەن ئۈچ بۇرجەك دائىرە ئىچىدە ئۆزلۈكسىز پىرقىراپ، شادىمان ئۆتۈۋەردى...

ئەزەلدىن ئەتىگەندە بىر ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەي كېتىۋاتقان پەجۋاخ ئانا گەرچە ھەر كۈنلۈك دۇئاسىدا ئوغلىغا ئىنساپ ـ تەۋپىق، بەخت ـ سائادەت تىلىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە، ئۇ ھامان بىر كۈنى تۇيۇقسىز پېشكەللىككە يولۇقىدىغاندەك بىر سېزىم ھېس قىلاتتى، بۇنى ئۇ، بەلكىم ئاللانىڭ بىزگە قىلغان بېشارىتىدۇر، دەپ چۈشىنىپ، تېخىمۇ بىئارام بولاتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن ئېرى ئىشتىن يېنىپ، كەچلىك تامىقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، خالىي ئولتۇرۇپ ئوغلى ھەققىدە يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مەن سالماندىن ئەنسىرەپ قالدىم، ئويلىسام ـ ئويلىسام، ئوغلىمىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر پېشكەللىككە يولۇقىدىغاندەكلا ھېس قىلىمەن... بەك بەڭۋاش بولۇپ كەتتى، قىزلار ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئالتە كۈندە بىر ئالماشتۇرۇپ كىيسە بولۇۋېرىدىغان دوپپا بولۇپ قاپتۇ... كىشىلەرنى قاقشاتقان ئادەم ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ياخشى كۈنگە قالمايدۇ... ئۆتكەن كۈنى ئۆيگە بىرنەچچەيلەننى باشلاپ كەلدى، داستىخان راسلاۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئالتۇن سودىسى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم... بۇ ئەتكەس مال تۇرسا...

كۈتۈلمىگەندە، مەرۇپ ئاقساقال قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، زىياخان نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ، چەكچىيىپ تۇرۇپ قالدى.

— خوتۇن، سەن بەكمۇ زامانىنىڭ ئارقىسىدا قاپسەن، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال كۈلكىسىنى توختىتىپ، — دېمەككىم، مەن ئىدارىدىكى، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى تەربىيە-

لەيمەن، دەپ يۈرۈپ، ئۆز يېنىمدا تۇرغان بىر قەدىناسىنى تەربىيىلەشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇ سەۋەنلىك مەندە! بۇنىڭدىن كېيىن سەن بىلەن كۆپرەك مۇڭداشسام بولغۇدەك. دېمەككىم، هازىرقى ۋەزىيەت، هازىرقى زامان پۈتۈنلەي باشقا. بىزنىڭ ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش دېگەن سىياسىتىمىز جۇڭگونىڭ قالاق روهىنى، كونا قىياپىتىنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. دېمەككىم، بىز هازىر كىشىلەرنى قوي قوتىنى، توخۇ كاتەكلىرىدىن بوشۇپ چىقىپ، پاتمان - پاتمانلاپ پۇل تېپىشقا، تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك، باياشات، پاراغەتلىك ئۆتكۈزۈشكە سەپەرۋەر قىلىۋاتىمىز. دېمەككىم، پارتىيىمىزنىڭ بۇ دانا سىياسىتى ئوغلۇڭدەك دۇنيانى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان، سەزگۈر، ئىقتىدارلىق ياشلار تەرىپىدىن ئىشقا ئېشىۋاتىدۇ. ئۇلار هازىرقى دەۋرنىڭ پەخرى، ئاۋانگارتلىرى! بابا ئالتۇننىڭ گېپىنى قىلدىڭ، دېمەككىم، هازىر پۇلنىڭ ئورنى ئەرشئەلاغا چىقتى. ئۇنىڭ ئاچالمايدىغان قۇلۇپى، ئۆتەلمەيدىغان تېمى يوق! هازىر پۇل ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان دەۋر! دېمەككىم، سالمان يەنە بىرنەچچە يىل غەيرەت قىلسا، بىر قىسىم پۇللىرىمىزنى چەت ئەل بانكىلىرىغا قويۇۋالمىساق بولمايدۇ! دېمەككىم، مېنىڭ ئورنۇم، هوقۇقۇم ساڭمۇ، سالمانغىمۇ بەخشەندە ئەمەس، ئۇنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەندىن تارتىۋالىدۇ، شۇ چاغقىچە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىۋالغىنىمىز قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەندە ئورۇن، هوقۇق بولمىسىمۇ، پۇل يەنە مېنى كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، دېمەككىم، كونىلار: «ئــالتۇنلۇق ئــۆيدە جــان دەركار» دەپ بىكار ئېيتمىغان! ...

زىياخان تۇرۇپلا قايىل بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ «ۋەزىيەتتىن، دەۋردىن ئارقىدا قالغان» لىقىغا تەن بەردى. ئۇ، بۇرۇن ئايالىلار بىرلەشمىسىدە ئىشلەيدىغان چاغدا، ئانچە - مۇنچە ماتېرىيال كۆرەتتى، يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى ئاڭلايتتى. لېكىن ئۇچ

يىلىنىڭ ئالدىدا پېنسىيىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن، راستىتىنلا قۇدۇقتا چۈشكەندەك، جاھاندىن خەۋەرسىز قالدى. ئېھتىمال يولدىشى ھەقلىقتۇر… پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتى شۇنداق بولغانىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشمەي بولامدۇ؟! بۇنداق ئەر-كىن، كەڭتاشا ۋەزىيەتتە سالماندەك ياشلارنىڭ ئاۋانگارت بولىدى-غانلىقى تۇرغانلا گەپ… زىياخان ئەزەلدىن يولدىشىنىڭ گەپلىرى-گە شەكلەنگەن ئەمەس، ئۇنىڭ نەزىرىدە، يولدىشىنىڭ سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە نەزەرىيە سەۋىيىسى يۇقىرى، ھازىرقى ھوقۇق-دارلار ئىچىدە ئۇنىڭدەك پىشقان، تەجرىبىلىك، تۆھپىكار ئادەم-لەر ئاز ئۇچرايدۇ. ھازىر تەختتە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ قايسى-بىرى ئۇنىڭدىن ئۇستۇن؟!… ئۇ ھەقىقىي ئىنقىلابچى، كامالىغا يەتكەن بىر رەھبەر!…

زىياخان مۇشۇ تەرەپلەرنى ئويلىغاندا، ئېرى مەرۇپ ئاقسا-قال ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخىمۇ يۇكسەك قەد كۆتۈرۈپ ئۇنى زوقلاندۇراتتى، پەخىرلەندۇرەتتى. ئۇنىڭ سادا، ئاق كۆڭۈل تەسەۋۋۇرىدا، ئۇ ھەممىشە داھىيانە قىياپەت ۋە سالاپەت بىلەن نامايان بولاتتى!…

ئۇلار يېتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، سالمان كەلدى. زىيا-خان ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئاتا - بالا مېھمانخانىدا قالدى.

— ئىشلىرىڭ قانداقراق؟ — سورىدى مەرۇپ ئاقساقال قايتىدىن ساپاغا چۆكۈپ، — دېمەككىمۇ، بىرنەچچە كۈن بولدى ئەھۋاللىشالمىدۇق…

— خاتىرجەم بولۇڭ، دادا، — دېدى سالمان موتىسكلىتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىدا پىرقىرىتىپ ئولتۇرۇپ، — ھەممە ئىش ئۆز جايىدا…

— ھېلىقى زېرىنىڭ كەم قالغان پۇلىنى قانداق قىلدىڭ؟

— ئاللىقاچان ئۇندۇرۇپ، ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويدۇم.

— ئۇ ھەقتە بىرەر گەپ ئاڭلىمىغانسەن؟

— زىرە توغرىسىدىمۇ؟ ياق، تىنچلىققۇ...

— ھامۇت كەنجى يىغىندا بەزى گەپلەرنى قىلىۋېدى، دېمەككىم، مەن بىرئاز گۇمانلىنىپ قالغانىدىم، خەيرىيەت...

— ئۇنىڭ ئوغلى ئادىلمۇ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان بوپتۇغۇ؟

— نەدىن ئاڭلىدىڭ، دېمەككىم، مەكتەپتىن بوشىنىپ چىقامدىكەن؟

— ئاڭلىشىمچە، جاڭ شۇجىنىڭ ئوغلى جاڭ لىنىڭ شىركىتىگە پايچىك بولۇپ قاتنىشىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھىم!...، — مەرۇپ ئاقساقال ئېڭىكىنى قېقىپ، مىيىقىدا كۈلدى، كۆڭلىدە ئۆزى قۇرغان پىلانىنىڭ، ئوچۇقراقى، يوشۇرۇن تۇزاقىنىڭ كارغا كەلگەنلىكىنى ئويلاپ، بۇ ئىشقا قول تىققان ھېكمەت سوپىغىمۇ غايىبانە رەھمەت ئېيتىپ قويدى.

— خوش، قەھۋەخاناڭنىڭ پايدىسى قانداقراق؟ — ئەمدى ئۇ ماۋزۇنى باشقا تەرەپكە يۆتكىدى.

— كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتىدۇ، دادا، يېقىندا ئەدھەم يەنە بىر زىيارەت ماقالىسى يېزىپتىكەن، خېرىدارلىرىمىزنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى...

— ياخشى... دېمەككىم، ھەرقانداق ئاكتىپ ئامىللاردىن پايدىلىنىشنى بىلىش كېرەك. خوش، پۇلنى تۇتۇشقا دىققەت قىل، پۇل دېگەن ئالىقىنىڭدىكى قۇشقاچقا ئوخشايدۇ، ئۇنى قاتتىقراق سىقساڭ مىچچىدە بولۇپ كېتىدۇ، بوش تۇتساڭ پۇررىدە ئۇچۇپ كېتىدۇ. دېمەككىم، ئۇنى ھەم مىچچىدە قىلىۋەتمەي، ھەم پۇررىدە ئۇچۇرۇۋەتمەي، جايىدا تۇتۇش كېرەك!...

— دادا، مۇنداق بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى سالمان دەرھال گەپنى يۆتكەپ، — ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسى يېڭىشەھەر رايونىدا بىرنەچچە كورپۇس بىنا ساپتۇ. ئىدارىڭىز نامىدا شۇ يەردىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدىن بىرنى ئېلىپ بەرسىڭىز قانداق؟

— نېمە قىلىسەن؟
— ئىسكىلات قىلىمەن. بىزنىڭ ماۋۇ ئۆي قۇلايسىز بولۇۋا-
تىدۇ، ھازىر ماڭا ئاشۇنداق بىر ئۆي بەك زۆرۈر، دادا.
مەرۈپ ئاقساقال بىرئاز ئويلاندى، ئوغلىنىڭ كۆرسەتكەن
سەۋەبلىرى خېلى يوللۇق ئىدى. شۇڭا، كېسىپلا ئېيتتى.
— بولىدۇ، ئىشخانا مۇدىرىغا ئېيتاي، دېمەككىمۇ، ئىدارە
نامىدا ھەل قىلايلى!
— سىز بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئىش
بار، — دېدى سالمان دادىسىنىڭ يېنىغىراق سىلجىپ، —
تۈنۈگۈن يېڭى بىر ئۇچۇر ئاڭلىدىم. تاشقى سودا ئىدارىسى ئامې-
رىكا بىلەن ياپونىيىگە ئىنەكپىتى[①]ئېكسپورت قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ-
نى غۇلجىدىكى نىلقا، كۈنەس، توققۇزتارا قاتارلىق ناھىيىلەردى-
كى شەخسلەردىن يىغىدىكەن. ئەگەر بىز بىر قىسىم ئىنەكپىتىنى
قولغا كىرگۈزەلىسەك، ئۆزىمىز چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن
بىۋاستە توختامنامە تۈزۈپ، نۇرغۇن تاشقى پېرېۋوتقا ئىگە
بولاتتۇق...
— سېنىڭچە، قانچىلىك پايدا ئالغىلى بولىدىكەن؟ —
مەرۈپ ئاقساقال تاشقى پېرېۋوتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قىزىقىپ
قالدى.
— شەخسلەردىن كىلوسىنى بىر يۈەن سەكسەن پۇڭدىن
يىغىدىكەن، چەت ئەلگە ئون يەتتە قاتلىنىپ چىقىدىكەن. ئەگەر
سىز ئىلىدىكى ئەبدەنباي بىلەن سۆزلىشىپ، ئەللىك توننىدەك
ئىنەكپىتى سېتىۋېلىشىمىزغا رۇخسەت ئېلىپ بەرسىڭىز، قالغان
ئىشنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، ئۇ چاغدا پۇل دېگەن ئىشكىتىنمۇ،
دېرىزىدىنمۇ كىرىۋېرىدۇ...
— ئەبدەنباي قوشۇلارمۇ؟ — مەرۈپ ئاقساقال سەل

① ئىنەكپىتى — جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپتە ئابدىسىلىك دەپ ئاتايدۇ.

ئارىسالدى بولۇپ قالدى، سالمان دەرھال ئۇنى قېقىتتى:
— ئەبدەنباي ئۇزۇن يىل قول ئاستىڭىزدا ئىشلىگەن ئادەم، دادا. ئوبلاستتا يۆتكىلىدىغان چاغدىمۇ، ئۆزىڭىز ئالاھىدە باھالاش-نامە يېزىپ بەردىڭىز، شۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۆستى. كېيىن قىزىنى ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگۈزىدىغان چاغدا بىرمۇنچە پول ماڭ-دۇق. مېنىڭچە، شۇ ئىشلارنىڭ ئاز - تولا يۈزى بولار! مېنىڭ-چە، مۇنداق قىلايلى، ئاۋۋال سىز تېلېفون بېرىپ، ئىشنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويۇڭ، ئارقىدىن مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئېلىپ، شاققىدە ئايروپىلان بىلەن باراي، ئەلۋەتتە «قۇرۇق قوشۇق ئېغىز يىرتىدۇ»، خەت بىلەن بىللە ئاز - تولا ئادەمگەر-چىلىكمۇ قىلىمەن! ماڭا پەقەت بىرەر ناھىيىنىڭ تاغلىرىدىكى ئىنەكپىتىنى سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلسىلا بولدى.. بۇ، شەخس-لەر بىلەن بولىدىغان مۇئامىلە بولغاچقا، ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىغا پۇتلاشمايدۇ!...
— بولىدۇ، ئەتە ئەبدەنبايغا تېلېفون بېرىپ باقاي...، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئوغلىنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇ-لۇپ، — دېمەككىم، بۇ بىر پارچە لوق گۆش ئىكەن، ئامال بار قولغا كەلتۈرەيلى!
سالمان «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك، ئورنىدىن تۇردى ۋە قاتتىق بىر ئەسنىۋېتىپ، ياتاق ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. شۇ چاغدا مەرۇپ ئاقساقال تۇيۇقسىز مەھلىيا توغرىسىدا سوراپ قالدى:
— ئۇ قىزنى قانداق قىلماقچىسەن؟ دېمەككىم، ئۇ سەندىن ئاسان ئاجرايدىغاندەك ئەمەس...
— ئۇنى ئۆزۈم بىلىمەن، دادا. سىزگىمۇ، ئائىلىمىزگىمۇ گەپ كەلمىگۈدەك بىر تەرەپ قىلالايمەن!
— بىلەمسەن، — مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئاۋازى سەل جىددىي-لەشتى، — دېمەككىم، ئەسكىدىن يا يېرىلىپ قۇتۇلۇش كېرەك، يا يېلىنىپ قۇتۇلۇش كېرەك!
سالمان پەرۋاسىزلا ئۆز ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## ئىككى شىشە جاھانكەزدى «ماۋتەي»

### 1

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلدى. مېھماننىڭ يۈزى ئورۇق ۋە سوزۇنچاق، بېشىمۇ غوزا باش ئىدى. ئۇ ئىنگلىزچە خەت بېسىلغان بىر سېرىق سۇلياۋ سومكىنى كۆتۈرگىنىچە مېھمانخانىغا كىردى.

— ھارمىغايسىز، بۇرادەر، — دەپ ئۇنىڭغا قىزغىن قول ئۇزاتتى مەرۇپ ئاقساقال، — دېمەككىم، يۇرتتىن قاچان كەلدىڭىز؟ ئەل - يۇرت، دوست - ئاغىنىلەر ئامانمىكەن؟

مېھمان قولىدىكى سومكىنى ساپانىڭ يېنىغا قويۇپ، ئالدىرىماي جاۋاب بەردى:

— تۈنۈگۈن كەلدىم، ئاقساقال، ئۆزىڭىزگە پۈتۈن ئەل - يۇرت سالام ئېيتتى، ئەل - ئاغىنىلىرىڭىز سېغىنىپتۇ... ماۋۇ، ھاشىم جىگىلىنىڭ سىزگە ئەۋەتكەن سوۋغىتى ئىدى، ئامانەتنى كېچىكتۈرمەي، دەپ ئەكېلىشىم...

مېھمان سۇلياۋ سومكىنى ئېلىپ، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، مەرۇپ ئاقساقال ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ، ئىچىدە نېمە بارلىقىنى پەملەپ كۆردى، سومكا خېلى قورساقلىق ئىدى...

— ھە، راست، نىياز ۋالىي سىزگە ئالاھىدە سالام يول-

لىدى، — دېدى مېهمان ۋە يانچۇقىنى كولاپ بىر پارچە خەتنى ئالدى، — مانا بۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئامانىتى...
مەرۇپ ئاقساقال كونۋېرتنى ئاۋايلاپ يىرتىپ، خەتنى ئاچ-تى، بىر ۋاراق ئىش قەغىزىنىڭ يېرىمىغا يېزىلغان خەتتە مۇنداق نەرسىلەر ئېيتىلغانىدى:
«... سىز ئۆتكەنكى ئوتتۇز تونىنا زىرە ئۇچۇن ناھىيىلىك سودا كوپىراتىپىغا ئىچكى باھا بىلەن ئىككى دانە ئىمپورت ماشى-نىسى ھەل قىلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلغانىدىڭىز، بۇ ئىش ھازىر-غىچە ئەمەلىيلەشمىدى، ئۇ يەردىكىلەرگەپ - چۆچەك قىلىۋاتى-دۇ، بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ تارتقان زىيىنىمۇ ئاز بولماپتۇ. مەن ئارىلىشىپ قالغاچقا، ھازىر قاتتىق تەڭقىسلىقتا قالدىم... كەمىنە بۇرادىرىڭىزنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن! ...»
خەت مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى، بۇنداق كۆ-ڭۈلسىز خەۋەرنى ئەكەلگەنلىكى ئۈچۈن، مېهمانغىمۇ يەر ئاستى-دىن ئالىيىپ قويدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ ناھىيىلىك سودا كوپىرا-تىپىغا ئەرزان باھادا ئىككى دانە ئىمپورت ماشىنا ئېلىپ بېرى-مەن، دەپ ۋەدە بەرگىنى راست! لېكىن ۋەدىسىنى ئورۇندىيالمى-دى، چۈنكى شۇ ئارىلىقتا ھۆكۈمەتتىن ھۆججەت چۈشۈپ، ماشى-نا باشقۇرۇش چىڭىپ كەتتى، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بېشى پاتىدى-غان بۇرۇنقى يوچۇقلار ئېتىلىپ، يېڭى قائىدە - نىزاملار چىق-تى. ئۇ يېڭى يوچۇق ئېچىش ئۈچۈن شۇنچە ھەرىكەتلەنگەن بول-سىمۇ، تېخىچە بىرەر يەردىن كۆڭۈلنى خۇش قىلغۇدەك يورۇق چۈشمەيۋاتاتتى!
— خوش، ئاقساقال، ئەمدى مەن قايتاي، — دېدى مېهمان ئورنىدىن قوزغىلىپ، — ئەتە ئىشقا چىقمىسام بولمايدۇ، ھازىر باللار بىلەن ئازراق بازارلىق ئىشلىرىم بار ئىدى...
— رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلىپتىمەن، — دېدى مەرۇپ

ئاقساقالمۇ ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا، — كېلىپ تۇرۇڭ، دېمەككىم، يۇرتداشلار ئىزدىشىپ تۇرمىساق بولمايدۇ...

مېھمان ئۇزاپ كەتتى. مەرۇپ ئاقساقال قايتىپ كىرىپ، ھاشىم جىڭلىنىڭ سوۋغىسىنى قولىغا ئالدى، سىرىق سۇلياۋ سومكىدىن ئۇچ خىل نەرسە چىقتى: ئىككى كىلوگرام پىستە بادام، ئىككى كىلوگرام سوقا چىلان، ئىككى شىشە ھاراق!

مەرۇپ ئاقساقال نېمە ئۇچۇندۇر ھاراقنى قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلگەنىدى. قىزىل يىپەك لېنتا بىلەن بىر - بىرىنى چېتىپ، كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ئەپلىك قىلىپ قويۇلغان بۇ ئىككى شىشە «ماۋتەي» ھارىقى ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا تۇيۇلدى، ئۇ تېخىمۇ زەن قويۇپ قارىۋېدى، پەرىزى توغرا چىقتى. ئەنە، ھەر ئىككى شىشە ھاراقنىڭ ماركىسىغا يېزىلغان ئۇنىڭغا تونۇشلۇق لاتىنچە «M» ھەرپى تېخىچە ئېنىق تۇراتتى. مەرۇپ ئاقساقال ھېسابلاپ كۆردى، بۇ ھاراق ئۆتكەن «قۇربان ھېيت» نىڭ ھارپىسىدا قول ئاستىدىكى بىر خەنزۇ كا-دىر تەرىپىدىن مەرۇپ ئاقساقالغا مەلۇم مۇددىئا بىلەن ھېيتلىق سوۋغا قىلىنغانىدى. ئېھتىمال ئۇ كىشى «مەرۇپ ئاقساقالغا» دېگەن مەنىنى بىلدۇرۇش ئۇچۇن، ماركىنىڭ بىر چېتىگە قارا قەلەم بىلەن «M» ھەرپىنى يازغان بولسا كېرەك، مەرۇپ ئاقسا-قال بۇنى شۇ چاغدىلا كۆرگەن ۋە شۇنداق چۈشەنگەنىدى. ھېيت ئۆتۈپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئاقساقالنىڭ خۇمارى تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئازراق تېتىپ بېقىش ئۇچۇن ئىشكاپنى ئاختۇرغاندا ھاراق كۆرۈنمىگەن، ئايالىدىن سورىغاندا، ئىككى كۈن بۇرۇن ئوغلى سالامنىڭ كىمدۇر بىرىگە سوۋغا قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلگە-نىدى. مانا بۈگۈن ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتكەندە، بۇ ھاراق شۇ پېتى يەنە ئۆزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شەك - شۈبھىسىز شۇ، ھېچقان-داق ئۆزگەرمىگەن! پەقەت قولدىن - قولغا تولا ئۆتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، تۇتقا قىلىنغان ھېلىقى قىزىل لېنتا بىرئاز كىر-

لىشىپ تولغىشىپ قاپتۇ، ماركىنىڭ بىر چېتىدىكى ھېلىقى
سىمۋوللۇق «M» ھەرپىمۇ سەل - پەل ئۆزگۈرۈپتۇ...
مەرۇپ ئاقساقال ھاراقنى ئىشكاپقا قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭ تۆت
ئايلىق ئۇزاق «سەپىرى»نى تەسەۋۋۇر قىلدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ
ئادەتتىكى «ماۋتەي» ئەمەس، بەلكى جاھان كەزگەن، نۇرغۇن
ئادەملەرنىڭ دۇئاسى بىلەن دەمىدىگە ئايلىنىپ كەتكەن خاسىيەت-
لىك «ماۋتەي» ئىدى. ئۇ، بۇ جەرياندا قانچىلىغان ئىشىكلەردىن
كىرىپ، قانچىلىغان قوللاردىن ئۆتۈپ، قانچىلىغان ھەشەمەتلىك
ئىشكاپلاردىن ئورۇن ئالغاندۇر؟! قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ كۆڭ-
لىدىكى يوشۇرۇن سىرلىرىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى، تەلەپ ئېھ-
تىياجىنى بىر - بىرىگە چۈشەندۇرگەندۇر؟! شۇ جەرياندا قانداق
مۇرات - مەقسەتلەر، قانداق سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي يوشۇرۇن
سودىلار بىر تەرەپ بولغاندۇر؟!... مەرۇپ ئاقساقال بۇلارنى
قىياس قىلالايدۇ، «ماۋتەي»نىڭ مۇشۇ ئۆيدىن چىقىپ، تۆت ئاي
ئايلىنىپ يەنە مۇشۇ ئۆيگە قايتىپ كېلىشى بۇنى ئوچۇق چۈشەندۇ-
رۇپ تۇرمامدۇ؟! يەنە كېلىپ، يىراقتىن بۇنى ئەۋەتكەن كىشى-
نىڭمۇ «ماۋتەي» دىن كۈتكەن ئۈمىدى كىچىك ئەمەس! «ماۋ-
تەي» ئۆزى بىلەن بىللە بۇ ئۆيگە ئاز دېگەندە بىر دەرىجە «ئەمەل»
ئۈچۈن گۈپپاڭچىلىق قىلىش ياكى «ئۇرۇمچىگە يۆتكەش» كە يول
ئېچىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۇ تۆت ئايدىن بېرى ھەر خىل، ھەر ياڭزا ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە
ئېلىپ، بىر دائىرىدىن بۆسۈپ چىقالمىغان. بۇ دائىرە باشقا
نەرسە ئەمەس، دەل ئاشۇلار تۈجۈپىلەپ توقۇغان «مۇناسىۋەت
تورى!» بۇ تور ھازىر ۋابا كېسىلىدەك يامرىماقتا! بۇ تورنى
كىشىلەر كۆز بىلەن كۆرەلمىسىمۇ، قول بىلەن تۇتالمىسىمۇ،
لېكىن ئۇ كىشىلەرنى چىرىتماقتا، بوغماقتا. بۇ تورنىڭ ئىچىگە
چۈشكەن ھەق ئىشلار ناھەققە، ناھەق ئىشلار ھەققە؛ ئاق نەرسى-
لەر قارىغا، قارا نەرسىلەر ئاققا ئايلانماقتا! كۆلكىلەر يىغا

بىلەن، يىغىلار كۆلكە بىلەن ئالماشماقتا!... بۇ تۇر خىلمۇخىل رەڭلەردىن ھاسىل بولغان، ئۇنىڭدا توق قىزىل رەڭمۇ، ئاچ قىزىل رەڭمۇ، سىرىق ۋە يېشىل رەڭمۇ، ھەتتا قارا رەڭلەرمۇ بار. ئۇ خىلمۇ خىل يىپلاردىن ھاسىل بولغان، ئۇنىڭدا توم يىپلارمۇ، ئىنچىكە يىپلارمۇ، ئۇزۇن يىپلارمۇ، قىسقا يىپلارمۇ بار. قىسقىسى، بۇ مۇستەھكەم ھەم كېلەڭسىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە لەنىتى ھەم مۇدھىش تورنى ھەركىم ئۆزىگە يارىشا رەڭ ۋە يىپ چىقىرىپ توقۇغان. ھازىر بۇ تور بىرىپ - بىرىپ ھاكىمىيەت ئىستىلىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزۇپ، ئاددىي پۇقرالارنى — ھېچقانداق تايانچى، ھوقۇقى، مال - دۇنياسى ۋە سالاپىتى يوق ئاۋام خەلقنى قاقشاتماقتا، ۋەيران قىلماقتا! ئەك-سىچە، تور ئىچىدە ئىرمىشىپ - چىرمىشىپ يۈرگەن كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆز ھوقۇقىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، ھەيۋىتىد-نى، شاراپىتىنى كۆرمەكتە ۋە شۇنىڭ بىلەن مەست بولۇپ، راھەت - پاراغەت، ھەشەم - دەرەم ئىچىدە ياشىماقتا، ئوينىماق-تا، كۈلمەكتە... قىسقىسى، بۇ تور ئۇلارنىڭ ئالتۇنبېلىق تۇتالاي-دىغان سىرلىق قارمىقىغا ئايلانماقتا!...

مەرۇپ ئاقساقال سوۋغاتلارنى ئىشكاپقا سېلىۋېتىپ، بادام-دىن ئىككى - ئۈچ تال چاقتى، چىلاندىن ئىككى - ئۈچ دانە يېدى، شۇ چاغدا توساتتىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىمدۇر بىرىنىڭ بوغۇق ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى، ئۇ ئىت-تىك بۇرۇلۇپ، ئەتراپىغا قارىدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى، لېكىن ھېلىقى بوغۇق ئاۋاز توختىماي سۆزلەۋاتاتتى:

ئادەم ئۇچۇن پەقەت ئۆز ئەجرىدىن كەلگەن ھالال نەرسىلا تەنگە شىپالىق بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ھارامدىن كەلگەن شۇ نەرسى-لەر تەنگە سىڭەرمۇ؟! ھەي ئادەم، بىلىپ قوي، شۇنداق بىرئۇ-لۇغ ھېكمەت بار: «ھەممە كىشىنىڭ چىشى ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەردىن قامىسا، پارىخورلارنىڭ چىشى تاتلىق نەرسىدىن قامايدۇ!»...

مەرۇپ ئاقساقال چۆچۈگەندەك بولدى، كۆزلىرى ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى، مېھمانخانىدا، كارىدوردا ئۆزىدىن باشقا ھېچ-كىم يوق ئىدى. بۇ نېمە كارامەت؟! ئۇنىڭ نېرۋىسى بىلەن سەزگۈسى بۇزۇلمىغاندۇر؟ ئادەم بەزىدە چۈشەكىگەندەك بولىدۇ دەيدىغان، بۇ، شۇنىڭ تەسىرىمۇ - يا؟! ياكى ئۇنىڭ توساتتىن ۋىجدانى ئويغىنىپ، ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلىۋاتامدۇ؟!... توۋا!... ھە، راست... زىياخان ئىچكىرى ئۆيدە — جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خۇداغا تىلاۋەت قىلىۋاتامدۇ - يا؟!...

ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆز ئۆيىگە خۇدۇكسىرەپ قارىدى ۋە تەرەت كەشىنى شىپىلدىتىپ، ئايالى ياتىدىغان ئۆي تەرەپكە ئاستا بۇرۇلدى...

## 2

ھامۇت كەنجى ئەللىك ياشتىن ھالقىغان بەستلىك، سېمىز-لىكتە ئوتتۇراھال، قاشلىرى قاپقارا، كۆزلىرى نۇرلۇق، ماڭلاي چاچلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىگە ياراشقان، كېلىشىم-لىك ئادەم ئىدى.

ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى ئالدىراشچىلىقتا ئوغلى بىلەن سۆز-لىشىشكە ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. ئوغلىنىڭ ئەپتىدىن، يۈ-رۈش - تۇرۇشىدىن ئۆزىگە قىلىدىغان مۇھىم بىر گېپى باردەك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ بۈگۈن ئىشتىن يېرىم سائەت بۇرۇنراق كېلىپ، ئاددىي، لېكىن چوڭ سۆپەت ياسالغان مېھمانخانىسىدا ئوغلىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ھايال ئۆتمەي ئادىلمۇ كەلدى. ھا-مۇت كەنجى قولىدىكى ژۇرنالنى يېپىپ قويۇپ، ئۇنى يېنىغا چاقىردى.

— بۈگۈن گېپىڭنى ئاڭلاي، دەپ ساقلاپ تۇرۇشۇم، ئوغ-لۇم، — دېدى ئۇ ئادىلنى ئۆزۈلدىكى ساپاغا ئولتۇرۇشقا ئىشارەت

قىلىپ، — ئىككى كۈندىن بېرى راستتىنلا ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق...

ئادىل دادىسىغا روبىرو ئولتۇردى ۋە چىم - چىم گۈللۈك، جىگدە غازىڭى رەڭگىدىكى گالىستۇكىنى سەل - پەل بوشىتىپ قويۇپ، سۆزگە كىرىشتى:

— چوڭ گەپمۇ يوق، دادا، خىزمەتتىن بوشىنىپ چىقىپ، ئاز - تولا پۇل تاپاي دەيمەن، شۇ. مەكتەپمۇ رۇخسەت بېرىدىغان بولدى!

ھامۇت كەنجى ھودۇقمىدى، سىياقىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى، يەنە شۇ ئېغىر - بېسىقلىقى بىلەن سورىدى:

— قانداق تاپىسەن؟

— سودىگەرچىلىك قىلىمەن، شۇ، — دېدى ئادىل پەرۋا-سىزلا، — دەسلەپ شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن سەپەرلىرىنى قىلىمەن، كېيىنچە تەرەققىي قىلىپ، شياڭگاڭ، پارىژ، توكيو بولىدۇ!

— پاھ!... پىلانىڭ چوڭ، نەپسىڭ يوغان ئىكەنغۇ؟! — دېدى ھامۇت كەنجى مىيىقىدا كۈلۈپ، — شۇنچىلىك دەسمايەڭ بارمۇ؟

ئادىل ئىككى قولىنى ئىككى ياققا يايدى:

— مەندە دەسمايە نېمە ئىش قىلسۇن، دادا. دەسمايە دېگەن سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇپتۇغۇ! سېنىڭ قولۇڭدىكى ھوقۇق، ئىمتى-يازدىنمۇ چوڭ دەسمايە بارمۇ؟

— مۇنداق دېگىن! — ھامۇت كەنجى بىردىنلا سەگەك-لەشتى، — شۇڭا، ئۆزۈڭ قىلىۋەرمەي، مەن بىلەن سۆزلەش-مەكچى بوپتىكەنسەن - دە! ئوغلۇم، مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، ھوقۇق ماڭا بېرىلگەن قانداقتۇر ئىمتىياز ئەمەس، بەلكى ئادا قىلمىسام بولمايدىغان بىر خىل جىددىي مەسئۇلىيەت!

— دادا، سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ھازىر ھەممە ئادەم

بېيىنۋاتىدۇ، — دېدى ئادىل ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ، — ئۆزۈڭنىڭ ئىدارىسىدىكى مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئوغلى سالمانمۇ نۇرغۇن پۇل تاپتى! سوتسىيالىزمنى بىر قىسىم ئادەملەر يەپ تۈگىتىۋەتسە بولامدۇ؟! ئۇنىڭدا مېنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئۇلۇشۇم يوقمۇ؟!

هامۇت كەنجى ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ تەلەپچان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قاشلىرى يىمىرىلدى، كىرپىكلىرى قىسقىراپ، كۆزى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. قارىغاندا، ئوغلىنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقى خېلى كۈچلۈكتەك قىلاتتى...

شۇنداق، ئادىل خېلى قاتتىق بىلەنگەنىدى، ئۇنداق - مۇنداق گەپلەر ئۇنىڭ بىسىنى ئاسانلىقچە قايتۇرالمايتتى. مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تاپشۇرۇقىنى هېكمەت سوپى خېلى ئۇستاتلىق بىلەن ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىشلىگەنىدى. ئۇ ئادىلنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مۇڭداشتى، قەھۋەخانىلارنى ئايلاندۇرۇپ كۆزىنى ئاچتى، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كۆز ئۆڭىدە «پۇل» دېگەن بۇ ساھىبجامال بىلەن ئاجايىپ بىر سېھرىي دۇنيانى ئېچىپ، ئۇنى ئاق بۇلۇتلار لەيلەپ، چوكانتاللار سايە تاشلاپ، بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ، ناخشا - مۇزىكىلار ياڭراپ تۇرغان جىلۋىدار بىر ماكانغا باشلاپ كىردى. تۆت ئەتراپى پۇل بىلەن قوپۇرۇلغان، ئۇنچە - مەرۋايىتلار بىلەن نەقىش چېكىلىپ، هۆر - پەرىلەر بەزمە قۇرغان بۇ جىلۋىدار ماكان ئەمدىلا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەن رومانتىك يىگىتنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، هېسسىياتچان يۈرىكىنى تېزلا ئەسىر قىلغانىدى.

— ئادىل، هەركىم ئۆز تارىخىنى ئۆزى يازىدۇ، ئوغلۇم، — دېدى هامۇت كەنجى بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، — شەرەپلىك تارىخمۇ، شەرمەندە تارىخمۇ كىشىنىڭ ئۆز يولى، ئۆز ئىشى، ئۆز قولى بىلەن يېزىلىدۇ. بايا ياشاش توغرىسىدا گەپ قىلدىڭ، مېنىڭچە، ئادەم هاياتلا بولىدىكەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىر-

غىچە ئاچا يولىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان بولىدۇ. ئالىيجاناب ئادەم-لەر ئەڭ مۇشكۈل پەيتلەردىمۇ توغرا يولغا ماڭىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ باسقان قەدىمى ئۈچۈن بۇگۈنمۇ، ئەتىمۇ جەزمەن جاۋاب بېرىدۇ! ئوغلۇم، سەن ھازىر كىچىك ئەمەس، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەۋاتقان شەرەپلىك بىر ئوقۇتقۇچى! شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئەمەلدارلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، چىرىكلىكى ھۆ-كۈمەتنى ۋە سىياسەتنى كرىزىسقا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمەلدارلارنىڭ ئوبرازى، ئىستىلى جەمئىيەتكە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئوبرازى خۇنۇك، ئىستىلى ناچار بولسا، ئۇ ئاشۇ ئەمەلدار بىلەنلا كەتمەي، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ شانلىق ئوبرازىنى بۇزىدۇ، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا داغ تەگكۈزىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، زىيان تارتىدىغىنى يەنىلا دۆلەت ۋە خەلق بولىدۇ!

— ئىستىلنى توغرىلاش، پاكلىقنى ساقلاش ئۈچۈن، ھۆكۈ-مەت كادىرلارغا يۇقىرى مائاش بەرسىلا بولمامدۇ؟ — دېدى ئادىل ئۆز كۆز قارىشىنى جاھىللىق بىلەن ئىزاھلاپ، — ھازىرقى ھەممە ئىش كادىرلارنىڭ مائاشىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن، ياخشى تۇر-مۇش كەچۈرەلمەيۋاتانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ!

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، ئادىل! — دېدى ھامۇت كەنجى جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئەقىلغە سىغمايدىغان گەپ! بىزنىڭ دۆ-لىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، پارتىيىمىزنىڭ پاكلىقىنى ساقلاپ كەلگىنىگە ئاتمىش نەچچە يىل بولاي دەپ قالدى. مۇنداق پارلاق، مول ئەنئەنە بار يەردە، پەقەت يۇقىرى مائاش بېرىلسىلا پاكلىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ، دېگەن گەپ قانداق گەپ، بۇ گې-پىڭنى ئەكسىگە قايتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاشۇ خىيانەتچىلىك قىل-غان، پارا يېگەن، چىرىگەن ئۇنسۇرلارنىڭ قايسىبىرى «نامرات-لىقتا قالغان» لىقىدىن ئاشۇنداق يولغا مېڭىپ قالغان؟! ئۇلار-نىڭ قايسىبىرى ئاشۇ يوللار بىلەن نۇرغۇن مال - دۇنياغا ئىگە

بولغاندىن كېيىن، قايتا ئىنساپقا كېلىپ، ئازراق بولسىمۇ «پاك» بولۇپ باققان؟ !…بۇ ھەرگىزمۇ مائاشىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىدىكى مەسىلە ئەمەس. بۇ مەسىلىنىڭ يىلتىزى كاللا بىلەن يۈرەكتە! ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كاللىسى ئۆزگەرگەن، ئۆزگىرىپ نەپسانىيەتچىلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغان؛ ئۇنىڭ يۈرىكى قارامالاشقان، قاراملىشىپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى — پارتىيىنىڭ بىر رەھبىريي كادىرى، خەلقنىڭ چاكىرى ئىكەنلىكىنى، ئۇلۇغ بىر سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ پەخىرلىك پۇقراسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان!

— لېكىن، دادا، سەنمۇ كۆرۈۋاتىسەن، ھازىر دۆلەتنى قانداقتۇر قانۇن، ئەخلاق دېگەنلەر ئەمەس، بەلكى مۇناسىۋەت باشقۇرۇۋاتىدۇ! — ئادىل بىر تەرەپتىن دادىسىغا قايىل بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلىدىكى شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن پۇتۇنلەي قۇتۇلۇپ چىقالمايۋاتاتتى، — ئادەم ياشايمەن دەيدىكەن، ھەرقانداق قۇلاي شارائىتتىن پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك - ھە!

— توغرا ئېيتتىڭ، ھازىر بەزى ئىشلار تاپتىن چىققاندەك، ھەددىدىن ئاشقاندەك بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ھامۇت كەنجى رېئاللىققا تەن بېرىپ، — لېكىن ئۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى سەككىز يىللىق ئىسلاھات جۇڭگو جەمئىيىتىدە يېڭى تۈزۈلمە بىلەن كونا تۈزۈلمە ئارىلىشىپ كەتكەن يېپيېشقاق بىر ھالەت پەيدا قىلدى. بىز بۇ دەۋردىكى ئىشلىرىمىزنى ھېچقانداق تەييار ئەندىزە بولمىغان ئەھۋالدا، خۇددى «دەريادىن سىلاپ - سىيپاپ ئۆتۈش» تەك يۈرەكلىك ئىزدىنىش، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىش روھى بويىچە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، بۇ جەرياندا ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھەم ئىنكار قىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. ھازىرقى دەۋر كۈچلۈك نەزەرىيىۋى ئاڭنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نۆۋەتتە، نەزەرىيە ئەمەلىيەتنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتقان، رېئاللىق

نەزەرىيىگە جەڭ ئېلان قىلىشۋاتقان مەسىلە مەۋجۇت. بۇ بىزدىن نەزەرىيىۋى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈ-رۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوغلۇم، ئىسلاھات ھەم ئۇمىدلىك، ھەم ئازابلىق ئىش. ئۇنىڭ ئۇمىدلىك يېرى، جۇڭخۇانى گۇللەندۇ-رۇشنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يولى يوقلۇقىدا. ئۇنىڭ ئازابلىق يېرى، ئەگرى - توقايلىقلار ئىچىدىن ئۆزىگە خاس يول تېپىپ مېڭىشتا! كىشىلەر نەزەر سالماقتا، دىققەت قىلماقتا. ئېھتىمال، گۇمان ۋە ئەندىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز قەتئىي ئىشىنىمىز-كى، پارتىيىمىز خەلقىنىڭ ئۇمىدىنى، تارىخنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇ-قىنى چوقۇم يەردە قويمايدۇ، ئالغا بېسىش يولىدا پۇتلىكاشاڭ بولغان بارلىق توسقۇنلۇقلارنى پاك - پاكىز سۇپۇرۇپ تاشلاي-دۇ! — ھامۇت كەنجى سەل ھاسىرىغاندەك بولدى، ئالدىدىكى چايدىن ئىككى يۇتۇم ئوتلاپ، تېخىمۇ ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزىد-نى داۋام قىلدى، — ئوغلۇم، داداڭنىڭ گېپىگە كىرسەڭ، ھازىرقى تۇرمۇشۇڭغا قانائەت قىلىپ، پۇل - دۇنيا تېپىش نىيىتىڭدىن يان! ئادەم پۇلغا بەك بېرىلىپ كەتسە، ۋىجدانى سۇيۇقلىشىپ كېتىدۇ! سەن خەلقىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، مائارىپ سېپىنىڭ جەڭچىسى! ئوقۇتقۇچى دېگەن ناھايىتى ئۇلۇغ نام! يېقىندا ئوقۇغان بىر كىتابتىن جىبران دېگەن يازغۇچىنىڭ مۇڭ-داق بىر سۆزىنى كۆردۇم: «مەن ھەممە گۇزەللىكلەرنى — ياخشىلىقنى، سەمىمىيلىكنى، قەتئىيلىكنى، مۇھەببەتنى ئوقۇت-قۇچىمنىڭ جىسمىدىن قانغۇدەك كۆردۇم. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ گۇزەل-لىك ئىلاھى!» سەن ئۆز خىزمىتىڭنى قىل، ساڭا ھەممە نەرسە شۇنىڭدىن كېلىدۇ!...

ئادىل جىم بولۇپ قالدى، دادىسىنىڭ ئۆتكۇر، سەمىمىي سۆزلىرى ئۇنىڭغا خۇددى مېھرىگىياھنى ئوكۇل قىلىپ ئۇرغاند-دەك ئاستا - ئاستا تەسىر قىلىپ، كۆڭلىنى يورۇتقانىدى. ئۇ دادىسىنى ھۆرمەت قىلاتتى، دادىسىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى،

بىلىم سەۋىيىسى، پاك ـ دىيانەتلىكى ئۇنى قايىل قىلاتتى، پەخىرلەندۈرەتتى. ئۇ ئەزەلدىن دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ زىيان تارتقان ئەمەس، ئەكسىچە ئاڭلىماي قويۇپ، قاتتىق دەردكە مۇپتىلا بولغانىدى. ئۇ توققۇزىنچى سىنىپقىچە ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى، ئونىنچى سىنىپقا كۆچۈش ئالدىدا بىر قىسىم ناچار ساۋاقداشلىرىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، تۇرمۇشتا بۇزۇلدى، چېكىدىغان، ئىچىدىغان بولۇۋالدى، ھە دېسە قىزلارنىڭ ئارقىغا كىرىپ، ئىشقى ـ مۇھەببەت يولىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئۆگىنىشتە تۇيۇقسىز چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەن ھامۇت كەنجى بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق سۆزلەشتى. تەربىيە بەردى، پايدا ـ زىياننى كۆرسەتتى. لېكىن ئادىل دادىسىنىڭ ئالدىدا «ھە» دەپ قويۇپ، ئارقىدا يەنە ئۆزى بىلگەن ئىشنى قىلىپ يۈرۈۋەردى، دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى، ئاخىر چوڭ زىيان تارتتى: ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرەلمىدى، توققۇزىنچى سىنىپتىكى ۋاقتىدا ئۆزىدىن تۆۋەن ئوقۇيدىغان ساۋاقداشلىرى بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە ئوقۇشقا كەتتى، ئۇ يېرىم يىلدەك ئۆيدە بوغۇلۇپ، پۇچىلىنىپ ياتتى، ئاخىر يەنە شۇ دادىسى يول مېڭىپ، ئىككى يىللىق سىفەن مەكتەپتە پۇل تۆلەپ ئوقۇتۇپ، ئوقۇتقۇچى قىلىپ قويدى...

بۇ ئاچچىق ساۋاقلار ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى. شۇڭا بۇگۈن ھە دېگەندىلا كاتتا ئۈمىد ۋە قاتتىق ئەلپازدا مەيدانغا چۈشكەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا چېلىشتا يېڭىلگەن پالۋاندەك، ئاجىزلىقىغا تەن بېرىپ، «پۇل» دېگەن نام بىلەن كۆڭلىگە ئورناپ كەتكەن «ساھىبجامال»دىن دەسلەپكى قەدەمدە خېلى يىرگەندى، شۇنىڭ بىلەن كاللىسىنى قوداڭشىتقان شەيتان ۋەسۋەسىلىرىمۇ ئاستا ـ ئاستا غايىب بولۇشقا باشلىدى...

## 3

گۈلجان ئورنىدىن تۇردى. كىيىمىنى كىيىمەيلا، تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەينەكتە ئۇنىڭ باغىرتاق ۋە يىپەك كۆساردىن باشقا ھېچ نەرسە يوق بەدىنى ئوچۇق ۋە تولۇق كۆرۈندى. ئۇ ئەينەكتىكى ئەكسىگە باشتىن ـ ئاياغ ئۇزاق سەپسالدى. ئۇنىڭ بەدىنى ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق، كېلىشكەن، خۇددى چىنار نوتىسىدەك تۈز ۋە ئەۋرىشىم، پاختىدەك ئاق ۋە يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە مەستلىكى كەلدى، ئەينەك ئالدىدا ئىككى تەرەپكە مەجنۇنتالدەك چايقىلىپ، تىككىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تولۇق كۆكسىنى، سىدىلىق، پارقىراپ تۇرغان يۇمىلاق ساغرىسىنى ئۆزىچە ھەۋەس بىلەن كۆرەك قىلدى، شۇ پەيت ئۇ ئۆزىنى خۇددى بىر ئەر كىشىگە ئايلانغاندەك ھېس قىلدى، تىرناقلىرىغا لاك ياققان قوللىرى بىلەن ئەنە شۇ ئوماق، ھارارەتلىك بەدەنلىرىنى سىلىدى، مۇجىدى...

توۋا، غەلىتە سېزىم! ئۇنىڭ قوللىرى گويا باشقا بىرى قۇچاقلاۋاتقاندەك يەلكىسىدىن ئارقىسىغا ئۆتۈپ گىرەلەشتى. ئۇ راھەت ئىچىدە تولغاندى، تومۇرلىرىدىكى ئەرسىرىگەن قانلار شۇۋۇلداپ، بەدەنلىرى تېخىمۇ لەززەتلىك، تېخىمۇ تۇيغۇلۇق ھالەتكە كەلدى...

شۇ چاغ ئىشىك قېقىلىپ، ئۇنىڭ ئەمدى قۇتراۋاتقان ياشلىق ھېسسىياتى بەرھەم يېدى. ئۇ يۇگۈرۈپ بېرىپ ئۇخلاش كىيىمىنى كىيىشكە تەمشەلدى، لېكىن ئۇلگۈرەلمىدى، بىرى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

— ئۇيغۇرلاردىكى: «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دېگەن گەپ مانا مۇشۇنداق نەق ئىشقا قارىتىلغان، مەن ئاش ئەمەس، تاتلىق پىشقان لوق گۆش ئۈستىگە كېلىپتىمەن...

مېھمان ئوقچۇپ كېلىپ، كۆچلۈك بىلەكلىرى بىلەن گۈل-جاننى دەس كۆتۈرۈۋالدى، ئىككى - ئۈچ پىرقىرىتىپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى ۋە يۈز - كۆز، بويۇن، كۆكسىلىرىگىچە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى.

تۇيۇقسىز پەيدا بولغان، زاپاس ئاچقۇچلۇق بۇ مېھمان جاڭ داتۇ ئىدى. ئۇ، بۈگۈن رەتلىك، چىرايلىق كىيىنىۋالغانىدى، ئاق سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكا، قىزىل گىرىپ كۆڭلەك، ئەجدىھا سۈرەتلىك قارا گالىستۇك، ئېگىز پاشنىلىق مېغىز رەڭ بەتىنكە ئۇنى خۇددى دىپلوماتلاردەك سۆلەتلىك تۇسكە كىرگۈزۈۋەتكەنىدى. بېشىدا پاخپىيىپ، سالۋاراپ تۇرىدىغان چاچلىرى بۈگۈن ئانچە - مۇنچە ياسىلىپ، بۇدۇرلىنىپ، مايلى-نىپ خۇددى بۇلغۇن مويىدەك يالتىراپ تۇراتتى...

ئۇ ئۇزاق سۆيۈشتىن كېيىن توختىدى.

— بۈگۈن مەن سىزگە نۇرغۇن خۇش خەۋەر ئەكەلدىم، گۈلجان، — دېدى ئۇ كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىر تۇگۈن-چەكنى ئېلىپ، — مانا بۇ بىرىنچىسى، ئۈچ مىڭ يۈەن نەق پۇل! بۇ سىزنىڭ ئۆتكەندە مەرۋىپ ئاقساقال ئارقىلىق ھەل قىل-غان خام سۈرۈپنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن ھەققىڭىز.

گۈلجان بىر تاتازا ئەللىك يۈەنلىك يېپيېڭى تىزىنى ئالىقى-نىغا شاراقشىتىپ ئۇرۇپ قويدى.

— خام سۈرۈپتىن قانچىلىك پايدا ئالدىڭلار؟ — دېدى ئۇ جاڭ داتۇغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ.

— بۇ، شىركەتنىڭ مەخپىيەتلىكى، — دېدى جاڭ داتۇ گۈلجانغا كۆزىنى قىسىپ، — مەدەنىيەتلىك ئادەملەر بىرىنچى-دىن، ياشنى، ئىككىنچىدىن، بانكىدىكى پۇلنى سورىمايدۇ، ئاپ-ئېقىم. لېكى سىز يات ئادەم ئەمەس، ئاڭلىشىمچە، خام سۈرۈپ-تىن ئالغان پايدا ئالتە خانىلىق ساننىڭ ئىچىدە بوپتۇ، ئېنىق ھېسابىنى پەقەت خوجايىنلا بىلىدۇ. ئەمدى ئىككىنچى خۇش

خەۋەرنى ئاڭلاڭ، سۆيۈملۈكۈم، — جاڭ داتۇ شارتتىدە بۇرۇ-
لۇپ، گۈلجاننىڭ يۈزىنى يېنىككىنە موتاپ قويدى - دە، يانچۇقىد-
دىن ئىككى نەرسىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، — مانا ماۋۇ
ئايروپىلان بېلىتى، مانا ماۋۇ سىزنىڭ بىر ھەپتىلىك دوخ-
تۇر ئىسپىراپكىڭىز...

— بۇ نېمە گەپ، نەگە بارىدىكەنمەن؟ — سورىدى گۈلجان
ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— سىز ئەمەس، مەنمۇ بارىمەن، — دېدى جاڭ داتۇ ئۇنىڭ
خۇمارلاشقان كۆزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، — سەپىرىمىز گۇاڭ-
جۇ، ۋاقتىمىز بىر ھەپتە، ۋەزىپىمىز، شياڭگاڭدىن كېلىدىغان
كاتتا بىر لاۋبەننى كۈتۈۋېلىش...

— كېيىنچۇ؟

— ئۇنى گۇاڭجۇدا بىر ھەپتە ئويناتقاندىن كېيىن، ئۇرۇم-
چىگە باشلاپ كېلىمىز. بىزنىڭ خوجايىن ئۇنىڭ بىلەن چوڭ بىر
سودا توختامى تۈزمەكچى. ئەگەر سىز بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنى
كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىسىڭىز، خوجايىننىڭ سىزگە تېخىمۇ
چوڭ ھەشقاللىسى بار.

— مېنى مارسقا ئاچىقامدىكەن؟ — گۈلجان مىيىقىدا
كۈلدى.

— ئۇنىڭدىنمۇ ئېسىل يەرگە ئاپارماقچى، — دېدى جاڭ داتۇ
كاستۇمىنى سېلىۋېتىپ، — ئالدى بىلەن شىركەتكە ئورۇنلاشتۇ-
رۇپ، ئايلىقىڭىزغا بەش يۈز يۈەن مائاش بەرمەكچى، ئۆيىڭىز
«شەرق يولى» دىكى داچىدا بولىدۇ، ئاستىڭىزدا «خانتاجى» پىكا-
پى، ئالدىڭىزدا ئۆتكەنكى لىۇ خېنىم خىزمەت قىلىدۇ، شياڭ-
گاڭ، توكيو، پارىژلارغا يىلدا نەچچە قېتىم چىقىپ تۇرىسىز...

— پاھ - پاھ! ... چۈشۈمدە كۆرمىگەننى ئوڭۈمدا كۆرىدى-
كەنمەن - دە! — گۈلجان ھاياجانلانغاندەك تاڭلىيىنى چېكىپ
قويدى، — لېكىن، شياۋ جاڭ، بۇ گەپلەر خۇددى «دەللالنىڭ

دەسمايىسى يالغانچىلىق» دېگەندەك بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ !

— نېمە دەۋاتىسىز، گۈلجان! — جاڭ داتۇ ئاچچىقلانغاندەك قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى، — مەن سىزگە قاچان يالغان ئېيتقان؟ بىز بېيجىڭدا تونۇشقاندىن تارتىپ هازىرغىچە بىر - بىرىمىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىش قىلىپ باقتۇقمۇ؟ ! سىزگە راستىنى ئېيتسام، ئۆتكەنكى خام سۈرۈپ مەسىلىسىدىن كېيىن، خوجايىن سىزنىڭ ئەقىل - پاراستىڭىزگە، ئىقتىدارىڭىزغا قىزىقىپ قاپتۇ. سىز ئۇ كىشىنى بوش چاغلىماڭ، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلىدۇ، ئېيىقتەك تىك تۇرۇپ ئاسماننى تىرىيەلەيدۇ! مانا، ماڭا قاراڭ، ئۆتكەندە كىم ئىدىم، هازىر كىم بولدۇم؟ كىچىككىنە بىر ئىقتىسادىي گۇمان بىلەن ئىككى يىل تۈرمىدە ياتتىم، مانا هازىر ئۇنداق پۇل دېگەننى بېشىمىدىن ئۆرۈپ دۋانىدىگە سەدىقە قىلىۋېتىمەن! ئۆتكەندە، مەنمۇ پەقەت بىر قېتىملىق سودىدىلا خوجايىننىڭ نەزىرىگە چۈشكەن، شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ مېنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتامدۇ؟ !

راست، گۈلجان بۇلارنى بىلىدۇ، جاڭ داتۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم مانا مۇشۇ ئۆيدە تونۇشقان چاغدا ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن: ئۇ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن سودا ئىدارىسىنىڭ مەلۇم ئىسكىلاتىدا يۈز بەرگەن جىددىي بىر ئىقتىسادىي دېلوغا چېتىلىپ، ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى. جازا مۇددىتىنى توشقۇزۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئەسلىي ئورنىغا ئورۇنلاشالماي تەمتىرەپ يۈرگەندە، «سامانيولى شىركىتى»نىڭ خوجايىنى بىرنەچچە قاتلاملىق تونۇشتۇرۇشلاردىن كېيىن، ئۇنى يېنىغا تارتتى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى سىناش ئۈچۈن، ئىككى مونەك پۇل بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر ناھىيىسىنى ئايلىنىپ، تېزلا بىر سوممىكا «مال» تاپتى. ئۇنى دەرھال گۇاڭجۇ، شېنجېن، جۇخەيلەرگە ئاپىرىپ، ئەسلىي باھاسىدىن ئون ئىككى ھەسسە ئارتۇق پۇلغا

يارىتىپ، تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەلدى. شۇ بىرلا سودا بىلەن ئۇنىڭ ئەپچىللىكى، هوشيارلىقى، ئەقىل ـ پاراسىتى نامايان بولۇپ، خوجايىنغا ياراپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خوجايىن ئۇنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئۇ هازىر «سامانيولى شىركىتى» نىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش بېجىرەلەيدىغان غوللۇق، ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالغانىدى.

گۈلجاننىڭ گۇمانى تارقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل شېرىن ئارزۇ ـ ئارمان ئىستىكى قاپلىۋالدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ بىردىنلا پۇلغا هېرىسمەن بولۇپ قالغانىدى، ھەشەمەتلىك ئائىلە، پاراغەتلىك تۇرمۇش ئۇنىڭ هاياتلىق نىشانى، يېتىش مەنزىلى ئىدى. ئۇنىڭ تېخى چەت ئەلگە چىقىپ ئويناپ ـ كۈلۈش ئارزۇسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىۋاتقانىدى، بەزى كۈنلىرى چۈشىدىمۇ چەت ئەلنى چۈشەپ، ئۇ يەرنىڭ رەڭگارەڭ، سىرلىق مۇهىتى ئىچىدە غايىبانە ئۆزۈپ يۈرەتتى...

جاڭ داتۇنىڭ بۇگۈنكى خۇش خەۋەرلىرى ئاخىر ئۇنى ئۆزىگە ئەسىر قىلدى. «تەقدىرنىڭ بىر خار بولغان بىر ئەزىز بولماي قالماس، دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ! — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە شىۋىرلىدى ئۇ، — بەلكىم، ئامىتىم كەلگەندۇر، ھېلىمۇ بەك ئاستا كەلدى، يەنە كېچىككەن بولسا، ياشلىقىمدىن نېمە قالاتتى؟! ئۇنتۇلغۇسىز دەرد بىلەن ھەسرەت! ... خۇداغا شۈكرى، پېشانەمگە پۈتۈلگەن بەخت ـ تەلەيمۇ بار ئىكەن...»

ئىشكىنىڭ يەڭگىل چېكىلىشى گۈلجاننى چۆچۈتۈۋەتتى.

— جىم... ئاچمايلى... ، — دېدى جاڭ داتۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ، — كىم بولسىمۇ، سەل تۇرۇپ كېتىدۇ...

لېكىن ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، كىمدۇر بىرى ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چېكىپ، ئاخىرىدا ئىچىگە ئىتتەردى، ئىشىك ئوچۇق ئىدى، جاڭ داتۇ بايا ئۆزى ئېچىپ كىرگەندە،

گۆلجاننىڭ يېرىم يالىڭاچ سىياقىنى كۆرۈپلا ئىشكنى مەھكەم تاقاشنىمۇ ئۇنتۇپ، گۆلجانغا ئۆزىنى ئاتقاندى...

ئىشىك ئۇلۇغ ئېچىلدى، بوسۇغىدا ئەدھەم پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ بىر ئېغىزلىق يوپيورۇق ئۆيدىكى سىرى ئەسرا بەئەينى كىنو ئېكرانىدەك ئاپئاشكارا نامايان بولدى: گۆلجان نېپىز ئۇخلاش كىيىمى بىلەن مەيدىسىنى ئېچىپ جاڭ داتۇنىڭ بىقىنىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى، جاڭ داتۇ بولسا، سول قولىنى گۆلجاننىڭ بوينىدىن ئۆتكۈزۈپ، بېشىنى كارىۋاتنىڭ باش تەردىپىگە تىرەپ ئوڭدا ياتاتتى...

ئۇلار مىدىرلىمىدى، قانداق ياتقان بولسا، شۇ تۇرقىنى ئۆزگەرتمىدى. ئەدھەمنىڭ چىرايى دەسلەپ ئالسېرىق بولدى، كېيىن چويۇندەك كۆكىرىپ، پۈتۈن بەدىنى لاغ - لاغ تىترەپ كەتتى...

ياخشى كۆرۈش قانچە چوڭقۇر بولسا، كۈندەشلىكمۇ شۇنچە قاتتىق بولىدۇ. ئەدھەمنىڭ ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى قالمىدى، كۆز ئالدىدىكى مۇدھىش مەنزىرىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمدى، لېكىن بۇ مەنزىرە ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىدە، مېڭىسىدە ئەكس ئەتتى، ئۇ گويا قوش بىسلىق خەنجەردەك يۈرىكىنى پارچە - پارچە قىلىپ تىلىشقا، مېڭىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قوچۇشقا باشلىدى...

ئەدھەم ناھايىتى زور كۈچ ۋە جاسارەت بىلەن ئارقىغا ئۆرۈلدى، ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ئۇنىڭغا ھارام ئىدى. ئۇ بېشى قايغاندەك ئىككى تەرەپكە سەنتۈرۈلدى، پۈتىمۇ ئۆز خاھىشىغا بويسۇنماي لاكاسلاپ قالغانىدى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە چوڭ يولغا چىقتى ۋە ئېرىق بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بۇ كۈتۈلمىگەن زەربىگە زادىلا بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى...

# ئون بەشىنچى باب

## ئالتۇن شوتا

### 1

سارغۇچ، ئىللىق قۇياش نۇرى تەكشى يېيىلدى. يېشىللىق ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ، تەبىئەت خۇددى ئالتۇن سۇيى پۇركۈگەندەك يالتىراشقا، چاقناشقا باشلىدى. سەھەردىن بېرى گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىگە جىمىدە كېلىپ، ئۇلارنىڭ بوينىغا مارجان بولۇپ ئېسىلغان شەبنەملەرمۇ ئىسسىشقا باشلىغان هاۋا قوينىغا سىڭىپ كەتتى...

يەكشەنبە، كادىرلار ئۈچۈن بۇ كۈننىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. بىر ھەپتىدىن بېرى يىغىلغان شەخسىي ئىشلار — ئۇن ئەكېلىش، گاز ئەكېلىش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغقا بېرىش، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەل ـ ئاغىنىلەرنى يوقلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مانا شۇ كۈنى پۈتىدۇ.

بۈگۈن بىرنەچچەيلەن خۇددى كېلىشىۋالغاندەك مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ قالدى. ئەدھەم كەلگەندە ئۈچ ئادەم بار ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى كەلدى. شۇنداق قىلىپ، بەش ئادەم ئىلگىرى ـ كېيىن، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كەڭ ۋە ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسىدا ئۇنىڭ يەكشەنبىلىك چاقىرىلمىغان مېھمىنى بولۇپ قالدى.

ئەدھەم مېھمانلارغا بىرمۇ بىر نەزەر سالدى. ئەنە، ئۇنىڭ

ئۇدۇلىدا — تۆردە ئولتۇرغان تاقىر باش، كىرپە تۇمشۇق، سېمىز ئادەم مەرۇپ ئاقساقالنىڭ شاھماتدىشى، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىر ئىدى. ئەدھەم ئۇنى مۇشۇ ئۆيدە ئىككى-ئۈچ قېتىم كۆرگەن ۋە شاھمات ئويناشتىكى ماھارىتىگە قىزىقىپ قالغانىدى. «تاقىر باش» نىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قاشلىرى شالاڭ ھەم كۆتمەك، كۆزلىرى ناچىنىڭ تۆشۈكىدەك كىچىك ۋە دۇگىلەك خەنزۇ كىشى ئەدھەمگە ئۈچۈن ناتونۇش ئىدى. لېكىن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ھەدەپ ئۇنىڭغا «لاۋ خۇ، لاۋ خۇ» دەپ ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن تەكەللۇپ قىلىشىدىن بۇ ئائىلىنىڭ خېلى يېقىن ئادىمى، ھېچبولمىغاندا، قويۇق مەنپەئەتداشلار ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەدھەم دېرىزىنىڭ يېنىدىكى ئۈچ كىشىلىك ساپانىڭ سول تەرىپىدە كۆكسىنى كېرىپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئا-دەمگە ئالاھىدە زەن قويدى. ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك، ھەتتا ھەمسۆھبەت بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن دەماللىققا ئەسلىيەلمە-دى، پەقەت مەرۇپ ئاقساقال ئۇنى «يۇرتدىشىم» دەپ باشقىلارغا تونۇشتۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، دوتسېنت ئىكەنلىكىنى، قايسىبىر يىغىندا ئۇنىڭ بىلەن يېرىم كۈن بىللە بولغانلىقىنى ئەسلىدى. دوتسېنت گۆشلۈك يۈزىدە قان تەپچىرەپ تۇرىدىغان بېجىرىم ئادەم ئىدى. ئەدھەم ئۆزىدىن ئىككى ئورۇن يۇقىرى ئولتۇرغان پالكۆز ئادەمنى خېلى ئوبدان تونۇيتتى، بۇ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان باشقارما دەرىجىلىك كادىر بولۇپ، ئۆيى مۇشۇ مەھەللىدە ئىدى. خېمىرتۇرۇچى كەم، لېيى بوشراق بۇ ئادەم ھەرقانداق سورۇندا بىلەرمەنلىك، مەمەدانلىق قىلىشقا ئامراق ئىدى.

قېرىلار ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە، ياشلار كەلگۈسى ھەققىدە رومانتىك خىياللارنى سۆزلەشكە ئامراق. بۇ-گۈنكى پاراڭلارمۇ شۇ ئەنئەنە دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمىدى. گەپ ـ سۆزلەر دەسلەپ تازا يۇرۇشۇپ، چاك باسمىغان بولسىمۇ،

كېيىن قازان كاۋىپى، توخۇ گۆشى ۋە قاسقاندا پىشۇرۇلغان پەي-
سىڭىرلار بىلەن بىرنەچچە رومكا ئىچكەندىن كېيىن، پاراڭ ئەۋ-
جىگە چىقىپ، گەپ - سۆزلەرمۇ ئۆزى مېڭىپ كەتتى. بۇنىڭ
ئىچىدە يەنە شۇ «پالكۆز» نۆۋەتتىكى تېما توغرىسىدا ھېچكىمگە
گەپ بەرمەي سۆزلەۋاتاتتى:

— ھازىرقى ئىش چاتاق! بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادقا
يەتمەيدۇ، مانا، كادىرلارغا قاراڭلار. ياشلار ئوتتۇرا ياشلىقلارغا
يەتمەيدۇ، شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلار تېخى ھاكاۋۇر، تەلۋە! بىلىم-
لىكمەن دېگەنلىرىمۇ يامبۇنىڭ كۇمۇش، تىللانىڭ ئالتۇن ئىكەن-
لىكىنى بىلىشمەيدۇ! ھازىر «رەھبەرلىك بەنزىنى ياشلاشتۇ-
رۇش» دېگەن گەپ چىقىۋېدى، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە، گويا قېرى-
لار ئەمدى كارغا كەلمەيدىغاندەك، ھەممە ئىش ياشلارغا قالغاندەك
بىر خىل كەيپىيات ئۆسۈپ قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، يەنىلا قېرىلا-
رغا يەتمەيدۇ، ئۇلاردا بىلىم دېسە، دەريادەك بار، تەجرىبە دېسە،
گۆھەردەك توپلىنىپ يېتىپتۇ، ئۇلار ئەقىلدە دانىشمەن، ئۇلار
ياۋايى قەمبەردەك ساداقەتلىك، ھاتەمدەك ساخاۋەتلىك، غەۋسۇل
ئەزەمدەك كارامەتلىك كىشىلەر! خوش، ياشلارنىڭ نېمىسى بار؟
بار دېيىلسە، ئۇلاردىكى مۇھىم نەرسە ياشلىق، ياشلىقنى ھېساب-
قا ئالمىغاندا، قالغان ھەممىسى تەنتەكلىك!...

مەرۇپ ئاقساقال بېشىنى لىڭشىتتى، چىرايىغا ئىسسىق
كۇلكە يۇگۇردى، ئۇ قوشنىسىنىڭ سۆزلىرىنى چىن كۆڭلىدىن
ئالقىشلىغانىدى. «پالكۆز» مۇ بۇنى سېزىپ، خوجايىنىنىڭ كۆڭ-
لىگە يارىغانلىقىدىن قەۋەت مەمنۇن بولۇپ گىدىيىپ ئولتۇردى.

ئەدھەمنىڭ نەزىرىدە، «پالكۆز» نىڭ پەلسەپىسى دوتسېنتقا
يارىمىغاندەك كۆرۈندى، دوتسېنت غىجىنغاندەك، بىزار بولغان-
دەك ئىككى يېنىغا قىمدىنىپ ئولتۇراتتى. كۇتۇلمىگەندە، «تا-
قىر باش» يۇقىرىقى گەپلەرگە ئىنزاھات بەرگەندەك، قىسقىلا
مۇنداق دەپ قويدى:

— لېكىن ئادەمنىڭ يېشى ئۇلغايغانسېرى، قېنى سوۋۇپ، ئىجتىماتى سۇسلايدۇ، بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى!

بۇ سۆز مەرۇپ ئاقساقالغا ياقمىدى بولغاي، ئۇ يىراقتىن ئەگىتىپ، تاقىر باشنى سوقۇپ ئۆتۈپ كەتتى:

— بۇركۇتنىڭ ھەمىشە قارىقۇيرۇقنىلا ئەمەس، بەلكى بەزىدە تۇلكىنى ۋە بەزىدە توشقاننى ئالىدىغان ۋاقتىمۇ بولىدۇ. دېمەككىم، بۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ قەھرىگە، جاسارىتىگە شەك كەلتۈرگىلى بولمايدۇ!...

دوتسېنت تاقەت قىلالمىدى، ئەگەر بۇنداق كېتىۋەرسە، «پالكۆز» نىڭ پەلسەپىسى غالىب ئورۇنغا چىقىپ، دەۋر تەرەققىياتىغا زىت بولغان بىر خىل كۆز قاراش ئەۋج ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— ياشلارنى ئەيىبلەشنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى ئۇ گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ، — ياشلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىسى، ئۇلاردا ۋەتەن، خەلق ۋە كېلەچەك توغرىسىدا گۈزەل غايە، ياراملىق پىلانلار بار. ئۇلارنىڭ قەتئىيلىكى، جۇشقۇنلۇقى، تەلەپچانلىقى — ياشلىقنىڭ مەھسۇلى. كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىشى، قېرىلارنىڭ ئۆلۈپ، بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىك! تارىخنىڭ بۇ ئېقىمىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. يوقىلىشقا تېگىشلىكى يوقىلىشى، تۇغۇلۇشقا تېگىشلىكى تۇغۇلۇشى لازىم. «مىڭ بىر كېچە» دە مۇنداق بىر گەپ بار: «ئۈچ خىل كىشىنى قازىلار مەھكىمىسىدىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇلار — يامانلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ماختىنغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمەلدىن چۈشۈشنى خالىمايدىغان كىشىلەردۇر.» مېنىڭچە، بۇ گەپ بىزنىڭ ھازىرقى مەھكىمىلىرىمىزگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. مېنىڭچە، پارتىيىمىزنىڭ «رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى ياشلاشتۇرۇش» سىياسىتى ناھايىتىمۇ ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دانا سىياسەت! بۇ تارىخ ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ،

ھاكىمىيەتنىڭ مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ!
دەرۋەقە، ئورۇن بوشىتىش شۇ كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
ئازابلىق ئىش، لېكىن تارىخقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقەررەر-
لىك! ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ تارىخ ئالدىدىكى بۇرچىنى، تۆھ-
پىسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى لازىم!

— جايىدا... جايىدا...، — دېدى لاۋ خۇ كىچىك كۆزلىرىنى
چىمىلدىتىپ، — مېنىڭچە، بۇ گەپلەر جايىدا بولدى. مىلادىيە-
دىن بۇرۇن ياشىغان كۇڭزىمۇ: ئادەم ئوتتۇز ياشتا ئىرادە تۇرغۇ-
زىدۇ، قىرىق ياشتا ۋايىغا يېتىدۇ، ئەللىك ياشتا تەقدىرگە بويسۇ-
نىدۇ، ئاتمىش ياشتا يۇمشاق قۇلاق بولىدۇ، يەتمىش ياشتا قە-
غىشچان بالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، دېگەن.

— لېكىن ھازىر ياش توغرىسىدىكى تەبىر، چۈشەنچىلەر
ئۆزگىرىپ كەتتى، — دېدى دوتسېنت لاۋ خۇنىڭ پىكرىنى باشقا
بىر تەرەپتىن بېيىتىپ، — ئېھتىمال، كۇڭزى ئادەملەرنىڭ
ئەسلىي ئۆز يېشى توغرىسىدا سۆزلىگەندۇر. لېكىن ھازىر كىشى-
لەردە ئۈچ خىل ياش بار: بىرىنچىسى، فىزىئولوگىيىلىك ياش،
بۇ سېنىڭ ئەسلىي ئۆز يېشىڭ؛ ئىككىنچىسى، پسىخولوگىيىلىك
ياش، بۇ سېنىڭ ياكى ياش تۇرۇپ قېرىپ كەتكەنلىكىڭنى، ياكى
قېرى بولساڭمۇ ياش تۇرغانلىقىڭنى كۆرسىتىدىغان ياش؛ ئۈچىن-
چىسى، ئىجتىمائىي ياش، بۇ سېنىڭ سىياسەتكە، ۋەزىيەتكە
قاراپ بەلگىلىنىدىغان يېشىڭ!

بۇ سۆز لاۋ خۇغىمۇ، «تاقىر باش» قىمۇ خوپ ياقتى، لېكىن
مەرۇپ ئاقساقالنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى پات-
پات يوقلاپ تۇرىدىغان يۇرتدىشى — دوتسېنتنىڭ بۇگۈنكى زىيا-
دارلىقىدىن قاتتىق بىزار بولدى...

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ كۆڭلىدىكىنى سەزدىمۇ قانداق، «پال-
كۆز» دوتسېنتنىڭ ئازراق تىزگىنىنى تارتىپ قويۇش ئۈچۈن
ئاغزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇۋېدى، مەرۇپ ئاقساقال پاراڭنىڭ تېمى-
سىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ كەتتى:

— قېنى، هاراق ئىچكەچ پاراڭلىشايلى، بۇ دۇنيادا ياشتىن
باشقا گەپ يوقمۇ؟! خۇدايىم ھەممىمىزنى سالامەت قېرىشقا،
ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشكە نېسىپ قىلسۇن!...
شۇ چاغدا، ئۆيگە ئالتىنچى مېھمان — بۇنىڭدىن ئىككى ئاي
بۇرۇن مەرۇپ ئاقساقال جان تىكىپ يۈرۈپ، مۇئاۋىن باشقارما
دەرىجىلىك كادىر قىلىپ ئۆستۈرگەن نىياز باقى كىرىپ كەلدى.
نېمە ئۈچۈندۇر ئۇ خامۇش، چىرايىنىڭ ئۆڭسۇلى يوق ئىدى.
ئەدھەم ئۇنىڭ ئەپتىدىن، ھەرىكىتىدىن بىر نەرسىگە تىت - تىت
بولۇۋاتقانلىقىنى، ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ھالەت ئۇنىڭ
بىردەم ئاغزىنى چاكىلدىتىپ، بىردەم قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ
ئولتۇرۇشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆيدە بولۇۋاتقان ھەر خىل
تېمىدىكى يېڭى، قىزغىن پاراڭلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى،
ئاخىر ئۇ تاقەت قىلالماي، مېھمانلاردىن ئۆزرە سوراپ، مەرۇپ
ئاقساقالنى ياندىكى كىچىك ئۆيگە باشلاپ كىرىپ كەتتى.
— نېمە گەپ، نىياز باقى؟ — سورىدى مەرۇپ ئاقساقال
ئالدىراپ، — دېمەككىم، نېمانچىۋالا ھودۇقۇپ كەتتىڭىز؟
— ئۆلۈم جېدىلى چىقىۋاتىدۇ، ئاقساقال، — دېدى ئۇ
ئۈمچەرەپ، — مېنى قۇتۇلدۇرمىسىڭىز بولمايدۇ!...
— نېمە گەپ؟! دېمەككىم، ئالدىرىماي، ئوچۇق
ئېيتىڭا!؟
— ھېلىقى... ئاقساقال... ھېلىقىنى...
— نېمىگە دۇدۇقلايسىز؟! — مېھمانىنىڭ ئەزمىلىكىدىن
مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتتى، — گېلىڭىزغا ئەيىۈن
تۇرۇپ قالمىغاندۇر؟! دېمەككىم، گەپنى جەررا قىلىڭ!
— ماقۇل، ئاقساقال... گەپنى جەررا قىلاي... ھېلىقى
بىلەزۈك... سىزگە سوۋغا قىلغان ھېلىقى ئالتۇن بىلەزۈكنىڭ
ئىشى...
— نېمە؟! — مەرۇپ ئاقساقالنىڭ يۈرىكى ئارقىغا تارتقاندەك بولدى.

— مەن ئۇنى خوتۇنۇمدىن يوشۇرۇن قىلغانىدىم، — دېدى نىياز باقى بىرئاز ئۆپكىسىنى بېسىپ، — ئەمدى ئىز - دېرىكىنى قىلىپ، بېشىمغا بالا تېرىدى...

مەرۇپ ئاقساقال چۈشەندى. بۇنىڭدىن بەش ئاي بۇرۇن، ئۇ مەرۇپ ئاقساقالنى يوقلاپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارلىق، كونا كادىر ئىكەنلىكىنى، لېكىن ياۋاشلىقىدىن رەھبەرلىكنىڭ كۆزىگە چېلىقماي كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئەمەلدار بولۇش نىيىتىدىن بېشارەت بەرگەن ۋە قايتىش ۋاقتىدا ياغلىققا ئورالغان كىچىككىنە بىر تۈگۈچنى «مېنىڭ ئازغىنە كۆڭلۈم» دەپ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ يېنىدا قويۇپ كەتكەنىدى. مەرۇپ ئاقساقال تۈگۈچ-نى ئېچىپ، ئۇنىڭ بىر يېرىم سەرلىك قىپقىزىل ئالتۇن بىلە-زۈك ئىكەنلىكىنى، بۇنى مەنسەپكە چىققىشىنىڭ ئالتۇن شوتىسى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى...

«ئۇماچىنىڭمۇ ئۆتنىسى بار» دېگەندەك، مەرۇپ ئاقساقال ئۈچ ئايدىن كېيىن، ئالتۇن بىلەزۈككە لايىق ئۆتنە ياندۇردى. گەرچە بۇ «ياندۇرۇش» ئانچە ئوڭايغا چۈشمىگەن بولسىمۇ، لې-كىن مەرۇپ ئاقساقال كۆز ئالدىدا پارقىراپ تۇرغان ئاشۇ ئالتۇن بىلەزۈكنىڭ كۈچ - قۇدرىتى بىلەن خېلى قىيىن ئۆتكەللەرنىمۇ بۆسۈپ ئۆتكەنىدى. لېكىن كىم بىلسۇن، كۈتۈلمىگەندە، نىياز باقىنىڭ ئايالى تۆمۈر ساندۇقتىكى بىلەزۈكنىڭ دېرىكىنى قىلىپ قالدى. دەسلەپ ئۇ: «ھەي خوتۇن، ئۆتكەن كۈنى ھويلىدا بىر ئاغمىخاننى كۆرۈۋېدىم، شۇ ئېلىپ قاچقان ئوخشايدۇ، ئىزدەپ باقايلى» دەپ قۇتۇلماقچى بولدى، لېكىن خوتۇنى: «بۇ مېنىڭ ئانامدىن قالغان تەۋەررۈك، سەن يوقىتىپسەن!» دەپ ئاللا - كاللا سالدى. بۇ ئىشتىن ئۇلارنىڭ چوڭ قىزىنىڭ خەۋىرى بار ئىدى، ئانىسىنىڭ زارىغا چىدىماي ئاخىر: «بىلەزۈكنى دادام ساندۇقتىن ئالغان» دەپ ئىشنىڭ راستىنى ئاشكارىلىدى، شۇنىڭ بىلەن نىياز باقى تېخىمۇ قاتتىق گۇمان ۋە قىيىن - قىستاقتا

قىلىپ، ئاخىرىدا خوتۇنىغا ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولغانىدى...

مەرۇپ ئاقساقال نىياز باقىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، دەسلەپ ئىچى قارىلىق بىلەن قېقىرلاپ كۈلۈپ قويىدى، كېيىن بىردىنلا ئۆڭۈپ، تاتىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭغا تىك كېلىشۋاتقان بىر ئىش بار ئىدى، ئەگەر بىلەزۈك زىياخاننىڭ بىلىكىدە بولغان بولسا، چاغلىق ئىش ئىدى، سۇغۇرۇۋېلىپلا نىياز باقىنىڭ يۈزىگە ئاتاتتى، لېكىن بىلەزۈك شۇ تاپتا زىياخاننىڭ ئەمەس، بەلكى گاۋ ئاقساقالنىڭ خانىمى شۇ فاڭ خېنىمنىڭ ئاپئال بىلىكىدە پارقى-راپ تۇراتتى... شۇڭا ئۇ، نىياز باقىغا خۇددى كىچىك باللاردەك جىلىخورلۇق بىلەن چالۋاقىدى:

— سىزنىڭ چېچىڭىزغا ئاق كىرگەن بىلەن سۈت چىشلىرى-ڭىز تېخى چۈشۈپ بولمىغانىكەن! دېمەككىم، كىمىڭىزنى ئەخ-مەق قىلماقچىسىز؟! مەن كىم - ھە؟! ھىم... ماقۇل، دېمەك-كىم، ئالتۇن بىلەزۈكنىڭغۇ قايتۇرۇۋالارسىز، مەنسەپنى قانداق قىلىسىز؟!...

* *

مېھمانخانىدىكى پاراڭ ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ ئا-خىر ھەممە ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغاۋاتقان نوپۇس مەسىلىسىگە مەركەزلىشىپ قالدى. تۈگىمەس نۇتۇقنى يەنە ھېلىقى «پالكوز» قەيەرلەردىنمۇ ئاڭلىۋالغان سان - سىفىرلار بىلەن جانلاندۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى:

— ... ئەگەر جۇڭگولۇقلار قول تۇتۇشسا، يەر شارىدا يىگىر-مە يەتتە چەمبەر ھاسىل قىلالايدۇ. بىر ئادەم كۈنىگە سەككىز سائەتتىن ساناق سانىسا، بىر مىليارد نوپۇسنى ساناش ئۈچۈن توقسان توت يىل توققۇزئاي ۋاقىت كېتىدۇ، بىر مىليارد ئادەم-

نىڭ ھەربىرى كۈنىگە بىر جىڭدىن ئاشلىق يېسە، بۈنى توشۈش ئۈچۈن، بەش تونىلىق ماشىنىدىن يۈز مىڭى كېتىدۈ، چۈنكى، جۈڭگو خەلقىنىڭ ئېغىزىنى بىر - بىرىگە چېتىپ بىرلەشتۈرسە، شۈنداق چوڭ بىر ھاڭ پەيدا بولىدۈكى، ئۈنىڭ دىئامېتىرى بەش كىلومېتىر بولۈپ، ئۈنىڭغا ھەر كۈنى ئۈچ ۋاخ ئاش - نان كىرىپ تۈرىدۈ. سىلەر بۈ سانىنى ھېسابلاپ بېقىڭلار؟!

— مەن ھېسابلىدىم، — دېدى دوتسېنت «پالكۆز» گە مەس-خىرىلىك قاراپ، — بىئولوگلارنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ئېغىز گەپ قىلىش ئۈچۈن ئادەمنىڭ يەتمىش ئىككى مۈسكۈلى ھەرىكەتلىنى-دۈ. سىز ھازىر يۈز ئېغىز گەپ قىلدىڭىز، قانچىلىك مۈسكۈلد-ڭىز ھەرىكەتلەنگەندۈر؟!

ئۆيدە يەڭگىل كۈلكە كۆتۈرۈلدى، «پالكۆز» ئىككى تەرىپى-گە قاراپ ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈپ قالدى. لاۋ خۈنىڭ ئۈنىڭغا رەھىمى كەلدىمۈ قانداق، يەنە شۈ نوپۈس توغرىسىدىكى گەپ بىلەن ۋەزىيەتنى يۈمشاتماقچى بولدى:

— جۈڭگو نوپۈسى ھەقىقەتەنمۈ كۆپىيىپ كەتتى. بىزگە ھازىر «بىر مىليارد يۈز مىليون ئاھالە كۈنى» ھۈجۈم قىلىش ئالدىدا تۈرىدۈ! نوپۈسنىڭ مۈنداق كۆپىيىپ كېتىشىدە چىڭ خاندانلىقىنىڭ مەسئۈلىيىتى ئېغىر. ئۈ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، جۈڭگونىڭ نوپۈسى ئاران يۈز مىليون ئىدى. ھالبۈ-كى، ئۈ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۈچ يۈز يىل جەريانىدا جۈڭگونىڭ نوپۈسى كۆپىيىپ، تۆت يۈز مىليونغا باردى. دېمەك، يۈز يىلدا يۈز مىليوندىن ئېشىپ بېرىۋەردى!

— يۈز يىلدا يۈز مىليوندىن ئاشسا، ھېچقانچە كۆپ ئەمەس-قۈ؟ — دېدى «تاقىر باش» ئويچان ھالدا، — ھازىر يىلىغا ئون ئالتە مىليوندىن ئارتۈق كۆپىيىۋاتىدۈ؛ شۈنداق بولغاندا، يەتتە يىلدا يۈز مىليون كۆپىيىۋېرىدۈ. ئۈنىڭدىن باشقا، پۈتۈن تەۋقى لەنەتنى يىراق تارىختىكى چىڭ خاندانلىقىغا ئارتىپ قويغىلى

بولماس! خەلقئارادا مالتوس دېگەن بىر نوپۇس نەزەرىيىچىسى چىققان، ئۇنىڭ جۇڭگودىكى گۇماشتىسى ما يىنچۇ ئىدى. ئۇ 1955 ـ يىلى جۇڭگو نوپۇسىنىڭ شىددەتلىك كۆپىيىش ئەھۋالى ۋە ئۇنى جىددىي چەكلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ئىلمىي كىتاب يېزىپ، «يېڭى نوپۇس نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويسا، بىز ئۇنى «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقى» دەپ تەنقىد قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يىگىرمە نەچچە يىل ناھەقچىلىكنىڭ دەردىنى تارتتى، نەتىجىدە، بىر ئادەم خاتا تەنقىد قىلىنىپ، ئۈچ يۈز مىليون ئادەم كۆپىيىپ كەتتى.

*　　　*

— ئاقساقال، مەن ھەممىدىن تويدۇم، مەنسەپتىنمۇ تويدۇم!...

— ئەخمەق، ئەقىلسىز ئەخمەق ئىكەنسىز! — دېدى مەرۇپ ئاقساقال چالۋاقاپ، — دېمەككىم، مەنسەپ دېگەن گۆھەرنى ئاشۇنداق بېشەم خوتۇنلارنىڭ تاش ـ توقمىقىسغا ئۇرماقچىمۇسىز؟!

— مەن قورقتۇم، ئاقساقال، قورقۇۋاتىمەن...، — دېدى نىياز باقى يۈرىكىدىكى گەپنى ئېيتىپ، — ئۇ خوتۇننى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ، تۆت بالىنىڭ ئانىسى. لېكىن بىلەزۈكنى تاپمىسام، ئۇ سوتقا ئەرز قىلىشتىن يانمايدۇ. سىزنىمۇ، مېنىمۇ رەسۋا قىلىدۇ!...

شۇ گەپ بىلەن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ لاسسىدە بېشى چۈشتى، تىنىقلىرى كۆچىيىپ، خۇددى جۇۋازدا ھارغان كالىدەك ئېغىر تىندى.

— بولدى، چىقىڭ! — دېدى ئۇ خۇددى چىۋىن قورۇغاندەك قولىنى سىلكىپ، — دېمەككىم، كۆزۈمدىن يوقىلىڭ!...

— ھېلىقى... بىلەزۈك...، — دېدى نىياز باقى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — ئالتۇن بىلەزۈك...

— بىلەزۈكىڭىزمۇ، سىزگە بەرگەن مەنسەپمۇ باش - كۆزۈمدىن سەدىقە!...

مەرۇپ ئاقساقال ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، تۈنجى قېتىم ئاللاغا خىتاب قىلدى:

«ئاھ خۇدا! مېنى نېمە كويلارغا سېلىۋاتىسەن؟! ماڭا مۇشۇنداق يىلىكى سۇيۇق، چاۋىسى سېسىپ كەتكەن ئادەملەرنى يولۇقتۇردۇڭمۇ؟! بۇ، نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق! سېنىڭ ماڭا قىلغان ھىممەت - شاپائىتىڭ شۇمۇ؟!...»

تەڭرىدىن ئاۋاز: ھەي بەندىلەر، مېنىڭ گېپىمنىڭ ھەقلىگىگە چىنپۇتسەڭلار، ئىنساپلىق بولۇڭلار! تەمەخورلۇقنىڭ، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى مۇشكۇل! ئۇ ئادەمنى خەزىنە بار، دەپ تۈۋى يوق ھاڭغا باشلاپ بارىدۇ!... بۇنداق بىر ھېكمەت بار، ئېسىڭلاردا بولسۇن: «قەيەردە گۈل بولسا، شۇ يەردە تىكەن بار، خەزىنە بار يەردە يىلان بار. قەيەردە شاھلارغا لايىق ئۈنچە - مەرۋايىت بولسا، ئۇ يەردە ئادەم يەيدىغان لەھەڭ بار. دۇنيادىكى تۇرمۇشنىڭ لەززىتى ئارقىسىدىن ئەجەلنىڭ نەشتىرى ئەگىشىپ يۈرىدۇ!»...

* *

— بىز تۇرۇۋاتقان يەر شارى دۇنياغا كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە تۆت مىليارد ئالتە يۈز مىليون يىللىق تارىخنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كەلگىنىگە بىر مىليون يىلچە بولدى، — دېدى دوتسېنت ئۆز قارىشىنى يىراقتىن شەرھلەپ، — دۇنيا ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى XX ئەسىردىن بۇرۇن ناھايىتى ئاستا ئىدى، XX ئەسىر كىرگەندىن كېيىن، كىشىنى

ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېزلەشتى. يېڭى تاش قوراللىرى دەۋرىدىن رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىگىچە، دۇنيا ئاھالىسى ئاران تۆت يۈز مىليون كۆپەيگەن، شۇنىڭدىن مىڭ يىل ئۆتۈپ، 1830 ـ يىلىغا كەلگەندە، بىر مىلياردقا يەتتى. 1900 ـ يىلى بولسا، ئىككى مىلياردقا يەتتى. XX ئەسىر كىرگەندىن كېيىنكى ئەللىك يىل ئىچىدە دۇنيا ئاھالىسى ئۈچ مىلياردقا كۆپەيدى، ھازىر بولسا، تۆت مىلياردتىن ئاشتى. دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بۇنداق تېز سۈرئەتلىك كۆپىيىشىدە بىزنىڭ جۇڭگو چېمپىيونلۇقنى قولدىن بەرمەي، ئاۋانگارتلىق رول ئوينىۋاتىدۇ. كالېندار ۋارىقىنىڭ بىرى ئۆرۈلۈشى بىلەن تەڭ جۇڭگودا پۈتۈن بىر ئاۋستىرالىيە ئادىمى پەيدا بولۇپ بولىدۇ... ئەگەر ئىنسانلار ئاڭلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلىمىسە، ئاخىر بىر كۈنى يەر شارى قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەممە يېرىگە ئۆي سالغان تەقدىردىمۇ ئۆي يېتىشمەيدۇ، ئۇ چاغدا، قورساق توغرىسىدا گەپ ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس!...

*　　　　*

ئىنسانىيەت بىلەن ۋەتەننىڭ تەقدىرى، خەلق بىلەن مىللەتنىڭ غېمى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ھوقۇق ـ مەنسەپ ۋەسۋەسىلىرى گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ ئۆيدىكى يەكشەنبىلىك مېھماندارچىلىق سائەت ئۈچ بىلەن ئاخىرلاشتى. مېھمانلار قانداق ئۇشتۇمتۇت ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن قايتىپ كېتىشتى...

## 2

جاڭ داتۇ گۇاڭجۇدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىغا كەلدى. ئۇنىڭ سالمان بىلەن

قىلىشىدىغان مۇھىم بىر سودىسى بار ئىدى.

— لاۋپېڭيۇ، كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى سالمان قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە قېقىپ تۇرۇپ.

— گۇاڭجۇنى ئايلىنىپ كەلدىم، دوستۇم...

— ئەۋلىياغا ئىككى دۇنيا ئارىسى بىر قەدەم دېگەندەك، سەن ئۈچۈن ئۈرۈمچى - گۇاڭجۇ، ئۈرۈمچى - بېيجىڭنىڭ ئارىسى قوغۇنلۇقنىڭ يولى بولۇپ قالدىغۇ، لاۋپېڭيۇ، — دېدى سالمان ئۇنى ئىشخانىسىدىكى بۆلغارى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ، — قېنى، ئولتۇرۇپ سۆزلىشەيلى، خوش، گۇاڭجۇدا نېمە ئىش قىلىپ كەلدىڭ؟ سوداڭ يۈرۈشتىمۇ؟ — سالمان بۇنداق چاغلاردا ھەرگىزمۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيتتى، قارشى تەرەپنىڭ ئىشىدىن، گېپىدىن ئۆزىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى تېپىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

جاڭ داتۇ پەرۋاسىز ھالدا قىسقىلا جاۋاب بەردى:

— بۇ قېتىم سودا ئىشى بىلەن ئەمەس، شياڭگاڭلىق لاۋبەنىنى كۈتۈۋالغىلى باردىم...

— كەلدىمۇ؟ — سالماننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— كەلدى، ئۈرۈمچىگىمۇ باشلاپ ئەكەلدۇق، ھازىر خوجايىن بىلەن توختام ئۈستىدە...

— مۇنداق دېگىن، ھە...، — سالمان ئىچكىنى سىلاپ، ئىچى قارىلىق بىلەن جاڭ داتۇغا قاراپ قويدى، ئۇلارنىڭ سودىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، شياڭگاڭ ئارقىلىق دۇنياغا يوچۇق ئاچقانلىقىنى ئويلاپ، ئىچى ئاددى، بىر خىل ھەسەت ئوتى يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. «ئۇخلاپ ياتما، سالمان! —دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلىپ، — بەيگىگە چۈش! رىقابەت بولغىنىدىلا سۈرئەتنى تېزلەتكىلى بولىدۇ...»

— ھېلىقى ئۆينىڭ ئىشى بىلەن كېلىۋېدىم، سالمان، — دېدى جاڭ داتۇ ئۆزىنىڭ ئالدىراپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— دوستنىڭ لەۋزى يەردە قالمايدۇ، لاۋ پېڭيۇ، — دېدى سالمان ۋە تارتمىسىدىن بىر تىزىق ئاچقۇچنى ئېلىپ شىرە ئۈس-تىگە قويدى، — ئۆينى ھەل قىلىپ قويدۇم، مانا ئاچقۇچ، چوڭ ئۈچ ئېغىزلىق، تۆتىنچى قەۋەتتە.

— ياخشى بولدى، رەھمەت ساڭا، دوستۇم…، — جاڭ داتۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈردى.

ئەمدى ئۇلار ئۆينىڭ ئىجارىسىنى يەڭ ئىچىدە سودىلىشىشقا باشلىدى. بەش مىنۇتتەك ئاۋازسىز تالىشىش ئارقىلىق سودا پۈتتى، جاڭ داتۇ ئۆي - مۈلۈك ئىدارىسىنىڭ گۇۋاھنامىسى بىلەن ئاچقۇچلارنى ئالدى…

تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئىدارە تەرەپتىن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ نامى بىلەن ھەل قىلىنغان، مەرۇپ ئاقساقال ھەر ئايلىق ئىجارە ئۈچۈن ئۆز يېنىدىن بەش يۈەن قىرىق پۇڭ تۆلەيدى-غان بۇ بىر يۈرۈش يېڭى ئۆي بۇگۈن جاڭ داتۇغا ئايلىق ئىجارى-سىنى بەش يۈز يۈەندىن توختام قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇ «خېمىر ئۈچىدىن پېتىر» قىلىپ، دەسلەپكى بىر پەسىللىك ئىجارە ھەققى ئۈچۈن بىر تاتازا پۇلنى سالماننىڭ ئالدىغا قويدى…

جاڭ داتۇ قوزغالدى، سالمان ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى. چىقى-ۋېتىپ، باش پوكەينىڭ يېنىدا تۇرغان مەھلىياغا كۆزى چۈشتى. مەھلىيا سالماننى كۆرۈپ، ئالدىغا تەمشىلىۋېدى، سالمان ئاغزى-نىڭ ئۈچىدىلا: «ساقلاپ تۇرۇڭ، ھازىرلا كىرىمەن» دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن يېرىم سائەت، بىر سائەت… ئۆتتى. لېكىن سالمان قايتىپ كىرمىدى. مەھلىيانىڭ سولغۇن، جۇدەڭ چىرايى شۇ يەردە كۈتۈۋېرىپ تېخىمۇ مىسكىنلىشىپ قالدى…

# 3

توۋا، ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتكەن - ھە؟! ئۇلاردا ھازىر ئىككى يۈز ئەمەس، بەش - ئالتىدىن يۈز بولسا كېرەك. مانا، رەھبەرلىكنى تەڭشەش، ياشلاشتۇرۇشنىڭ گېپى چىقىۋېدى، بەزىلەرنىڭ مەرۇپ ئاقساقالغا بولغان خۇشامىتى، ئىخلاسى ۋە ئىشەنچىسى دەرھال سۇسلاشتى. بۇنىڭ ئېنىق بەلگىسى ئۈچ كۈندىن بېرى بىرەر يەردىن چاي باغىقى كەلمىگەنلىكى ئەمەسمۇ؟! تېخى يېقىنقى كۈنلەرگىچە كۈنلۈكى بىر يەردىن ئەمەس، بىر نەچچە يەردىن باغاق كېلىپ تۇراتتى. مەرۇپ ئاقساقالمۇ تاللاپ، يۈزى چوڭراق يەرلەرگە باراتتى. ئەگەر بارغان يېرى ئەپلەشمەي قالسا، دەرھال بىرەر باھانە بىلەن ماشىنىسىنى گۈلدۈرلىتىپ، ئىككىنچى يەرگە يۆتكىلەتتى، شۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنلۈك كەچلىك ئۆمرى ئەيش - ئىشرەت، ھاۋايى - ھەۋەس بىلەن ئۆتەتتى...

مۇنداق ئىشلارنىڭ ئۈزۈلمەي تەكرارلىنىۋېرىشى ئادەمدە بىر خىل روھىي كېسەللىك پەيدا قىلسا كېرەك. ھېچبولمىغاندا، ئەپيۇنكەشلەرنىڭ ئەپيۇن خۇمارىدەك بىر خىل جاھىلانە تۇتقاقلىقنى پەيدا قىلسا كېرەك! مانا، مەرۇپ ئاقساقالغا ئۈچ كۈندىن بېرى بىرەر يەردىن چاي باغىقى كەلمىۋېدى، ئۇ خۇددى خۇمارى تۇتقان بەڭگىلەردەك چاچقۇن، سەپرا مىجەز بولۇپ قالدى. بىر يەردە تۇرالماي ئىچى تىتىلدايتتى.

بولۇپمۇ، ئۇنداق يەرلەردە ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپات ۋە ماختاشلار ئۇنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى، ئۆزىنى قوللايدىغان، ھىمايە قىلىدىغان سەپنىڭ شۇنچە زورلۇقىدىن مەغرۇرلىناتتى. لېكىن كىچىككىنە شامال چىقىپ، شەپە بولۇۋېدى، بۇ سەپ ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەتتى، داستىخان ئۈستىدە، رومكا ئەتراپىدا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ قوللىغان، ھىمايە قىلغان ھېلىقى ئادەملەرمۇ خۇددى سۇغا چۈشكەن تاشتەك تۇيۇقسىزلا جىمىپ قالدى...

مەرۇپ ئاقساقال ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ شۇلارنى خىيال
قىلدى، خىيال قىلغانسېرى پىغانى ئۆرلەپ، كۆڭلى بۇزۇلدى.
توۋا، ئۇ راستتىنلا شۇنداق هالغا چۈشۈپ قالارمۇ؟! ماۋۇ ئازادە
ئىشخانا، قەدىناس ئورۇندۇق، ماۋۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە قەلەم-
لەر ئەمدى ئۇنى كېرەك قىلماس بولۇپ قالامدۇ؟! ئۇنىڭ ئورنى-
غا كىم ئولتۇرماقچى؟!…

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ۋۇجۇدىغا تۇيۇقسىز تىترەك ئولىشىپ،
تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى…

ئۇ تەسلىكتە هوشىنى يىغدى، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئىنقىلا-
بي، شەرەپلىك تارىخىنى ئەسلىدى، ئەسلىگەنسېرى ئۆزىدە بىر
خىل تەمەننالىق، ئىپتىخارلىق هېسسىياتى تۇغۇلدى. بۇ دۇنيادا
شۇنچە ئۇلۇغ، يۈكسەك ئىشلارنى قىلغان بىر ئادەم ئەمدى هېچ-
بىر هەشەم - دەرەمسىزلا تەختتىن چۈشۈپ كەتسە بولامدۇ؟!
يوقسۇ، ئۇنداق ئوڭاي ئىش نەدە؟! ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن جاهان
ئۇنى ماختىغان، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتقان. هازىرمۇ ماختايدۇ،
تەشەككۈر ئېيتىدۇ. ئۇ هېلىمۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن
كېرەكلىك! كىم ئۇنى قېرىدى دەيدۇ؟! ئۇ تېخى قېرىمىدى،
هەرگىز قېرىمىدى، بەلكى زادىلا قېرىمايدۇ!…

مەرۇپ ئاقساقال ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، قەلەمنى
قولىغا ئالدى. ئۆز يۇرتىدىكى يەرلىك هاكىمىيەتكە قارىتىپ
مۇنداق بىر خەت يازدى:

«… مەن سىلەرنىڭ ئىنقىلابقا ۋە بىر رەهبىرىي كادىرغا
مەسئۇل بولۇش روهى بىلەن مېنىڭ يېشىمنى قايتا ئېنىقلاپ،
تەشكىل نامىدىن ئىسپات ئەۋەتىپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.
بۇنىڭدا، پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى پاكىتنى ئوت-
تۇرىغا قويىمەن: بىرىنچىسى، دادام مېنى بەش ياش ۋاقتىمدا
قارىيخانىغا بېرىش ئۈچۈنلا يەتتە ياش، دەپ ئۆزگەرتىپ موللامغا
تۇتۇپ بەرگەن. بۇ ئىشنى تاغام هېلىمقارى بىلەن ئابلىمىت

مەخسۇملار بىلىدۇ. ئىككىنچىسى، مەن يەر ئىسلاھاتىدا ئاكتىپ بولۇپ پارتىيىگە كىرىدىغان ۋاقىتتا ئون بەش ياش ئىدىم، لېكىن تەشكىل ماڭا ئېھتىياجلىق بولغاچقا، يېشىمنى ئون سەككىزگە ئۆزگەرتىپ پارتىيىگە قوبۇل قىلغان، بۇ ئەھۋالنى ئېنىق بىلىدىغانلار گەرچە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن سۈرۈشتۈرۈپ باقساڭلار، ئاڭلىغانلار تېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن…»

مەرۇپ ئاقساقال خەتنى پۈتتۈرۈپ كونۋېرتقا سالدى، ئادرېسىنى ناھايىتى ئالدىرىماي، ئېنىق يازدى. ئاندىن ئالاقىچى ئارقىلىق پوچتىغا ئەۋەتىش ئۈچۈن، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىگە تېلېفون بەرمەكچى بولدىيۇ، يەنە توختاپ قالدى. ھازىر جاھان مۆرەككەپ، ئەڭ ياخشىسى، ئۆز قولى بىلەن سېلىش كېرەك! ئۇ ماشىنا چاقىرىش ئۈچۈن تېلېفوننىڭ نومۇر تۈگمىسىنى باستى…

4

ئەدھەمنىڭ بىر نەرسە يازغۇسى كەلدى. يېقىندىن بېرى جىددىي ئىجتىمائىي، سىياسىي ھەرىكەتلەر بىلەن ۋاقىت تاپالمىغانىدى، ئەمدى ۋاقىت ئۆز ئىلكىدە، ئاز - تولا بىر نەرسە يېزىپ، گېزىت - ژۇرنالدا پات - پات ئېلان قىلىپ تۇرمىسا نامى يوقىلىپ كېتىدۇ، نام يوقىلىپ كەتسە، ئابرۇيي تېكلىگىلى بولمايدۇ! شۇڭا، يېزىش كېرەك. نېمە يازاي؟ شېئىرمۇ؟…

ئۇ كۆپ ئويلاندى، بارماقلىرىنى گاھ پۈكۈپ، گاھ ئېچىپ خېلى ھەپىلەشتى، لېكىن ئىلھام كەلمىدى، مۇھىمى، قاپىيە ئەپلەشمىدى! دراما يېزىش كېرەكمۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنىڭ سيۇژېتىنى قاچان قۇرۇپ، ئوبرازلىرىنى تىكلەپ، پەردە كۆرۈنۈشلىرىنى قۇراشتۇرۇپ بولاي؟! ئۇنى ئەمدى ئاشۇ مەدداھلار يازسۇن! ئەمىسە، نېمە يېزىش كېرەك؟ ھە،… ئەمدى تاپتىم:

خاتىرە يېزىش كېرەك. خاتىرىمۇ خۇددى غەيۋەتكە ئوخشاش كىـ-
شىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسە! ئۇنىڭدا ئۆزۈڭ توغرىسىدىمۇ،
باشقىلار توغرىسىدىمۇ قىزىق - قىزىق نەرسىلەرنى دېيەلەيسەن،
كىشىلەر ئەنە شۇ يوشۇرۇن تەرەپلىرىڭنى بىلىشكە قىزىقىدۇ.
ھەببەللى، شۇنى يازاي، ئەمىسە، گەپنى ياشلىقتىن باشلاش
كېرەك...

ئۇ ئويلاشقا باشلىدى. ياشلىق چاغلىرىنى — بولۇپمۇ ئۇنىـ-
ۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقاندا بولۇپ ئۆتكەن بىرەر ئەھمىيەتلىك ۋەقە-
لەرنى ئەسلەشكە باشلىدى. ھە دېگەندىلا، كۆز ئالدىغا قىزلارنى
ئويناتقان چاغدىكى رومانتىك ئەسلىمىلەر كېلىۋالدى. دەرۋەقە،
ئۇنىڭ ياشلىقىدا شۇنىڭدىن بۆلەك بىرەر ئەستە قالغۇدەك ئىشمۇ
يوق ئىكەن... قىزلار بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى:
گۈلشەن، سانىيە، مېھراي... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئالىقىـ-
نىدا قونچاقتەك ئويناپ، ئاخىر ئەلەم بىلەن بۇرۇقتۇرما بولۇپ
كەتكەن قىزلار! ھازىر ئۇلارنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيدۇ.
ئەستە قالغىنى پەقەت يىلاندەك تولغىنىپ تۇرىدىغان ئىككى ئۆرۈ-
مە قارا چاچ؛ ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ قوڭۇر كۆز؛
زىنىخلىرى كۆلۈپ تۇرىدىغان ئاپئاق يۈز... شۇ، شۇلا، خالاس!
بۇنى ئەلۋەتتە يازالمايدۇ، كىشىلەر ئوقۇسا، ئۇنىڭغا نەپرىتى
قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن، ھېچبولمىغاندا، قىزلار ئۇنى چۆ-
رۈمە - چۆچەك قىلىپ يۈرۈپ، يامان ئاتىقىنى چىقىرىپ
قويىدۇ!

ئەمدى نېمىنى يېزىش كېرەك؟ نېمە قالدى؟ ھە، راست،
ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم، سىياسىي ئەھمىيىتى چوڭ بىر
تېما قاپتۇ، بۇنى يېزىشنى ئويلاپ بېقىش كېرەك!...

ئۇ ئۆزىنىڭ پارتىيىگە كىرىش تارىخىنى ئەسلەشكە باشلىـ-
دى. ئۇ تۇنجى پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسىنى 1981 - يىلى
يازدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر كۈنى سەھەردە مەكتەپ سەينا-

سىنى سۈپۈرۈش، بۆلۈملەرگە قايناق سۇ ئەكىرىش قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئوڭاي چېلىقمىدىغان ئىشلارنى بىرنەچچە ئاي- غىچە ئۈزمەي داۋاملاشتۇردى. 1982 - يىلى مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنىڭ ئاكتىپ ئىپادىسىگە قاراپ، پارتىيىگە قوبۇل قىلماقچى بولدى ۋە تونۇشتۇرىدىغان ئادەملەرنىمۇ بېكىتتى. دەل شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى، ئەدھەم بىر خىز- مەتدىشىنىڭ تويىدا كېچىدە هاراق ئىچىپ، ئەتىسى باشلىرى گاراڭ هالدا يەتتىنچى سىنىپنىڭ تىل دەرسىگە كىردى. نۆۋەتتىد- كى دەرس سۆز بىرىكمىلىرىدىكى «سۈپەت» كە كېلىپ توختىغا- نىدى. ئۇ سىنىپقا كىرىپ، قولىنى ئارقىغا تۇتقىنىچە كۆرەڭ ئاۋازدا سۆزلەپ كەتتى:

— بۈگۈن مەن سىلەرگە «سۈپەت» نى سۆزلەيمەن، دىققەت! سۈپەت دېگەن — ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تەمىنى، سۈپىتىنى…

ئالدىنقى پارتىدا ئولتۇرغان كەپسىزرەك بىر ئوقۇغۇچى تۇ- يۇقسىز ئۇنىڭ لېكسىيىسىنى قاپ بەلدىن بۆلۈۋەتتى:

— مۇئەللىم، سوئالىم بار؟

ئەدھەم تازا بىر گۆلىيىپ قويۇپ، قولىنى شىلتىدى:

— هە، سورا!

— ئادەم دېگەننىڭمۇ تەمى بولامدۇ، مۇئەللىم؟ — دېدى هېلىقى ئوقۇغۇچى كۈتمىگەن يەردىن.

ئەدھەم سەل جىددىيلەشتى، ئۆزىنىڭ كەتكۈزۈپ قويغانلىقىد- نى هېس قىلدى، لېكىن ئىناۋىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئاتتىن چۈشۈشنى خالىمىدى.

— ئادەمنىڭ تەمى بار - يوقلۇقىنى ئۆيگە بارغاندا، داداڭ بىلەن ئاناڭدىن سوراپ باق، بولامدۇ؟ — دېدى ئاچچىقىغا پايلى- ماي. باللار چۇرقىرىشىپ كەتتى، هېلىقى سوئال سورىغان ئوقۇغۇچى ئىزا ۋە ئەلەمدىن كۆزىگە لىممىدە ياش ئالدى…

بۇ ئىش شۇ كۈنىلا مەكتەپكە يېيىلدى، ئەگەر يەنە كېڭىيىپ

يۇقىرىغا يېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا، مەكتەپنىڭ شەنىگە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىناۋىتىگە قاتتىق تەسىر قىلاتتى. شۇڭا، ئىلمىي بۆلۈم مۇدىرى بۇ ئىشنىڭ سىرتقا يېيىلىپ كېتىشىنى قاتتىق كونترول قىلدى ۋە ئەدەھەمگە قاتتىق چارە كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەدەھەمنىڭ پات ئارىدا پارتىيىگە كىرىش ئىشى شىپپىدە سۇغا چىلاشتى ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازامۇ شۇ بولۇپ قالدى. لېكىن ئەدەھەم بۇنىڭ بىلەن چۈشكۈنلەشمىدى، پارتىيىگە كىرىش ئىرادىسىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، بۇرۇنقى ياخشى ئىشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نورمىلىق ئاشلىقىنى ئەكېلىپ بېرىدىغان، سۇيىنى توشۇپ بېرىدىغان خالىس ئىشلارنىمۇ قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاممىۋى ئاساسى چىڭىدى، كىشىلەرنىڭ يەنە نەزىرىگە چۈشتى. 1983 - يىلى پارتىيە ياچېيكىسى مۇزاكىرە قىلىپ، يەنە ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلماقچى بولدى. ئۇ مېڭىپ-مېڭىپ بوسۇغىنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، يەنە بىر پېشكەللىككە ئۇچراپ نەس باستى. بىر يەكشەنبە كۈنلۈكى ناھىيە بازىرىدا، بىرنەچچە تونۇشلىرى بىلەن ئاشخانىدا تاماق يەپ، هاراق ئىچتى. كەيپچىلىكتە يەنە شۇ بالا تەگكۈر ئاغزى بېسىلماي: «بۇ قېتىم پارتىيىگە كىرىپلا، ئىلمىي مۇدىرىنىڭ هوقۇقىنى تارتىمەن!» دېۋىدى، بۇ گەپ شۇ كۈنىلا ئىلمىي مۇدىرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى ۋە ياچېيكىدا قايتا مۇزاكىرە قىلىشقا سەۋەب بولدى. تەھلىلچىلەر ئۇنى: «ئەسلىي مۇددىئاسى پارتىيىگە كىرىپ ئەمەلدار بولۇش ئىكەن» دەپ شەرھلەپ، يەنە بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈپ سىناپ باقماقچى بولدى. بۇ قېتىم ئەدەھەمنىڭ روهى چۈشتى، رايى قايتتى، مەكتەپ دائىرىسىدىكى ئىشلار بىلەن ئۆز مۇددىئاسىغا يېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئەمدى ئۇ باشقىچە يول تۇتۇش قارارىغا كەلدى...

«تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولار» دېگەن-

دەك، 1984 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئۇ شەرەپ بىلەن پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. بۇ قوبۇل قىلىش مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىدىن هالقىغان هالدا، ناهىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە ۋىلايەتلىك گېزىتخانا مۇخبىرلار بۆلۈمىنىڭ تۈرتكىسى ۋە بىۋاستە ئارىلىشىشى بىلەن بولدى...

كىشىلەرنى هاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان ئىش مۇنداق باشلاندى: 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ۋىلايەتلىك گېزىتخانا مۇخبىرلار بۆلۈمىدىن ناهىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئىككى پارچە خەت كەلدى، بىرىنچى خەتتە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغانىدى:

«... تەۋەيىڭلاردىكى ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ئەدھەم نىياز يۈكسەك كوممۇنىستىك روھ ۋە ئالىيجاناب ئىنسان خىسلىتىنى نامايان قىلىپ، ئاخبارات سېپىمىزدە شانلىق ئۈلگە ياراتتى. بىز ئۇنى «مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر» دەپ باهالاپ، تېگىشلىك شان ـ شەرەپنى بەردۇق. بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىلەرنىڭمۇ ئەدھەم نىيازغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىلهام ۋە مەدەتكار بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز! ...»

ئىككىنچى خەت كۆچۈرۈلمە نۇسخا بولۇپ، نامەلۇم بىر قىزدىن گېزىتخانا مۇخبىرلار بۆلۈمىگە يېزىلغان تەشەككۈرنامە ئىدى: «... مەن يىگىرمە بىر ياشلىق بىر خەنزۇ قىز، سىلەرنىڭ ئىختىيارىي مۇخبىرىڭلار ئەدھەم نىياز مېنى نومۇس ۋە ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالدى... ئەهۋال مۇنداق: مەن 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ناهىيىنىڭ يېزىلىق هۆكۈمىتىدە ئىشلەيدىغان ئاكامدىن «تېز كېلىپ كەت!» دېگەن مەزمۇندا بىر تېلېگرامما تاپشۇرۇۋېلىپ، 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىن ناهىيە بازىرىغا كەلدىم. ناهىيە بىلەن ئاكام بار يېزىنىڭ ئارىلىقى ئون بەش كىلومېتىر ئىدى، ئاپتوبۇس توختاپ كەتكەچكە، قانداق قىلىشىمنى بىلمەي تۇرسام، كىچىك بىر بولكىۋاي ماشىنىدا ئىككى ئادەم كەلدى ۋە

مېنى كىرا قىلىپ، مەنزىلگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى، مەن خۇشاللىق بىلەن ماشىنىغا چىقتىم، لېكىن ماشىنا ناھىيە بازىرى۔ دىن چىققاندىن كېيىنلا، ئۇلار مېنىڭ كۆزۈمنى تېڭىپ، ئاغزىم۔ نى ئېتىپ بۇلاپ ئەكەتتى. بىر چاغدا ماشىنا توختىدى، قارى۔ سام، توت ئەتراپ غىلاڭ ساي، ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، ئۇلار مېنى ماشىنىدىن چۈشۈردى، ئاۋۋال يېنىمدىكى بارلىق پۇللارنى ۋە پۇلغا يارايدىغان ھەممە نەرسىلەرنى ئالدى، ئاندىن زورلۇق بىلەن كىيىممنى سالدۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلى۔ ماقچى بولدى... مەن يىغلىدىم، ۋارقىرىدىم، نالە قىلدىم... شۇ چاغدا، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك، ئەدھەم نىياز پەيدا بول۔ دى، ئۇ لۈكچەكلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتى، ئۇ چاققانلىق بىلەن ماشىنىنىڭ ئۆزۈن بىر تۆمۈرىنى قولىغا ئالدى، ئۇزاق ئېلىشىشتىن كېيىن، لۈكچەكلەر تەڭ كېلەلمەي ماشىنىسى بى۔ لەن قاچتى... مەن شۇ چاغدا، شەپقەتچىمنىڭ ئىسمىنى سورى۔ دىم، لېكىن ئۇ، نام ــ شەرىپىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى، كېيىن مەن ئۇنىڭ لۈكچەكلەر بىلەن ئېلىشقاندا چۈشۈپ قالغان ئاددىي بىر كىنىشكىسىدىن ئىسمىنىڭ ئەدھەم نىياز بولۇپ، سىلەرنىڭ ئىختىيارى مۇخبىرىڭلار ئىكەنلىكىنى، بۇگۈن چۆل۔ لۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دېھقانلارنى زىيارەت قىلىپ كېلىۋاتقاندا، ماڭا ئۇچراپ قالغانلىقىنى بىلدىم... ئەدھەم نىياز مېنى ۋېلىسى۔ پىتىگە ئولتۇرغۇزۇپ، سائەت ئونغا يېقىن ناھىيىگە ئەكەلدى ۋە ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى، مەن ئا۔ كامنىڭ يېنىغا بېرىشتىن ۋاز كەچتىم، پۈتۈن نەرسەمنى لۈك۔ چەكلەر بۇلاپ كەتتى، ئۆزۈمنىڭمۇ بۇ يەردە بىر مىنۇت تۇرۇشقا رايىم قالمىغانىدى. مەن كۆڭلۈمدىكىنى ئەدھەم نىيازغا ئېيت۔ تىم، ئۇ ماڭا يۈز يۈەن پۇل بەردى ۋە ئۆز قولى بىلەن ئۇرۇمچىگە يولغا سېلىپ قويدى... مەن ئۇنىڭ ئېنىق ئادرېسىنى بىلمىگەچ۔ كە، يۈز يۈەن پۇلنى سىلەرگە ئەۋەتتىم، ئۇنىڭغا ۋاقتىدا تاپشۇ۔

رۇپ بېرىپ، مېنىڭ ئوتلۇق، سەممىي سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن!... مەن بۇ خەتتە، ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى، ئادرېسىمنى، كىم ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلىمىدىم. چۈنكى، مەن بىر قىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ئۆز نامىمنى، ئار- نومۇسۇمنى قوغداش ھوقۇقۇم بار...»

مانا شۇ ئىككى پارچە خەت ئەدھەمنى ناھايىتى تېز ۋە توسال- غۇسىزلا مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزگەنىدى. ئۇنى شۇنچىلىك شان ـ شەرەپكە ئىگە قىلغان ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئىلمىي مۇدىردەك «قۇسۇر» چىلارنىڭمۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت يوق ئىدى. يالغانمىكىن دەي دېسە، يۈز يۈەن پۇلنىڭ پوچتا ئارقىلىق كېزىتخانىغا كەلگەنلىكى ۋە ئۇلار ئارقىلىق ئەدھەمگە تاپشۇرۇلغانلىقى راست؛ راستمىكىن دەي دېسە، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئالىقانچىلىك ماكاندا شۇنچىلىك چوڭ ئىشنىڭ ھېچقانداق شەپىسىز جىممىدە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۇلارنى گۇمانلاندۇراتتى. لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن بولار ئىش بولدى، ئەدھەم شەرەپ بىلەن پارتىيىگە كىردى، ماختايدىغانلار ماختىشى بويىچە، گۇمانى بارلار گۇمانى بويىچە قېلىۋەردى...

ئەدھەم مانا شۇلارنى ئويلاپ، ھەم مىيىقىدا كۈلدى، ھەم چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئۆز ھاياتىدا ئۆتكەن بۇ ئىشنى خاتىرە قىلىپ يازغىلى بولارمۇ؟! ياق، ئەدھەم بۇنىمۇ يازالمايتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سىر ئىدى. ئۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن نۇرغۇن سىرلارنى ئۆز باغرىدا يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ كەڭ ۋە ساخاۋەتلىك دۇنيادا ئۆزىنىڭمۇ شۇنچىلىك بىر سىرىنى ئۆمۈر بويى ساقلاپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى...

ئۇ ئاخىر ھېچنېمە يازالمىدى، ئويلىغان ماۋزۇلىرى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئىشنى قانداق باشلاشنى، قەدەمنى قانداق ئې- لىشنى بىلمەي قالدى. ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆزىنىڭ بۇ باش ـ ئايىغى يوق خىيالى ۋە پىلانى ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈردى...

كەچكە يېقىن ئەدھەمنى بىردىنلا غېرىبلىق باستى. ئۇ ئۆزى-
نى بەكمۇ يالغۇز ۋە بىچارە ھېس قىلدى. ئۇنىڭغا ئۆزى ئولتۇر-
غان بۇ ئۆينىڭ تۆت تېمى ھازىرلا قىستاپ كېلىپ بېسىۋالىدىغان-
دەك، يانپاشلاپ ياتقان كارىۋىتى خۇددى ئۇلۇغ سۇ ئۈستىدە
بىردەم چۆكۈپ، بىردەم لەيلەپ يۈرگەن ئەبجەق قېيىقتەك تۇيۇ-
لۇپ كەتتى...

دېمىسىمۇ، ئۇ شۇ كۈنلەردە ھۇۋقۇشتەك يالغۇز قالغانىدى.
گۈلجان يۈرىكىگە زەخمە ئۇرۇپ، ئۇنتۇلغۇسىز داغدا قويدى،
خانقىزمۇ پۈتۈنلەي ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يېقىن يولىمىدى، ئۆز
پۇشتىدىن بولغان ئوغلى ئىگەمىيارنى بولسا زادىلا كۆرسەتمىدى.
ئۇنىڭ ئىدارىدىكى ئەھۋالى تېخىمۇ ئوسال ئىدى، ئۆتكەنكى پاش
قىلىش ماتېرىيالىدىن كېيىن، ھىدايەت ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ
قارىمىدى. شۆھرەت، نادىرلار بولسا، ئۇنى كۆرگەندە خۇددى بىر
نىجاسەتتىن يىرگەنگەن ئادەمدەك ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ، قا-
چۇرۇپ يۈردى. ھازىر ھېكمەت سوپىمۇ ئۆز ھالى بىلەن قالغان-
دى. پەقەت ئۇنىڭ بېرىپ - كېلىدىغان يېرى يەنە شۇ بىرلا
«سۆيۈنگەن تېغى» مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئۆيى بىلەن «كىچىك
پارىژ» قەھۋەخانىسى ئىدى.

لېكىن، «كالىلار سۇ ئىچسە، موزايلار مۇز يالايدۇ» دېگەن-
دەك، مەرۇپ ئاقساقال ھەمىشە سىرداش، دىلداش بولالمايتتى.
ئەدھەمنىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئۇنىڭغىمۇ خۇشاللىق بولۇشى، ئۇنىڭ
قايغۇسىنىڭ ئۇنىڭغىمۇ قايغۇ بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇ، ئۆز
تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان ياشلىق تۇيغۇسى، مۇ-
ھەببىتى، ئازاب، خۇشاللىقى ۋە يۈرەك ھېسلىرى توغرىسىدا
مەرۇپ ئاقساقال بىلەن سۆزلىشەلمەيتتى، سۆزلەشسىمۇ يۈرىكى
سۇ ئىچمەيتتى. بىر ياش ئۈچۈن، يۈرەك سىرلىرىنى ئېيتالايدى-
غان، خۇشاللىق ۋە قايغۇسىغا ھەمشېرىك بولالايدىغان بىر دىل-
كەش دوستىنىڭ بولماسلىقىدىنمۇ ئارتۇق بىچارىلىك بارمۇ؟!

لېكىن ئەدھەم ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى بەزلىيەلەيتتى...

«ھايات يولى بوران - چاپقۇنلۇق، ئەگرى - توقاي، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى ئۇ مۈشكۈل ياساقان چاغلار-دا، — ئۇنىڭ كۆتۈلمىگەن بوران - چاپقۇنلىرىغا، تۇيۇقسىز كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلىرىگە بەرداشلىق بەرگەن ئادەم ھەقىقىي قەھرىمان بولالايدۇ! ...»

ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇردى، قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېلىۋاتقان ئۆيدىن، يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ئەسىر قىلغان ئۆلۈك مۇھىتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى ۋە غەربىي يولدىكى «كىچىك پارىژ» قەھۋەخانىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

# ئون ئالتىنچى باب

# ئاخىرقى پەردىدىكى كۆرۈنۈشلەر

## 1

ئىنسان ھاياتى خۇددى سەھنە ئەسىرىگە ئوخشىشىدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددىمىسى، باشلىنىش پەردىسى ۋە ئاخىرقى پەردىسى بولىدۇ. ئاخىرقى پەردىنىڭ يېپىلىشى شۇ كىشى ھاياتىنىڭ خاتىمىسى بولۇپ قالىدۇ!...

مەرۇپ ئاقساقال ئەنسىرەپ يۈرگەن كۆڭۈلسىز ئىش ئاخىر يۈز بەردى...

ئىدارىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئۈچ ئادەم بىرلىشىپ يازغان بىر پارچە پاش قىلىش ماتېرىيالى كەلدى. ھامۇت كەنجى ماتېرىيالنى پارتگۇرۇپپا يىغىنىدا ئوچۇق ئوتتۇرىدا قويدى. ماتېرىيالدا مۇنداق بىر جىددىي مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغاندى: «... مەرۇپ ئىلياس ھوقۇقى ۋە مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ، ناھىيىلىك سودا كوپىراتىپىمىز بىر يىل يىغقان ئوتتۇز توننا زىرىنى بەش يۈەن ئاتمىش پۇڭلۇق ئىچكى باھا بىلەن (ئۆزدىمىز دېھقانلاردىن بەش يۈەن ئەللىك پۇڭدىن يىغقان) سېتىۋېلىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەتكەن. كېيىن ئاڭلىشىمىزچە، ئوغلى ئارقىلىق تاشقى بازاردا ئون نەچچە ھەسسە ئارتۇق باھادا سېتىپ پايدا ئالغان. بۇنىڭ بىلەن بىز: بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان ئېكسپورت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىدۇق،

ئىككىنچىدىن، كوپېراتىپىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى يو-
قالدى، ئۈچىنچىدىن، تاپاۋەت بولمىغاچقا، ئىشچى - خىزمەتچى-
لەرگە هازىرغىچە مۇكاپات سوممىسى تارقىتالمىدۇق…»
مەرۇپ ئاقساقالنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنداق
ئۇشتۇمتۇت، ئېغىر زەربە ئۇنى پۈتۈنلەي هالىدىن كەتكۈزگەن-
دى. تېخى ئۈچ كۈن بۇرۇن كۈتۈلمىگەن يەردىن چىققان «ئال-
تۇن بىلەزۈك دەۋاسى» بىلەن زەردىگۈش بولغان ئادەم ئۈچۈن،
بۈگۈنكى بۇ ئىش خۇددى «بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا موزايىۋېشى
بوش كەلدى» دېگەندەكلا بولغانىدى.
ئەتىسى چۈشكە يېقىن مەرۇپ ئاقساقالنىڭ دوختۇرخانىدا
يېتىپ قالغانلىق خەۋىرى تارقالدى، ئۇنىڭ يۈرەك كېسىلى قوز-
غىلىپ، قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەنىدى. ئۈچ كۈنگىچە مىدىر-
لىماي ئاسما ئوكۇلدا ياتتى. تۆتىنچى كۈنى كارىۋاتتىن چۈشتى،
هەپتە ئۆتكەندە بىنانىڭ ئالدىدىكى گۈللۈككە چىقىپ، ئاستا ئاي-
لىنىدىغان بولدى، لېكىن كىچىككىنە يولى ماڭسا ئۆپكىسى پۇۋ-
دەپ غىز - غىزلايتتى، چىرايىمۇ خېلى ئۆزگىرىپ تاتارغان،
قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئىككى قوۋۇزى سېزىلەرلىك دەرىجىدە
ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى…
بۈگۈن ئەدهەم ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم يوقلاپ كەلدى.
— ئەهۋالىڭىز قانداقراق، ئاقساقال؟ — دېدى ئۇ كارىۋات-
نىڭ يېنىدىكى ساپاغا ئولتۇرۇۋېتىپ.
— ياخشى، هېچ گەپ يوق، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ۋە
تۇنجى قېتىم قېرىلىققا تەن بېرىپ قوشۇپ قويدى، — ئات
قېرىسا مۇدۇرىدىغان بولۇپ قالىدۇ، دېمەككىم، تېزلا ساقىيىپ
كېتىمەن!
مەرۇپ ئاقساقال بىر تەخسىگە ئالما، نەشپۈت ئېلىپ ئەد-
هەمنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىدىكى ساپاغا ئولتۇ-
رۇپ مۇنداق دېدى:

— تېخى بايىلا سىزنى ئويلاپ ئولتۇرۇۋېدىم، ياخشى كەلدى-ڭىز، دېمەككىم، مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار. ئاڭلىشىم-چە، يېقىندا كادىرلارنى تەڭشەيدىغان ئوخشايدۇ، بىر رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپتۇ، مەن بىر پېشقەدەم كوممۇنىست سۈپى-تىم بىلەن بۇ ئىشقا ئۆز پوزىتسىيەمنى بىلدۈرۈشنى ئويلاۋاتى-مەن. گەرچە يېشىم ئاتمىش ئەتراپىدا بولسىمۇ، تېخى پېنسىيىگە چىققۇدەك ئەھۋالدا ئەمەسمەن، يۈرەكتە ئازراق دەرد بولغان بى-لەن پاچاقتىن مادار كەتكىنى يوق. بىرى يۆلىمىسىمۇ ماشىنىغا بەخۇدۇك چىقىپ - چۈشەلەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ سايى-سىنى ئۆزىمىز سۆرەپ يۈرۈۋاتىمىز. شۇڭا، رەھبەرلىك گۇرۇپ-پىسىغا بىر پارچە خەت يازدىم، سىزمۇ كۆرۈپ بېقىڭ، كىشى-لەرنى تەسىرلەندۈرگۈدەك بىر نەرسە بوپتۇمۇ، قانداق؟

— ياخشى ئويلاپسىز، ئاقساقال، — دېدى ئەدھەم ئۇنى قېقىتىپ، — رەھبەرلىك ئورنىدا سىزدەك ئادەملەر پۇت تىرەپ تۇرۇپ بەرمىسە، جاھان قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ! — ئۇ مەرۇپ ئاقساقال ئۇزاتقان خەتنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى، خەتنىڭ باش قىسمىدا، پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار سىياسىتى، بولۇپمۇ تەجرىبى-لىك، پىشقان كادىرلار توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇزۇندىلەر شەرھلەنگەنىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىي مۇددىئا مۇنداق ئى-زاھلانغانىدى: «··· مەن يەر ئىسلاھاتىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئوتتۇز بەش يىلدىن ئارتۇق پارتىيە ئىشى ئۈچۈن قان - تەر تۆكۈپ ئىشلىدىم. لېكىن ئويلاپ قارىسام، ئىشلىگەنلىرىم تېخى ناھايىتى ئاز ئىكەن. گەرچە يېشىم ئاتمىشلارغا ئۇلاشقان بولسى-مۇ، خۇداغا شۈكرى، سالامەتلىكىم ياخشى، مۇھىم ئەزالىرىم بېجىرىم، بولۇپمۇ كاللام تېخى ناھايىتى سەگەك. كونىلار ئەر-لەرنى توپىغا ئوخشىتىدۇ، مەن بۇنىڭغا ناھايىتى قايىل، توپا كونىرىغانسېرى چۈرۈيدۇ، مۇنبەتلىشىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئەرلەرمۇ قېرىغانسېرى توپىدەك سازلىشىپ، مېڭە چاناقلىرى

تولۇپ، ۋايىغا يېتىدۇ. مەن پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تۇرۇپ: «كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئاخىرقى نەپسىمگىچە كۈرەش قىلىمەن!»، دەپ قەسەم بەرگەن. بۇ قەسىمىمنى ئەسلىسەم، تېخى كۆپ ئىش قىلالمىغانلىقىمدىن ئۇيىلىمەن! مەن پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئاتاپ قويغان. پارتىيە تەشكىلىنىڭ ماڭا تېخىمۇ كۆپرەك يۈك يۈكلىشىنى، تېخىمۇ مۇھىم، مەسئۇلىيەتلىك ئىشلارغا قويۇشىنى سورايمەن!...»

ئەدھەم خەتنى ئوقۇپ بولدى.

— قانداق؟ — دېدى مەرۇپ ئاقساقال ئالدىراپ، — دېمەككىم، پوزىتسىيە ئېنىق، مۇددىئا چۈشىنىشلىك بوپتۇمۇ؟

— بوپتۇ، ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دېدى ئەدھەم ۋە بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — مېنىڭچە، يەنە مۇنداق بىر نەرسىنى قوشساق دەيمەن؟

— نېمىنى؟ — مەرۇپ ئاقساقال ئۇنىڭغا قاراپ بويىنىنى سوزدى.

— مەسىلەن، سىزنىڭ بۇ قېتىم دوختۇرخانىدا يېتىپ قېلىشىڭىز مەسىلىسى...

— بۇنى قانداق قوشىمىز؟! مېنىڭ بۇ يەردە ياتقانلىقىمنى رەھبەرلىك كۆرۈۋېپىسىدىكىلەرنىڭ بىلىپ كېتىشى ناتايىن.

— ياق، بىلمەي قالمايدۇ، ئۇلار بىلمىسە، بىلدۈرىدىغانلار چىقىدۇ...

— دەرۋەقە، راست... دېمەككىم، ھامۇتەك مىتە قۇرتلار بار... لېكىن... دېمەككىم، ئۇنى يازساق، يۇقىرىقى گەپلەرگە زىت بولۇپ قالامدۇ؟

— ياق، زىت بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى كۈچەيتىدۇ. بىز بۇنى مۇنداق يازىمىز: مەن ئاشۇ ئىنقىلابىي غايەمنى ۋە پېشقەدەم كوممۇنىستلىق بۇرچۇمنى تولۇق ۋە ئاداققىچە ئىشقا ئاشۇرۇش نىيىتىدە، ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىپ، سالامەتلىكىمنى تەكشۈر-

تۆۋاتىمەن. بۇ خۇددى ئۇزاق سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئارغىماق-نى تاقشۇرغانغا ياكى ماشىنىلارنى تەكشۈرۈپ، رېمونت قىلغانغا ئوخشاش، ئۆزۈمنى كېيىنكى شانلىق ۋە جاپالىق ئىشلارغا تەييار-لاشتىن ئىبارەت!

مەرۈپ ئاقساقال خۇشال بولدى، خۇشاللىقتا ئورنىدىن قوز-غىلىپ كەتتى:

— مانا، مانا، هوش - كاللىڭىز جايىدا، — دېدى ئۇ ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئىشقىلاپ، — يەنىلا ياشلىق دېگەن باشقا گەپ. دېمەككىم، يولۋاستەك ئىشقا قارىغىچە، مىسقالچە دىتىغا قارا، دەپ بىكار ئېيتمىغان - دە!

شۇنداق قىلىپ، خەتكە يەنە بىر يېڭى مەزمۇن قوشۇلۇپ مەرۈپ ئاقساقالنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى، جەڭگىۋارلىق روهى تېخىمۇ نامايان بولدى.

— ئاقساقال، مەن سىزگە قايىل، — دېدى ئەدهەم ئۇنى تېخىمۇ ئۇچۇرۇپ، — سىزگە هەيكەل ئورناتسا ئەرزىيدۇ، بۇن-داق ئۆلمەس روھ، بۇنداق تۈگىمەس شجائەت هەركىمدە بولۇ-ۋەرمەيدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى، مەن هازىرقى ياشلىقىم-نى سىزگە بېرەتتىم، سىز پارتىيە، دۆلەت ۋە دۇنيا ئۈچۈن يەنىمۇ نۇرغۇن تۆهپە يارىتاتتىڭىز!...

مەرۈپ ئاقساقال هاياجانلاندى، هاياجان ئىچىدە كېرىلدى ۋە ئۆزىگە خاس بىر خىل تەمەننا كۆلكىسى بىلەن ئەدهەمگە قاراپ جىلمايدى. لېكىن شۇ هامان سول كۆكسىگە بىر نەرسە سانجىل-غاندەك ئۇشتۇمتۇت ئاغرىق كىرىپ كەتتى، ئۇ دەرهال تارتمىدىن بىر تال دورا ئېلىپ تىلىنىڭ ئاستىغا باستى، بىرەر مىنۇتتىن كېيىن، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ، ئاغرىق شىپپىدە قويۇۋەتتى.

— لېكىن... بەزى ئادەملەر ئۇنداق ئويلىمايدۇ، ئەد-هەم، — دېدى ئۇ ساپاغا ئولتۇرۇپتىپ، — دېمەككىم، ئۇلار

مېنىڭ تەختىنى تېزرەك بوشىتىپ، ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىـ
نى كۈتىدۇ، تىلەيدۇ! سىز ئۇكام، ھامۇتنى بوش چاغلىماڭ،
ئۇنىڭ ھىيلىسى شەيتاننىڭ نوختىسىدىنمۇ كۆپ! ئۇ ھازىر ماڭا
ئورا كولاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ سايىسىگە كۆرپە سالىدىغان
بىرمۇنچە گۇپپاڭچىلىرى بار. دېمەككىم، تۆۋەندىمۇ، يۇقىرىدىمۇ
بىر قىسىم ئەخمەق، نادانلار ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ، لې-
كىن... ئۇنىڭ قازغان ئورىسىغا ھەدېسىلا پۇت ساڭگىلىتىپ
بېرىدىغان مەرۇپ تېخى تۇغۇلمىدى! دېمەككىم، ئۇنداق ئاسان
ئىش يوق، چۆچۈرىنى خام ساناپ يۇرۇپتۇ، بەچچىغەر!...
— سىز ئاڭلىمىغانمۇ، ئاقساقال، — دېدى ئەدھەم ئاغزىدى-
كى نەشپۈتنى يۇتقۇنۇپ، — نېكسوننىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق
بىر سۆز بار: «سىياسىي خىزمەت قىلغان ئادەم بىر كۈندە توققۇز
ئۆلۈپ بىر تىرىلىدۇ.» ھامۇت كەنجىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ئا-
شۇنداق ئىش، ئۇنىڭ دەۋرانىمۇ ئۇزۇنغا بارمايدۇ.
— شۇ... ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى؟ — دېدى مەرۇپ
ئاقساقال چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — خۇدا ئەزىز قىلغان-
نى بەندە خار قىلالمايدۇ! دېمەككىم، بىزنى خۇدا ئەزىز
ياراتقان... شۇنداقتىمۇ، سۇ كېلىشتىن بۇرۇن تۇغان قۇرۇپ
تۇرغان ياخشى، ئۇكام. دېمەككىم، بۇ ئۆزى سەۋەبلىك ئالەم...
ئەگەر سىز مۇشۇ پەيتتە، ئۆتكۈر قەلىمىڭىزنى ئىشقا سېلىپ،
مېنىڭ يەر ئىسلاھاتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ئوتتۇز نەچچە
يىللىق ئىنقىلابىي ھاياتىم توغرىسىدا بىرەر پارچە بىر نەرسە
يېزىپ، گېزىتتە ئېلان قىلىۋەتسىڭىز گۈل ئۈستىگە گۈل بولغان
بولاتتى. دېمەككىم، ئۇ چاغدا ھامۇت ھەرقانچە قۇترىسىمۇ،
«ئەجىلى يۇتكەن قۇزغۇن قارچىغا بىلەن ئوينىشار» دېگەندەك
ئىش بولاتتى...
— بىرەر پارچە ئەسەر يېزىش ھېچ گەپ ئەمەس، ئاقسا-
قال، — دېدى ئەدھەم دەرھاللا كۆڭلىنى بىلدۈرۈپ، — سىزنىڭ

شان ـ شەۋكەتلىك ھاياتىڭىز بىر پارچە ئەمەس، ئۇن پارچە ئەسەر يېزىشقىمۇ ئەرزىيدۇ. لېكىن، گېزىتتە ئېلان قىلىش مەسىلىسى قانداق بولاركىن؟...

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكام، ئۇ تەرىپىگە مەن ئىگە، دېمەككىم، گېزىتخانىدىكى ئۇلپەتلەر ئۇنچىلىك ئىشقا يارايدۇ، پەقەت سىز يازسىڭىزلا چىقىرىش مەندىن!

ئەدھەم ماقۇل بولدى، لېكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە ئىككىلەندى: ئەگەر ئەسەر يېزىلىپ، ئېلان قىلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئادەم ئۆلۈپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۆزىگە قىلچە پايدىسى بولماسلىق تۇگۇل، ھەتتا قاتتىق كۇلكىگە قېلىشى مۇمكىن! ئۇ چاغدا ھامۇت كەنجىلەر ئۇنى بوش قويامدۇ؟! ئەگەر يازمىسىچۇ؟ ئاقساقال ئالىمادىن ساقىيىپ، يېڭى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا كىرگۇزۇلسە، ئۇ چاغدا بۇ ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالامدۇ؟! ۋاي خۇدايىم... نېمىدېگەن قاتتىق تەڭقىسلىق ـ ھە؟!...

ئەدھەم ئويلا ـ ئويلا ئاخىر يەنە بىر قارارغا كەلدى: يېزىش كېرەك، لېكىن ئالدىرىماي، ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ، تەمكىنلىك بىلەن ئىش تۇتۇش كېرەك!...

بىر سېسترا قىز كىرىپ، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ قولتۇقىغا تېرمومېتىرنى قىستۇردى ۋە چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— بەك چارچاپ كەتمەڭ، ئاقساقال! — دەپ قويدى.

— دوختۇرخانا دېگەن شۇ ـ دە! — دېدى مەرۇپ ئاقسال سېسترا قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ھەممىسىنىڭ باشقۇرغۇسى كېلىدۇ. دېمەككىم، خۇدايىم بەندىسىنى كېسەل بىلەن تېۋىپنىڭ، داۋا بىلەن قازىنىڭ ئالدىدا تۇرغۇلۇق قىلمىسۇن! پۈتۈن ئەركىنلىكىڭنى يوقىتىدىكەنسەن!

ئارىغا بىر پەس جىملىق چۈشتى. ئەدھەم نېمە ئۈچۈندۇر خىيال بىلەن غەمكىن ئولتۇرۇپ قالدى. ئادەمنىڭ چىرايىغا

قاراپ، كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدىغان تادان مەرۋپ ئاقساقال شۇ پەيتتە قانداق گەپلەرنىڭ ئەدھەمنىڭ كۆڭلىنى كۆ-تۈرۈپ، روھىنى ئۇرغۇتىدىغانلىقىنى پەملەپ بولدى.

— تۇنۇگۇن ھېكمەت سوپى كېلىپتىكەن، — دېدى ئۇ دەل ئەدھەمنىڭ خىيالى ئۈستىدىن چۈشۈپ، — دېمەككىم، سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتۇق. ھېلىمۇ بەك كېچىكىپ كەتتى، بەزى توسقۇنلۇقلار بولۇۋاتىدۇ، بۇ قېتىم چىن شۇجى ھىدايەتنى ئۆستۈرمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ. دې-مەككىم، مەن ھېكمەت سوپىغا: مەيلى ئۆستۈرمەن دېسە، بىز-مۇ ياق دېمەيلى، ۋەزىيەت ئۇنىڭغا ئوڭ كەلدى، لېكىن تۇرپانلىق-لارنىڭ گېپى بويىچە «دۆڭگە يىقىتايلى!» دېدىم. دېمەككىم، ئەمدى سىزنىڭ ئىشىڭىزنى مەن يېقىندا دوختۇرخانىدىن چىقىپلا تۇتۇش قىلىمەن، ئەگەر ئىدارىڭىز يەنە ئارقىغا سۆرىسە، ئۆزۈمگە يۆتكەپ ئەكېلىپ ھەل قىلىمەن. دېمەككىم، كېيىن ئۇلار يولۇ-ڭىزغا پاياندار سېلىپ ئەكېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. راستىمنى ئېيتسام، بۇ قېتىم كېسەل بىلەن يىقىلغاندا، ئالدى بىلەن سىز-نىڭ ئىشىڭىز خىيالىمغا كەلدى، دېمەككىم، ئالىمادىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسۇن، دەپ يۇقىرىدىكى مۇھىم بىر ئادەمگە سىزنى تاپشۇرۇپ، ئورۇندىيالماي قالغان بىردىنبىر ئىشىم شۇ، دەپ ۋەسىيەتمۇ قىلىپ قويغانىدىم...

— رەھمەت، ئاقساقال، — دېدى ئەدھەم ھاياجاندىن ئاۋاز-لىرىنى تىترىتىپ، — شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە رەھ-مەت، دېگەنلىرىڭىز كېلەر...

## 2

مەھلىيا بۈگۈن چۈشتىن كېيىن «كىچىك پارىژ» قەھۋەخا-نىسىغا كەلدى. سالمان ئۇنى ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— سالام، «تېھران قىزى» كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى سالمان ئۇنىڭغا قىزغىن قول سوزۇپ.

— ھە... كەلدىم، ئادەم ئەۋەتىپتىكەنسىز! — مەھلىيانىڭ ئاۋازى زەئىپ ئىدى، ياش، ئوماق جامالىمۇ ئۇستى ـ ئۇستىلەپ كەلگەن دەرد ـ ئەلەمدىن بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا خۇددى بىرىدىنىڭ ئېھتىياتسىز ئايىغىدا دەسسىلىپ كەتكەن گۈلدەك سولشىپ، جۇۋاننىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. لېكىن بۈگۈن سالمان بۆلەكچىلا قىزغىن ۋە ئېغىر ـ بېسىق ئىدى. بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئۆزگىرىش بولماستىن، بەلكى بەدىنىدىكى فىزىئولوگىيەلىك ئۆزگىرىش — قان زەرداب ماددىسىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىدىن بولۇۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا كۆڭلىدىكى ھارام نىيەتىنى خۇددى تىمساھ كۆز يېشى ئارقىلىق تەبىئىتىدىكى ياۋۇزلۇقنى يوشۇرغاندەك يوشۇرۇشقا، پەردازلاشقا ئۇستا ئىدى.

— تۈنۈگۈن سىزنى چۈشەپ قاپتىمەن، مەھلىيا، — دېدى سالمان ۋە لېۋىدىكى يېرىم ـ يارتا كۈلكىسى بىلەن كۆزىدىكى شۇملۇقنى يوشۇرماقچى بولدى، — سېغىندىم... كۆرگۈم كەلدى، شۇڭا تۈنۈگۈن ئادەم ئەۋەتكەنىدىم... يۈرۈڭ، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى.

ئۇلار ئىككى تەرىپى دەرەخلىك ئازادە يولغا چىقتى. يول خۇددى تىللادا چاچقۇ چاچقاندەك، كەچ كۈزنىڭ شىلدىر ـ شىلدىر غازاڭلىرى بىلەن بېزەلگەنىدى.

— سېغىندىم دېدىڭىزما؟ — دېدى مەھلىيا ئۇزاق سۈكۈتتىن كېيىن كىنايە ئارىلاش، — سىز سېغىنىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز، سالمان ئاكا؟! سېغىنىش يۈرەكتىن چىقىدۇ، لېكىن سىزدە ئەنە شۇ سېغىنىشنى، مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان، ھېس قىلىدىغان، قەدىرلەيدىغان يۈرەك دېگەن نەرسە بارمۇ؟!...

قاتمۇقات ئاچچىق يۇتقان بىچارە قىزنىڭ سۆزلىرى سالمان-

نىڭ بېشىغا تۆكمە يامغۇردەك ياغقىلى تۇردى. لېكىن بۇ گەپلەر خۇددى قۇمغا كار قىلمىغان سۇدەك سالماننىڭ قېتىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى.

— نېمە دېسىڭىز ھەقلىق، مەھلىيا، — دېدى ئۇ مۇلايىم قىياپەتتە، — توغرا، ئىشەنمەسلىككىمۇ ئاساسىڭىز بار، بىر مەزگىل ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالالمىدىم، يالغۇز قويدۇم، ئىشەن-سىڭىز، بۇ ھەرگىزمۇ سىزنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم ئەمەس، پەقەت سودا - سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن ۋاقىت چىقىرال-مىغانلىقىمدىن بولدى. پۇل ۋەسۋەسىسى يامان ئىكەن، جان تىكىپ ئىشلىمىسىڭىز كىشىلەر سىزگە ئاسان يول بەرمەيدىكەن، مېنىڭ بۇ ئىشلىرىممۇ تېگى - تەكتىنى ئالغاندا، يەنىلا ئۆزىمىز، پەرزەنتىمىز ۋە كەلگۈسى ھاياتىمىز ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىز كېرەك...

ئاياللار كۆپىنچە باغرى يۇمشاق، ئەپۇچان كېلىدۇ. جايىدا ئېيتىلغان ئىللىق، چىرايلىق سۆزلەر ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى چىگ-گىشلەرنى، يۇرىكىدىكى دەردلەرنى ئاسان كۆتۈرۈۋېتىدۇ. شۇ تاپتا، مەھلىيامۇ سالماننىڭ بىچارە قىياپىتىگە، ياغلىما گەپلىرى-گە ئىشەندى ۋە ئاستا - ئاستا يۇمشاپ، ئۆزىنىڭ بايا قاتتىق تېگىپ قويغانلىقىدىن پۇشايمانمۇ يېدى، لېكىن ئاغزىدىن چىقارمىدى.

— سېغىنمىغان بولسام، ئادەم ئەۋەتىپ سىزنى چاقىرتمايت-تىم، مەھلىيا، — دېدى سالمان ئۇنى تېخىمۇ ئىشەندۈرۈپ، — سىرداشقۇم، مۇڭداشقۇم كەلدى، بۈگۈن سائەت تۆت بىلەن يېگى-شەھەر رايونىدىكى ھېلىقى ئۆيگە چىقىڭ، مەن سىزنى شۇ يەردە كۈتىمەن، توي ئىشىمىز توغرىسىدا ئېنىق سۆزلىشەيلى!

مەھلىيا تېخىمۇ ھاياجانلاندى. خۇدا سالماننىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپتۇ، دەپ ئويلاپ، خۇدادىن تۇرمۇشىنىڭ، كەلگۈ-سىنىڭ ۋە ئائىلىق باغرىدا خاتىرجەم يېتىلىۋاتقان پەرزەنتىنىڭ

بەخت ـ سائادىتىنى، تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى تىلەپ، ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولدى ۋە ئۈمىد نۇرى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆز-لىرىدە باشقىدىن شادىيانە كۈلكە جىلۋىلەندى.

ئۇ چىرايلىق تارىنىپ، ياسىنىپ، ۋاقتىنىڭ توشۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى ۋە يولنىڭ يىراقلىقى، ئاپتوبۇسنىڭ جىددىيلىكىنى ھېسابلاپ، سائەت ئۈچ بىلەنلا ئۆيدىن چىقتى، ئونىنچى يولنىڭ ئاخىرقى بېكىتىدىن ئىككىنچى يولغا ئالمى-شىپ، يېڭىشەھەر رايونىغا قاراپ ماڭدى. دېگەندەك، مەنزىلگە يېتىپ كېلىش ئۈچۈن قىرىق مىنۇتتىن ئارتۇق ۋاقىت كەتتى. ئۇ تونۇش بىنانىڭ چەتتىكى ئىشىكىدىن كىرىپ، تۆتىنچى قەۋەت-كە كۆتۈرۈلدى. ئۇ، بۇ يەرگە بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە كۈن بۇرۇن — سالمان بۇ ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچىنى يېڭىلا قولىغا ئالغان ۋاقىتتا كېلىپ، سالمان بىلەن ئىككى سائەتتەك «سىردىشىپ» كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا ئىشىك بېشىدا ماۋۇ ۋېۋىسكا يوق ئىدى. ھازىر بىر پارچە قارا تاختىغا ئۈيغۇرچە، خەنزۇچە «سامانيولى شىركىتىنىڭ يېڭىشەھەر ئۈچۈر پونكىتى» دەپ يېزىپ، ئىشىك بېشىغا بېكىتىپ قويغانىدى. مەھلىيا بۇ ئۆينىڭ جاڭ داتۇغا ئىجارىگە بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، خاتىرجەم ھالدا ئىشىكنى چەكتى، ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ، مەھلىيانىڭ ئالدىدا جاڭ داتۇ پەيدا بولدى.

— كېلىڭ، مەھلىيا، كېلىڭ، — دېدى ئۇ قوللىرىنى يېيىپ، — ئىچكىرى كىرىڭ...

— سالمان ئاكام بارمۇ؟ — مەھلىيا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ھازىر كېلىدۇ، ھازىر، — جاڭ داتۇ ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتى، — بايا تېلېفون بەردى، سىزنى ئازراق كۈتۈپ تۇرسۇن، دەيدۇ، بىرى بىلەن قىلىشىدىغان ھېسابات ئىشى چى-قىپ قاپتۇ...

مەھلىيا ئىچكىرى كىردى. مېھمانخانىدىن باشقا ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ھەم يېپىقلىق ئىدى. جاڭ داتۇ ئۇنى ئۇدۇل مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى، ئۆتكەندە بىر كارىۋاتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق مېھمانخانا بۈگۈن چىرايلىق، رەتلىك سەرەمجانلاشقانىدى. قوش كىشىلىك لۆم ـ لۆم كارىۋات، ئۈچ كىشىلىك ساپا، رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ ۋە قوش ئېغىزلىق ئۈنئالغۇ، گىلەم، تېلېفون، دۇخاۋا پەردە قاتارلىقلار ئۆيىنى زامانغا لايىق، ئالىيېشىل قىلىۋەتكەنىدى.

— قېنى، ئازادە ئولتۇرۇڭ، مەھلىيا، — دېدى جاڭ داتۇ ئۇنى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ، — ئۈنئالغۇ قويۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىڭ.

جاڭ داتۇ ئۈنئالغۇنى قويۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئۈنئالغۇدىن جىددىي، ئەمما يېقىملىق جاز مۇزىكىسى كەلدى. مەھلىيا مۇنداق مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرەتتى. مۇزىكىنىڭ شوخ رىتىمىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ زىلۋا، ئەۋرىشىم بەدەنلىرىمۇ قوزغىلىشقا، ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى چىڭ تۇتۇپ ئولتۇردى، ئەگەر بۇرۇنقى ۋاقىتلىرى بولىدىغان بولسا، مۇنداق شوخ، يېڭى مۇزىكىلارنى ئاڭلاش بىلەنلا مەيدانغا چۈشۈپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دېسكو ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك جاسارەت ۋە ھەپسىلە يوق ئىدى، مۇزىكا ئۇنىڭ تەسىرچان سەزگۈلىرىنى غىدىقلاشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى...

مەھلىيا مۇزىكىغا مەست بولۇپ، ئۆيگە بىرىنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيمىدى، بىر چاغدا يەڭگىل يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى سالپاڭ قۇلاق، سودىگەر سۈپەت بىر ئادەم تۇراتتى.

— بۇ ئۆيگە قانداق كىردىڭىز؟ — سورىدى مەھلىيا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ.

— ئىشكىتىن كىردىم، ئوماق قىز، — دېدى «سالپاڭ قۇلاق» يېقىمسىز كۈلۈمسىرەپ، — مانا مۇشۇ ئىشكىتىن!

— بىرىنى ئىزدەمسىز؟ — مەھلىيا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئاغزىغا ئۇدۇل كەلگەن گەپنى قىلىۋاتاتتى.

— ھەئە، سىزنى ئىزدەيمەن...

— مېنى؟!

— شۇنداق، سىزنى!

«سالپاڭ قۇلاق» نىڭ بېزەڭلىكىدىن مەھلىيانىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— چاقچىقىڭىزنى قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭ! — دېدى ئۇ ئەمدى كەسكىنرەك تەلەپپۇزدا.

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، ئوماق قىز! — «سالپاڭ قۇلاق» مۇ چىرايىغا جىددىي تۈس بەردى، — سىزنىڭ ئىسمىڭىز مەھلىياغۇ دەيمەن، مەن سىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى كۆرگەن، سۈرەتتىكىدىنمۇ چىرايلىق ئىكەنسىز، بۇگۈن ئىككىمىزنى تەقدىر ئۇچراشتۇردى، تەقدىر مۇشۇ ئۆيدە ئىككىمىزنىڭ بېشىنى قوشماقچى!

— نېمە دەۋاتىسىز، ئالجىپ قالمىغانسىز؟! — مەھلىيا ھەم سەگەكلەشتى، ھەم كۆڭلىگە دەككە - دۈككە چۈشتى، — چىرايلىقچە چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا، جاڭ داتۇنى چاقىردىمەن...

— سىز نېمە دەۋاتىسىز، چىرايلىق قىز؟ — دېدى «سالپاڭ قۇلاق» پەرۋاسىز ھالدا، — ھازىر بۇ ئۆيدە سىز بىلەن مەندىن باشقا ھېچكىم يوق. خالىسىڭىز تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇ ئۆيدە سىز بىلەن بىللە بولىمەن، ئالدىرىسىڭىز سائەت ئونلاردا يولغا سېلىپ قويىمەن، شۇنىڭغىچە ئۆيمۇ، ۋاقىتمۇ مېنىڭ ئىلكىمدە!

«سالپاڭ قۇلاق» چاپىنىنى سېلىپ، غۇنجىنىگە چېپىلماقچى بولغان بۇقىدەك مەھلىياغا قاراپ ئېتىلىپ كەلدى. مەھلىيا

چاققانلىق بىلەن شاپپىدە ئۆزىنى چەتكە ئالدى، «سالپاڭ قۇلاق» ساپانىڭ قىرغىقىغا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۇشكىلى تاس قالدى.

— ناز ـ خۇلق دېگەنمۇ ئۆز يولىدا بولسۇن، قىزچاق، — دېدى «سالپاڭ قۇلاق» ئىككىنچى قېتىم ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ، — ئۇنچىۋالا قوپاللىق قىلماڭ...

— سىز زادى نېمە ئادەم؟! — مەھلىيانىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ماڭا چېقىلىشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟!...

— نېمىشقا ھەققىم يوق ئىكەن؟! — «سالپاڭ قۇلاق» نىڭمۇ كەيپى ئۇچۇشقا باشلىدى، — سىزگە يەنە نېمە بەرسەم بولاتتى؟! بىرنەچچە سائەتلىكىڭىزنى ئۇچ يۈز يۈەنگە سېتىۋالدىم، شۇمۇ ئازمۇ؟!...

— نېمە؟! نېمە دەۋاتىسىز؟! — مەھلىيانىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، كۆزلىرى چەكچەيدى، غەزەپ ۋە ئەلەمدىن ئۆتى يېرىلغۇدەك ھالغا يەتتى.

— گەپ شۇ، قىزچاق! — دېدى «سالپاڭ قۇلاق» قوللىرىنى ئۇنىڭغا سوزۇپ، — كېلىڭ. بۇ كىچىككىنە ئۆيىنىڭ قەيېرىگە قاچىسىز؟ بۈگۈن سىز مېنىڭ بىر نەچچە سائەتلىك مۈلكۈم، نەگە قاچسىڭىزمۇ قولۇم يېتىدۇ!...

ئۇ مەھلىياغا تاشلاندى ۋە قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، كارىۋاتقا باسمادىدى. مەھلىيا ۋارقىرىدى، تېپىرلىدى، لېكىن «سالپاڭ قۇلاق» ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنى يىرتىپ، ئىشتىنىغا قول ئۇزاتتى، شۇ چاغدا، مەھلىيا قانداقتۇر بىر كۈچ بىلەن «سالپاڭ قۇلاق»نىڭ ئۇڭ يەلكىسىنى شۇنداق چىشلىدىكى، «سالپاڭ قۇلاق» گويا يۈرىكىگە پىچاق يېگەن چوشقىدەك چىرقىراپ كەتتى، مەھلىيا چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاستىدىن چىقىپ، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى، لېكىن ئىشىك سىرتىدىن تاقالغانىدى، ئۇ ئۆينى بىر پىرقىرىدى، ياشقا تولغان كۆزىگە ئاخىرى لەمپىنىڭ پەردە

تارتىلغان ئىشىكى كۆرۈندى، ئۇ دەرھال لەمپىگە چىقىپ، ئى-
شىكنى سىرتىدىن ئېتىۋالدى...

قۇياش يىراق تاغ ئۇستىگە باش قويغانىدى. ئۇنىڭ تەپتى يانغان ئاخىرقى سۇس نۇرلىرىدىن ئۇپۇقتا ساڭگىلاپ تۇرغان دۇپدۇگىلەك بىر پارچە بۇلۇت گويا ئاشۇ تاغ ئۇستىدىن ھېلىلا ئېتىلىپ چىققان ۋولقان لاۋىسىدەك قىزغۇچ جىلۋىلىنىپ تۇراتتى...

مەھلىيا ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلدى، ئۆز يىغىسىدىن پاك بولۇپ كەتكەن قۇلاقلىرى سەل - پەل ئېچىلىپ، ئەتراپتىكى ھاياتلىق شەپىلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى...

شۇ تاپتا، مەھلىيانىڭ ھەسرىتى چوڭقۇر، دەردى ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس سۆيگۈ ئىلاھى گۇمان ۋە شەك - شۇبھە داغلىرى بىلەن خۇنۇكلەشتى، ئۇنىڭ ئەقىدە باغلاپ سۆيۈنگەن تېغى چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ گۇمران بولدى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە، ئەڭ ئاجىز مەزلۇم ئاياللار قاتارىدا سەزدى، ھەممە ئادەم يامان گېپىنى قىلىدىغان، مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغان ناپاك بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھاياتقا بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتى ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە، ئىنسانلارغا بولغان قىزغىن ئەقىدىسى ئاستا - ئاستا سۇسلىششقا باشلىدى. بىر چاغلاردا سالمانىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى، ۋاپا - ساداقىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھايات ئۇنىڭغا شېرىن، تەبىئەت گۈزەل، تۇرمۇش تاتلىق، ئادەملەر مېھرىبان كۆرۈنگەنىدى. لېكىن ئەمدى ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ، ھاياتنىڭ لەززىتى، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى قالمىغاندەك كۆرۈندى... ئۇ ئەمدى بۇ قورقۇنچلۇق، ئالدامچى تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، بىر كۈنمۇ ئارتۇق ياشىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى، شۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئۈچۈن كۇپايە ئىدى...

«سالپاك قۇلاق» لەمپە ئىشكىنى ئىتتىرىپ، جالداقشىتىپ، ئاخىر گەۋدىسى پاتقۇدەك يوچۇق ئاچتى، مەھلىيانىڭ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. پۇت - قولى بوشىشىپ، يۈرىكىدە بىسىپ بولماس بىر خورلۇق پەيدا بولدى. ئۇ «ساپاك قۇلاق» نىڭ غالجىرلاشقان مۇدھىش تەلەتىنى كۆرۈپلا، كۆز چاناقلىرى كېرىلدى، قارىچۇقى كىچىكلەپ، يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر بىر نۇر يالتىرىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتلىق شامى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ئاخىرقى نۇر — ياشلىق باھارىنى چەيلەپ، ئىپپەت - نومۇسىنى بۇلغاپ، ئىنسانىي غۇرۇرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، ۋىجدانىنى خورلىغان قارا يۈرەك ئادەملەرگە ئوق قىلىپ ئاتقان ئۆتكۈر، تەڭداشسىز، پاك نۇر ئىدى...

«ساپاك قۇلاق» لەمپىگە چىقتى، لېكىن ئۇنىڭ مەھلىيانى تۇتۇش ئۈچۈن سوزۇلغان قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى، مەھلىيا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن خۇددى رىۋايەتلەردىكى ئاسمان پەرىسىدەك غايىب بولغانىدى...

## 3

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ دېمى سىقىلدى، سول يەلكىسىدىن باشلانغان بىقىمسىز ئاغرىق ئاستا - ئاستا كۆكرەكنى قارماپ، يۈرەكنى ھالسىرىتىشقا باشلىدى. يۈرىكى گويا تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك نەپسىنى بوغاتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە غەلىتە نەرسىلەر — چىۋىن، پاشا، كۈمۈتىغا ئوخشاش ھاشاراتلارنىڭ گىژىلداپ، پىرقىراپ ئۇچۇشى؛ قىزىل، يېشىل، قارا رەڭلىك كېپىنەكلەرنى كېيىۋالغان ئۇششاق باللارنىڭ يۇملاق، چاسا، ئۇزۇنچاق يۈزلىرى ۋە يەنە ئاللىقانداق ئەجەپ - مەجەپگە ئوخشىشىدىغان شۇم تەلەت نەرسىلەر كۆرۈنگەندەك بولدى، قولدىقىغا بولسا، ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان — ئادەمنىڭ نېرۋىسىنى

قاقشىتىدىغان سوغۇق، يېقىمسىز ۋە مۇدھىش ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى...

ئۇ بۇنىڭدىن ئوتتۇز بەش يىل بۇرۇن، بۈگۈنكىدەك قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى بىر قېتىم بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئۇ چاغ يەر ئىسلاھاتىنىڭ قىزغىن كېتىۋاتقان مەزگىلى ئىدى. مەرۇپ ئاقساقال تېزلا كۆزگە كۆرۈندى، ئۇ ئۆز ئىشىغا پۇختا، ئەقىللىق ھەم تەدبىرلىك ئىدى: ھەر قېتىم يۇقىرىدىن ماشىنا بىلەن باشلىقلار كەلگەندە، ئۇ ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلاپلا، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۈرۈپ، پۇتىنى ئېرىقتىكى پاتقاققا مىلەپ، خۇددى جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقان ئاكتىپ ئىشلەمچىدەك قىياپەتتە باشلىقلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. بۇ ئىش كۆپ قېتىم تەكرارلاندى، بولۇپمۇ كەچ كۈز ۋە باش ئەتىياز ۋاقىتلىرىدا جىقراق بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم كەلگەن يېڭى - يېڭى باشلىقلارمۇ مەرۇپ ئىلياس توغرىسىدا ياخشى قاراشتا بولدى. لېكىن ئىش ھەمىشە ئوڭدىن كەلمىدى، بىر قېتىم ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى: ئۇ يىراقتىن ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئىشتىنىنى تۈردى، ماتا كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى يىرتتى، بۇ چاغدا ماشىنا خېلى يېقىنلىشىپ قالغانىدى، ئۇ ئالدىراشچىلىقتا پاتقاققا مىلىنىش ئۈچۈن، چوڭ بىر تۈپ ئۈجمىنىڭ يېنىدىكى لايلاتمىغا سەكرىدى، كىم بىلسۇن، ئۆزۇندىن بېرى لاي تاشلاپ تىنىپ قالغان لايلاتما دەسلەپ ئۇنىڭ بېلىگە، كېيىن كۆكسىگە، ئاخىرىدا گېلىغا كەلدى، ئۇنىڭ قىمىرلاشقا ماجالى يەتمىدى، غايىبانە بىر كۈچ ئۇنى ئاستىغا سۆرەپ كېتىۋاتاتتى. مۇزدەك لاي ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىنى سىرقىرىتىپ، پەي - سىڭىرلىرىنى قاتۇرۇپ قويدى. قويۇق پاتقاق ئۇنىڭ ئېڭىكىگە كەلگەندە، دېمى سىقىلىپ، يۈرىكى ھالسىرىدى، ئۇ ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىدى، ئاۋازى يىغا ئارىلاش تىترەپ چىقتى، ئۇنىڭ «ئادەم بارمۇ؟ قۇتقۇلدۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان ماشىنىدىكى

باشلىقلار لايلاتمىنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى ۋە ماشىنىنىڭ سىم ئارغامچىسىنى تاشلاپ، ئۇنى تەسلىكتە تارتىپ چىقاردى، ئۇ يېرىم ئۆلۈكتەك ئالىيىپ ياتاتتى. باشلىقلار ئۇنىڭ بۇ يەرگە قانداق چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە قاراشتى. شۇ چاغدا ئۇ ئاران كۆزىنى ئېچىپ: «سىنىپىي كۈرەش بولدى، دۈشمەنلەر مېنى قەستلەپ بۇ يەرگە تاشلاپ قاچتى!...» دېدى.

ئوتتۇز بەش يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، ئۇ سوغۇق لايلاتمىدا ئەمەس، بەلكى ئاپئاق كىرلىك سېلىنغان لۆم - لۆم كارىۋاتتا يېتىپ، شۇ چاغدىكىدەك ئۆلۈم دەھشىتىنى قايتا بېشىدىن كەچۈرۈۋاتاتتى. بۈگۈن راستىنلا ئۇنىڭ كۆزىگە مۆردا كۆرۈنگەندەك، ئۇ دۇنيانىڭ سېرىق ئاپتىپى يۈز - كۆزىگە كۆلەڭگە تاشلاپ، ئۆلۈم شەپىسى تۇيدۇرماي كېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا تېنى شۈركۈنۈپ، كۆزلىرى ئەلەڭلىدى ۋە ئاستا قولىنى سوزۇپ، قىزىل كۇنۇپكىنى قاتتىق باستى...

ياتاققا سېستىرا قىز يۈگۈرۈپ كىردى.

— نېمە بولدى، ئاقساقال؟ — دېدى ئۇ، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ.

— بولالمايۋاتىمەن... دېمەككىم... جېنىم ئىچىمدە قېچىپ يۈرۈۋاتىدۇ...، — مەرۇپ ئاقساقالنىڭ ئاۋازى زەئىپ ۋە مىسكىن ئىدى.

— مانا هازىر...، — سېستىرا قىز يۈگۈرۈپ چىقىپ، دوختۇرنى باشلاپ كىردى. گۆشلۈك، ئاق يىشماق يۈزىگە سېرىق جازىلىق كۆزەينەكنى بەكمۇ ياراشقان، شالاڭ ۋە جانسىز چاچلىرى ئارىسىدىن يوغان ۋە يۇمىلاق بېشىنىڭ هال رەڭ تېرىسى پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، چىمىم - چىمىم كۆزلۈك بۇ مەشهۇر يۈرەك كېسەللەر مۇتەخەسسىسى مەرۇپ ئاقساقالنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرى قانداقتۇر بىر ئىش بىلەن روهىي جەهەتتە جىددىيلىشىپ، ياخشى دەل ئالمىغانلىقىنى، ئۆزى دوختۇرخا-

نىدا بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ ئاللىقانداق شەيتان ۋەسۋەسىسى بىلەن باشقا يەردە چېپىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى.

— ئاقساقال، — دېدى ئۇ يۈرەك تىڭشىغۇچنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — دورىغا تايىنىپلا كېسەلنى ياخشىلاش تەس! ئەڭ مۇھىمى جىددىيلىكتىن، ھاياجانلىنىشتىن ساقلىنىش لازىم. كېسەل ئادەم بەك جىق نەرسىلەرنى ئويلاپ كەتسە بولمايدۇ! سىزنىڭ يۈرىكىڭىز ھەددىدىن ئارتۇق روھىي جىددىيلىكنى، ھەددىدىن ئارتۇق ھاياجانلىنىشنى كۆتۈرەلمەيدۇ! سىزگە ھازىر كۈلكىمۇ، يىغىمۇ ئوخشاشلا خەتەرلىك!...

دوختۇر چىقىپ كەتتى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، سېستىرا ئىككى تال دورا ئەكىرىپ مەرۇپ ئاقساقالغا ئىچۈردى. دورا تېزلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى، يۈرەك رىتىمى ئوڭشىلىپ، نەپەس ئېلىشىمۇ نورماللاشتى. ئۇنى ئەمدىلا شېرىن ئۇيقۇ بېسىپ تۇرۇۋېدى، ياتاققا ناتونۇش ئىككى ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى، ساقچى، يەنە بىرى، سوت خادىمى ئىدى. مەرۇپ ئاقساقال ئۇلارغا تەئەججۇپ بىلەن سوغۇقلا قاراپ قويدى.

— سىز مەرۇپ ئىلياس بولامسىز؟ — سورىدى ساقچى مۇلايىم ئاۋازدا، — سالمان سىزنىڭ ئوغلىڭىز بولامدۇ؟

— ھەئە، مەن مەرۇپ ئىلياس، — دېدى مەرۇپ ئاقساقال بىر ئاز ئۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، — سالمان مېنىڭ ئوغلۇم، بىر ئىش بولدىمۇ؟!

— شۇنداق، ماۋۇ ماتېرىيالنى كۆرۈپ بېقىڭ!

ساقچى بىرنەچچە بەتلىك ماتېرىيالنى مەرۇپ ئاقساقالغا ئۇزاتتى. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلار بار ئىدى:

«يېڭىشەھەر رايونىدىكى يېڭى بىنا، ئۈچىنچى كورپۇس بىرىنچى ئىشىك تۆتىنچى قەۋەت ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆي جەمئىيەت داشقاللىرىنىڭ قارا ئۇۋىسىغا ئايلانغان. ئۇ يەردە قىمار، پاھىشە، سېرىق سىنئالغۇ، زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەۋج

ئېلىپ، جاڭ داتۇ قاتارلىقلارنىڭ بىر سوتكىلىق پايدا تاپاۋىتى مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن...
سالمان مەرۋپ 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سائەت تۆتتە بۇ ئۆيگە مەھلىيانى ئالداپ كەلتۈرۈپ، ئۇنى موللاق ئىسىملىك بىر سودىگەر بىلەن مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىغان. سودىگەر ئىككى كۈن بۇرۇن، جاڭ داتۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن مەھلىيا-نىڭ سۈرىتىنى كۆرگەن ۋە قىز ئۈچۈن جاڭ داتۇغا ئۈچ يۈز يۈەن پۇل بەرگەن. سالماننىڭ مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى: مۇشۇ ئىش ئارقىلىق مەھلىيا بىلەن بولغان بۇرۇنقى مۇناسىۋىتىنى يېپىش ۋە قىزنىڭ قورسىقىدىكى ئۈچ ئايلىق ھامىلىنى موللاق بىلەن مەھلىيانىڭ ئۆزىگە ئارتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈل - كېسىل قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت! لېكىن مەھلىيا دەردكە، خورلۇققا چىدى-ماي ئۆزىنى بىنادىن تاشلاپ ئۆلۈۋالغان...»
مەرۋپ ئاقساقال ماتېرىيالنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇيالمىدى، كۆ-زىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، يۈرىكى يەنە سىقىلىشقا باشلىدى، لېكىن دورىنىڭ كۈچى تېخى تۈگىمىگەچكە، بايىقىدەك ئېغىر ھالەت يۈز بەرمىدى...
— جىنايەتچى سالمان بىلەن جاڭ داتۇ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى، — دېدى ساقچى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، — لېكىن بىزنىڭ ئادەملەرمۇ ئىز قوغلاپ كەتتى، سىز بىلەن ھازىرچە شۇنچىلىك سۆزلىشەيلى، ساقىيىپ چىققاندىن كېيىن، سىزدىن ئىگىلەيدىغان ئەھۋاللار بار...
ساقچى بىلەن سوت خادىمى چىقىپ كەتتى، مەرۋپ ئاقساقال گويا بېشىدا چاقماق چاققاندەك قورقۇنچ ۋە ئازاب ئىچىدە سالپى-يىپ قالدى...
«خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردىكام قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەندەك، ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتەر - ئۆتمەي، مەرۋپ ئاقساقالنى يەنە ئىككى ئادەم يوقلاپ كەلدى. ئۇنىڭ بىرى ھامۇت كەنجى، يەنە

بىرى، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ بۇرۇنقى ياردەمچىسى سۇڭ شاۋلىڭ ئىدى. مەرۇپ ئاقساقال هامۇت كەنجىنى كۆرۈپلا يۈزىنى چەتكە بۇرۇۋالدى، لېكىن هامۇت كەنجى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قىزغىن ئەهۋال سورىدى ۋە بىر تەرەپكە ساڭگىلاپ قالغان يوتقاننى تۈزەپ قويدى. قىسقىچە هال ـ ئەهۋال سوراشتىن كېيىن، سۇڭ شاۋ-لىڭ مەرۇپ ئاقساقالنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ ئاستا مۇنداق دېدى:

— تۈنۈگۈن پارتكومدىن رەهبەرلەر كېلىپ، هامۇت كەنجى-نىڭ خىزمەت ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ئۇ سىزنىڭ ۋەزىپىڭىزنى ئۆتكۈزۈۋالماقچى... بۈگۈن سىزنى يوقلى-غاچ بەزى ئىشلارنى مەسلىھەتلەشكىلى كەلدۇق...

— شۇنداق، يولداش مەرۇپ ئىلياس، — دېدى هامۇت كەنجى بىر خىل ئوڭايسىز كەيپىياتتا، — ئورنىمىزدا ئاز ـ تولا ئۆزگىرىش بوپتۇ، لېكىن بۇ هەرگىزمۇ خىزمەتنىڭ ئۆزگىرىشى-دىن دېرەك بەرمەيدۇ... ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى هېسابلايدىغان بىر رەهبىري كادىر ئۈچۈن، خىزمەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكى، يۇقىرى ـ تۆۋىنى بولمايدۇ... سىز ئالدى بىلەن ياخشى داۋال-نىڭ، ئاندىن...

هامۇت كەنجىنىڭ گېپى ئاغزىدا قالدى، مەرۇپ ئاقساقال-نىڭ چىرايى تاتىرىپ، ياستۇققا تىرەلگەن بېشى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كېتىۋاتاتتى. هامۇت كەنجى بىلەن سۇڭ شاۋلىڭ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بىرى بېشىدىن، بىرى قولىدىن تۇتۇپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىغىچە، مەرۇپ ئاقساقال چوڭقۇر بىر خارقىرىدى ـ دە، نەپەستىن توختىدى، كۆزلىرى بولسا، شىپشىدەك قېتىپ قالدى...

## 4

ئۇرۇمچىنىڭ داستىخىنى كەڭ، نېمىتى مول بولمىغان بى-
لەن داستىخان ئۈستىدە بولىدىغان گەپ - سۆزلەر كەڭ ۋە مول
بولۇپ تۇرىدۇ!

مەرۇپ ئاقساقالنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىدىن كېيىن، بىرنەچ-
چە يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا قاتلام ئائىلىنىڭ داستىخانلىرى ئۈستىدە
بۇ ھەقتە گەپ بولدى ۋە ھەممىسىدە دېگۇدەك ئېغىزدىن - ئېغىز-
غا كۆچۈرۈلۈپ، «ئەمەل خۇمارى» ناملىق بۇنداق بىر خاسىيەت-
لىك مەسەل ئېيتىلىپ يۈردى: «قەدىمكى زاماندا توختىمەت
ئىسىملىك بىر ئادەم ئون نەچچە يىل دورغا بولۇپ، خەلققە قاتتىق
زۇلۇم سېپتۇ. ئۇ خەلقنى ئالۋان - ھاشارغا مەجبۇرىي ھەيدەيدى-
كەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ شەخسىي ئىشىنىمۇ زورلاپ قىلدۇرىدى-
كەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ قارشىلىقى
بىلەن ئەمەلدىن يىقىلىپتۇ. دورغا يىقىلغاندىن كېيىن، ئەمەل-
سىزلىك ئار كېلىپ، قىرىق كۈنگىچە ئۆيىگە بېكىنىپ يېتىپتۇ،
بىر كۈنى خوتۇنى: ‹ئىسسىقتا دىمىقىپ كېتىپلا، ئىشىك ئالدى-
دىكى سۇپىغا چىقىپ سەگىدەپ ئولتۇرسىلا بولمامدۇ؟› دەپ،
مەھەللە جامائىتى سۇ ئېلىپ ئىچىدىغان ئېرىق بويىدىكى سۇپىغا
بىسات سېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دورغا ھەر كۈنى سۇپىغا
چىقىپ، خوتۇنىغا ئۆزىنى يەلپۈتۈپ يېتىپتۇ.

بىر كۈنى دورغىنىڭ كاللىسىغا غەلىتە بىر ئەقىل كېلىپتۇ.
دورغا بىرنەچچە ياغاچچىنى ياللاپ ئەكېلىپ ئىش بۇيرۇپتۇ. يا-
غاچچىلار دورغىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئېرىقنىڭ ئۈستىنى
تاختاي بىلەن يېپىپ، مىخلاپ، بىرنەچچە يەرگە قۇدۇقنىڭ ئاغ-
زىدەك تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ.

دورغا سۇ ئالغىلى كەلگەنلەرگە قاراپ: ‹ھەي، ئاينىسا-
خان! سەن بۇ تۆشۈكتىن ئال! ھوي، مايسىخان! سەن ئۇ

تۆشۈكتىن ئال! سەمەت، بۇياقتىن ئال! نەمەت، ئۇياقتىن ئال! › دەپتۇ. خوتۇنى بولسا ھەيران بولۇپ: ‹ تۇۋا، بۇ ئادەمنى! ئېرىقنى مىخلىتىپ نېمە قىلاركىن دەپتىمەن. ساراڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ بۇ ئادەملەرگە سۇ ئالىدىغان يەرنى سىلى كۆرسىتىپ بەرمىسىلىمۇ، ئۆزى بىلىپ ئالامدۇ؟ بۇ نېمە قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك؟! › دەپ كايىپتۇ. دورغا: ‹ ھەي ئەخمەق خوتۇن، سەن بىلمەيسەن! قانچە يىل دورغا بولۇپ، پۇقراغا بۇيرۇق قىلىپ ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، يىقىلىۋېدىم، ھېچكىم گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان بولدى. ئۇ يەردىن ئال، بۇ يەردىن ئال! دەپ بۇيرۇسام، ئۇلار دېگىنىمنى قىلسا، كونا كېسەل سەل - پەل بېسىلىدىكەن، مانا بۇ ئەمەلدارلىق خۇمارى! › دەپتۇ. »

دانىشمەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئەقىل - پاراسەت دۇردانىلىرىگە ھېلىقى داستىخان ئۈستىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈرۈپ يۈرۈپ ئېيتقانلار تەرىپىدىن بۇنداق بىر كىچىككىنە يېڭىلىق قوشۇلدى: توختىمەت دورغا ئاشۇنداق پاراسەتسىزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمەل خۇمارىنى ئاستا - ئاستا بېسىپ، بۇ دۇنيانىڭ يورۇقىنى كۆرۈپ ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ مەرۇپ ئاقساقال يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەسلىي دانالىقى بىلەن: «ئەمدى بۇ دۇنيانى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن، قالغان ئىشنى ئۇ دۇنياغا بېرىپ قىلاي!...» دەپ بىرلا تىنىقتا مەڭگۈ كۆزىنى يۇمۇپتۇ...

بۇ گەپلەر ھەتتا بەزىلەر تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ قىرىقى نەزىرىسىدىمۇ تەپ تارتماي ئېيتىلىپ يۈردى...

# ئون يەتتىنچى باب

## قۇدرەتلىك خىتاب

### (خاتىمە ئورنىدا)

بۇ ئەسەر مۇشۇ يەردە ئاساسەن ئاخىرلاشتى. قېپقالغىنى پەقەت بىرلا بەت. ئۇ بولسىمۇ، ئەدھەم توغرىسىدا يۇقىرىدىن چۈشىدىغان ئۈستۈرۈش بۇيرۇقنامىسى! لېكىن ئۇنىڭ چۈشىدىغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغاچقا، بىز كۈتۈپ تۇرمىدۇق. ئەدھەم ئۇنى كۈتۈۋاتىدۇ، كۈتمەكچى. چۈنكى، مەرۇپ ئاقساقال دوختۇرخانىدىكى ۋاقتىدا ئالىمادىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، كۆزۈم ئوچۇق كەتمىسۇن، دەپ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى «يۇقىرىدىكى مۇھىم بىر ئادەم» گە تاپشۇرۇپ قويغان. بۇنى ئەدھەم بىلىدۇ، گەرچە ئۇ شۇنچە سۈرۈشتە قىلىپمۇ بۇ «مۇھىم ئادەم» نىڭ كىملىكىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايانكى، بۇ ئىش جەزمەن XX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى ئاجايىپ مۆجىزىدەك يۈز بېرىدۇ!... بۇ يولدا ئۇ ھەرقانداق داۋانلاردىن ئېشىشقا، ئۆتكەللەرنى بۆسۈشكە، جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتىشقا تەييار!

ئادەم ئۈمىدلىك ياشىشى كېرەك، ھايات پەقەت ئۈمىد سۈيى بىلەنلا سۇغىرىلىپ ياشنايدۇ! سەندە ئۈمىد، غايە، شىجائەت بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزۈڭ ياقتۇرىدىغان، ياخشى كۆرىدىغان نەرسەڭنى ھاياتىڭ قولىدىن ئالداش بىلەنمۇ، زورلۇق بىلەنمۇ تارتىۋالالايسەن! ئېشەك چېغىدا: «ئالتۇن بېشىم ئامان بولسا،

ئالتۇن تاۋاقتا سۇ ئىچىمەن!» دەيدۇغۇ؟!...
ئەدھەم ئەنە شۇنداق ئىرادىلىك ھەم ئۈمىدلىك ئىدى. لې-كىن بۇگۈن سەھەردە مەرۇپ ئاقساقالنى چۈشەپ ئويغانغاندا، قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. كونىلار سەھەردە كۆرگەن چۈشنى ئوڭغا بۇرايتتى. ئەگەر شۇ بويىچە بولسا، مەرۇپ ئاقساقال گويا ئەد-ھەمنى ئۆز يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك، ئۇ دۇنيانىڭ جەبىر - جاپالى-رى بىلەن بەخت - ھالاۋىتىنىمۇ بىللە كۆرۈشكە بېشارەت بېرى-ۋاتقاندەك قىلاتتى...
ئەدھەم چۈشكىچە ناھايىتى خامۇش ھەم كۆڭلى غەش ئۆتتى. چۈشتىن كېيىن، مەرۇپ ئاقساقالنىڭ روھى قورۇنۇپتۇ، دەپ ئويلاپ ئىختىيارسىز قەبرىستانلىققا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم روھ توغرىسىدا ئويلىدى ۋە ئەزرائىل، ئاخىرەت، جەننەت، دوزاخ دېگەنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى ھەم بۇلارنى ئەتىگەن كۆرگەن چۈشىگە باغلاپ كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن قور-قۇپ كەتتى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتالايدىغان بىرەر ئادەمگە تولىمۇ موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى، ئارزۇ - ئارمىنى، كۆرگەن - بىلگىنى، ئوي - خىيالى يۈرىكى-دە، كاللىسىدا، قورسىقىدا تېشىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ بۇ نازۇك سىرلىرىنى ھېچكىمگە ئېيتالمايتتى، ئېيتسىمۇ ئاڭلايدى-غان ئادەم يوق ئىدى. ئادەملەر خۇددى ئۇنىڭدىن ۋابا ئىلاھىدىن قاچقاندەك يىراقلاشقانىدى...
ئۇ قەبرىستانلىقنىڭ سۇر باسقان جىمجىت يولىدا كېتىۋې-تىپ، ئالدىنقى كۈنى قايسىبىر ماتېرىيالدىن كۆرۈپ قالغان ئابدۇراخمان جامىنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرىنى ھەسرەت بىلەن ئەس-كە ئالدى:

«دىل، ئەگەر ناگاھان غەمگە ئۇچرىساڭ،
غەمخور دوستۇڭ بولسا، ئۇ غەم ئەمەستۇر.

كۆلپەت كۆنى سادىق دوستلىرىڭ كېرەك،
بەختلىك كۈندە دوستلىرىڭ ھېچ كەم ئەمەستۇر!»

تاغ باغرىدا يېيىلىپ ياتقان جىمجىت قەبرىستانلىق مۇڭلىنىپ، ئۈمچەرەپ تۇراتتى. ئەدەھەم قورققان، ھودۇققان ھالدا بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، ئېغىر سۈكۈنات باسقان سۈرلۈك بۇ ماكاندىن ئۆزى ئەسلەپ، سېغىنىپ كەلگەن ئادەمنىڭ قەبرىسىنى تەستە تاپتى. ئۇ ئېگىز قەبرە تېشىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزى بىلگەن كىچىك ئايەتلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇشقا باشلىدى...

قەبرىستانلىقنىڭ ئۈستىدە يالغۇز سار ئەگىيتتى، ئەتراپتىن قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ ئاندا - ساندا قاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئادەمنى بىر خىل مۇڭ، غېرىبلىق باساتتى...

كەچ كۈزنىڭ ھاۋاسى تۇرۇپلا ئۆزگەردى، بايىقى زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسمان بىردىنلا يۇندى چاچقاندەك سەتلىشىپ كەتتى. قەبرىستانلىقنى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرگۈدەك دەردچىدە ۋەھىمە ھەم جىمجىتلىق باستى. ئەدەھەم ئاستا ئورنىدىن تۇردى. قولىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، دەسلەپ نېمىنىدۇر پىچىرلىدى، كېيىن تىترىگەن ئاۋازدا ئۈنلۈك قىلىپ، قەبرىگە نالە قىلدى: ئاقساقال، سىز ئارمان بىلەن كەتتىڭىز، مېنىمۇ ئارماندا قويدىڭىز!... ئەمدى قەبرىڭىزدە جىم يېتىڭ، مەن تېخى ياش، ياشىشىم كېرەك، ھەممە تىرىكلەرگە ئوخشاش، ماڭىمۇ تىنچلىق، خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك كېرەك، سىزنىڭ روھىڭىز مېنى پاراكەندە قىلمىسۇن!... ئاھ، خۇدا! بەندىلىرىڭنى نېمانداق ئاجىز، ناقابىل ياراتقان بولغىيتتىڭ!... ھايات، تۇرمۇش شۇنچە قۇدرەتلىك، شۇنچە زورلاۋانمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش بەندەڭنىڭ قولىدىن كەلمەمدۇ؟! نېمىشقا؟ نېمىشقا؟ زادى كەلمەمدۇ؟!...

توساتتىن ئەدەبىيەتنىڭ قۇلىقىغا باھار تاشقىنىدەك گۈلدۈرلە-
گەن، گۈلدۈرمامىدەك ياڭرىغان قۇدرەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلانغان-
دەك بولدى، ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۆت تەرەپكە قاراپ، ئاۋازغا
قۇلاق سالدى. بۇ، ئۆزۈندىن بىرى تەڭرى نامىدا كېلىۋاتقان پاك
ۋىجدان بىلەن ھەققانىيەتنىڭ ياڭراق خىتابنامىسى ئىدى: «شۇن-
داق، كەلمەيدۇ! كىمىكى كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن ئويناشسا،
ئۇ ئۆمۈر بويى ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ، كىمى-
كى ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرالمىسا، ئۇ مەڭگۈ بىر قۇلدۇر!...»

1990 - يىل ئاپرېلدا ئۈرۈمچىدە يېزىلدى.
2001 - يىل سېنتەبىردە ئۈرۈمچىدە قىسمەن تۈزىتىلدى.

**图书在版编目(CIP)数据**

人生就是这样/艾海提·吐尔迪著. —乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2003.9
ISBN 7—5371—0916—8

Ⅰ.人… Ⅱ艾.… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 059396 号

责任编辑：尼加提·穆合里斯
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
依巴达提·亚森
封面设计：阿力甫·夏

# 人生就是这样(维吾尔文)

(长篇小说)

艾海提·吐尔迪　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编:830001)
新疆新华书店发行　新疆金版印务有限公司印刷
850×1168 毫米　32开本　15.375印张
2003年9月第2版　2005年6月第2次印刷
印数:3001—6000

ISBN7—5371—0916—8　定价:25.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换